Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

لو گۇەنجۇڭ

# ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە

# 1

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
غۇلام غوپۇر

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب
ئۈچ باتۇرنىڭ شاپتۇللۇقتىكى مەرىكە ـ سورۇندا بۇرادەرلىك
ئەھدى تۈزگەنلىكى
قەھرىمانلارنىڭ سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقىتىپ تۇنجى ئەجىر ـ
تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى .................................... 1
ئىككىنچى باب
جاڭ فېينىڭ غەزەپ بىلەن باقاۋۇلنى قامچىلىغانلىقى
خان قېيناغىسى خې جىننىڭ ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىشنى
نىيەت قىلغانلىقى .................................... 21
ئۈچىنچى باب
ۋېنمىڭ بېغىدىكى كېڭەشتە دۇڭ جونىڭ دىڭ يۈەنگە كا-
يىپ كەتكەنلىكى
لى سۇنىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن
لۈي بۇنى ئۆزىگە تارتقانلىقى .................................... 46
تۆتىنچى باب
خاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، چېن لىيۇ ۋاڭنىڭ خان قى-
لىپ تىكلەنگەنلىكى
ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ قاراقچى دۇڭ جونى ئۆلتۈرمەكچى بولغان-
لىقىنى يېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلىچ تەقدىم قىلغانلىقى...... 68
بەشىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ خان نامىدىن چىقارغان ساختا پەرمانىغا جايلار-
دىكى بەگ ـ سىپاھلارنىڭ ئاۋاز قوشقانلىقى

ئۈچ باتۇرنىڭ شەھەرنى ئېلىپ لۇي بۇ بىلەن جەڭ قىلـ
غانلىقى ........................................ 88
ئالتىنچى باب
دۇڭ جۇنىڭ قاتىللىق قىلىپ، ئالتۇن ئوردىنى ئۆرتىۋەتـ
كەنلىكى
سۇن جيەننىڭ ۋەدىسىدە تۇرماي قاشتاش تامغىنى يوشۇرۇۋالـ
غانلىقى ........................................ 113
يەتتىنچى باب
يۈەن شاۋنىڭ پەنخې دەرياسىدا گۇڭسۇن زەن بىلەن ئېلىشـ
قانلىقى
سۇن جيەننىڭ دەريادىن ئۆتۈپ لىيۇ بياۋ بىلەن تۇتۇشقانـ
لىقى ........................................ 132
سەككىزىنچى باب
ۋاڭ يۈننىڭ ئۇستىلىق بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇش
پەنتىنى ئىشلەتكەنلىكى
دۇڭ جۇنىڭ فېڭيى شىپاڭدا جاڭجال چىقارغانلىقى ...... 154
توققۇزىنچى باب
لۇي بۇنىڭ ياۋۇز مۇناپىقنى يوقىتىپ زىمىن بىگىگە
ھەمدەم بولغانلىقى
لى جۆنىڭ جىيا شۈينىڭ مەسلىھىتى بويىچە چاڭئەنگە
تېگىش قىلغانلىقى ........................................ 173
ئونىنچى باب
ما تېڭنىڭ خاننى قۇتقۇزۇش يولىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى
ساۋ ساۋنىڭ ئاتا قىساسى ئۈچۈن لەشكىري يۈرۈش قىلغانـ
لىقى ........................................ 196
ئون بىرىنچى باب
خان تاغىسى ليۇ بېيىنىڭ بېيخەيگە بېرىپ كۇڭ رۇڭـ
نى قۇتقۇلدۇرغانلىقى
لۇي بۇنىڭ پۇياڭدا ساۋ ساۋنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى ...... 214
ئون ئىككىنچى باب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاۋ چيەننىڭ ئۈچىنچى قېتىم شۈيجۈنى ئۆتۈنگەنلىكى
ساۋ ساۋنىڭ لۈي بۇ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى ······ 239
ئون ئۈچىنچى باب
لى جۆنىڭ گو سى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
ياڭ فېڭ بىلەن دۇڭ چېڭنىڭ خاننى قۇتقۇزغانلىقى ······ 258
ئون تۆتىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ خاننى شۈيجۈغا كۆچۈرگەنلىكى
لۈي بۇنىڭ تۈندە شۈيجۈغا تەگكەنلىكى ······················ 284
ئون بەشىنچى باب
تەيشى سىنىڭ كىچىك دوكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى
سۈن سېنىڭ يەن بەيخۇ بىلەن دەھشەتلىك تۇتۇشقانلىقى ··· 311
ئون ئالتىنچى باب
لۈي بۇنىڭ قارارگاھ قوۋۇقىدا يالمانغا ئوق ئاتقانلىقى
ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يۈيشۈيدە يېڭىلگەنلىكى ··········· 341
ئون يەتتىنچى باب
يۈەن شۇنىڭ يەتتە تارام بولۇپ لەشكەر تارتقانلىقى
ساۋ ساۋنىڭ ئۈچ پالۋان بىلەن بىرلەشكەنلىكى ··········· 369
ئون سەككىزىنچى باب
جيا شۈينىڭ ياۋنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ نۇسرەت قازانغانلىقى
شيا خۇدۇننىڭ ئوق سۇغۇرۇپ كۆز قارىچۇقىنى يۇتقانلىقى ··· 388
ئون توققۇزىنچى باب
شياۋپېي شەھىرىدە ساۋ ساۋنىڭ قاتتىق ئېلىشقانلىقى
ئاق قوۋۇق راۋىقىدا لۈي بۇنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى ··· 405
يىگىرمىنچى باب
ساۋ ساۋنىڭ شۈيتيەندە ئوۋ ئوۋۇشتۇرغانلىقى
خان قېيناغىسى دۇڭ چېڭنىڭ ئىچكى ھەرەمدە پەرمان
تاپشۇرۇۋالغانلىقى ····································· 433

www.uyghurkitap.com

نەزمە:

*كۈنچىقىشتا ئاقتى چاڭجياڭ مەۋج ئۇرۇپ ـ دولقۇن ياساپ،*
*خىللىدى دولقۇنى ئەزىمەت ـ قەھرىمانلارنى سىناپ.*
*يوقىقا چىقتى ھەقلۇ ناھەق ھەم زەپەر ـ مەغلۇبىيەت؛*
*قالدى ئەينەن تاغۇ دەريا، پاتتى قۇياش قايتىلاپ.*
*كۈز، باھارنى ئۆزتىپ ئاقۋاش بوۋاي — ئوتۇنچىلار،*
*شۇل دېڭىز ئۇزرە قالاتتى كۆز تىكىپ، ئارتتىن قاراپ.*
*كۈلكە ـ سۆز تېپىشى بوپ ئوتمۇش ـ بۈگۈننىڭ كۆپ ئىشى،*
*ئۇچرىشىپ كەيپ سۈردى دوستلار ئىچىشىپ خۇشبۇي شاراپ.*

# بىرىنچى باب

## ئۈچ باتۇرنىڭ شاپتۇللۇقتىكى مەرىكە ـ سورۇنىدا بۇرادەرلىك ئەھدى تۈزگەنلىكى
## قەھرىمانلارنىڭ سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقىتىپ تۇنجى ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى

ئەلقىسسە، ئالەمنىڭ ۋەزىيىتىدە، ئۇزۇن بۆلۈنۈشتىن كېيىن، مۇقەررەر بىرلىشىش، ئۇزۇن بىرلىشىشتىن كېيىن، چوقۇم بۆلۈنۈش بولۇپ كەلدى: جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا يەتتە پادىشاھلىق بىر ـ بىرى بىلەن جەڭگى ـ جېدەللەر قىلىپ، چىن سۇلالىسى بولۇپ بىرلەشتى؛ چىن سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن چۇ ۋە خەن پادىشاھلىقلىرى ئارىسىدا جەڭگى ـ جېدەللەر بولۇپ، ئۇلارمۇ خەن سۇلالىسى بولۇپ بىرلەشتى؛ خەن سۇلالىسى زامانىدا گاۋزۇ ئاق يىلاننى ئۆلتۈرۈپ، قوزغىلاڭ

كۆتۆرۈش بىلەن ئالەمنى بىر پۈتۈنلۈككە كەلتۈردى، كېيىن پادىشاھ گۇاڭ ۋۇ زامانىسىغا كەلگەندە پادىشاھلىق گۈللەندى، شيەندى خان دەۋرىگە كەلگەندە ئۈچ پادىشاھلىقتا بۆلۈندى. بۇ پاراكەندىچىلىككە خۇەندى خان ۋە لىڭ دى خانلار سەۋەبچى بولدى. خۇەندى خان ھوقۇق تۇتقان ھەرەمئاغىلىرىغا قارشى چىققۇچى مەنسەپدارلارنى مەنسەپتىن ئۆمۈرۋايەت بوشىتىپ، ھەرەمئاغىلىرىغا ئىشىنىپ كەتتى، خۇەندى خان دۇنيادىن ئۆتكەندىن كېيىن، لىڭ دى خان تەختكە چىقتى، ئالىي سەركەردە دۇ ۋۇ، مۇشاۋىر چېن فەنلەر خانغا ھەميان بولدى؛ بۇ ۋاقىتتا ھەرەمئاغىلىرىدىن ساۋ جيېلەر پۈتۈن ھوقۇقنى ئىلكىدەپ ئالدى، دۇ ۋۇ بىلەن چېن فەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش كويىغا چۈشتى، بۇ سىر پاش بولۇپ قېلىپ، ئۆزلىرى ھالاك بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرەمئاغىلىرىنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقى تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ كەتتى.

جيەنىنىڭنىڭ 2 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، خان ۋېن دى قەسرىگە بېرىپ ئەمدىلا تەختكە ئولتۇرۇشىغا قەسرىنىڭ بۇلۇڭىدىن قاتتىق بوران چىقىپ كەتتى، قارىسا تورۇستىن بىر قارا يىلان ئۇچۇپ چۈشۈپ، تەختكە چىرمىشىۋاپتۇ. بۇنى كۆرگەن خان چۆچۈپ يەرگە يىقىلدى، يېنىدىكىلەر ئۇنى دەرھال يۆلەپ ئوردىغا ئېلىپ كىردى، ۋەزىر - ۋۇزرالىرى قېچىپ ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالدى. بىردەمدىن كېيىن يىلان غايىب بولدى. تۇساتتىن ھاۋا گۈلدۈرلەپ، مۆلدۈر ئارىلاش قاتتىق يامغۇر ياغدى، يامغۇر كۈن يېرىمىغا يەتكەندە ئاندىن توختىدى، ھەددى ـ ھېسابسىز ئۆيلەر خاراب بولدى. جيەنىنىڭنىڭ 4 ـ يىلى 2 ـ ئايدا لوياڭدا يەر تەۋرىدى؛ دېڭىز سۈيى تېشىپ، دېڭىز بويىدا ياشايدىغان ئاھالىنى دولقۇن دېڭىزغا ئەكىرىپ كەتتى.

گۇاڭخېنىڭ دەسلەپكى يىلى مېكىيان خورازغا ئايلىنىپ قالدى. 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قويۇق قارا تۇتەك ۋېن دى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەسىرىگە بۆسۈپ كىرىپ قەسىرىنى قارا تۇمان قاپلاپ كەتتى.
7 ـ ئايدا يۈيتاڭ سارىيىدا ھەسەن ـ ھۈسەن كۆرۈنۈپ ۋۇيۈەن تېغىنىڭ قىرغاقلىرى يېرىلدى. خىلمۇ خىل بەختسىزلىكلەر ئۈزۈلمەي روي بەردى. خان پەرمان چۈشۈرۈپ ۋەزىرلىرىدىن بۇ پالاكەت غارايىپلارنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، مەسلىھەتچىگى سەي يۇڭ مەلۇمات يېزىپ: «يۈيتاڭ سارىيىدا ھەسەن ـ ھۈسەننىڭ كۆرۈنگەنلىكى، مېكىياننىڭ خورازغا ئايلانغانلىقى خان ئاغىچىلار بىلەن ھەرەمئاغىلىرىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىنىڭ بېشارىتى» دەپ توغرىدىن توغرا كۆرسەتتى. خان مەلۇماتنى ئوقۇپ ئاھ ـ پىغان چەكتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىم يەڭگۈشلىدى. ئارقىدا تۇرغان ساۋ جيې خاننىڭ ئارقىدا يۈرۈپ مەلۇماتنى ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالدى ۋە ئۇنى ئۆز خادىملىرىغا سۆزلەپ بەردى؛ ئۇلار بىلەن سەي يۇڭغا باشقا باھانە بىلەن گۇناھ ئارتىپ، ئۇنى مەنسىپىدىن بوشىتىپ ئۆز يۇرتىغا قايتۇردى. كېيىن ھەرەمئاغىلىرىدىن جاڭ راڭ، جاۋ جۇڭ، فىڭ شۈي، دۇەن گۈي، ساۋ جيې، خۇلەن، جيەن شۇ، چېڭ كۇاڭ، شيا يۈەن، گۇ شېڭ دېگەن ئون كىشى بىر تىللىق بولۇپ ئېغىز ـ بۇرۇن يالاشتى، «ئون مەھرەمبېگى» دەپ نام ئالدى. خان جاڭ راڭغا ئىشىنەتتى، ھۆرمەت قىلاتتى ۋە ئۇنى «ئاتا» دەپمۇ ئاتايتتى. شۇنداق قىلىپ خانلىق ئىشى كۈنسايىن ناچارلاشتى، خەلقتە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش خىيالى تۇغۇلۇپ، قاراقچىلار جاي ـ جايىدىن توپ ـ توپ بولۇپ قوزغىلىپ چىقتى.

بۇ ۋاقىتلاردا جۈيلۇ ئايمىقىدا، جاڭ جياۋ، جاڭ باۋ، جاڭ لياڭ ئىسىملىك ئۈچ قېرىنداش بار ئىدى. بۇلاردىن جاڭ جياۋ تېگىدە خانلىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بىر بىلىمدان ئادەم بولۇپ، تاغقا دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغىشقا چىققىنىدا ئۇنىڭغا بىر بوۋاي ئۇچرىدى، بوۋاينىڭ كۆزلىرى كۆك، مەڭزى باللارنىڭكىدەك قىزىل بولۇپ، قولىغا ھاسا تايىقى تۇتقانىدى.

ئۇ جاڭ جياۋنى چاقىرتىۋېلىپ، بىر غارنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى، ئۇنىڭغا ئۈچ جىلدلىق تىلسىمنامە بېرىپ:

— بۇ «ئامانلىق ئىسسىمىئەزىمى»، ئالغىنىڭىزدىن كېيىن، ئاللا يولىدا دۇنيا خەلقىگە ۋەز - نەسىھەت قىلغايسىز، ئىنسانلارنى نىجاتلىققا باشلىغايسىز. ئەگەر ئۇنىڭغا شەك كەلتۈرۈپ يولدىن تايسىڭىز، يامانلىق كۆرىسىز، — دېدى.

جاڭ جياۋ ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، بوۋاينىڭ ئىسمى - شەرىپىنى سورىغانىدى، بوۋاي:

— مەن خۇانىڭ مويسىپىت تەركىدۇنيالىرىدىن بولىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى - دە، مەيىن بىر شامالغا ئايلىنىپ غايىب بولدى.

جاڭ جياۋ بۇ كىتابقا تېگىنگەندىن كېيىن، ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئىجتىھات بىلەن ئۆگەندى، شامال چىقىرىش، يامغۇر ياغدۇرۇشقا قادىر بولدى، ئۆزى «ئامانلىق دەرۋىشى» دەپ نام ئالدى. جۇڭپىڭنىڭ دەسلەپكى يىلى 1 - ئايدا، ۋابا كېسىلى تارالدى. جاڭ جياۋ دېمىدە سۈيى تارتىپ، كېسەللەرنى داۋالىدى، ئۆزىگە «ئۇلۇغ دانىشمەن ئۇستاز» دېگەن نام بەردى. جاڭ جياۋنىڭ ئەل ئىچىدە ھەممە يەرگە تارالغان 500 دىن ئارتۇق شاگىرتى بار ئىدى، ئۇلار تۇمار يېزىش ۋە ئەپسۇن ئوقۇشنى بىلەتتى، كېيىنچە مۇرىتلىرى كۈنسايىن كۆپەيگەچكە، جاڭ جياۋ ئۇلارنى 36 بۆلەككە ئايرىدى، چوڭ بۆلىكى 1 تۈمەندىن ئارتۇق، كىچىك بۆلىكى 6 — 7 مىڭ كىشىدىن بولدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە باشلىق قويۇپ، ئۇلارنى سەركەردە دەپ ئاتىدى؛ ئۇلار «كۆك تەڭرى يوقالدى، سېرىق تەڭرى تىكلىنىشى كېرەك؛ جيا - زى يىلى ئالەمگە بەخت - سائادەت ياغىدۇ» دېگەن يالغان - ياۋىداق سۆزلەرنى تارالتتى ۋە خالايىققا ئاق سېغىز بىلەن ئىشىكلىرىگە «جيا» ۋە «زى» دېگەن ئىككى خەتنى يېزىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. چىڭجۇ، يۇجۇ، شۈيجۇ، جىنجۇ، ياڭجۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىجۇ، يەنجۇ، يۈيجۇ دېگەن سەككىز ئايماق خەلقى ئۆي ـ ئۆيلەردە دېگۈدەك «ئۇلۇغ دانىشمەن ئۇستاز» دېگەن ھۆرمەت تاختىسى ئورنىتىپ، جاڭ جياۋغا ئېتىقاد بىلدۈردى. جاڭ جياۋ ئىچكى جەھەتتىن ھەمدەملىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرەمئاغىسى فېڭ شۈينى قولغا كەلتۈرۈشكە ئالتۇن ۋە تاۋارلار بىلەن ئۆز كىشىلىرىدىن ما يۈەنيىنى خۇپىيانە ئەۋەتتى. جاڭ جياۋ ئىككى ئۇكىسى بىلەن كېڭەشتى:

— خەلقنىڭ كۆڭلىنى مايىل قىلماق ئاسان ئەمەس، ھالا بۈگۈنكى كۈندە خەلقنىڭ كۆڭلى بىزگە مايىل بولۇۋاتىدۇ، ئەگەردە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرمىسەك، دەرھەقىقەت پۇشايماندا قالىمىز، — دېدى ۋە بىر تەرەپتىن ئۆزىچە سېرىق ئەلەم ياساپ، قوزغىلىش قەرەلىنى بەلگىلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن مۇرىتى تاڭ جۇنى دەرھال مەكتۇپ بىلەن فېڭ شۈيگە ئەۋەتتى. تاڭ جۇ دىۋان مەھكىمىگە بېرىپ، قوزغىلاڭ خەۋىرىنى مەلۇم قىلدى. خان ئالىي سەركەردە خې جىنغا لەشكەر ئەۋەتىپ، ما يۈەنيىنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشنى تاپشۇردى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن فېڭ شۈي باشلىق بىر تۈركۈم كىشىلەرنى زىندانغا تاشلىدى.

جاڭ جياۋ ئىشنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى، ئۇ ئۆزىنى «سەركەردە» دەپ ئاتىدى، چوڭ ئىنىسى جاڭ باۋنى «زېمىننىي سەركەردە»، جاڭ لياڭنى «ئىنسانىي سەركەردە» دەپ ئاتىدى؛ خالايىققا:

— بۈگۈن خەن خاندانلىقىنىڭ قىسمەت رىزقى توشاي دەپ قالدى، ئۇلۇغ ئەۋلىيايى ئەزەم مەيدانغا كەلدى، سىلەر تەڭرىگە بويسۇنۇپ، توغرا يولغا مېڭىڭلار، شاد ـ خۇرام، ئامان ـ ئېسەن ياشاڭلار، — دەپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەلدىن 40 — 50 تۇمەن كىشى باشلىرىغا سېرىق ياغلىق ئوراپ، جاڭ جياۋنىڭ قوزغىلىڭىغا قوشۇلۇپ

كەتتى. قاراقچىلار كۈچلۈك كېلىپ، خان لەشكەرلىرى تاقابىل تۇرالماي، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. خې جىلىڭ خانغا ھەممە جايىنىڭ مۇداپىئە كۆرۈپ، قاراقچىلارنى يوقىتىپ ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىشى توغرىسىدا دەرھال ئىلتىجا قىلدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن مەھرەمبەگلىرىدىن لۇ جى، خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۇنلەرنى خىل لەشكەرلەر بىلەن ئۈچ تارامغا بۆلۈپ قاراقچىلارنى ئۇجۇقتۇرۇشقا ئەۋەتتى.

ئەمدى جاڭ جياۋغا كەلسەك، ئۇ لەشكەر تارتىپ يۇجۇ تەۋەسىگە باستۇرۇپ كىردى. يۇجۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ليۇ يەن تېگىدە جياڭشيادىكى جىڭلىڭدىن بولۇپ، خەن خاندانلىقىنىڭ ۋاڭى لۇ گوڭنىڭ پۇشتى ئىدى؛ ئۇ قاراقچى لەشكەرلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، لەشكەر بېشى زو جىڭنى چاقىرىپ كېڭەشتى. زو جىڭ:

— قاراقچىلارنىڭ لەشكىرى جىق، بىزنىڭ لەشكىرىمىز ئاز، جانابلىرى ياۋغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن، دەرھال لەشكەر ئېلىشلىرى لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ليۇ يەن بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان پىدائىي لەشكەر ئېلىش ئېلانى چىقاردى. ئېلان جۇشيەن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، بىر باتۇر پىدائىي بولۇپ چىقتى.

بۇ باتۇر ئوقۇشقا ئانچە قىزىقمايتتى؛ كەڭ قورساق، دىلكەش، كەم سۆزلۈك ئىدى، ئۇنىڭ رەڭگىرويىدىن خۇشاللىق، خاپىلىق بىلىنمەيتتى. ئۇ كاتتا غايىلىك ئىدى، ئەلدىكى باتۇر - ئەزىمەتلەرنى دوست تۇتۇشنى ياقتۇراتتى؛ بويى يەتتە چى بەش سۇڭ*، قۇلاقلىرى مۈرىسىگە تېگىپ، ئىككى قولى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان، ئۆز كۆزى بىلەن قۇلىقىنى كۆرەلەيدىغان، نۇرانە كەلگەن، لەۋلىرى قىزىل ئادەم ئىدى؛ ئۇ

* قەدىمكى زاماندىكى چى ھازىرقىدىن كىچىك. خەن دەۋرىدىكى بىر چى تەخمىنەن بۈگۈنكى يەتتە - سەككىز سۇڭغا توغرا كېلىدۇ.

جۇڭشەن جىڭۋاڭى لىيۇشېڭنىڭ پۇشتى، ھەزرىتى جىـڭ دى خاننىڭ ئەۋرىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتى لىيۇ بېي، يەنە بىر ئىسمى شۈەن دې ئىدى. ۋۇدې خان دەۋرىدە لىيۇ شېڭنىڭ ئوغلى لىيۇ جېن جۇلۇ بەگلىكى مەرتىۋىسىگە ئىگە بولغانىدى. كېيىن ئۇ ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ خاتىرىسىگە ئاتالغان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى تاپشۇرۇشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، بەگلىك مەرتىـۋىدىن مەھرۇم بولغانىدى، شۇ ۋەجىدىن لىيۇ جېن شېخىدىكىـــلەر جۇشەندە قېپقالغانىدى. لىيۇ بېينىڭ بوۋىسى لىيۇ شيۇڭ، ئاتىسى لىيۇ خۇڭ بولۇپ، لىيۇ خۇڭ ئەقىـدىـمـەن، پـاك دىـل دەپ كۆرسىتىلىش بىلەن مەنسەپ تۇتۇپ، ياش ئۆلۈپ كەتكەنىدى. لىيۇ بېي ئاتىسىدىن بالا چېغىدىلا ئايرىلىپ كەتكەچكە، ئانىسىغا بەك ئەقىدىمەن ئىدى؛ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغاچقا، چىگە چورۇق ۋە بورا توقۇپ كۈن كەچۈرەتتى. ئۆيى مەزكۇر ناھىيىنىڭ لۇساڭ كەنتىدە ئىدى، ئۆيىنىڭ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرىپىدە بىر تۈپ بەش جاڭ كېلىدىغان يوغان ئۈجمە دەرىخى بار ئىدى، يىراقتىن قارىسا بۇ دەرەخ شاھ ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدىكى سايىۋەن كۈنلۈكتەك دۈپدۈگىلەك كۆرۈنەتتى. قىياپەت سىنچىلىرى: «بۇ ئائىلىدىن مۇقەررەر ئېسىل زات چىقىدۇ» دېيىشەتتى. لىيۇ بېي ياش چېغىدا بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىدە يېزا باللىرى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ:

— مەن پادىشاھ بولسام، مۇشۇنداق سايىۋەنلىك ھارۋىدا ئولتۇراتتىم، — دەيتتى.

لىيۇ بېينىڭ تاغىسى لىيۇ يۈەنچى بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەيران بولۇپ: «بۇ بالا قالتىس ئادەم بولىـــدۇ!» دېگەنىدى ۋە لىيۇ بېينىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولغانلىقتىن، لىيۇ يۈەنچى ئىقتىسادىي جەھەتتىن دائىم ياردەم بېرىپ تۇراتتى. لىيۇ بېي 15 ياشقا كىرگەندە، ئۇنى ئانىسى ئوقۇشقا ئەۋەتتى، لىيۇ بېي جېڭ شۈەن، لۇ جىلارنى ئۇستاز تۇتتى، ئۇ يەنە گوڭ سۇنزەنلەر بىلەن دوست بولۇشتى. لىيۇ يەن لەشكەر ئېلىش ئېلانى چىقارغان

ۋاقتىدا لىۋ بېي 28 ياشتا ئىدى.
لىۋ بېي ئېلان كۆرۈۋېتىپ ئاھ - ۋىغان چەكتى. ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئادەم ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:
— ئەل يولىدا كۈچ چىقارماي، ئاھ - ۋىغان چېكىدىغان يىگىتمۇ بولامدۇ؟ — دېدى.
لىۋ بېي ئۆرۈلۈپ ئارقىسىدىكى كىشىگە نەزەر تاشلىدى، بۇ ئادەم بويى سەككىز چى، قاپلان باشلىق، يۇمىلاق كۆزلۈك، قارلىغاچىڭكىدەك قىسقا بويۇنلۇق، بومبۇر ساقاللىق، ئاۋازى گۈلدۇرماممىدەك، يۇرۇش - تۇرۇشى شاش ئاتتەك ئادەم ئىدى. لىۋ بېي بۇ ئادەمنىڭ بۆلەكچە تەقى - تۇرقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئىسىم - زاتىنى سورىدى. ئۇ:
— ئىسىم - زاتىم جاڭ فېي، يەنە بىر ئىسمىم يى دې. ئەۋلاد - ئەۋلادتىن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ كېلىۋاتىمىز، قاسساپچىلىق بىلەن ئوقەت قىلىمەن، ئالەمدىكى باتۇر - ئەزىمەتلەر بىلەن دوست بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن. بايا جانابلىرىنىڭ ئېلان كۆرۈۋېتىپ ئاھ - ۋىغان چەككەنلىكلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، سوراپ قالدىم، — دېدى.
— مەن، — دېدى لىۋ بېي، — نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقى جەمەتىدىن بولىمەن، ئىسىم - زاتىم لىۋ بېي بولىدۇ. يېقىندىن بۇيان، سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ ئىسيانىنى ئاڭلاپ، قاراقچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىشنى ئارزۇ قىلغان بولساممۇ، قۇدرىتىم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاھ - ۋىغان چەكتىم.
— مېنىڭدە خېلى مال - دۇنيا بار، يېزا يىگىتلىرىنى توپلاپ، بىللە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا كىرىشسەك، قانداق؟ — دېدى جاڭ فېي.
لىۋ بېي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، جاڭ فېي بىلەن يېزا مەيخانىسىغا كىرىپ ئۇلپەتچىلىك قىلىشتى. بۇلار مەي ئىچىپ ئولتۇرۇشقاندا بىر يىگىت هارۋا سۆرەپ كېلىپ، هارۋىنى مەيخانا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا توختاتتى؛ بۇ ئادەم مەيخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇش بىلەن مەيپۇرۇشقا قاراپ:

— ماڭا تېزرەك مەي كەلتۈرۈڭ، ئىشىم ئالدىراش، شەھەرگە كىرىپ لەشكەرلىككە يېزىلىمەن، — دېدى.

لىۋ بېي بۇ ئادەمگە قارىۋىدى: بويى توققۇز چى، ساقىلى ئىككى چى، يۈزى چىلاندەك، لەۋلىرى بويىۋالغاندەك قىپقىزىل، يۇمۇق كۆزلۈك، قىيغاچ قاشلىق، سەلتەنەتلىك، ھەيۋەتلىك بىر كىشى ئىكەن. لىۋ بېي بۇ كىشىنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلىپ، ئىسىم - زاتىنى سورىدى.

— ئىسىم - زاتىم گۇەن يۈي، يەنە بىر ئىسمىم چاڭ شېڭ، كېيىن يۈن چاڭغا ئۆزگەرتتىم. خېدۇڭدىكى جېيلياڭدىن بولىمەن. يۇرتىمىزدا بىر مۇشتۇمزور چىقىپ، كۈچ - قۇۋۋىتىگە يۆلىنىپ، خەلقنى بوزەك قىلغانلىقتىن، ئۇنى ئۆلتۈردۈم؛ شۇ يەردىن قېچىپ چىققىنىمغا بەش - ئالتە يىل بولدى، ئەلكېزەر بولۇپ يۈرىمەن. قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن لەشكەر ئالىدىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئالاھىدە بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى ھېلىقى كىشى.

لىۋ بېيمۇ ئۆز ئارزۇسىنى سۆزلەپ بەردى، گۇەن يۈي ناھايىتى خۇش بولۇپ كەتتى ۋە بىرلىكتە قىلماقچى بولغان ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىش ئۈچۈن جاڭ فېينىڭ جاڭزىسىغا كەلدى. جاڭ فېي:

— ھويلامنىڭ ئارقىسىدا بىر شاپتۇللۇق بېغىم بار، شاپتۇللار راسا چېچەكلەۋاتىدۇ؛ ئەتە شۇ باغدا ئاللاغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئۈچىمىز ئاغا - ئىنى بولۇشقا قول بېرىشەيلى، بىر نىيەت، بىر دىللىق بولايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلۇغ ئىشىمىزنى باشقا ئېلىپ چىقالايمىز، — دېدى.

— ناھايىتى ئوبدان! — دېيىشتى لىۋ بېي بىلەن گۇەن يۈي شۇئان.

ئەتىسى شاپتۇللۇق باغدا قارا كالا، ئاق ئات سويۇلۇپ نەزىر ھازىرلاندى، ئۇچەيلەن خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ ئىبادەت قىلدى ۋە: «بىزكى ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار باشقا - باشقا ئۇرۇقتىن بولساقمۇ، ئاغا - ئىنى بولۇشتۇق، بىر نىيەت، بىر دىللىق بولۇپ، ئېغىر كۈنلەردە بىر - بىرىمىزگە ھەمدەملىشىمىز؛ ئەلگە خىزمەت قىلىپ، پۇقرانى ئەمىن ئېتىمىز؛ تۇغۇلغان يىل، ئاي، كۈنىمىز باشقا - باشقا بولسىمۇ، بىر ۋاقىت، بىر سائەتتە ئۆلۈشنى خالايمىز. بىزنىڭ بۇ نىيىتىمىزگە ئاللا ئىگەم گۇۋاھ بولسۇن، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلساق، ئاللا ۋە خالايىق جاجىمىزنى بەرسۇن!» دەپ قەسەمياد قىلىشتى. ئانت ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ليۇ بېي ئاغا، گۇەن يۈي ئوتتۇرانچى ئىنى، جاڭ فېي كەنجى ئىنى بولىدىغان بولدى. بۇلار تىلاۋەتتىن كېيىن يەنە كالا سويۇپ، مەرىكە - سورۇن ھازىرلاپ، يېزىدىكى 300 دىن ئارتۇق يىگىتنىڭ ئىشتىراكى بىلەن شاپتۇللۇق باغدا غەرق مەست بولغۇچە مەي - شاراب ئىچىشتى. ئەتىسى ئۇلار قورال - ياراغ تەييارلىدى، لېكىن مىنىشكە ئات - ئۇلاغ يوق ئىدى. ئات - ئۇلاغنىڭ غېمىنى قىلىپ تۇرغاندا، ئىككى سودىگەرنىڭ بىر توپ ئادەملىرى بىلەن بىر قوتان ئات ھەيدەپ جاڭزىغا كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر كىردى. ليۇ بېي:

— بۇ ئاللانىڭ ماڭا قىلغان رەھمىتى! — دېدى - دە، ئۈچ قېرىنداش جاڭزىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. بۇ ئىككى مېھمان ئەسلىدە جۇڭشەندىكى كاتتا سودىگەرلەردىن ئىدى؛ بىرىنىڭ ئىسىم - زاتى جاڭ شىپىڭ، يەنە بىرىنىڭ ئىسىم - زاتى سۇ شۇاڭ ئىدى. بۇلار ھەر يىلى يۇقىرىغا ئات ئاپىرىپ ساتاتتى، يېقىندىن بېرى بۇ جايدا قاراقچىلار پەيدا بولۇپ قالغانلىقتىن، ئات سودىسى قىلالماي قايتىشقانىدى. ليۇ بېي ئىككىيلەننى جاڭزىغا تەكلىپ قىلىپ مەي - شاراب بىلەن مېھمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلدى ۋە ئۇلارغا قاراقچىلارنى يوقىتىپ، خەلقنى ئەمىن قىلىش ئارزۇسىنى بايان قىلدى. ئىككى مېھمان خۇرسەنلىك ئىزھار قىلىپ، 50 ياخشى ئات، 500 سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە قورال ـ ياراغ ياسىتىش ئۈچۈن 1000 جىڭ تۆمۈر ھەدىيە قىلدى. ليۇ بېي ئىككى مېھمانغا رەھمەت ـ تەشەككۈر بايان قىلدى، ياخشى ئۇستىلارغا ئىككى دانە قوش بىسلىق قىلىچ بۇيرۇدى. گۇەن يۈي 82 جىڭ كېلىدىغان قارا ئەجدىھا سۈرەتلىك ئۇزۇن ساپلىق ئەگمەچ قىلىچ بۇيرۇدى، بۇ قىلىچ «دەھشەتلىك يالتىراق ھەرە» دەپمۇ ئاتىلاتتى. جاڭ فېي ئۇزۇن ساپلىق پولات نەيزە بۇيرۇدى. ھەرقايسىسى ئۆزلىرىگە ساۋۇت ياساتتى. ئۇلار 500 دىن ئارتۇق يېزا يىگىتىنى توپلاپ، زۇ جىڭ بىلەن كۆرۈشتى. زۇ جىڭ ئۇلارنى ھاكىم ليۇ يەن بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۈچەيلەن سالام ـ سەھەتتىن كېيىن ئىسىملىرىنى ئىزھار قىلىشتى. ليۇ بېي ئۆز نەسەبىنى سۆزلەپ بەرگەندە، ليۇ يەن ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە شۇئان ليۇ بېينى ئۆز جىيەنىم دەپ تونۇدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، سېرىق ياغلىقلىق قاراقچىلار سەركەردىسى چېڭ يۈەنجىنىڭ 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن جوجۈن ئايمىقىغا بېسىپ كىرگەن خەۋىرى ئاڭلاندى. ليۇ يەن زۇ جىڭنى ليۇ بېي ۋە ئۇنىڭ ئىككى قېرىندىشى بىلەن 500 لەشكەر ئېلىپ دۈشمەننى ئۇجۇقتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ليۇ بېيلار خۇشال ـ خۇرام لەشكەر تارتىپ يولغا چىقتى. ئۇلار داشىڭ تېغى تۈۋىگە كەلگەندە قاراقچىلار بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. قاراقچىلار چاچلىرىنى چۇۋۇپ، سېرىق ياغلىق بىلەن ماڭلىيىنى تېڭىۋاپتۇ. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل سەپراس بولۇپ تۇردى. ليۇ بېي چەپ يېقىغا گۇەن يۈينى، ئوڭ يېقىغا جاڭ فېينى ئېلىپ مەيدانغا چىقتى، ئۇ قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ:

— ئەي! ئەلدىن يۈز ئۆرۈگەن ئاسىيلار، دەرھال ئەل

بولۇشماي، يەنە نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟ — دەپ تىللىدى.
چېلەك يۈەنجى دەرغەزەپ بولۇپ، سول قول سەركەردە دېلەك ماۋنى ئېلىششقا بۇيرۇدى. جاڭ فېي يىلانباشلىق ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى ئوينىتىۋېتىپ دېلەك ماۋغا ئېتىلدى ۋە نەيزىسىنى تازا كېلىشتۇرۇپ بىر سانجىۋىدى، نەيزە دېلەك ماۋنىڭ كۆكسىگە قادالدى، دېلەك ماۋ ئاتتىن يىقىلدى. دېلەك ماۋنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرگەن چېلەك يۈەنجى قىلىچ ئوينىتىپ توپتوغرا جاڭ فېيغا ئېتىلدى. گۇەن يۈي ئۇزۇن قىلىچىنى جەۋلانغا كەلتۈرگىنىچە، ئات چاپتۇرۇپ ياۋغا روبىرو بولدى. بۇنى كۆرگەن چېلەك يۈەنجى چۆچۈپ تەمتىرەپ قالدى، گۇەن يۈي بىر قىلىچ زەربىسى بىلەن ئۇنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى. كېيىنكى ئادەملەر بۇ ئىككىيلەننى تەرىپلەپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*كارامەت كۆرسەتتى بۈگۈن قەھرىمان،*
*بىرى نەيزە، بىرى قىلىچ قىلدى جەۋلان.*
*تۇنجى جەڭدە قۇدرىتىن قىلدى نامايان،*
*ئاتالدى ئۈچ ئەلدە مەشھۇر پالۋان.*

قاراقچىلار چېلەك يۈەنجىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەممىسى بەدەر تىكىۋەتتى. ليۇ بېي ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قوغلىدى، ئۆلاردىن ئەل بولغانلار ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى، ليۇ بېي جەڭدىن زور نۇسرەت بىلەن قايتتى. ليۇ يەن ئۆزى ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ، لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى. ئەتىسى چىڭجۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى گۇڭ جىڭدىن سېرىق ياغلىقلىق قاراقچىلارنىڭ شەھەرنى قامال قىلغانلىقى، شەھەرنىڭ قولدىن كېتىش ئېھتىمالى بارلىقى بايان قىلىنىپ، ھەمدەملىك تەلەپ قىلىنغان ئالاقە كەلدى. ليۇ يەن ليۇ بېيدىن مەسلىھەت سورىدى. ليۇ بېي:
— پېقىر بېرىپ قۇتقۇزۇشنى خالايمەن، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بەتكۈچىسى
www.uyghurkitap.com

ليۇ يەن زۇجىڭنى 5000 لەشكەر ۋە ليۇ بېي، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن چىڭجۇغا ئەۋەتتى. قاراقچىلار ھەمدەملىككە كەلگەن لەشكەرلەر بىلەن قۇچاقلىما جەڭ قىلدى. ليۇ بېي لەشكىرى ئاز بولغاچقا، ياۋغا تەڭ كېلەلمەي 30 چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىپ، قارارگاھ تىكتى. ليۇ بېي گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا قاراپ:

— قاراقچىلار كۆپ، بىز ئاز؛ لەشكەرلەرنى ئەپ بىلەن ئىشلەتكىنىمىزدىلا، ئاندىن نۇسرەت قازىنالايمىز، — دېدى ۋە گۈەن يۈينى 1000 لەشكەر بىلەن تاغنىڭ سول تەرىپىگە، جاڭ فېينى 1000 لەشكەر بىلەن تاغنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ مۆكۈشكە، جاڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ چىقىپ بولۇشۇشقا بۇيرۇدى. ئەتىسى ليۇ بېي بىلەن زۇ جىڭ ناغرا - دۇمباقلار ياڭرىتىپ، شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن لەشكەر تارتىپ چىقتى. قاراقچىلارمۇ بۇلارنىڭ ئالدىغا تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى، ليۇ بېينىڭ لەشكەرلىرى چېكىندى. قاراقچىلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى، تاغ ئارقىسىغا ئۆتكەندە ليۇ بېي سېپىدىن جاڭ ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە مۆكۈنگەن لەشكەرلەر گۇررىدە ئېتىلىپ چىقتى. ليۇ بېي ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا چاپ - چاپقا كىرىشىپ كەتتى. ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ تېگىش قىلىنغانلىقتىن، قاراقچىلار تىرىپىرەن بولدى. ئۇلار چىڭجۇ شەھىرىگە قەدەر قوغلاپ بېرىلغاندا، ھاكىم گۇڭ جىڭمۇ خەلق لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ، جەڭگە ھەمدەملەشتى. قاراقچىلار قاتتىق يېڭىلدى، كۆپلىرى قىرىلدى، چىڭجۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇلدى. بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن كېيىنكى ئادەملەر ليۇ بېينى تەرىپلەپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*تۆھپە كۆرسەتتى كارامەت ئىشلىتىپ پەمۇ ئەقىل،*
*قۇدرىتى جۇپ ئارسلان ھەم يەككە ئەجدەردىن ئېشىل.*

*ئەجىر كۆرسەتتى ئۇلۇغۋار تۇنجى جەڭگە ئاتلىنىپ،*
*بەرگۈسى ئاجىز ـ ھەقىرغا مال ـ مۇلۇك بولماي بىخىل.*

گۇڭ جىڭ لەشكەرلەرنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، زۇ جىڭ قايتماق بولدى. ليۇ بېي ئۇنىڭغا:
— يېقىنقى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، مەھرەمبېگى لۇ جى قاراقچىلار باشلىقى جاڭ جياۋ بىلەن گۇاڭزۇڭدا ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ، پېقىر بۇرۇنىسىدا لۇجىنى ئۇستاز تۇتقانىدىم، بېرىپ ھەمدەملەشسەم دەيمەن، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن زۇ جىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى، ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى 500 لەشكەرنى ئېلىپ گۇاڭزۇڭغا باردى. ئۇلار لۇ جىنىڭ سېپىگە كەلگەندىن كېيىن، بارگاھقا كىرىپ سالام ـ سەھەت قىلىشتى ۋە كېلىش مەقسىتىنى بايان قىلدى. لۇ جى خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ، پەرمان كۈتۈڭلار دەپ ئۆز بارگاھىدا ئېلىپ قالدى.
بۇ ۋاقىتلاردا جاڭ جۆ باشچىلىقىدىكى قاراقچىلارنىڭ 15 تۈمەن لەشكىرى لۇجىنىڭ 5 تۈمەن لەشكىرى بىلەن گۇاڭزۇڭدا جەڭ قىلىشىۋاتاتتى، تېخى بىرى يېڭىپ چىقالمىغانىدى.
— مەن، — دېدى لۇ جى، — قاراقچىلارنى ھازىر بۇ جايدا قامال قىلىۋالدىم، قاراقچى جاڭ جياۋنىڭ ئىنىسى جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلار يىڭچۈەندە خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۈنلەر بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ، مەن سىزگە 1000 نەپەر لەشكەر بېرەي، سىز ئۆز قىسىمىڭىزدىكى كۈچلەر بىلەن يىڭچۈەنگە بېرىپ خەۋەر ئېلىڭ، ئاندىن ۋاقىت ـ قەرەل بەلگىلەپ قاراقچىلارنى يوقىتىڭىزلار.
ليۇ بېي بۇيرۇقنى ئالغاندىن كېيىن كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول مېڭىپ، يىڭچۈەنگە كەلدى. بۇ ۋاقىتتا خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۈنلەر ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن قاراقچىلارغا تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قاراقچىلار جەڭدە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغانلىقتىن چاكشىگە چېكىنىپ، ئوت - چۆپتىن قارارگاھ قۇردى. خۋاڭ فۇسۇڭ جۇ جۇڭگە:

— قاراقچىلار ئوت - چۆپتىن قارارگاھ قۇرۇپتۇ، بىز ئۇلارغا ئوت بىلەن ئېگىش قىلايلى، — دېدى ۋە لەشكەرلەرنى بىر باغدىن چۆپ هازىرلاپ، مۆكۈنۈپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. شۇ كېچىسى تۇيۇقسىز قاتتىق بوران چىقتى. ئەلىيانقۇ ۋاقىتتىن كېيىن، ئۇلار قاراقچىلارنىڭ قارارگاھىغا ئوت قويدى. خۋاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۇڭلەر لەشكەر باشلاپ قاراقچىلارغا ئېگىش قىلدى، ئوت - تۈتەك ئاسماننى قاپلىدى، قاراقچىلار قورقۇپ تەمتىرەپ كېتىپ، ئاتلىرىنى ئېگەرلەشكە، قۇياقلىرىنى كىيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى.

چاپ - چاپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر داۋام قىلدى، جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلار يېڭىلگەن قالدى - قۇتتى لەشكەرلىرى بىلەن جەڭدىن قۇتۇلۇپ قاچتى. تۇساتتىنلا بىر توپ لەشكەر قىزىل بايراق بىلەن يېتىپ كەلدى - دە، ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇدى. لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا بىر سەركەردە تۇراتتى: ئۇ بويى يەتتە چى، گازىر كۆز، ئۇزۇن ساقاللىق كەلگەن چەۋەنداز بېگى ئىدى؛ ئۇ ئېگىمدە پېي بەگلىكىنىڭ چياۋجۇن ئايمىقىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسىم - زاتى ساۋ ساۋ، يەنە بىر ئىسمى مېڭ دې ئىدى. ساۋ ساۋنىڭ ئاتىسى ساۋ سۇڭ ئىدى، ئۇ ئەسلى شيا خۇ ئۇرۇقىدىن ئىدى؛ ئۇنى هۇدەيچى ساۋ تېڭ بېقىۋالغاچقا، ئۇرۇقىنى ساۋ قىلىپ ئۆزگەرتكەن. دېمەك، ساۋ سۇڭ ساۋ ساۋنى تاپتى. ساۋ ساۋنىڭ ئەركىلەتمە ئىسمى ئامەن، يەنە بىر ئىسمى جى لى ئىدى. ساۋ ساۋ ياشلىقىدا ئوۋ ئوۋلاشنى، نەغمە - ناۋانى، ئۇسسۇلنى ياخشى كۆرەتتى؛ ئۆزى ئىدراكلىق هەم ئەپچىل ئىدى. ساۋ ساۋنىڭ تاغىسى ئۇنىڭ هەددىدىن زىيادە ئويۇن - تاماشىغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ تولىمۇ رەنجىدى ۋە ئۇنى ساۋ سۇڭغا ئېيتتى. ساۋ سۇڭ

ساۋ ساۋغا كايىدى. ساۋ ساۋمۇ ئۇنىڭغا يارىشا مۇنداق پەنت ئىشلەتتى: تاغىسىنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ يالغاندىن پالەچ بولۇپ يېتىۋالدى. تاغىسى چۆچۈپ كېتىپ، بۇ ئەھۋالنى دەرھال ساۋ سۇڭغا خەۋەر قىلدى. ساۋ سۇڭ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، ساۋ ساۋ ساق ئىكەن، ساۋ سۇڭ:

— تاغاڭ سېنى پالەچ بولۇپ قاپتۇ دېۋىدىغۇ، ساقىيىپ قالدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى.

— مەندە زادى ئۇنداق كېسەل يوق؛ تاغام مېنى يامان كۆرىدىغان بولۇپ قالغاچقا، مېنى ساڭا چېقىپتۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ سۇڭ ئىشىنىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغىسىنىڭ ساۋ ساۋ ئۇستىدىن ئەيىبلەپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ساۋ سۇڭ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ خالىغانچە تاماشا قىلىپ يۈرۈۋەردى. شۇ چاغلاردا چياۋ شۇەن ئاتلىق بىر ئادەم ساۋ ساۋغا:

— جاھان مالىمان بولىدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن دۇنيا بويىچە داڭدار بىر ئادەم چىقمىسا، بۇنداق مالىماننى ئوڭشىيالمايدۇ، جانابىڭىز ئوڭشىيالايسىز! — دېدى.

نەنياڭلىق خې يۇڭ ساۋ ساۋنى كۆرۈپ:

— خەن خاندانلىقى مۇنقەرز بولىدۇ، ئالەمنى مۇشۇ ئادەم ئەمىن قىلالايدۇ، — دېدى.

رۇنەندە شۈي شاۋ ناملىق بىر دانا ئادەم بار ئىدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— مەن قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىۋىدى، شۈي شاۋ جاۋاب بەرمىدى. يەنە سورىۋىدى، شۈي شاۋ:

— ئوغلۇم! سىز ئەلنى ئىدارە قىلىشقا قابىلىيەتلىك ئادەم، ئەلنى مالىمان قىلىشقىمۇ ھىيلە - مىكرىڭىز يېتىپ ئاشىدۇ! — دېگەن جاۋابنى بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. ئۇ ئەقىدىمەن، پاك دىل بولغانلىقتىن 20 ياش ۋاقتىدا بەگلىككە تەۋسىيە قىلىنىپ، لوياڭنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ بېگى* بولدى. ئەمەلگە چىقىش بىلەنلا ئۇن نەچچە دانە بەش رەڭلىك نىزام كالتىكى ياستىپ ناھىيىنىڭ تۆت قوۋۇقىغا ئېسىپ قويدى، تەرتىپكە خىلاپلىق قىلغانلارنى نە باي، نە بىلىمدان بولۇشىغا قارىماي كالتەكلىتىۋەردى. ھۆدەيچى جيەن شۇنىڭ تاغىسى كېچىسى قىلىچ ئېلىپ كوچىغا چىققانلىقىدىن كېچىلىك چارلاشقا چىققان ساۋ ساۋ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ كالتەكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ مەيلى ئەمەلدار، مەيلى پۇقرا بولسۇن، ھېچقايسىسى تەرتىپسىزلىك قىلالمىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ داڭقى پۇر كەتتى. كېيىن ئۇ دۇڭجۇغا ئامبال بولدى. سېرىق ياغلىقلىقلار ئىسيانى مۇناسىۋىتى بىلەن ساۋ ساۋ چەۋەنداز بېگى بولۇپ 5000 ئاتلىق، پىيادە لەشكەر بىلەن يىڭچۇەنگە ھەمدەملىككە كەلدى. ساۋ ساۋ دەل جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلارنىڭ جەڭدە يېڭىلىپ قېچىۋاتقان پەيتىدە كېلىپ قالدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇدى ــ دە، چاپ ــ چاپقا چۈشۈپ كەتتى، 1 تۈمەندىن ئارتۇق ئىسيانچىنى قىرىپ تاشلىدى، نۇرغۇن تۇغ ــ ئەلەم، جاڭ ــ دۇمباق، ئات ــ ئۇلاغنى غەنىيمەت ئالدى. جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلار جېنىنىڭ بارىچە ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاران قۇتۇلدى. ساۋ ساۋ خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۈنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كەتتى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كەلسەك، ئۇ گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن يىڭچۇەنگە كەلدى، ئۇ يەردە سۈرەن ــ شاۋقۇن، چاپ ــ

---

* ئاساسەن يەرلىكنىڭ ئامانلىقىنى باشقۇرۇپ، خەلقنى ئىدارە قىلىدۇ؛ لوياڭ چوڭ ناھىيە بولغاچقا، يۇقىرى ــ تۆۋەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، ئايرىم ــ ئايرىم بەگلەر قويۇلغان.

چاپ ئاۋازلىرىنى ئاڭلىدى ۋە ئاسمان ـ پەلەككە تۇتاشقان ئوت شولىلىرىنى كۆردى، ئۇلار ئالدىراپ ـ تېنەپ جەڭ مەيدانىغا يېتىپ كەلسە قاراقچىلار تىرىپىرەن بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۇنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا لۇ جىنىڭ ئۆزلىرىنى نېمە ۋەجىدىن ئەۋەتكەنلىكىنى ئىزھار قىلدى. خۇاڭ فۇسۇڭ ليۇ بېيغا:

— جاڭ لياڭ، جاڭ باۋلار ھالسىراپ قالدى، بۇلار چوقۇم گۇاڭزۇڭدىكى جاڭ جياۋنىڭ قېشىغا بارىدۇ. سىز دەرھال كېچىلەپ ئۇ يەرگە ھەمدەمگە بېرىڭ، — دېدى.

ليۇ بېي بۇيرۇققا بىنائەن لەشكەرلىرى بىلەن كەينىگە ياندى. ئۇ ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە بىر توپ لەشكەرنىڭ بىر كۆشۈك ھارۋىنى ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى: كۆشۈك ھارۋىدىكى گۇناھكار ليۇ جى ئىدى. ليۇ بېي ھەيران بولۇپ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ۋەقەنىڭ سەۋەبىنى سورىدى، ليۇ جى:

— جاڭ جياۋنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، يوقىتىشقا ئازلا قالغانىدىم؛ جاڭ جياۋ ئارۋاق قىلغانلىقىدىن ئۇنى شۇ ھامانلا يېڭەلمىدىم. ئوردىدىن ئەۋەتىلگەن ئاغۋات زو فېڭ كېلىپ جەڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇشقاندىن كېيىن مەندىن پارا تەلەپ قىلدى. مەن: «ئاشلىق ـ تۈلۈك، تەمىنات يېتىشمەيۋاتىدۇ، مەندە خان ئەلچىسىگە تەقدىم قىلارلىق نەدە ئېشىنغان پۇل بولسۇن!» دېدىم. زو فېڭ مەندىن رەنجىپ ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن خانغا مېنى جەڭ قىلماي يېتىۋاپتۇ، لەشكەرلەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ چاقتى. شۇنىڭ بىلەن خان غەزەپلىنىپ، مەھرەمبېگى دۇڭ جۇنى مېنىڭ ئورنۇمغا تەيىنلەپ، مېنى جاۋابقا تارتىش ئۈچۈن پايتەختكە ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

جاڭ فېي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ ئۇنى ئېلىپ ماڭغان لەشكەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، لۇ جىنى قۇتقۇزماق بولدى. بۇ ۋاقىتتا ليۇ بېي ئۇنى توسۇپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خان ئەلۋەتتە ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلىدۇ، سىز ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويماڭ، — دېدى.

لەشكەرلەر لۇ جىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. گۆەن يۈي:

— ئورپاق بەگ* لۇ جى قاماققا ئېلىنىپتۇ، باشقا كىشى لەشكەر بېشى بولۇپتۇ، بارغىنىمىز بىلەن بىزگە ھامىي بولىدىغان كىشى چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە جۇ جۇڭگە قايتقىنىمىز ماقۇلراق بولارمىكىن؟ — دېدى.

ليۇ بېي ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ يۇقىرىغا سەپەر قىلدى. ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن، تاغنىڭ ئارقىسىدىن قاتتىق شاۋقۇن - سۈرەن ئاڭلاندى. ليۇ بېي گۆەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە بىر تۆپىلىككە چىقىپ ئەتراپقا قارىدى، قارىسا خەن خاندانلىقى لەشكەرلىرى يېڭىلىپتۇ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن سېرىق ياغلىقلىقلار يەر - جاھاننى قاپلاپ كېلىشىۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ ئەلەمگە چوڭ ھەرپ بىلەن «ساماۋى سەركەردە» دەپ يېزىلىپتۇ. ليۇ بېي:

— بۇ جاڭ جياۋ ئىكەن، تېز جەڭگە ئاتلىنىشىمىز لازىم! — دېدى - دە، ئۈچەيلەن ئات چاپتۇرۇپ لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە چىقتى. جاڭ جياۋ لەشكەرلىرى دۇڭ جۇنى يېڭىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن راسا قوغلاپ كېلىۋاتقىنىدا، ئۇشتۇمتۇت بۇ ئۈچەيلەن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، جاڭ جياۋ لەشكەرلىرى پاتىپاراق ئىچىدە يېڭىلىپ ئەللىك نەچچە چاقىرىم يەرگىچە قېچىپ باردى. ئۈچەيلەن دۇڭ جۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قارارگاھقا ئېلىپ كەلدى. دۇڭ جۇ ئۈچەيلەننىڭ ھازىر قانداق مەنسەپتە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈردى. ليۇ بېي ئۆزلىرىنىڭ ھېچقانداق مەنسىپى يوق، ئاددىي پۇقرا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. دۇڭ جۇ بۇلارنى پەس كۆرۈپ، ئىلتىپات قىلمىدى. ليۇ بېي قايتىپ چىققاندىن كېيىن جاڭ فېي غەزەپلىنىپ:

---

* ئورپاق بەگ — قەدىمكى مەنسەپ ئىسمى. ياندااش ئامبال.

— بىز قانلىق جەڭ قىلىپ بۇ بەتبەختنى قۇتۇلدۇرۇپ قويساق، بىزگە شۇنچىۋالا بىئەدەپلىك قىلامدۇ؟! مەن بۇنى ئۆلتۈرمەي پۇخانىمدىن چىقمايمەن! — دەپ قىلىچ ئېلىپ دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ بارگاھىغا كىرمەك بولدى. دەرھەقىقەت:

*مادارادا قاراپ مالۇ كۇچىگە ئىش تۇتۇش زادى —*
*قەدىمدە ھېلىمۇ ئوخشاش بولۇپ كەلدى ئۇزۇلمەستىن.*
*تۆرەلدى بۇ جاھان ئارا تېپىلماس ئاق كۆڭۈل جاڭ فېي،*
*ۋاپاسىز ـ بەتنىيەتلەرنى يوقاتقاي بىرنى قويماستىن.*

دۇڭ جۇ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## جاڭ فېينىڭ غەزەپ بىلەن باقاۋۇلنى قامچىلىغانلىقى خان قېيناغىسى خې جىننىڭ ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىشنى نىيەت قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، دۇڭ جو كۇنپېتىش گەنسۇنىڭ لىنتاۋ دېگەن يېرىدە تۇغۇلدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جۇڭ يىڭ ئىدى، ئۇ خېدۇڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىملىق مەنسىپىدە بولدى، ئەزەلدىن تارتىپ تەكەببۇر ئىدى. شۇ كۈنى ليۇ بېيگە بىئەدەپلىك قىلغانلىقىدىن جاڭ فېينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئۇنى ئۆلتۈرمەك بولدى. ليۇ بېي بىلەن گۈەن يۈي دەرھال ئۇنى توختىتىۋېلىپ:

— ئۇ خان تەيىنلىگەن ئەمەلدار تۇرسا، قانداقسىگە ئۇنى ئۆز مەيلىڭىزچە ئۆلتۈرەلەيسىز؟ — دېيىشتى.

— بۇ بەتبەختنى ئۆلتۈرمىسەك، ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەشكە قالىمىز، بۇنىڭغا مەن تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن، ئاغىلىرىم، ئىككىلىرى بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشنى خالىسىلا، مەن باشقا ياققا كېتەي! — دېدى جاڭ فېي.

— بىز ئۈچىمىز ئۆلۈم - كۆرۈمدە بىللە بولۇشقا ئانت ئىچكەن تۇرساق، قانداق قىلىپ بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلىمىز؟ ئۇنداق بولسا ھەممىمىز بىللە باشقا جايغا بارايلى! — دېدى ليۇ بېي.

— مۇنداق بولسا ئاچچىقىم سەل بېسىلىشى مۇمكىن، — دېدى جاڭ فېي.

شۇنداق قىلىپ ئۇچەيلەن لەشكەرلەر بىلەن كېچىلەپ جۇ جۇنگە بېرىپ قوشۇلدى. جۇ جۇن بۇلارنى ئوبدان ئىلتىپات بىلەن كۈتۈۋالدى، بۇلار لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، جاڭ باۋغا تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ ماڭدى. بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋ خۇاڭ فۇسۇڭ بىلەن بىللە چۇي ياڭ، جاڭ لياڭ بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. جۇ جۇن بۇياقتىن جاڭ باۋغا تېگىش قىلدى، جاڭ باۋ 8 — 9 تۈمەن قاراقچى لەشكەرنى تاغ ئارقىسىدا تۇتۇپ ياتتى. جۇ جۇن ليۇ بېينى تۇرشاۋۇل قىلىپ قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. جاڭ باۋ سول قول سەركەردە گاۋشېڭنى ياۋنى جەڭگە ئۇندەشكە چىقاردى، ليۇ بېي جاڭ فېينى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى. جاڭ فېي نەيزىسىنى ئېلىپ ئات قويۇپ گاۋ شېڭ بىلەن ئېلىشتى، بىرقانچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن جاڭ فېي بىر نەيزە سانجىپ گاۋ شېڭنى ئاتتىن يەرگە چۈشۈردى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياۋ ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى. جاڭ باۋ چېچىنى چۇۋۇپ، شەمشىرىنى ئوينىتىپ جادۇگەرلىك قىلدى، شۇئان بوران چىقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى، ئاسماندىن بىر توپ قارا تۈتەك پەسكە چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن خۇددى سان - ساناقسىز لەشكەرلەر چاپ - چاپ قىلىپ كەلگەندەك بولدى. ليۇ بېي دەرھال لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى، لەشكەرلەر پاتىپاراق بولۇپ يېڭىلدى، ليۇ بېي جۇ جۇن بىلەن كېڭەش قىلدى. جۇ جۇن:

— جاڭ باۋ ئارۋاق ئىشلەتتى، ئەتە چوشقا، قوي، ئىت ئۆلتۈرۈپ، قېنىنى ئېلىپ قويايلى ۋە لەشكەرلەرنى تاغ ئۈستىگە مۆكتۈرۈپ قويايلى؛ قاراقچىلار يېتىپ كەلگەندە ئېگىز دۆڭدە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قان چاچساق، ئۇنىڭ سېھرى يانىدۇ، — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىۇ بېي ئەمىر بويىچە گۇەن يۈي ۋە جاڭ فېيلارنى 1000 دىن لەشكەر ئېلىپ، چوشقا، قوي، ئىت قېنىنى ۋە پاسكىنا ـ مەينەت نەرسىلەرنى قاچىلىتىپ، تاغ ئارقىسىدىكى تۆپىلىككە مۆكتۈرۈپ تەخمۇ تەخ بولۇپ تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئەتىسى جاڭ باۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، تۇغ ـ ئەلەملەر لەپىلدىتىپ، داقا ـ دۇمباق ياڭراتقىنىچە جەڭگە ئۇندىدى، لىۇ بېي جەڭگە چىقتى. تازا ئېلىشىپ تۇرغاندا جاڭ باۋ ئارۋاق قىلدى، بوران ـ چاپقۇن چىقىپ گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى ـ دە، قۇم ۋە تاش ياغدى. قارا تۇتەك پۈتۈن ئاسماننى قاپلىدى. ئاسماندىن لەشكەرلەر چۈشتى. لىۇ بېي ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ كەينىگە قاراپ قاچتى، جاڭ باۋ ئارقىدىن قوغلىدى. ئۇ تاغدىن ئۆتكەن ھامان گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ بۆكتۈرمە لەشكەرلىرى بەلگە توپ ئاتتى ۋە پاسكىنا ـ مەينەت نەرسىلەرنى ئۇلارغا چاچتى. قارىسا ھاۋادىن قەغەز ئادەم، چۆپتىن ياسالغان ئاتلار ئارقىمۇ ئارقا يەرگە چۈشۈۋېتىپتۇ؛ بوران ـ چاقماق توختاپ، قۇم ـ تاشلار ئۇلتۇرۇپ كېتىپتۇ. ئارۋاقنىڭ بەربات بولغانلىقىنى كۆرگەن جاڭ باۋ لەشكەرلىرىنى تېز قايتۇرماقچى بولۇۋىدى، سولدىن گۇەن يۈي، ئوڭدىن جاڭ فېي، ئارقىدىن لىۇ بېي، جۇ جۈن لەشكەرلىرى تەڭلا ئېتىلىپ چىقتى، بۇنىڭ بىلەن قاراقچىلار قاتتىق يېڭىلدى. لىۇ بېي «زېمىننى سەركەردە» دېگەن خەت يېزىلغان ئەلەمنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كەلدى، جاڭ باۋ ئالدىراپ ـ تېنەپ يولغىمۇ قارىماي بەدەر تىكىۋەتتى. لىۇ بېي كەينىدىن قوغلاپ ئوقيا ئاتتى، ئوق بېرىپ ئۇنىڭ سول بىلىكىگە تەگدى. جاڭ باۋ قادالغان ئوق بىلەن ياڭچېڭ شەھىرىگە قېچىپ بېرىپ، شەھەرنى ساقلاپ ياتتى. جۇ جۈن لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ شەھەرنى قورشاپ تېگىش قىلدى ۋە خۇاڭ فۇسۇڭدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن چارلىغۇچىلار ئەۋەتتى. چارلىغۇچىلار قايتىپ كېلىپ:

— خۇاڭ فۇسۇڭ زور نۇسرەت تېپىپتۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىلىپ قالغان دۇڭ جۇ ئىشتىن بوشىتىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا خۇاڭ فۇسۇڭ قويۇلۇپتۇ، خۇاڭ فۇسۇڭ تەيىنلەنگەن جايغا يېتىپ كەلسە جاڭ جياۋ ئۆلۈپ بوپتۇ. ئۇكىسى جاڭ لياڭ ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز بىلەن تاقابىل تۇرۇپتۇ، خۇاڭ فۇسۇڭ جەڭدە ياۋ لەشكەرلىرىنى ئارقىمۇ ئارقا يەتتە قېتىم يېڭىپ، جاڭ لياڭنى چۇيياڭدا ئۆلتۈرۈپتۇ. ئۇ جاڭ جياۋنىڭ گۆەنسەي ساندۇقىنى ئېچىپ، جەسىتىنى چەيلەپ، بېشىنى كېسىپ پايتەختكە ئەۋەتىپتۇ، قالدۇق قاراقچىلار ئەل بوپتۇ. خۇاڭ فۇسۇڭ ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەركەردىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ، جىجۇ ئايمىقىغا ھاكىم بوپتۇ. خۇاڭ فۇسۇڭ لۇ جىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى بارلىقى، گۇناھى يوقلۇقى ھەققىدە ئوردىغا مەلۇمات ئەۋەتىپتۇ، خاندانلىق لۇ جىنى بۇرۇنقى مەنسىپىگە قويۇپتۇ. ساۋ ساۋمۇ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلىكىدىن جىنەن بەگلىكىگە تەيىنلىنىپتۇ. ھازىر ئۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مەنسەپ تۇتقىلى مېڭىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

جۇ جۇن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى ياڭچېڭغا قاتتىق تېگىش قىلىشقا ئالدىراتتى. قاراقچىلار ئېغىر ھالدا قالغاچقا، قاراقچى سەركەردە يەن جېڭ جاڭ باۋنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى تەقدىم قىلىپ ئەل بولدى. جۇ جۇن بىر قانچە ئايماقنى تىنچلىتىپ، ئۆز ئەجىر ـ تۆھپىسىنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلدى.

بۇ ۋاقىتلاردا سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇق مۇرتلىرىدىن جاڭ خۇڭ، خەن جۇڭ، سۇن جۇڭ دېگەن ئۈچەيلەن بىرنەچچە تۈمەن كىشىنى توپلاپ، ئېپىنى تاپسىلا ئوت قويۇپ، بۇلاڭچىلىق قىلدى، ئۇلار جاڭ جياۋنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، دەپ دەۋا قىلىپ يۈردى. خان بۇلارنى جەڭدە ياۋنى يەڭگەن لەشكەرلەر

بىلەن بىسىقتۇرۇشنى جۇ جۇڭگە تاپشۇردى. جۇ جۇن پەرمان بويىچە لەشكەر تارتىپ ماڭدى. بۇ چاغدا قاراقچىلار ۋەنچېڭ شەھىرىنى ئىگىلەپ تۇراتتى؛ جۇ جۇن لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە تېگىش قىلدى، جاڭ خۇڭ خەن جۇڭنى جەڭگە ئاتلاندۇردى. جۇ جۇن لىۇ بېي بىلەن گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنى شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تۆۋەن تەرىپىگە تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. خەن جۇڭ ئۆزىنىڭ خىل لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، تېگىش قىلىشقا كەلگەن لەشكەرلەرنى باشلاپ شەھەرنىڭ كۈنپېتىش تۆۋەن تەرىپىگە كەلدى. جۇ جۇن ئۆزى 2000 چەۋەندازى بىلەن شەھەرنىڭ كۈنچىقىش يۇقىرى تەرىپىگە تېگىش قىلدى. قاراقچىلار شەھەرنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپنى تاشلاپ قايتىپ كەتتى. لىۇ بېي ئارقىدىن كېلىپ چاپ - چاپ قىلغانلىقتىن، قاراقچىلار قاتتىق يېڭىلىپ، ۋەنچېڭ شەھىرى ئىچىگە قېچىپ كىرىۋالدى. جۇ جۇن لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، شەھەرنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلدى، شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈك تۈگىگەنلىكتىن، خەن جۇڭ ئەل بولۇش ئۈچۈن شەھەردىن ئادەم چىقارتتى، جۇ جۇن بۇنى ماقۇل كۆرمىدى، لىۇ بېي:

— بۇرۇنىسىدا گاۋ زۇ خان ئەلنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئەل بولغانلارنى قوبۇل قىلغانىدى؛ جانابلىرى نېمە ئۈچۈن خەن جۇڭنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمايدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ بىر زامان، بۇ بىر زامان، — دېدى جۇ جۇن، — چىن خاندانلىقى بىلەن خەن خاندانلىقى ئارىلىقىدا جاھان تازا مالىمان بولۇپ، خەلق ئىگىسىز قالغانىدى. ياۋنى ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەل بولغۇچىلار قوبۇل قىلىناتتى ۋە تارتۇقلىناتتى. ھازىر بولسا پۈتۈن ئەل بىرلەشتى، پەقەت سېرىق ياغلىقلىقلار ئىسيان كۆتۈرۈۋاتىدۇ، ئەگەردە ئۇلارنىڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان بولساق، باشقىلارنى ياخشى يولغا

باشلاشقا ئىلاجسىز قالىمىز. قاراقچىلارنى قولاي پۇرسەت تاپقاندا بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان، قولايسىز قالغاندا ئاندىن ئەل بولىدىغان قىلىپ قويىمىز، بۇنداق بولغاندا قاراقچىلارنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرۈپ قويىمىز، بۇ ياخشى تەدبىر ئەمەس.

— قاراقچىلارنىڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلمىغانلىقلىرى توغرا، — دېدى ليۇ بېي، — ئەمما قاراقچىلار تۆت تەرەپلەپ چەمبەرچاس مۇھاسىرە قىلىنىپ، ئەل بولۇشقا ئىمكانىيەت تاپالمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە جان تىكىپ جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. 1 تۈمەن كىشى بىر نىيەتتە بولۇۋالسا، ئۇلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. دېمىسىمۇ، قانداقسىگە شەھەردىكى ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگەن بىرنەچچە تۈمەن كىشىگە تاقابىل تۇرغىلى بولسۇن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرىپىنى بوش قويۇپ، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرىپىگىلا تېگىش قىلساق، قاراقچىلار جەڭدىن ۋاز كېچىپ، شەھەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ، ئەنە شۇنداق بولغاندا ئۇلارنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

جۇ جۈن ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ، شەھەرنىڭ كۈنچىقىش ۋە تۆۋەن تەرىپىدىكى لەشكەرلەرنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە شەھەرنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرىپىگىلا تېگىش قىلدى. خەن جۇڭ دېگەندەكلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى. جۇ جۈن ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چاپ - چاپ قىلدى ۋە جەڭدە خەن جۇڭنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى، قالغانلىرى تىرىپىرەن بولۇپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. تازا قوغلاپ كېتىۋاتقاندا جاۋ خۇڭ، سۈن جۇڭلار بىر توپ قاراقچىنى باشلاپ كېلىپ قالدى - دە، جۇ جۈن بىلەن ئېلىشتى. جۇ جۈن قاراقچىلار لەشكەرلىرىنىڭ زورلۇقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى ۋاقىتلىق چېكىندۈردى. جاۋ خۇڭ شۇنىڭدىن پايدىلىنىپ،

ۋەنچېڭ شەھىرىنى قايتىدىن تارتىۋالدى. جۇ جۇن ئۇن چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىپ قارارگاھ تىكتى ۋە قاراقچىلارغا تېگىش قىلاي دەپ تۇرۇشىغا كۇنچىقىش تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ قالدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ سەركەردىسى كەڭ پېشانىلىق، كەڭ يۈزلۈك، ئارسلان قامەتلىك، ئېيىق بەللىك بىر كىشى ئىدى؛ ئۇ ۋۇجۇن ئايمىقىدىكى فۇچۇن ناھىيىسىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىسىم - زاتى سۇن جيەن، يەنە بىر ئىسمى ۋېن تەي بولۇپ، سۇن ۋۇزىنىڭ پۇشتى ئىدى. ئۇ 17 ياش ۋاقتىدا ئاتىسى بىلەن چيەنتاڭ دەرياسىدا كېتىۋاتقىنىدا، ئۇن نەچچە دېڭىز قاراقچىسىنىڭ سودىگەرلەرنى بۇلاپ، قىرغاقتا ئولجا بۆلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئاتىسىغا:

— بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇش كېرەك، — دېدى ۋە قىلىچىنى ئېلىپ جاسارەت بىلەن قىرغاققا چىقتى، ھەر تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن خۇددى ئۆز كىشىلىرىنى چاقىرغاندەك توۋلىدى، قاراقچىلار بۇنى كۆرۈپ، خان لەشكەرلىرى كېلىپ قالغان بولۇشى كېرەك، دەپ مال - دۇنياسىنى تاشلاپ قېچىشتى، سۇن جيەن قوغلاپ يۈرۈپ قاراقچىلاردىن بىرىنى ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئايماق - ناھىيىلەرگە ئۇنىڭ داڭقى كېتىپ لەشكەر بېشىلىققا تەۋسىيە قىلىندى، كېيىن كۇيجىدە جادۇگەر شۈي چاڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى «قۇياش خان» دەپ ئاتاپ ئۆز ئەتراپىغا ئۇن نەچچە تۇمەن ئادەم توپلىدى، سۇن جيەن ۋە ئايماق چاۋۇشبېگى 1000 دىن ئارتۇق باتۇر يىگىتنى توپلاپ، باشقا ئايماقلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە قاراقچىلارنى تىرىپىرەن قىلىپ، شۈي چاڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى شۈي شاۋنى ئۆلتۈردى. ئايماقبېگى زاڭ مىن سۇن جيەننىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى خانغا مەلۇم قىلدى، خاندانلىق ئۇنى يەندۇغا يامۇلبېگى قىلىپ تەيىنلىدى، كېيىن يەنە شۈيىي ۋە شياپىغا يامۇلبېگى قىلىپ تەيىنلىدى. شۇ كۇنلەردە ئۇ سېرىق



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ياغىلىقلارنىڭ ئىسيان كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، يېزىدىكى ياش يىگىتلەرنى ۋە كۆچمە سودىگەرلەرنى توپلاپ خۇەيسىدىكى 1500 دىن ئارتۇق تاللانغان لەشكەرنى باشلاپ، جۇ جۇڭگە ھەمدەمگە كەلدى. جۇ جۇن ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنى شەھەرنىڭ تۆۋەن قوۋۇقىغا، لىۇ بېيىنى يۇقىرى قوۋۇقىغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇدى. جۇ جۇن ئۆزى كۇنپېتىش قوۋۇقىغا تېگىش قىلدى، كۇنچىقىش قوۋۇقنى قاراقچىلارنىڭ قېچىشىغا قالدۇردى. سۇن جيەن ئالدى بىلەن سېپىلغا چىقىپ 20 دىن ئارتۇق قاراقچىنى ئۆلتۈردى، قاراقچىلار تىرىپىرەن بولدى. بۇنى كۆرگەن جاۋ خۇڭ ئات چاپتۇرغان پېتى ئۇزۇن دەستىلىك نەيزىسى بىلەن توپتوغرا سۇن جيەنگە ئېتىلدى. سۇن جيەن سېپىلدىن بىرلا سەكرەپ چۈشۈپ، ئەپچىللىك بىلەن جاۋ خۇڭنىڭ نەيزىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭغا بىر نەيزە سانجىپ ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى، سۇن جيەن جاۋ خۇڭنىڭ ئېتىنى مىنىۋېلىپ، ئۇچقاندەك كېلىپ قاراقچىلارنى چاپ - چاپ قىلدى. سۇن جۇڭ قاراقچى لەشكەرلەرنى باشلاپ يۇقىرى قوۋۇقتىن بۆسۈپ چىقىشىغا لىۇ بېيىغا دۇچ كەلدى، جەڭ قىلىشقا ئۇنىڭ رايى بارماي قۇيرۇقنى تىكىۋەتتى. لىۇ بېي ئوقياسىنى ئېلىپ بىرنى ئېتىپ ئۇنى ئاتتىن ئوڭدىسىغا چۈشۈردى. جۇ جۇننىڭ لەشكەرلىرى ئارقىدىن قوغلاپ چاپ - چاپ قىلدى، بۇ جەڭدە بىرنەچچە تۈمەن ئادەمنىڭ كاللىسى كېسىلدى، ھەددى - ھېسابسىز كىشى باش ئەگدى، شۇنداق قىلىپ نەنياڭ ئەتراپىدىكى ئون نەچچە ئايماق تىنچىدى. جۇ جۇن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ پايتەختكە قايتتى، ئۇ ھارۋا - ئاتلىقلار سەركەردىسى دېگەن مەرتىۋىگە ئېرىشىپ، خېنەن ھۆكۈمدارلىقىغا تەيىنلەندى. جۇ جۇن، سۇن جيەن، لىۇ بېيلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرىنى خانغا مەلۇم قىلدى. سۇن جيەن دوستلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا ئايماققا چاۋۇشبەگ بولۇپ كەتتى؛ ئەمما لىۇ بېي خېلى ئۇزۇن ۋاقىت كۈتسىمۇ

www.uyghurkitap.com

مەنسەپكە تەيىنلەنمىدى.

ئاكا ـ ئۇكا ئۇچەيلەن ئىچى پۇشۇپ كوچىدا بىكار يۈرگىنىدە هارۋىدا كېتىۋاتقان ئورپاق بەگ جاڭ جۇنگە ئۇچراپ قالدى. لىيۇ بېي كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ـ تۆھپىسىنى بايان قىلدى. جاڭ جۇن ئاڭلاپ، هەيران بولۇپ ئوردىغا قايتتى ۋە خان هوزۇرىغا كىرىپ:

— بۇرۇنىسىدا سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ ئىسيانىنى هەرەمئاغىلىرىدىن ئون مەهرەمبېگىنىڭ مەنسەپ ـ مەرتىۋە سېتىپ، ئۆزلىرىگە يېقىن كىشىلەرگە مەنسەپ بەرگەنلىكى، ئۆزلىرىدىن نارازى بولغانلارنى جازالىغانلىقىدىن بولدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئالەم تازا مالىمان بولدى. بۇگۇن بۇ ئون مەهرەمبېگىنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ تەگرى يولىدا نەزىر ـ چىراغ قىلىش كېرەك ۋە جاي ـ جايغا ئادەم ئەۋەتىپ پۈتۈن ئەلگە جاكار قىلىش كېرەك، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلىماق لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا، پۈتۈن ئەل تىنچىيدۇ، — دېدى مەسلىھەت بېرىپ.

— جاڭ جۇن جانابىي ئالىيلىرىنى ئالداۋاتىدۇ، — دېيىشتى ئون مەهرەمبېگى خانغا.

خان ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ياساۋۇللارغا بۇيرۇق بېرىپ، جاڭ جۇننى ئوردىدىن هەيدەتكۈزدى، ئون مەهرەمبېگى كېڭىشىپ:

— بۇ سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقىتىشتا ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلەرگە مەنسەپ بېرىلمىگەنلىكتىن نارازى بولۇپ ئېيتىلغان گەپلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن خاندانلىق مەهكىمىسى ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىغا قاراپ مەنسەپ بېرىش توغرىسىدا رويخەت ئالسۇن. ئاندىن بىر تەرەپ قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن لىيۇ بېي دىڭجۇدىكى جۇشەن دىيارى ئەنشى

ناھىيىسىنىڭ لەشكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەندى ۋە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن شۇ ناھىيىگە بېرىپ مەنسەپتە ئولتۇردى. ليۇ بېي كېتىش ئالدىدا لەشكەرلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇردى، پەقەت خاس يىگىتلىرىدىن يىگىرمە نەچچىسىنى ئېلىپ گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئەنشى ناھىيىسىگە كېلىپ مەنسەپ تاپشۇرۇۋالدى. ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى بىر ئاي باشقۇرۇش جەريانىدا خەلققە قىلچە ئازار بەرمىدى، خەلق بۇنىڭدىن تەسىرلەندى. ليۇ بېي مەنسەپتە ئولتۇرغاندىن كېيىن گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن بىر داستىخاندا تاماق يېدى، بىر كارىۋاتتا ئۇخلىدى، ليۇ بېي كۆپچىلىك ئارىسىدا ئولتۇرغىنىدا گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي زېرىكمەي - تېرىكمەي يېنىدا تىك تۇرۇپ خەۋەر ئالدى.

ليۇ بېي ناھىيىگە كەلگىنىگە تېخى تۆت ئاي ئۆتە - ئۆتمەي، خاندانلىق لەشكىرىي خىزمەتتە ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ، مەنسەپدار بولغانلارنى مەنسەپتىن تاللاپ قالدۇرۇش ھەققىدە پەرمان چىقاردى. ليۇ بېيمۇ مۇشۇ قاتارغا كىرەتتى. شۇ ئەسنادا خىزمەت نەتىجىلىرىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ناھىيىگە باقاۋۇل كېلىپ قالدى، ليۇ بېي شەھەردىن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى. باقاۋۇل ئات ئۈستىدە قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭ سالىمىغا ئىلتىپاتسىزلا جاۋاب قايتۇردى. بۇنى كۆرگەن گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينىڭ ئىمانى ئۇچتى. بۇلار سارايغا كەلگەندىن كېيىن باقاۋۇل تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى، ليۇ بېي تاپىسىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ ئۆرە تۇردى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن باقاۋۇل:

— لەشكەر بېشى! سىز قايسى نەسەبتىن بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— جۇڭشەندىكى جىن ۋاڭنىڭ پۇشتى بولىمەن؛ جۇجۇن ئايمىقىدا سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقىتىشتا چوڭ - كىچىك ئوتتۇز نەچچە جەڭگە قاتنىشىپ، ئاز - تولا ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكىنىم ئۈچۈن، بۇ مەنسەپكە تەيىنلەندىم، — دېدى ليۇ بېي جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— مەن خاننىڭ تۇغقىنى بولىمەن دېگەن ئالدامچىلىق بىلەن يالغان ئەجىر ـ تۆھپە مەلۇم قىلىپسەن! ھازىر بۇنداق پاسىق ئەمەلدارلارنى مەنسەپتىن بوشىتىش خۇسۇسىدا خاننىڭ پەرمانى بار! — دەپ ۋارقىرىدى باقاۋۇل.

لىۇ بېي خوپ، خوپ دەپ چىقىپ كەتتى. ئۇ يامۇلغا قايتىپ كېلىپ، ناھىيىدىكى بەگ ـ سىپاھىلار بىلەن كېڭەشتى. بەگ ـ سىپاھىلار:

— باقاۋۇل پارا ئېلىشنى كۆزلەپلا ھەيۋە قىلىۋاتىدۇ، — دېيىشتى.

— مەن، — دېدى لىۇ بېي، — خەلق ھەققىگە قىلچىمۇ دەخلى ـ تەرۇز قىلمىدىم، مېنىڭدە ئۇنىڭغا بېرىدىغان پۇل ـ مال نېمىشقىلىسۇن؟

ئەتىسى باقاۋۇل ئالدى بىلەن ناھىيىدىكى بەگ ـ سىپاھىلارنى چاقىرتىۋېلىپ، ناھىيە لەشكەر بېشى خەلققە زىيانكەشلىك قىلدى، دەپ ئەيىبلەڭلار، دەپ زورلىدى. لىۇ بېي نەچچە قېتىم ئەپۇ سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بارغان بولسىمۇ، دەرۋازىۋەنلەر توسۇۋېلىپ كىرگۈزمىدى.

جاڭ فېي خاپىچىلىقتا بىرنەچچە قەدەھ مەي ئىچتى، ئۇ ئۆتەڭ سارىيى ئالدىدىن ئاتلىق ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، 50 — 60 مويسىپىت كىشىنىڭ دەرۋازا ئالدىغا توپلىنىپ، يىغلىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە سەۋەبىنى سورىدى. ئۇلار:

— باقاۋۇلبېگىم بەگ ـ سىپاھىلارنى لىۇ بېي جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا زورلاۋېتىپتۇ؛ ئەرز ئېيتىپ كېلىۋىدۇق، دەرۋازىۋەن كىرگۈزمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنى سۇرۇپ ـ توقاي قىلدى، — دېيىشتى.

جاڭ فېي بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولدى، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى ـ دە، ئۇدۇل ئۆتەڭ سارىيىغا قاراپ ماڭدى، ئۇ

دەرۋازىۋەنلەرنىڭ توسۇشـــــغا قارىماي توپتوغرا ئارقا دىۋانغا كىردى، باقاۋۇلنىڭ دىۋاندا ئولتۇرغىنىنى، ناھـــيە بەگ ـ سىپاھلىرىنى باغلاپ يەرگە يانقۇزۇپ قـويغـانلـىقىنـى كۆردى. جاڭ فېي:

— ھوي! خەلق زىياندىشى بولغان مۇتتەھەم، مېنـــى تونۇمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

باقاۋۇل گەپ قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، جاڭ فېي ئۇنىڭ چېچىدىن تۇتۇپ، سارايدىن سۆرىگەن پېتى ئامبال يامۇلى ئالدىغا ئېپچىقىپ، ئات قوزۇقىغا باغلاپ قويدى ۋە تال چىـــۋىق ئېپچىقىپ، باقاۋۇلنىڭ پۇتىغا ئون نەچچە تال چىۋىق سۇنۇپ كەتكۈچە ئۇردى. ليۇ بېي ئىزتىراپ ئىچىدە تۇرغاندا يامۇل ئالدىدا غوۋغا بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى ـ دە، يېنىدىكىلەردىن سورىدى.

— جاڭ سەركەردە يامۇل ئالدىدا بىر ئادەمنى باغلاپ قويۇپ قاتتىق ئۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى يېنىدىكىلەردىن بىرى.

ليۇ بېي ئالدىراپ ـ تېنەپ قارىسا، باغلانغان ئادەم باقاۋۇل ئىكەن. ليۇ بېي ھودۇقۇپ سەۋەبىنى سورۇشتۇردى. جاڭ فېي:

— مۇنداق خەلق زىياندىشى بولغان ئوغرىنـــى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەي قاراپ تۇرىمىزمۇ؟ — دېدى.

— ليۇ بېي جانابلىرى! جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قويسىلا! — دەپ ئىلتىپات قىلدى باقاۋۇل.

ليۇ بېي رەھىمدىل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن دەرھال:

— بولدى قىل، — دەپ ۋارقىراپ توختاتتى. بۇ چاغدا بۇنىڭ ئۇستىگە گۇەن يۈي كېلىپ قېلىپ:

— ئاغا! ئۆزلىرى نۇرغۇن ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن بولسىلىمۇ، ئاران بىر لەشكەر بېشىلىق تېگىپتۇ، ئەمدى بولسا باقاۋۇلنىڭ خورلۇقىغا قېلىۋاتىلا. سۇمۇرغ ئازغانلـــقتا ئۇۋا سالالمىغاندەك، بىزمۇ بۇ يەردە جايلىشالمايمىزمىكـــن، دەپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئويلايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە، باقاۋۇلنى ئۆلتۈرەيلـــــى ـ دە، مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ، يۇرتىمىزغا قايتىپ ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرىش كويىغا چۈشەيلى، — دېدى.

لىۋ بېي ناھىيە لەشكەر بېشىلىق تامغىسىنى ئېلىپ چىقىپ باقاۋۇلنىڭ بوينىغا ئېسىپ، ئۇنى ئەيىبلەپ:

— ئەسلىدە خەلقنىڭ ساڭا ئوخشاش زىيانداشلىرىنـــى ئۆلتۈرۈش لازىم ئىدى، بىراق ساڭا رەھىم قىلىپ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. مەنسەپ تامغىسىنى ئال، مەن بۇ يەردىن كەتتىم، — دېدى.

باقاۋۇل دىڭجۇغا قايتىپ بېرىپ ۋەقەنى ھاكىمغا مەلۇم قىلدى، ھاكىم خاندانلىق مەھكىمىسىگە مەلۇمات سۇندى ۋە لىۋ بېيلارنى تۇتۇش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. لىۋ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېي ئۈچەيلەن دەيجۇغا بېرىپ لىۋ خۇينى پاناھ قىلدى. لىۋ خۇي لىۋ بېينىڭ خەن خاندانلىقىغا بولغان مەنسۇبىتىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە يوشۇرۇپ قويدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئون مەھرەمبەگ پۈتۈن ھوقۇق قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ، ئۆزلىرىگە بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنى ئۆلتۈرۈش قارارىغا كەلدى. جاۋ جۇڭ، جاڭ راڭلار كىشى ئەۋەتىپ، سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقاتقان سەركەردىلەردىن ئالـتـۇن ـ كـۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن سوراتتى، بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنى خانغا مەلۇم قىلىپ مەنسەپتىن ئېلىۋەتمەك بولدى. خۇاڭ فۇسۇڭ، جۇ جۇنلەر باش تارتقىنى ئۈچۈن جاۋ جۇڭلار خانغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇلارنى مەنسىپىدىن بوشاتتى. خان جاۋ جۇڭلارغا ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەركەردىسى ۋە جاڭ راڭ باشلىق 13 كىشىگە بەگلىك مەرتىۋە بەردى. شۇنىڭ بىلەن خاندانلىق ھاكىمىيىتى كۈنسايىن ئەسكىلەشتى ۋە خەلق زار قاقشىدى. شۇڭا چاڭشادىكى قاراقچى

چۆي شىلىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇردى؛ يۈيياڭدىكى جاڭ جۆي، جاڭ چۇنلەر ئىسيان كۆتۈردى: جاڭ جۆي ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلدى. جاڭ چۇن ئۆزىنى ئالىي سەركەردە دەپ ئاتىدى. ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ تۇرسىمۇ، ئون مەھرەمبېگى ئۇنى خاندىن يوشۇردى.

بىر كۈنى خان ئارقا باغدا ئون مەھرەمبېگى بىلەن مەرىكە ـ سورۇن قۇرۇپ ئولتۇرغاندا، مەسلىھەتچى تۆرە ليۇ تاۋ خاننىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ قاتتىق ئاھ ئۇردى. خان ئۇنىڭدىن ئاھ ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. ليۇ تاۋ:

— ئەل تەھلىكىدە قالدى، ھەزرەت ئالىيلىرى يەنىلا ئاغۋاتلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلىشۋاتىدىلا! — دېدى.

— قانداق تەھلىكە؟ ئەل تىپتىنچ تۇرۇپتىغۇ؟! — دېدى خان.

— تەرەپ ـ تەرەپتىكى قاراقچىلار قوزغالدى، ئايماق ـ ناھىيىلەرنى بېسىۋالدى، بۇ پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئون مەھرەمبېگىنىڭ مەنسەپ سېتىپ خەلققە زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، ھەزرەت ئالىيلىرىنى ئالدىغانلىقىدىن بولدى. ئەلھال ئادىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئوردا خىزمىتىنى تەرك ئەتتى، بالايىئاپەت كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ! — دېدى ليۇ تاۋ.

ئون مەھرەمبېگىنىڭ ھەممىسى يالاڭۋاشتاق ئىدى، ئۇلار يۈكۈنۈپ تۇرۇپ خانغا:

— ۋەزىرلەر بىزنى سىغدۇرمايۋاتىدۇ، قۇللىرى كۈن كۆرەلمەيدىغان بولدۇق! جېنىمىزنى ئېلىپ يۇرت ـ ماكانىمىزغا قايتىشىمىزغا ئىجازەت بېرىشلىرىنى تىلەيمىز، بىز بارلىق مال ـ دۇنيايىمىزنى لەشكەر خەرجى ئۈچۈن تۇتىمىز، — دەپ نالە ـ زار قىلىشتى.

— سىنىڭمۇ يېقىن خادىملىرىڭ بارغۇ، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ

يېقىن خادىملىرىمنى سىغدۇرمايسەن؟ — دەپ تۇۋلىدى خان غەزەپلىنىپ ليۇ تاۋغا ۋە ياساۋۇللىرىغا ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. ليۇ تاۋ:

— مەن ئۆلۈشۈمگە ئېچىنمايمەن! ئەمما خەن خاندانلىقىنىڭ 400 يىلدىن ئارتۇق يۇرت سوراپ، ھالا بۇ كۈندە مۇنداق تامام بولۇشىغا ئېچىنىمەن! — دەپ تۇۋلىدى.

ياساۋۇللار ليۇ تاۋنى ئېلىپ چىقىپ ھۆكۈمنى ئەمدى ئىجرا قىلايلى دەپ تۇرۇشىغا، ۋەزىرلەردىن بىرى:

— ھاي! قول تەگكۈزمەي تۇرۇڭلار، مەن ئۇنى خاندىن تىلىۋالىمەن! — دېدى.

بۇ ئادەم ۋەزىر چېن دەن ئىدى. ئۇ تۇپتوغرا سارايغا كىرىپ، خاندىن:

— مەسلىھەتچى تۆرە ليۇ تاۋ نېمە گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىن خادىملىرىمغا تۆھمەت قىلىپ، ماڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى، — دېدى خان.

— خەلقئالەم ئۇن مەھرەمبېگنى يەۋەتكۇدەك ئۆچ كۆرىدۇ، جانابىي ئالىيلىرى بۇلارنى ئاتا ـ ئانىلىرىدەك ھۆرمەت قىلدىلا، بۇلار قىلچە ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتمەي تۇرۇپ بەگلىك مەرتىۋىگە ئېرىشتى؛ پىلاڭ شۈيلەر سېرىق ياغلىقلىقلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۆزلىرى بۇنى بىلمەيدىلا، تاج ـ تەختلىرى خانىۋەيران بولاي دەۋاتىدۇ! — دېدى چېن دەن.

— پىلاڭ شۈينىڭ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس، ئۇن مەھرەمبېگى ئىچىدە ماڭا سادىق بىرەرىمۇ يوقمۇ؟ — دېدى خان.

چېن دەن بېشىنى پەلەمپەيگە ئۇرۇپ تۇرۇپ يەنە ئىلتىجا قىلدى. خان غەزەپكە كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ ليۇ تاۋ بىلەن

بىللە زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇدى. شۇ كۈنى كېچىدە ئۇن مەھرەمبېگى بۇلارنى زىنداندا ئۆلتۈردى، خان نامىدىن يالغان پەرمان چىقىرىپ، سۈن جيەننى چاڭشاغا ھاكىملىققا تەيىنلىدى ۋە ئۇنى چۈي شىڭغا جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇدى.

50 كۈن ئۆتمەيلا جياڭشيانىڭ تىنچىغانلىقى ھەققىدە نۇسرەت خەۋىرى كەلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سۈن جيەنگە ۋۇ چېڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بېرىلدى. ليۇ يۈينى يۈيجۇ ئايمىقىنىڭ پاسسىبانى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ لەشكەر تارتىپ، يۈيياڭدىكى جاڭ جۈي، جاڭ چۈنلارنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن يۈرۈش قىلدى. دەيجۇ ئايمىقىدىكى ليۇ خۇي ليۇ بېينى خەت ئارقىلىق ليۇ يۈيگە تونۇشتۇردى. ليۇ يۈي ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنى تۇتۇقبەگ قىلىپ بەلگىلىدى، ئۇ لەشكەر باشلاپ توپتوغرا قاراقچىلارنىڭ ئۇۋىسىغا بېسىپ باردى، بىرقانچە كۈن قاتتىق جەڭ قىلىپ، ياۋنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇردى. جاڭ چۈن ۋەھشىي زوراۋانلىقى ئۈچۈن سەرۋازلار ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى. قول ئاستىدىكى باشلىقلاردىن بىرى ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى كېسىپ، ئۆز لەشكىرى بىلەن باش ئەگدى. جاڭ چۈن ئەھۋالىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن يۈيياڭ تىنچىدى، ليۇ يۈي خانغا ليۇ بېينىڭ كۆرسەتكەن زور ئەجىر - تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلدى؛ خان ئۇنىڭ باقاۋۇلنى ئۇرغان گۇناھىدىن ئۆتۈپ، ئۇنى شيامىغا ياملبېگى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇ ئۇ يەردىن گاۋتاڭغا لەشكەر بېشى بولۇپ يۆتكەلدى. گۇڭ سۇنزەن ليۇ بېينىڭ بۇرۇنقى ئەجىر - تۆھپىلىرىنى مەلۇم قىلىپ، چاۋۇشبەگلىككە كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ پىڭيۈەن ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلەندى. ليۇ بېي پىڭيۈەندە خەرج - خىراج، ئوزۇق - تۈلۈك ۋە لەشكەرلەرگە تېگىنىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى شان - شەۋكىتىنى ئورنىغا كەلتۈردى. ليۇ يۈي قاراقچىلارنى يوقىتىشتا ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەنلىكىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

ئەمىر بولۇپ تەيىنلەندى.

جۇڭ پىڭنىڭ 6 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، لىڭدىي خان قاتتىق كېسەل بولۇپ قالدى، ئالىي سەركەردە خې جىننى ئۆزىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنكى ئىشلار ھەققىدە كېڭەشىش ئۈچۈن ئوردىغا چاقىردى. خې جىن تېگىدىن قاسساپ ئائىلىسىدىن ئىدى؛ سىڭلىسى ئوردىدا كىچىك خانىش بولۇپ، شاھزادە بيەننى تۇغقىنى ئۈچۈن خانىش بولغانىدى، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خې جىن ئىمتىيازغا ئېرىشىپ، چوڭ ئىلتىپاتلارغا نائىل بولغانىدى. خانىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاڭ ئاتلىق كىچىك خانىشى بار ئىدى، ئۇ شيې شاھزادىنى تۇغقان. خې خانىش ھەسەتخورلۇق قىلىپ، كىچىك خانىش ۋاڭ ئاغچىنى ئوغا مەي بېرىپ ئۆلتۈردى، شيې شاھزادە دۇڭ ۋالىدە خانىنىڭ ھەرىمىدە تەربىيىلەندى، دۇڭ ۋالىدە خان لىڭدىي خانىنىڭ ئانىسى بولۇپ، جيې دۇبىگى ليۇ چاڭنىڭ خوتۇنى ئىدى. دەسلەپتە خۇەن دى خانىنىڭ ئوغلى بولمىغاچقا، ئۇ جيې دۇبېگىنىڭ ئوغلىنى خان قىلىپ تەختكە ئولتۇرغۇزغانىدى. لىڭدىي خان تاج ـ تەخت ۋارىسى بولغاندىن كېيىن ئانىسىنى ئوردىغا ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ۋالىدە خان مەرتىۋىسى بەردى.

دۇڭ ۋالىدە خان شاھزادە شيېنى ۋەلىئەھد قىلىش خۇسۇسىدا خانغا نەسىھەت قىلدى. خانمۇ شاھزادە شيېنى ياخشى كۆرگەچكە ئۇنى ۋەلىئەھد قىلماقچى بولدى. خانىنىڭ كېسىلى ئېغىرلاشقاندا ھۇدەيچىلەردىن جيەن شۇ:

— جانابىي ئالىيلىرى، شاھزادە شيېنى ۋەلىئەھد قىلماق بولىدىكەنلا، كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خې جىننى قەتلى قىلىشلىرى لازىم، — دېدى.

خان ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇل كۆردى، بۇنىڭ ئۈچۈن خې جىننى ئوردىغا چاقىرتتى. خې جىن ئوردا ئىشىكىگە كەلگەندە

چاۋۇشبەگ پەن يې ئۇنىڭغا:

— ئوردىغا كىرمىسىلە، جيەن شۇ جانابلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى، — دېدى.

خې جىن چۆچۈپ كېتىپ، دەررۇ چۇشكۇنگە قايتتى ۋە ۋەزىرلىرىنى چاقىرىپ، ئاغۋاتلارنىڭ بىرىنىمۇ قالدۇرماي ئۆلتۈرۈش توغرۇلۇق مەسلىھەتلەشتى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاغۋاتلارنىڭ تەسىرى جۇڭدى خان ۋە جىڭدى خان دەۋرىدىن باشلاندى، ئۇلار ئوردىدا پىلەكتەك كەڭ يېيىلىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىپ بولغىلى بولامدۇ؟ ئەگەر سىرىمىز پاش بولۇپ قالسا، ئۇلار بىزنىڭ جەدبى - جەمەتىمىزدىن تارتىپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ، ئوبدان ئويلاپ ئىش قىلساق بولارمىكىن، — دېدى.

خې جىن قارىسا بۇ كىشى لەشكەر بېشى ساۋ ساۋ ئىكەن.

— سەن تېخى ياش، خاندانلىقنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىدىن نەدە خەۋىرىڭ بولسۇن، — دەپ سۆكتى خې جىن، ئۇ ئارىسالدا بولۇپ تۇرغاندا، پەن يىن يېتىپ كەلدى ۋە:

— خان ئالەمدىن ئۆتتى. جيەن شۇ بىلەن ئون مەھرەمبېگى كېڭىشىپ، خاننىڭ ۋاپاتىنى جاكارلىماي، كېيىن كېلىدىغان بالايىئاپەتتىن خالىي بولماققا خان نامىدىن يالغان پەرمان چىقىرىپ، جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈش، شيې شاھزادىنى خان قىلىش قارارىغا كېلىشتى، — دېدى.

بۇلارنىڭ سۆزى تۈگە - تۈگمەيلا، كەلگۈسى ئىشلارنى كېڭىشىش ئۈچۈن خې جىننىڭ دەرھال ئوردىغا كىرىشى ھەققىدە پەرمان يېتىپ كەلدى.

— ئاۋۋال يېڭى خاننى تەختكە ئولتۇرغۇزايلى، ئاندىن بۇزۇقلارنى يوقىتىش ئامالىنى قىلايلى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— يېڭى خاننى تەختكە ئولتۇرغۇزۇش، بۇزۇقلارنى

يوقىتىشقا كىم مېنىڭ بىلەن بىللە بارىدۇ؟ — دېدى خې جىن.

— مەن بارىمەن، — دېدى بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، — ماڭا تاللانغان 5000 لەشكەر بېرىلسە، ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، يېڭى خاننى تەختكە ئولتۇرغۇزىمەن، ئاغۋاتلارنى ئۆلتۈرۈپ، خاندانلىقنى بۇزۇقلاردىن تازىلايمەن ۋە ئەلنى تىنچىتىمەن!

خې جىن قارىسا بۇ كىشى ئەجىر زىمىن يۈەن فېڭنىڭ ئوغلى يۈەن ۋېينىڭ جىيەنى مۇپەتتىشبەگ يۈەن شاۋ ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى بېن چۇ ئىدى. خې جىن ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە ئۇنىڭغا خاننىڭ قورۇقچى لەشكەرلىرىدىن 5000 نى بەردى. يۈەن شاۋ تولۇق جابدۇندى. خې جىن خې يۈك، شۇن يۇ، جېڭ تەي باشلىق 30 دىن ئارتۇق ۋەزىرنى باشلاپ كەينى - كەينىدىن ئوردىغا كىرىپ كەلدى ۋە لىڭ دې خاننىڭ تاۋۇتى ئالدىدا ۋەلىئەھد بيەننى تەختكە ئولتۇرغۇزدى.

بەگ - سىپاھلار يېڭى خان ھۇزۇرىدا ئەتىگەنلىك تاۋاپ - تەزىمدىن كېيىن، يۈەن شاۋ جيەن شۇنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ھەرەمگە كىردى. جيەن شۇ ئالدىراپ - تېنەپ چاھارباغقا كىرىۋالدى ۋە چاھارباغدا ھۇدەيچى گاۋ شىڭ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىلكىدىكى خاننىڭ قورۇقچى لەشكەرلىرى تامام باش ئەگدى. يۈەن شاۋ خې جىنغا:

— ئاغۋاتلار بىر تىللىق بولۇۋالدى، بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى قالدۇرماي يوقىتىۋېتەيلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى. جاڭ رۇڭ ۋە باشقىلار ئىشنىڭ جىددىيلىكىنى بىلىپ دەرھال ۋالىدە خان ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ئالىي سەركەردە خې جىننى ئۆلتۈرۈش سۇيىقەستىنى ئويۇشتۇرغان كىشى بىرلا جيەن شۇ، قالغان ۋەزىرلەرنىڭ بۇ ئىش بىلەن چېتىشلىقى يوق. ئەمدى ئالىي سەركەردە خې جىن يۈەن شاۋنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ھەممىمىزنى ئۆلتۈرمەك

بولۇۋاتىدۇ، ئاغىچا خېنىم ئالىيلىرى بىزگە رەھىم - شەپقەت قىلغايلا! — دەپ يالۋۇردى.

— غەم قىلماڭلار، سىلەرنى مەن ھىمايە قىلىمەن، — دېدى ۋالىدە خان ۋە ئاكىسى خې جىننى چاقىردى، ئۇنىڭغا خۇپسيانە ھالدا:

— ئىككىمىز ئاددىي ئادەملەر نەسلىدىنمىز، ئەگەردە جاڭ رۇڭ ۋە باشقىلار بولمىسا، بىزگە بۇنداق دۆلەت ۋە ئىززەت - ھۆرمەت دېگەن نەدە؟ ھازىر بىرلا جيەن شۇ ئۆلتۈرۈلۈپتۇ، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئاغۋاتلارنى ئۆلتۈرمەك بولىسىز؟ — دېدى.

خې جىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەرەمدىن چىقتى ۋە بەگ - سىپاھلارغا:

— جيەن شۇ مېنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلىگەن، ئۇنىڭ پۈتۈن بالا - چاقا، جەددى - جەمەتىنى ئۆلتۈرۈش كېرەك، قالغانلارغا زەرەر يەتكۈزۈلمىسۇن! — دېدى.

— ئەگەر بۇلارنى تەلتۆكۈس يوقاتمايدىغان بولساق، جەزمەن بىزنىڭ جېنىمىزنى ئالىدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ.

— مەن بۇ پىكىرگە كەلدىم، ئارتۇق سۆزلىمەڭ، — دېدى خې جىن، شۇنىڭ بىلەن بەگ - سىپاھلار قايتىشتى.

ئەتىسى خې ۋالىدە خان خې جىننى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى ۋە قالغانلارغىمۇ يۇقىرى مەنسەپ بەردى. دۇڭ ۋالىدە خان جاڭ راڭلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا مەسلىھەتكە چاقىردى ۋە:

— باشتا خې جىننىڭ سىڭلىسىنى مەن ئەتىۋارلاپ مەرتىۋە بەرگەنىدىم. ھازىر ئۇنىڭ ئوغلى خان تەختىگە چىقىۋالدى، ھەرەمنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ۋەزىر، بەگ - سىپاھلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى، ئۇنىڭ ئابرۇيى، ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ مەسلىھەت سورىدى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

— ئانا، ئەمدى سىز پەردە ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ خانلىق ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىڭىزدە تۇتۇڭ، شي شاھزادىنى ۋاڭلىققا تەيىنلەڭ؛ تاغىڭىز دۇڭ جۇڭغا چوڭ مەنسەپ بېرىپ، ئۇنى لەشكەر ھوقۇقىغا ئىگە قىلىڭ؛ بىزنىمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشقا قويۇڭ، شۇنداق قىلسىڭىز ئۇلۇغ ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، — دېدى جاڭ راڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان دۇڭ ۋالىدە خان ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئىككىنچى دۇڭ ۋالىدە خانغا ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىم قىلىپ ئۆتتى، دۇڭ ۋالىدە خان پەرمان چۈشۈرۈپ، شي شاھزادىنى چېن لىۋۇۋاڭى قىلىپ تەيىنلىدى، ئاكىسى دۇڭ جۇڭنى قىران سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى، جاڭ راڭلار خاندانلىق ئىشىغا ھەمىيان بولىدىغان بولدى. خې ۋالىدە خان دۇڭ ۋالىدە خاننىڭ تاج ـ تەختىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆز ئوردىسىدا مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ، دۇڭ ۋالىدە خاننى تەكلىپ قىلدى. شارابلار ئىچىلىپ، شىركەيپ بولغاندا، خې ۋالىدە خان ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تەزىم قىلىپ، ئىككى قولى بىلەن قەدەھ سۇنغان ھالدا:

— بىز ئايال خەق، خاندانلىق ئىشلىرىغا ئارىلاشساق ياراشمايدۇ. بۇرۇنىسىدا خانىش لۈي خۇ تاج ـ تەختىنى ئىگىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ جەددى ـ جەمەتىدىن مىڭلارچە كىشى ئۆلتۈرۈلمىدىمۇ؟ سىلەر بىلەن مەن ھەرەمدە تىنچ ئولتۇرۇپ، خاندانلىقنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ كېڭىشىپ باشقۇرۇشىغا قويۇپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇ ئەل ئۈچۈن ياخشى بولىدۇ، سۆزۈمنى قوبۇل قىلغايلا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

دۇڭ ۋالىدە خان دەرغەزەپ بولۇپ:

— سەن ھەسەتخورلۇق قىلىپ، كىچىك خانىش ۋاڭ ئاغىچىنى ئوغا مەي بېرىپ ئۆلتۈرگەنىدىڭ، ھازىر يەنە

ئوغلۇڭنىڭ خان بولغانلىقىغا ۋە ئاكاڭ خې جىننىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ جۆيلۈۋاتىسىنا! مەن ئۈچۈن قىران سەركەردىگە بۇيرۇپ ئاكاڭنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋېتىش ھېچ گەپ ئەمەس! — دېدى ۋارقىراپ.

— مەن ساڭا چىرايلىقچە نەسىھەت قىلسام، سەن ئەكسىچە ماڭا كايىپ كەتتىڭغۇ؟ — دېدى خې ۋالىدە خانمۇ غەزەپ بىلەن.

— سەن قاسساپ ۋە مەي ـ شاراب سانتقۇچى پۇشتى بولغان بىر پەس تۇرساڭ، نېمىنى بىلىسەن! — دېدى دۇڭ ۋالىدە خان.

شۇنداق قىلىپ ئىككى ئاغىچا خېنىم ئارىسىـــدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. جاڭ راڭ ۋە باشقىلار ئۇلارنى نەسىھەت بىلەن ئۆز ھەرەملىرىگە قايتۇردى. خې ۋالىدە خان كېچىلەپ خې جىننى سارايغا چاقىرتىپ، بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. خې جىن دەرھال چىقىپ ئۈچ ئۇلۇغ ۋەزىرنى كېڭەشكە چاقىردى. ئۇلار ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاۋاپ ـ تەزىم ۋاقتىدا، ۋەزىرلەرگە:

— ئەسلىدە دۇڭ ۋالىدە خان ياقا يۇرتتىن كەلتۈرۈلگەن خانىش، شۇڭا ئوردىدا تۇرۇشقا لايىق ئەمەس، ئۇنى خې جەنگە كۆچۈرۈپ قويماق لازىم، بۈگۈنلا پايتەختتىن چىقىپ كەتسە، — دەپ ئىلتىجا قىلغۇزدى. بىر تەرەپتىن مەخسۇس كىشى تەيىنلەپ دۇڭ ۋالىدە خاننى يولغا سالدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ھەرەم لەشكەرلىرىنى قىران سەركەردە دۇڭ جۇڭنىڭ ئۆيىنى قاۋاپ، مەنسەپ تامغىسىنى ئېلىۋېلىشقا ئەۋەتتى. دۇڭ جۇڭ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ دېۋاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، بالا ـ ۋاقا، جەددى ـ جەمەتى ماتەم ـ پەرياد چەكتى، لەشكەرلەر قايتىپ كېتىشتى. جاڭ راڭ، دۇەن گۈيلەر دۇڭ ۋالىدە خاننىـــڭ قوغلاندى قىلىنغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، خې جىننىـــڭ ئىنىسى خې ماۋ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى ۋۇ ياڭجۇن خېنىمغـــا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت ۋە ئېسىل ئويۇنچۇقلار سوۋغا قىلىپ، ئۇلارنى ئەتە ـ ئاخشامدا خې ۋالىدە خان يېنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرگۈزۈپ، ئۆزلىرىنى ساقلاپ قېلىش يولىدا تىل ياغلىمىلىقتا سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇن مەھرەمبېگى يەنە بەختىيار يېقىن كىشىلەردىن بولۇۋالدى.

6 ـ ئايلاردا خې جىن مەخپىي كىشى ئەۋەتىپ، دۇڭ ۋالىدە خاننى جيەنخېدىكى تۇرالغۇسىدا ئۇغا مەي بېرىپ ئۆلتۈردى، جەسەتنى پايتەختكە ئەكەلدۈرۈپ، لىڭدى خان مەقبەرىسىگە دەپنە قىلدۇردى. خې جىن ئاغرىقمەن دېگەن باھانىنى كۆرسىتىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشمىدى. مۇپەتتىشبېگى دۇەن شاۋ خې جىن ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— جاڭ راڭ، يۇەن گۇيلەر سىرتتا جانابلىرىنى دۇڭ ۋالىدە خانغا ئۇغا مەي بېرىپ ئۆلتۈردى، ئەمدى ئۆزى تەختكە چىقماقچى، دېگەن سۆزلەرنى تارقاتماقتا، ئەگەر مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاغۋاتلارنى يوقاتمىسىلا، كەلگۈسىدە ئۇلار چوڭ ئاپەت كەلتۈرىدۇ. بۇرۇنىسىدا دۇ ۋۇنىڭ ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىشى ئاشكارا بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا بالايىئاپەت چۈشتى. جانابلىرى ۋە ئىنىلىرىنىڭ قول ئاستىدا باتۇر ـ پالۋانلار بار؛ بۇلار كۈچ چىقارسىلا، ئىشنى تامام قولغا ئالغىلى بولىدۇ. ئاللا بەرگەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى، — دېدى خې جىن.

جاڭ راڭ ئەتراپىدىكىلەر بۇنى جاڭ راڭغا مەخپىي يەتكۈزۈپ قويدى، جاڭ راڭلار خې ماۋغا يەتكۈزدى ۋە نۇرغۇن پارا تىقتى. خې ماۋ خې ۋالىدە خانغا:

— ئالىي سەركەردە خې جىن يېڭى خاننىڭ خان بولۇشىغا يار ـ يۆلەك بولدۇم دەپ مېھىر ـ شەپقەت ئىشلىرى بىلەن بولماي، پەقەت ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە جازالاش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. ھازىر يەنە ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئون مەھرەمبېگىنى ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. بۇ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇشتىن باشقا

نەرسە ئەمەس، — دەپ مەلۇم قىلدى.

خې ۋالىدە خان ئۇنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆردى. بىر ئازدىن كېيىن خې جىن ھەرەمگە كىرىپ خې ۋالىدە خانغا ھەرەمئاغىلىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى بايان قىلدى. خې ۋالىدە خان:

— ھەرەمئاغىلىرى ئۇزۇندىن بۇيان خاندانلىقنى ۋە خەن خاندانلىقىنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇپ كەلمەكتە، سابىق خان بولسا يېقىندىلا ئالەمدىن ئۆتتى، كونا ۋەزىرلەرنى ئۆلتۈرۈش خاندانلىققا بىھۆرمەتلىك قىلغانلىق بولىدۇ، — دېدى.

خې جىن ئىشنى كېسىپ ئىشلەيدىغان ئادەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋالىدە خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ماقۇل دەپ چىقىپ كەتتى. يۈەن شاۋ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئىشلار قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدى.

— ۋالىدە خان ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ، قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى خې جىن.

— جايلاردىكى قەھرىمان يىگىتلەرنى پايتەختكە تارتىپ كېلىشكە چاقىرىپ، شۇلار ئارقىلىق ھەرەمئاغىلىرىنى پۈتۈنلەي يوقىتايلى. ھازىر ئەھۋال جىددىي بولغانلىقتىن ۋالىدە خان ماقۇل كۆرمىدى دەپ قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ.

— بۇ ناھايىتى ياخشى تەدبىر بولدى، — دېدى خې جىن ۋە شەھەرگە پەرمان ئەۋەتىپ، لەشكەر باشلىقلىرىنى پايتەختكە چاقىرماق بولدى. بۇ چاغدا ئوردا مىرزىسى چېن لىن:

— ئۇنداق قىلىشقا بولماسمىكىن! بىزدە «كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپ قارلىغاچ تۇتۇش» ئۆزىنى ئۆزى ئالداش بولىدۇ، دېگەن گەپ بار. ئالدامچىلىق بىلەن ئۇششاق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدىغان تۇرسا، ئەلنىڭ چوڭ ئىشىنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولسۇن؟ ھازىر جانابلىرى خاننىڭ ئابرۇيىغا

www.uyghurkitap.com

تايىنىپ ھەممە لەشكەر ھوقۇقىنى ئىلكىلىرىگە ئالدىلا، نىمىنى قىلىمەن دېسىلە، شۇنى قىلالايدىلا، ھەرەمئاغىلىرىنى يوقىتىشنى خالايدىكەنلا، بۇ سىلى ئۈچۈن بىر قىزىق مەشىنىڭ بىر تال تۈكىنى كۆيدۈرگىنىدەكلا بىر ئىش. ناھايىتى تېز ۋە كەسكىنلىك بىلەن بىر ئىش قىلسىلا. خۇدا ۋە خەلقئالەم ئالدىدىمۇ راۋا كۆرىدىغان ئىش. ئۇنى قىلماي، جايلاردىكى سەركەردىلەرنى پايتەختكە چاقىرىدىكەنلا، قەھرىمانلار يىغىلىپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىرەر مەقسەتتە بولىدۇ، ئۇ چاغدا تىغ ئۇچىنى ئۆزلىرىگە قارىتىدۇ، دەستىنى باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويىدىلا ـ دە، ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايلا قالماي، يەنە قالايمىقانچىلىق چىقىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بۇ نامەردلەرنىڭ پىكرى، — دېدى خې جىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

بۇ چاغدا يان تەرەپتە تۇرغان بىر كىشى چاۋاك چېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— بۇ قول شىلتىگەندەكلا ناھايىتى ئاسان بىر ئىشقۇ، مۇنچىۋالا مەسلىھەت قىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ — دېدى.

بۇ ساۋ ساۋ ئىدى. دەرھەقىقەت:

*يوقىتار بولساڭ قىشىڭدىن ئەسكىنى — مالىمانچىنى،*
*ئاڭلىغىن، ئالغىن ئىلىك دانىش كىشىلەر سۆزىنى.*

ساۋ ساۋنىڭ زادى نىمە دېگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئۈچىنچى باب

## ۋېنمىڭ بېغىدىكى كېچەشتە دۇڭ جۇنىڭ دىڭ يۈەنگە كايىپ كەتكەنلىكى
## لى سۇنىڭ ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلار بىلەن لۈي بۇنى ئۆزىگە تارتقانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ خې جىنگە:

— ھەرەمئاغىلىرىنىڭ پالاكىتى قەدىمدە بولغاندەك ھېلىمۇ بولۇۋاتىدۇ. خانلىرىمىز ئۇلارغا تېگىشسىز ھوقۇقلارنى بېرىپ، رەھىم - شەپقەت قىلىپ كەلگەنلىكىدىن ھازىر ئىش بۇ يەرگە يەتتى. ئۇلارنى جازالىماق لازىم، باش گۇناھكارلارنى يوقاتماق كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرلا گوندىپاي كۇپايە، جايلاردىن لەشكەر چاقىرىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ھەرەمئاغىلىرىنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي يوقىتىمىز دېسەك، ئىش پاش بولۇپ قېلىپ ئۇتتۇرۇپ قويارمىزمىكىن، — دېدى.

— سېنىڭدىمۇ باشقىچە غەرەز بار ئىكەن - دە! — دەپ كايىدى خې جىن دەرغەزەپ بولۇپ.

— جاھاننى مالىمانچىلىققا سالغۇچى چوقۇم خې جىن بولغۇسى، — دېدى ساۋ ساۋ سورۇندىن چىقىۋېتىپ.

خې جىن ھەممە شەھەرگە خۇپىيانە پەرمانلار يېزىپ، كېچىلەپ مەخسۇس چاپارمەنلەر ماڭدۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سابىق سەركەردە، ئاۋشياڭ بېگى، شىلياڭ ئايماقبېگى دۈڭ جۇ سېرىق ياغلىقلىقلار ئىسيانىنى باستۇرۇشتا ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسەتمىگەنلىكى ئۈچۈن خاندانلىق ئۇنى جازالىماق بولغاندا، ئون مەھرەمبېگىگە پارا بېرىش يولى بىلەن جازادىن قۇتۇلۇپ قالغان. ئۇ يەنە ئوردا ئەمەلدارلىرىنى قويۇپ يۇرۇپ، يۇقىرى مەنسەپكە ئىگە بولۇۋالغاندىن كېيىن شىجۇ ئايمىقىدا 20 تۈمەن لەشكەرنى ئىلكىدە تۇتۇپ، دائىم خانغا ساداقەتسىزلىك قىلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم پەرماننى ئالغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇش بولۇپ، لەشكەرلىرىنى تەخلەپ، يولغا چىقتى. كۈيئوغلى كەپتاۋۇل نيۇ فۇنى ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى لى جۆي، گاۋ سى، جاڭ جى، فەن چاۋلارنى ئېلىپ لەشكەرلىرى بىلەن لوياڭغا قاراپ ماڭدى. دۈڭ جونىڭ كۈيئوغلىنىڭ مەسلىھەتچىسى لى رۇ:

— بۇگۈن بىز پەرمان ئالغان بولساقمۇ، ئۇنىڭدا ئوچۇق بولمىغان ئىشلار كۆپ. نېمىشقا ئادەم ئەۋەتىپ خانغا مەلۇمات يوللىمايسىز؟ يوللۇق ئىش قىلغاندىلا ئۇلۇغ ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

دۈڭ جو خۇش بولۇپ تۆۋەندىكى مەلۇماتنى يوللىدى:

ئاڭلىشىمىزچە ئەلدە پاراكەندىچىلىك ئۈزلۈكسىز تۇغۇلۇۋېتىپتۇ، بۇنىڭغا ھەرەمئاغىلىرىدىن جاڭ راڭ ۋە باشقىلارنىڭ يوسۇن ـ قائىدىلەرنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقى سەۋەب بولدى. مەلۇمكى، قايناۋاتقان قازاننى توختىتىش ئۈچۈن دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك، يارىنى ئاغرىيدۇ دەپ تۇرماي، زەھەرنى تەندە ساقلىغاندىن يېرىپ دەردىنى تارتقان ئەۋزەل. كەمىنىلىرىنىڭ لەشكەر تارتىپ لوياڭغا كېلىشى جاڭ راڭلارغا ئوخشاشلارنى يوقىتىش ئۈچۈندۇر. بۇ، خاندانلىقىمىز، ئېلىمىز

ئۇچۇن بەخت ـ سائادەتتۇر.

خې جىن مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ۋەزىرلەرگە كۆرسەتتى.

— دۇڭ جۇ يىرتقۇچ چىلبۆرە. ئۇنى پايتەختكە يولتىدىغان بولساق، چوقۇم ئادەمخورلۇق قىلىدۇ، — دېدى ئوردا تەپتىشى جىن تەي.

— سىز بەكمۇ گۇمانخور، ئۇلۇغ ئىشلارغا لايىق ئەمەس ئىكەنسىز، — دېدى خې جىن.

— دۇڭ جۇنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ، يۈزى كۈلەر، ئىچى زەھەر ئادەم؛ پايتەختكە يوللايدىغانلا بولسا، چوقۇم بىر بالايىئاپەت بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە مالىمان چىقىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى توسۇپ قويايلى، — دېدى لۇ جى.

خې جىن مەسلىھەتنى ئاڭلىمىغانلىقتىن جىن تەي، لۇ جىلار مەنسىپىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى كېتىپ قالدى. خې جىن دۇڭ جۇنىڭ ئالدىغا كىشى چىقىرىپ، ئۇنى مىيەنچىغا باشلاپ كەلدى، دۇڭ جۇ لەشكەرلىرىنى قوزغىماي ياتتى.

جاڭ راڭلار باشقا جايدىن لەشكەر كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ: «بۇ خې جىننىڭ ھىيلىسى، ئۇ قول سالغۇچە بىز قول سالمىساق، ئۇ تۇخۇمىمىزنى قۇرۇتىدۇ» دەپ ئۆزئارا كېڭەشتى. جاڭ راڭلار 50 تىن ئارتۇق كاللا كېسەرنى چاڭلى سارىيىنىڭ جىيادې قوۋۇقى ئىچىگە مۆكتۈرۈپ قويۇپ، ۋالىدە خان ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— ھازىر ئالىي سەركەردە ساختا پەرمان بىلەن باشقا جايلاردىن پايتەختكە لەشكەر كەلتۈردى، بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، خېنىم ئانىمىزنىڭ رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ، بىزنى قۇتقۇزۇشىنى تىلەيمىز، — دەپ ئىلتىجا قىلىدى جاڭ راڭ قاتارلىقلار.

— سىلەر ئالىي سەركەردە دەرگاھىغا بېرىپ گۇناھىڭلارنى تىلەڭلار، — دېدى ۋالىدە خان.

— مۇبادا بىز ئالىي سەركەردىنىڭ دەرگاھىغا بارىدىغان بولساق، گۆشىمىزنى قىيما، ئۇستىخىنىمىزنى تالقان قىلىۋېتىدۇ. خېنىم ئانىمىزنىڭ ئالىي سەركەردىنى سارايغا دەۋەت قىلىپ، پەيلىدىن توختىتىپ قويۇشىنى سورايمىز، مۇبادا ئالىي سەركەردە مەقبۇل كۆرمىسە، بىز ھۇزۇرلىرىدا ئۆلۈشنى خالايمىز، — دەپ يەنە ئىلتىجا قىلدى جاڭ راڭ قاتارلىقلار.

ۋالىدە خان خې جىننى سارايغا چاقىرىپ پەرمان چىقاردى. خې جىن پەرماننى ئېلىش بىلەن سارايغا كىرمەكچى بولدى.

— ۋالىدە خاننىڭ بۇ پەرمانى ئون مەھرەمبېگىنىڭ ھىيلىسى بويىچە چىقىرىلغان. بۇنىڭدا بىر پالاكەت بار، ھەرگىز بارماڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى ئۈوردا مىرزىسى چېن لىن.

— مېنى ۋالىدە خان چاقىرتسا، بۇنىڭدا قانداق بىر پالاكەت بولاتتى؟ — دېدى خې جىن.

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئاشكارا بولۇپ تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن يەنە سارايغا بارىمەن دەيدىلا؟ — دېدى يۈەن شاۋ.

— ئالدى بىلەن ئون مەھرەمبېگىنى چاقىرتىۋېلىپ ئاندىن ھەرەمگە كىرىش كېرەك، — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇ بالىلىق ئەقىل. ھازىر ئەلنىڭ پۈتۈن ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا تۇرسا، ئون مەھرەمبېگى نېمە قىلالايدۇ؟ — دېدى خې جىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— جانابلىرى چوقۇم بارىمەن دېسىلە، ھەر ئېھتىمالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىز سىلىنى قوغداپ بارىمىز، — دېدى يۈەن شاۋ.

قالقانلىق لەشكەرلەر بىلەن قوراللىق لەشكەرلەردىن 500 نى يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ خىل لەشكەرلەردىن 500 نى

تاللاپ، يۇەن شاۋنىڭ ئىنىسى يۇەن شۇنىڭ باشلاپ مېڭىشىغا تاپشۇردى. يۇەن شۇ جابدۇنۇپ لەشكەرلىرىنى چىڭسۇ قوۋۇقىنىڭ تېشىغا جايلاشتۇردى. يۇەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ ئىككى بىسلىق قىلىچىنى تۇتقان پېتى ئالىي سەركەردە خې جىننى قورۇغداپ، چاڭلى سارىيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاغۋاتلار چىقىپ:

— ۋالىدە خان يالغۇزلا ئالىي سەركەردىنى چاقىرغان، باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت يوق، — دەپ پەرمان جاكارلاپ، يۇەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋنى ساراي قوۋۇقىدا توسۇپ ئېلىپ قالدى. خې جىن ئۆزىنى راۋرۇس تۇتۇپ، توپتوغرا ھەرەمگە كىردى. جيا دې قەسىرىنىڭ قوۋۇقىغا يېتىپ كەلگەندە، جاڭ راڭ، دۇەن گۇيلەر ئالدىدىن چىقتى ۋە ئۇنى قورشىۋالدى. خې جىن چۆچۈپ كەتتى، جاڭ راڭ خې جىنگە قاراپ:

— دۆڭ ۋالىدە خاننى نېمە گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئوغا مەي بېرىپ ئۆلتۈردۈڭ؟ نېمىشقا ۋالىدە خاننىڭ دەپنە مۇراسىمىغا يالغاندىن كېسەل بولۇۋېلىپ چىقمىدىڭ؟ سەن ئەسلىدە قاسساپلىق قىلىدىغان، مەي ـ شاراب ساتىدىغان تېگى پەس بىر ئادەم ئىدىڭ، بىز سېنى خانغا كۆرسىتىپ ئۇلۇغ مەرتىۋە ـ ھۆرمەتلەرگە ئىگە قىلدۇق؛ سەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلىپ، بىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىسەن! سەن بىزنى خىيانەتچى پاسىق ئادەملەر دەپسەن، پاك ئادەملىرىڭ كىملەر؟ — دەپ سورىدى توۋلاپ تۇرۇپ.

خې جىن ئالاقزادە بولۇپ، قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدىدى، ئەمما ساراي قوۋۇقلىرى تاقالغانىدى. بۇ چاغدا بۆكتۈرمە قىلىنغان ياساۋۇللار بىردىنلا چىقىپ خې جىننى ئىككى پارە قىلىپ تاشلىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكى كىشىلەرنىڭ يازغان بىر نەزمىسىدە مۇنداق تەرىپلىنىدۇ:

*چۇشتى خەۋپكە، يۇتتى خەن خاندانلىقىنىڭ قىسمىتى،*
*كەم ئەقىل خې جىنگە كەلدى چوڭ ۋەزىرلىك ئامىتى.*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*ئاڭلىماي سادىق ۋەزىرلەر بەرسە ئوبدان مەسلىھەت،*
*ئوردا ئىچرە ئۆلدى خان تاپماي خالاس ئاقىۋەتى.*

جاڭ راڭلار خې جىننى ئۆلتۈردى. يۈەن شاۋ خې جىننى ئۇزۇن ساقلاپ چىقمىغاندىن كېيىن ساراي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ:

— جانابىي ئالىي سەركەردە، هارۋا كۈتۈپ قالدى! — دەپ توۋلىدى.

جاڭ راڭلار خې جىننىڭ بېشىنى تامدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىدى ھەم:

— خې جىن ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى، باشقا ئەگەشكەنلەرنىڭ ھەممىسى مۇئاپ قىلىنىدۇ، — دەپ پەرمان جاكارلىدى.

— ئاغۋاتلار ئۇلۇغ ۋەزىرنى ئۆلتۈرۈپتۇ! بۇزۇقلار توپىنى يوقىتىشنى خالىغۇچىلار جەڭگە ھەممەدەم بولۇشۇڭلار! — دەپ توۋلىدى يۈەن شاۋ.

خې جىننىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ۋۇ كۇاڭ چىڭسو قوۋۇقىنىڭ تېشىدىن ئوت قويدى. يۈەن شۇ لەشكەرلەرنى باشلاپ سارايغا باستۇرۇپ كىردى ـ دە، ئالدىغا ئۇچرىغان ئاغۋاتلارنى چوڭ ـ كىچىك دېمەي پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىدى. يۈەن شاۋ بىلەن ساۋ ساۋ ئىچكىرى سارايغا بېسىپ كىردى. جاۋ جۇڭ، چېڭ كۇاڭ، ساۋ جيې، خۇ لەنلەر سۈيخۇا راۋىقىنىڭ ئالدىغا قوغلاپ كېلىنىپ قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلاندى. ساراي ئىچىدىكى ئوت ـ تۈتەكلەر ئاسماننى قاپلاپ كەتتى. جاڭ راڭ، دۈەن كۈي، ساۋ جيې، خۇ لەنلەر ئىچكى ھەرەمدىن ۋالىدە خان، ۋەلىئەھد ھەم چېن ليۇ ۋاڭنى خاندانلىق مەھكىمىسىگە ئېلىپ بېرىپ، ئارقا يول بىلەن يۇقىرى سارايغا قاچتى، بۇ ۋاقىتتا ليۇ جى مەنسىپىنى تاشلىغان بولسىمۇ تېخى كەتمىگەنىدى. ئۇ سارايدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ قۇياقىنى كىيىپ، قولىغا نەيزە ئېلىپ

راۋاقنىڭ ئاستىدا تۇردى. ئۇ يىراقتىن دۆەن گۆينىڭ خې ۋالىدە خاننى زورلۇق بىلەن ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

— ھەي خائىن دۆەن گۆي! ۋالىدە خاننى زورلاپ ئېلىپ كېتىشكە قانداق پېتىنالىدىڭ؟! — دەپ توۋلىدى. دۆەن گۆي ئارقىغا يېنىپلا قاچتى. ۋالىدە خان دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشتى. ليۇ جى دەررۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ۋۇ كۇاڭ ھەرەم ئىچىگە بىردىن باستۇرۇپ كىردى، ئۇ خې مياۋنىڭ قىلىچ كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— ئاكىسىنى ئۆلتۈرگۈچىلەرگە شېرىك بولغان بۇ بەتبەختنى ئۆلتۈرەيلى! — دەپ توۋلىدى.

— ئاكىسىنى ئۆلتۈرگەن مۇناپىقنى ئۆلتۈرۈشكە مانا بىز تەييار! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

خې مياۋ قاچماقچى بولۇۋىدى، ئۇنى تۆت تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، چاناپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ئون مەھرەمبېگىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن قەتلىئام قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەرمۇ خاتا ئۆلتۈرۈلدى. ساۋ ساۋ بىر تەرەپتىن سارايدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈپ، خې ۋالىدە خاننىڭ ھازىرچە خاندانلىق ئىشىنى يۈرگۈزۈپ تۇرۇشىنى ئۆتۈندى ۋە جاڭ راڭنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا لەشكەر ئەۋەتىپ، ياش خاننى ئىزدەشكە كىرىشتى.

ئەمدى جاڭ راڭ، دۆەن گۆيلەرگە كەلسەك، ئۇلار ياش خان بىلەن چېن ليۇ ۋاڭنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ تۇتۇن ۋە ئوتنى بۆسۈپ چىقىپ، كېچىلەپ بېيماڭ تېغىغا يېتىپ باردى. تەخمىنەن ئەلياتقۇ ۋاقتىدا، ئارقا تەرەپتىن سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، لەشكەرلەر قوغلاپ كەلدى. ئالدىدا كېلىۋاتقان خېنەننىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ مۆتىۋەل بېگى مىن گۇڭ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

— ھەي مۇناپىق، توختا! — دەپ ۋارقىرىدى.
ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرگەن جاڭ راڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ غەرق بولدى. خان بىلەن چېن لىۇ ۋاڭى ۋەقەنىڭ ماھىيىتىنى ئۇقالماستىن، ئۇنىنى چىقىرالماي دەريا بويىدىكى چۆپلۈكنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالدى. لەشكەرلەر ھەر تەرەپنى ئىزدەپ خاننىڭ بار يېرىنى بىلەلمىدى. خان بىلەن چېن لىۇ ۋاڭى باش توخۇ ۋاقتىغىچە مۆكۈپ ياتتى، شەبنەم چۈشكىلى تۇردى، قورساقلىرى ئاچتى. ئۇلار بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى، يەنە كىشلەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چۆپلۈك ئىچىگە مۆكۈنۈپ تۇردى. چېن لىۇ ۋاڭى:
— بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ، باشقا بىر ھايات يولى ئىزدەش كېرەك، — دېدى.
شۇنىڭ بىلەن ئىككىيلەن كىيىملىرىنى بىر - بىرىگە چېتىپ قىرغاققا ئۆمىلەپ چىقىشتى. پۈتۈن يەر ئازغانلىق ئىدى، قاراڭغۇدا يول كۆرۈنمەيتتى. قانداق قىلىشلىرىنى بىلمەي تۇرغان پەيتتە، مىڭلارچە يالتىراق قۇرتلار بىردىنلا توپ - توپ بولۇپ ئۇچۇشۇپ يورۇق چاچتى. قۇرتلار خاننىڭ ئالدىنى ئەگىپ ئۇچۇشاتتى.
— بۇ بىزگە ئاللانىڭ مەددىتى! — دېدى چېن لىۇ ۋاڭى.
ئۇلار يالتىراق قۇرتلارنىڭ چاچقان نۇرى بويىچە مېڭىپ ئاستا - ئاستا يولغا چىقىۋالدى. سۈبھى ۋاقتىغىچە مېڭىپ، پۇتلىرى ئاغرىپ ماڭالماي قالدى، تاغ يېنىدا بىر دۆۋە چۆپ كۆرۈندى - دە، خان بىلەن چېن لىۇ ۋاڭى ئوت - چۆپ دۆۋىسىنىڭ بىر تەرپىدە ياتتى. چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئالدى بىر قورۇ ئىدى. قورۇ ئىگىسى چۈشىدە ئىككى قىپقىزىل قۇياشنىڭ قورۇ ئارقىسىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ تاشقىرىغا چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، قورۇ ئارقىسىدىكى چۆپ دۆۋىسىدە ئاسمانغا

تۇتاشقان قىپقىزىل نۇر كۆرۈندى، ئالدىراش بېرىپ قارىسا ئىككى كىشى ئوت دۆۋىسىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ.

— ھەي ئوغلانلار! كىمنىڭ پۇشتى ـ پەرزەنتلىرى بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى قورۇ ئىگىسى.

خان جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. چېن ليۇ ۋاڭى قولى بىلەن خاننى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىشى ھازىرقى خان بولىدۇ. ئون مەھرەمبېگى قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرغانلىقىدىن قېچىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدۇق. مەن خاننىڭ ئىنىسى، چېن ليۇ ۋاڭى بولىمەن، — دېدى.

قورۇ ئىگىسى ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە، تەزىم قىلىپ:

— كەمىنىلىرى ئۆتكەن خاندانلىقنىڭ زېمىن بېگى سۇي لېينىڭ ئىنىسى سۇي يى بولىمەن. ئون مەھرەمبېگىنىڭ مەنسەپ سېتىپ، ئاقىل ـ دانىشمەنلەرگە ھەسەتخورلۇق قىلغانلىقىدىن مۇشۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ يۈردۈم، — دېدى ۋە خاننى يۆلەپ ئۆيىگە ئەكىرىپ، ئەدەپ ـ ھۆرمەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا مەي ـ تائام كەلتۈردى.

مىن گۇڭ دۈەن گۇيغا يېتىشىۋېلىپ، خاننىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى.

— ئارا يولدا يوقىتىپ قويدۇم، قاياققا كېتىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى دۈەن گۇي.

مىن گۇڭ دۈەن گۇينى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى ئېتىنىڭ بوينىغا ئېسىۋالدى، ئاندىن تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ خاننى ئىزدەشكە لەشكەرلىرىنى ماڭدۇردى؛ ئۆزى ھەم ئات مىنىپ يولنى بويلاپ خاننى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇ سۇي يىنىڭ جاڭزىسىغا كېلىپ قالدى، سۇي يى ئېسىپ قويۇلغان باشنى كۆرۈپ ۋەقەنى سورىدى. مىن گۇڭ بولغان ۋەقەنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن سۇي يى مىن گۇڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

باشلاپ كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئۇ خان بىلەن قاتتىق يىغلاپ كۆرۈشتى.

— ئەل بىر كۈنمۇ خانسىز تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەزرەتلىرى پايتەختكە قايتسىلا، — دېدى مىن گۆك.

سۇي يى قورۇسىدا بىرلا ئورۇق ئات بار ئىدى، ئۇنى خانغا ئېگەرلەپ بەردى. چىن لىۇ ۋاڭى بىلەن مىن گۆك بىر ئاتقا مىنىپ يولغا چىقتى، تېخى ئۈچ چاقىرىم ماڭا - ماڭمايلا، ئالدىلىرىغا زىمىن بېگى ۋاڭ يۈن، ئەمىر ياڭ بياۋ، سول قول لەشكەر بېشى چۈن يۈيچىڭ، ئوڭ قول لەشكەر بېشى جاۋ مىڭ، ھىماتچى قوشۇن لەشكەر بېشى باۋ شىن، بارگاھ قوشۇنىنىڭ لەشكەر بېشى يۈەن شاۋلار بىرنەچچە يۈز لەشكەر باشلاپ خاننىڭ ئالدىغا چىقتى، خان ۋە بەگ - سىپاھلار يىغا - زار قىلىشتى. ئۇلار ئالدى بىلەن دۈەن گۈينىڭ بېشىنى سازايى قىلىش ئۈچۈن پايتەختكە ئەۋەتتى. خان ۋە چىن لىۇ ۋاڭىنى ياخشى ئاتقا مىندۈرۈپ قويدى. خان بۇلارنىڭ قورۇغدىشى بىلەن پايتەختكە قايتتى. بۇ توغرىدا بۇرۇن لىۇياڭدىكى باللار ئارىسىدا مۇنۇ قوشاق تارالغانىدى:

*خانمۇ ئەمەس، ۋاڭمۇ ئەمەس ئۆتكەنلەر،*
*ئاتلىق لەشكەر بەيماڭ سايان كەتكەنلەر.*

خان بىرنەچچە چاقىرىم يۈرە - يۈرمەيلا، ئۈشتۈمتۇت كۈننى توسۇۋالغان نۇرغۇن تۇغ - ئەلەملەر ۋە ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاڭلار ئىچىدە كېلىۋاتقان بىر توپ لەشكەر كۆرۈندى. بەگ - سىپاھلارنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى، خانمۇ چۆچۈپ كەتتى.

— كىم؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاۋ ئېتىنى ئالدىغا دېۋىتىپ تۇرۇپ.

كەشتە ئەلەمنىڭ ئارىسىدىن بىر سەركەردە ئۇچقاندەك چىقىپ:

— خان قەيەردە؟ — دەپ سورىدى ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن.

خان تىترەپ سۆز قىلالماي قالدى. چېن ليۇ ۋاڭى ئېتىنى دىۋىتىپ كېلىپ ئۇنلۇك ئاۋاز بىلەن:

— كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— شىلياڭ ئايماقبېگى دۇڭ جو بولىمەن، — دېدى دۇڭ جو.

— سىز خاننى مۇھاپىزەت قىلىشقا كەلدىڭىزمۇ ياكى خاننى بۇلىغىلى كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى چېن ليۇ ۋاڭى.

— مەن ئالايىتەن خاننى مۇھاپىزەت قىلغىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى دۇڭ جو.

— خاننى مۇھاپىزەت قىلغىلى كەلگەن بولسىڭىز، خان مانا بۇ يەردە تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئاتتىن چۈشمەيسىز؟ — دېدى چېن ليۇ ۋاڭى.

دۇڭ جو چۆچۈپ ئالدىراپ ـ تېنەپ چۈشۈپ يولنىڭ سول تەرىپىدە تۇرۇپ تەزىم قىلدى. چېن ليۇ ۋاڭى ياخشى سۆزلەر بىلەن دۇڭ جونىڭ كۆڭلىنى ياسىدى. باشتىن ـ ئاخىر بىر ئېغىزمۇ نالايىق سۆز قىلمىدى، دۇڭ جو ھەيران بولدى، ئۇ كۆڭلىدە خاننى ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، يېڭى خان قويۇش نىيىتىگە كەلدى. خان شۇ كۈنى ئوردىغا قايتىپ خې ۋالىدە خان بىلەن كۆرۈشۈپ، يىغا ـ زار قىلىشتى. ئوردا ئىچىدە بولغان تەكشۈرۈشتە مىراسى يوسۇندا كېلىۋاتقان خان تامغىسىنىڭ يوقالغانلىقى مەلۇم بولدى. دۇڭ جو لەشكەرلىرى بىلەن شەھەر تېشىدا تۇردى، ھەر كۈنى قۇياقلىق ئاتلىق لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە كىرىپ كوچىلاردا زوراۋانلىق قىلدى، پۇقرالار ۋەھىمىگە چۈشۈپ ئەمىن تاپمىدى. دۇڭ جو ئوردىغا كىرىپ ـ چىقىشتا ھېچكىمدىن تەپ تارتمىدى. ھىماتچى قوشۇننىڭ لەشكەر بېشى باۋشىن يۈەن شاۋ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— دۇڭ جونىڭ نىيىتى بۇزۇق كۆرۈنىدۇ، تېز يوقىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لازىم، — دېدى.

— خاندانلىقتا تىنچلىق تېخى ئەمدى ئورنىتىلدى، يەڭگىللىك بىلەن ئىش قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ.

باۋ شىن ۋاڭ يۈن بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغىمۇ شۇ سۆزنى ئېيتتى، ۋاڭ يۈن:

— قېنى ئويلىشىپ كۆرەيلى! — دېدى.

ئۇلارنى سۆزىگە كىرگۈزەلمىگەن باۋ شىن ئۆز قىسىملىرى بىلەن تەيشەنگە كېتىپ قالدى.

دۇڭ جۇ خې جىنىنىڭ ھەم ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكىرىنى ئالداش يولى بىلەن پۈتۈنلەي ئۆزىگە قارىتىۋالدى ۋە لى رۇنىڭ ئۆزىگە:

— مەن خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، چېن لىۇ ۋاڭنى خان قىلسام دەيمەن، قانداق دەيدىلا؟ — دېدى.

— ھازىر خاندانلىق ئىگىسىز قالدى، ئەگەردە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىش كۆرمىسەك، ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ. ئەتە ۋېنمىڭ بېغىدا ۋەزىر - ۋۇزرا، بەگ - سىپاھلارنى يىغىپ خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويساق؛ بۇنىڭغا بويسۇنمىغانلارنى ئۆلتۈرسەك، كۈچ - ئابرۇيى ئىشلىتىدىغان پەيت مۇشۇ شۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى لى رۇ.

دۇڭ جۇ خۇشال بولدى، ئەتىسى كاتتا مەرىكە - سورۇن تەييارلاپ ۋەزىر - ۋۇزرالارنى تەكلىپ قىلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى دۇڭ جۇدىن قورققانلىقىدىن ھېچبىرى كەلمەسكە پېتىنالمىدى. ۋەزىر - ۋۇزرالار كېلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ جۇ ئاستا كېلىپ باغ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى ۋە قوش بىسلىق قىلىچى بىلەن مەرىكە - سورۇنغا كىردى. مەي - شاراب بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، دۇڭ جۇ ئىچىملىك ۋە كۆكۈل ئېچىشنى توختىتىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— مېنىڭ بىر ئېغىز سۆزۈم بار، دىققەت بىلەن ئاڭلاڭلار! — دېدى.

ھەممە نەپىسىنى يۇتۇپ قۇلاق سالدى.

— خان ئۇمۇمىي خالايىقنىڭ خوجىسى. ئۇ ئابرۇيى، ئىستىدات ئىگىسى بولۇشى كېرەك، بولمىسا ئاتا - بوۋىسىنىڭ قالدۇرغان ھاكىمىيىتىگە مىراسخور بولۇپ ئەلنى ئىدارە قىلالمايدۇ. ھازىرقى خانىمىز ئاجىز، قابىلىيەتسىزدۇر. چېن لىيۇ ۋاڭغا يەتمەيدۇ. چېن لىيۇ ۋاڭ بولسا ئۆزى ئاقىل، ئوقۇش خۇمارى، خان تەختىگە مۇناسىپتۇر. مەن خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، چېن لىيۇ ۋاڭنى خان قىلىپ تىكلەشنى لايىق كۆرىمەن، ۋەزىر - ۋۇزرالار بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى دۇڭ جۇ.

ۋەزىرلەر بۇنى ئاڭلاپ ئۈن چىقىرالمىدى. ئولتۇرغانلاردىن بىرى دەس تۇرۇپ، شىرەنى ئىتتىرىۋېتىپ ئالدىغا چىقتى. ئۇ:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ! سەن كىمسەن، بۇنچىۋالا چوڭ پاراڭ سالغىلى! خانىمىز مەرھۇم خاننىڭ قانۇنىي ۋەلىئەھدى، ئۇنىڭ ھېچبىر ئەيىبى يوق، نېمىشقا ئويلىماي خاننى ئورنىدىن قالدۇرىمەن، دەپ يۈرىسەن؟ بۇنىڭ بىلەن سەن ھاكىمىيەتنى ئۆز قولۇڭغا ئېلىۋالماقچىمۇ؟ — دېدى ۋارقىراپ.

دۇڭ جۇ قارىسا، ئۇ جىنجۇ ئايماقبېگى دىڭ يۈەن ئىكەن. دۇڭ جۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ماڭا بويسۇنغانلار ئامان قالىدۇ، گەدەنكەشلىك قىلغانلار ھالاك بولىدۇ! — دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ دىڭ يۈەننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

بۇ ۋاقىتتا لى رۇ دىڭ يۈەننىڭ ئارقىسىدا قەددى - قامىتى كېلىشكەن، سالاپەتلىك، يالمان تۇتقان، كۆزلىرى غەزەپ ئۇچقۇنىدىن يانغان ھالدا تۇرغان بىر كىشىنى كۆردى - دە، ئالمان - تالمان:

www.uyghurkitap.com

— بۈگۈن مەرىكە ـ سورۇندا خاندانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرى ھەققىدە سۆزلەشمەيلى، ئەتە كېڭەشخانىدا كۆپچىلىك بىلەن كېڭەشسەكمۇ كېچىككەنلىك بولماس، — دېدى.

كۆپچىلىك دىڭ يۈەنگە نەسىھەت قىلىپ ئاتلاندۇرۇپ ماڭدۇرۇۋەتتى.

دۇڭ جۇ ۋەزىر ـ ۋۇزرالارغا قاراپ:

— مېنىڭ سۆزۈم ھەقتۇ؟ — دېدى.

— جانابىڭىز يېڭىلىشىۋاتىسىز، — دېدى لۇجى، — قەدىمدە تەي جياخان ھاماقەتلىك قىلغانلىقتىن يى يىن ئۇنى تۇڭگۇڭغا سۈرگۈن قىلغانىدى؛ چاڭ يى ۋاڭى تەختتە ئولتۇرۇپ 27 كۈن ئىچىدىلا 3000 نەچچە يۈز تۈرلۈك يامان ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن خو گۇاڭ خانلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئەرۋاھىغا نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان ئىبادەتخانىغا بېرىپ تاۋاپ قىلغاندىن كېيىن چاڭ يى ۋاڭىنى ئورنىدىن چۈشۈرگەنلىكىنى ئېلان قىلغانىدى. ھازىرقى خانىمىز ياش بولسىمۇ، ئەقىللىق ۋە مەرھەمەتلىك، ھېچقانداق ئەيىبى يوق، جانابىڭىز چەت ئايماقنىڭ بېگى. ئىلگىرى خاندانلىقنىڭ چوڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ كۆرگىنىڭىز يوق. شۇنىڭدەك سىز يى يىن ۋە خو گۇاڭلارغا ئوخشاش زور ئىستىدات ئىگىسى ئەمەس، خاننى زورلۇق بىلەن ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، ئورنىغا باشقا بىراۋنى قويۇشقا نېمە ھەققىڭىز بار؟ ئۇلۇغ دانىشمەنلەر: «ئەگەردە يى يىننىڭ مەقسىتىدەك بولسا بۇنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆر، ئەگەردە يى يىننىڭ مەقسىتىدىن باشقا بولسا ھاكىمىيەتنى زورلۇق بىلەن قولغا ئالغانلاردىن بولۇپ قالىسەن» دېگەنىدى.

دۇڭ جۇ دەرغەزەپ بولۇپ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ، لۇ جىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. ياساۋۇلبەگ سەي يۇڭ، مۇشاۋىر پېڭ بو:

— مىرزىبەگ لىيۇ جى ئەلدىكى جەمئىي خالايىقنىڭ ئۈمىد باغلىغان كىشىسى، ھازىر ئۇنى ئۆلتۈرسىڭىز، ئەلدە تەپرىقە،

قورقۇنچ پەيدا بولۇپ قالارمىكىن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.
شۇنىڭ بىلەن دۇڭ جۇ توختاپ قالدى.

— خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇش ئىشىنى كەيپچىلىكتە كېڭىشىشكە بولماس، باشقا بىر كۈنى كېڭىشەيلى، — دەپ تەكلىپ بەردى زېمىن بېگى ۋاڭ يۈن.

شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر - ۋۇزرالار تارقىلىشتى.

دۇڭ جۇ قىلىچىنى تۇتۇپ باغ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇراتتى، بىر كىشىنىڭ يالمان تۇتۇپ باغ دەرۋازىسىنىڭ تېشىدا ئۇياقتىن - بۇياققا ئات يۈگۈرتۈپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالدى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ لى رۇدىن.

— بۇ دىڭ يۈەننىڭ ئاسراندى ئوغلى، ئۇنىڭ ئىسمى - زاتى لۈي بۇ، يەنە بىر ئىسمى فېڭ شيەن، جانابلىرى بۇنىڭ كۆزىدىن نېرىراق تۇرسىلا، — دېدى لى رۇ.

دۇڭ جۇ باغقا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. ئەتىسى بىر چاپارمەن كېلىپ دىڭ يۈەننىڭ شەھەر تېشىغا لەشكەر باشلاپ كېلىپ جەڭگە ئۈندەۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. دۇڭ جۇ غەزەپكە كېلىپ لى رۇ بىلەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە چىقتى. ئىككى تەرەپ سەپ تارتتى، چېچىنى يۈگەپ، بېشىغا زەر باشلىق، ئۈچىسىغا گۈللۈك جەڭ تونى ۋە قۇياق كىيگەن، بېلىگە شىر سۈرىتى ئىشلەنگەن ئېسىل كەمەر باغلىغان، قولىدا يالمان تۇتقان لۈي بۇ دىڭ يۈەننىڭ ئارقىسىدا ئات سېلىپ سەپنىڭ ئالدىغا چىقتى. دىڭ يۈەن دۇڭ جۇغا خىتاب قىلىپ:

— ئەل بەختسىزلىككە يولۇقۇپ، هاكىمىيەت هەرەمئاغىلىرىنىڭ قولىدا ئويۇنچۇق بولۇپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن خەلق بالايىئاپەتكە دۇچار بولدى. سېنىڭ كۆرسەتكەن قىلچە ئەجىر - تۆھپەڭ يوق تۇرۇپ، قانداقسىغا خاننى ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، باشقا بىرىنى تىكلەشنى تىلغا ئېلىپ خاندانلىقنى پاراكەندە قىلماق بولىسەن؟ — دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۇڭ جۇ تېخى ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، لۈي بۇ ئات چاپتۇرۇپ توپتوغرا ئۇنىڭ ئۇستىگە باستۇرۇپ كەلدى. دۇڭ جۇ ئالاقزادە بولۇپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. دۇڭ جۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ 30 چاقىرىم چېكىنىپ قارارگاھ قۇردى، دۇڭ جۇ كۆپچىلىكنى يىغىپ كېڭەش قىلدى ۋە:

— لۈي بۇ ئىنتايىن باتۇر ئىكەن، بۇ پالۋانغا ئىگە بولسام جاھان ئۆزۈمنىڭ بولۇشتىن نېمە غەم قىلاتتىم! — دېدى.

— جانابلىرى غەم يېمىسىلە، — دېدى بارگاھ ئالدىدا تۇرغان بىرى ئالدىغا چىقىپ، — مەن لۈي بۇ بىلەن يۇرتداش بولىمەن، لۈي بۇدا كۈچ ـ غەيرەت بولغان بىلەن تەدبىر ـ پاراسەت يوق، ئۇ پايدىنى كۆرگەندە مەردلىكىنى ئۇنتۇيدىغان ئادەم. مەن گەپدانلىقىم بىلەن لۈي بۇنى سۆزگە ماقۇل قىلىمەن، ئۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ كېلىپ ئەل بولىدۇ، بۇنىڭغا قانداق دەيدىلا؟

دۇڭ جۇ بۇنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. بۇ گەپنى قىلغۇچى كىشى يولۋاس قوشۇنلار كەپتاۋۇلى لى سى ئىدى.

— قانداق سۆزلەشمەكچى سىز؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ.

— ئاڭلىشىمچە جانابلىرىدا كۈنىگە 1000 يول باسار ئاتاقلىق «قىزىل توشقان» ناملىق بىر ئات بار ئىكەن، شۇ ئاتنى ۋە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت بەرسىلە، شۇلار بىلەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ سۆزلىشىمەن. لۈي بۇ چوقۇم دىڭ يۈەندىن يۈز ئۆرۈپ، سىلى تەرەپكە ئۆتىدۇ، — دېدى لى سى.

— بۇ سۆزگە نېمە دەيسىز؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ لى رۇدىن.

— جانابلىرىنىڭ مەقسىتى پۈتۈن مەملىكەتنى قولغا كەلتۈرۈش. ئۇنداق بولغاندىكىن، بىر ئاتنى ئاياپ نېمە

قىلىدىلا؟ — دېدى لى رۇ.
دۇڭ جۇ خۇشال بولۇپ ماقۇل بولدى. ئاتقا قوشۇپ 1000 سەر ئالتۇن، بىرقانچە ئۇنچە ـ مەرۋايىت، بىر دانە مەرمەر كەمەر بەردى.

لى سۇ ھەدىيىلەرنى ئېلىپ لۈي بۇنىڭ قارارگاھىغا كەلدى. يوللاردا بۆكتۈرگەن پايلاقچىلار ئۇنى ئورىۋالدى. لى سۇ:

— كونا قەدىنىسىڭىز كۆرۈشكىلى كېلىپتۇ، دەپ تېزلىكتە لۈي بۇ سەركەردىگە مەلۇم قىلىڭلار! — دېدى.

پايلاقچىلار مەلۇم قىلغاندىن كېيىن لۈي بۇ كىرىشكە رۇخسەت قىلدى. لى سۇ لۈي بۇنى كۆرۈپ:

— ئەزىز ئىنىم! ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى يەنە شۇنداق تۇرۇپسىز! — دەپ ئېسەنلىك سورىدى.

— ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، ھازىر قەيەردە مەنسەپ تۇتۇۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى لۈي بۇ تەزىم قىلىپ.

لى سۇ يولۋاس قوشۇنىنىڭ كەپناۋۇلى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ:

— ئەزىز ئىنىم، جانابىڭىزنىڭ خاندانلىق ئۇچۇن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. سىز ئىنىمىزنىڭ شان ـ شەۋكەت ۋە ھەيۋەت ـ سۈرىنى ئارتتۇرۇش ئۇچۇن كۈنىگە 1000 يول باسار، تۈزلەڭ يولدا ماڭغاندەك سۇ كېچەر، تاغ ئاشار «قىزىل توشقان» ناملىق بىر ياخشى ئاتنى ھەدىيە قىلىشقا ئېپكەلدىم، — دېدى.

لۈي بۇ ئاتنى يېتىلىتىپ كېلىپ كۆردى. دېگەندەك ئاتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى قىپقىزىل چوغدەك بولۇپ، تېنىدە بىرەر تالمۇ باشقا رەڭ تۈك يوق ئىكەن؛ بېشىدىن ـ قۇيرۇقىغا قەدەر ئۇزۇنلۇقى بىر جاڭ، تۇيىقىدىن ـ بويىنىغا قەدەر ئېگىزلىكى سەككىز چى ئىكەن، ئات خۇددى ئاسمانغا ئۇچىدىغاندەك، دېڭىزدا ئۈزىدىغاندەك قىياپەتتە كىشنەپ ئويناقشىپ تۇراتتى. كېيىنكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئادەملەر بۇ «قىزىل توشقان» ھەققىدە مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*توزۇتوپ چاڭنۇ توزان ئۇچقان كەبى مىلىك يول باسار،*
*سۇ كېچىپ، تاغلار ئېشىپ، كۆك قەھرىدە بولۇت يارار.*
*خۇددى ئوت ئەجدەر بولۇپ، ئەرشتىن زېمىن ئۆزرە كېلەر،*
*سىلكىسە بېشىنى مەشۇت نوختىسى جىلۋە قىلار.*

لۈي بۇ ئاتنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى، لى سۇغا تەشەككۇر ئېيتىپ:

— سىز ئاغىمىزنىڭ ئىلتىپات قىلغان بۇ ياخشى ئېتى ئۈچۈن نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرسام بولاركىن؟ — دېدى.

— مەن بۇنى مەردلىك يۈزىسىدىن ئېپكەلدىم. بۇنىڭغا نېمە قايتۇرماقچىدىڭىز! — دېدى لى سۇ.

لۈي بۇ مەي - شاراب قويۇپ ئۇنى مېھمان قىلدى. شىركەيپ بولغاندا:

— ئىنىم، سىز بىلەن كۆپ كۆرۈشەلمەيمەن، ئەمما ئاتىڭىز بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمەن، — دېدى لى سۇ.

— ئاغا! سىز كەيپ بولۇپ قاپسىز، ئاتام ۋاپات بولغىلى خېلى يىللار بولدى، قانداق قىلىپ ئۇ سىز بىلەن كۆرۈشىدۇ؟ — دېدى لۈي بۇ.

— ياق، مەن ئايماقبېگى دىڭ يۈەننى دەۋاتىمەن، — دېدى لى سۇ.

— مەن دىڭ يۈەننىڭ قېشىدا ئامالسىزلىقتىن تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى ئالدىراپ - تەمتىرىگەن ھالدا لۈي بۇ.

— ئەزىز ئىنىم! سىز ئاسماننى كۆتۈرگۈدەك، دېڭىز سۈيىنى تىزگىنلىگۈدەك قۇدرىتىڭىز بار، ئېلىمىزدە ھەممە سىزگە قايىل، نام - مەرتىۋىگە ئېرىشىش ۋە دۆلەتمەن بولۇش، سىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئاسان، نېمە ئۈچۈن ئامالسىز باشقىلارنىڭ قول ئاستىدا يۈرۈۋاتىمەن دەيسىز؟ — دېدى لى سۇ.

— ماڭا خوجا بولغۇدەك بىر لايىق ئادەمنى يولۇقتۇرالمايۋاتىمەن.
— «ياخشى قۇش ئۇۋا سالسا دەرەخ تاللايدۇ، ئاقىل ئەمەلدار خوجا تاللايدۇ» . پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسىڭىز، كېيىن پۇشايمانغا قاچا تاپالمايسىز، — دېدى لى سۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىز ئوردىدا ئىشلەيسىز، كىمنى زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى دەپ بىلىسىز؟
— مېنىڭ قارىشىمچە چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقايسىسى دۆڭ جۇغا يېتەلمەيدۇ. دۆڭ جۇ دانىشمەنلەرگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەدەپ - نازاكەت بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، ئۇ، قانداق ۋاقىتتا مۇكاپاتلاش، قانداق ۋاقىتتا جازالاشنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭا ئاقىۋەتتە ئۇ ئۇلۇغ ئىشنى بەجا كەلتۈرىدۇ.
— مېنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ خىزمەت قىلغۇم بار ئىدى. ھېچبىر يولىنى تاپالمىدىم.
لى سۇ ئالتۇن، مەرۋايىتلارنى، مەرمەر كەمەرنى لۈي بۇنىڭ ئالدىغا تىزىپ قويدى. لۈي بۇ ھەيران بولۇپ:
— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — دەپ سورىدى.
لى سۇ خىزمەتكارلارنى چىقىرىۋېتىپ، لۈي بۇغا:
— دۆڭ جۇ جانابلىرى سىزنىڭ نام - شەرىپىڭىزنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلاپ كەلگەچكە مېنى مەخسۇس سوۋغا - سالاملار بىلەن ئالاھىدە ئەۋەتتى، دۆڭ جۇ جانابلىرى «قىزىل توشقان» دېگەن ئېتىنىمۇ سىزگە ھەدىيە قىلدى، — دېدى.
— دۆڭ جۇ جانابلىرى ماڭا مۇنچىلىك مۇھەببەت كۆرسىتىپ ئىلتىپات قىپتۇ، مەن قانداق قىلىپ جاۋاب قايتۇرسام بولىدىكىن؟ — دېدى لۈي بۇ.
— مانا مەن، — دېدى لى سۇ، — ناتىۋان بولساممۇ، ماڭا يولۋاس قوشۇنىنىڭ كەپتاۋۇلى ئەمىلىنى ئىلتىپات قىلدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەگەر جانابىڭىز بارىدىغان بولسىڭىز ئېيتىپ بولغۇسىز زور قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە بولىسىز.

— قىلىچقە ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتمەي تۇرۇپ، قۇرۇقلا قانداقمۇ كۆرۈشكىلى بارىمەن.

— ئەجىر ـ تۆھپە كۆرستىش ئاسان، جانابىڭىز ئۇنىماسسىزمىكىن.

لۈي بۇ خېلى ئۇزۇن ئويلىنىپ:

— دىڭ يۈەننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ دۇڭ جو تەرەپكە ئۆتسەم قانداق؟ — دېدى.

— ئەگەر مۇنداق قىلىدىغان بولسىڭىز، چوڭ ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەن بولاتتىڭىز! ئەمما ئىشنى كېچىكتۈرمەستىن تېز ھەل قىلىش لازىم. ئەزىز ئىنىم! — دېدى لى سۇ.

لۈي بۇ لى سۇغا ئەتە كېلىپ ئەل بولۇشقا ۋەدە بەردى. لى سۇ خەيرلىشىپ قايتتى.

شۇ كۈنى ئەلياتقۇ مەھەلدە لۈي بۇ قىلىچىنى ئېلىپ، توپتوغرا دىڭ يۈەننىڭ بارگاھىغا كىردى. دىڭ يۈەن شام يورۇقىدا كىتاب ئوقۇۋاتاتتى. لۈي بۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ:

— خوش، ئوغلۇم! نېمىگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ھالال يىگىتمەن، قانداق قىلىپ سىنىڭ ئوغلۇڭ بولىدىكەنمەن! — دېدى لۈي بۇ.

— لۈي بۇ، نېمە ئۈچۈن ئۆزگىرىپ قالدىڭىز؟ — دېدى دىڭ يۈەن.

لۈي بۇ ئالغا ئېتىلىپ قىلىچىنى بىر ئۇرۇش بىلەن دىڭ يۈەننىڭ بېشىنى كەستى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ توۋلاپ:

— دىڭ يۈەن ئادەمگەرچىلىكتىن چىققىنى ئۈچۈن ئۆلتۈردۈم، ماڭا ئەگىشىشنى خالىغانلار كېلىڭلار، خالىمىغانلار ئۆز يولۇڭلارغا مېڭىڭلار! — دېدى.

لەشكەرلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى تاراپ كېتىشتى. ئەتىسى

لۈي بۇ دىلڭ يۈەنىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ لى سۇ بىلەن كۆرۈشتى، لى سۇ ئۇنى دۇڭ جوئنىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىپ كۆرۈشتۈردى. دۇڭ جو ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، مەي ـ شاراب قويۇپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى. دۇڭ جو ئاۋۋال تەزىم قىلىپ:

— بۈگۈن سىز جانابىي سەركەردىگە ئىگە بولۇشۇم سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ قالغان مايسىنىڭ ھاياتبەخش يامغۇرغا ئىگە بولغىنىغا ئوخشاشتۇر، — دېدى.

لۈي بۇ دۇڭ جونى ئولتۇرغۇزۇپ ئۆزى تىز چۆككەن ھالدا:

— ئەگەر خوپ كۆرسىڭىز، باش قويۇپ سىزنى ئاتا تۇتىمەن، — دېدى.

دۇڭ جو ئۇنىڭغا زەر قۇياق ۋە كىمخاب تون ھەدىيە قىلدى، بۇلار كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشتىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن باشلاپ دۇڭ جوئنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى بارغانسېرى زورىيىپ كەتتى. ئۆزى بولسا ئۆلتۈرۈلگەن سەركەردىنىڭ لەشكەر ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى. ئىنىسى دۇڭ مىننى سول قول سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا خۇخۇ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى. لۈي بۇنى چەۋەندازبېگى ۋە كەپتاۋۇللۇققا تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا دۇتىڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى.

لى رۇ خاننى ئورۇندىن قالدۇرۇپ، باشقا خاننى تىكلەش ئىشىنى تېز ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دۇڭ جوغا مەسلىھەت بەردى. دۇڭ جو خاندانلىق مەھكىمىسىدە مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى چاقىردى ۋە لۈي بۇنى قۇياق كىيگەن 1000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى ئوڭ ۋە سول تەرەپتە تەخمۇ تەخ قىلىشقا بۇيرۇدى.

شۇ كۈنى مۇشاۋىر يۈەن ۋېي بارلىق ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بىلەن مەرىكە ـ سورۇنغا كەلدى. شاراب بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن دۇڭ جو قىلىچىنى تۇتۇپ:

— ھازىرقى خانىمىز ئەلنى ئىدارە قىلىشقا ئاجىزلىق

www.uyghurkitap.com

قىلماقتا. مەن يى يىن، خۇ گۇاڭلارغا ئوخشاش خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، خۇڭنۇڭ ۋاڭلىقىغا بەلگىلەپ، چىن لىيۇۋاڭنى خانلىققا تىكلەيمەن. بۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلغۇچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ، — دېدى.

ۋەزىر - ۋۇزرالار قورقۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدى. بارگاھ قوشۇنىنىڭ لەشكەر بېشى يۈەن شاۋ ئورنىدىن دەس قوپۇپ:

— خانىمىز تەختكە ئولتۇرغىنىغا تېخى كۆپ ۋاقىت بولمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچبىر ئەيىب ئۆتكۈزگەن يېرى يوق. سىز مەرھۇم خاقانىمىزنىڭ رەسمىي ئاغىچىسىدىن بولغان خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇپ، غەيرىي رەسمىي ئاغىچىسىدىن بولغان بالىسىنى خان قىلماقچىسىز، بۇ ئىسيانچىلىق ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— ئەلنىڭ ئىشى مەندە، — دېدى دۇڭ جو دەرغەزەپ بولۇپ، — بۈگۈن مەن قانداق قىلسام شۇنداق قىلىمەن. كىمنىڭ ھەددى ئىكەن ئىتائەت قىلماسقا؟! سىز مېنىڭ قىلىچىمنى گال كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— سىزنىڭ قىلىچىڭىز ئۆتكۈر بولسا، مېنىڭ قىلىچىم ئۆتكۈر ئەمەسمىكەن؟ — دېدى يۈەن شاۋمۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ.

ئىككىيلەن مەرىكە - سورۇندا دېيىشىپ قالدى.

دەرھەقىقەت:

*بولدى جانىدىن جۇدا دىڭ يۈەن ئاۋۋال مەردلىكنى دەپ،*
*تۇتۇشۇپ يۈەن شاۋ بىلەن دۇڭ جو كېلىپ چىقتى بۇ خەۋپ.*

يۈەن شاۋنىڭ ھاياتى قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# تۆتىنچى باب

## خاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، چېن لىۇ ۋاڭنىڭ خان قىلىپ تىكلەنگەنلىكى

## ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ قاراقچى دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى يېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىلىچ تەقدىم قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، دۇڭ جۇ يۈەن شاۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا، لى رۇ:

— ئىشلار تېخى قارار تېپىلمىدى، ئويلاشمايلا ئۆلتۈرۈلسە بولماسمىكىن، — دەپ ئۇنى توختىتىۋالدى.

يۈەن شاۋ قولىغا قىلىچ تۇتقان ھالدا بەگ ـ سىپاھلار بىلەن خوشلىشىپ، مەنسەپ بەلگىسىنى كۈنچىقىش قوۋۇققا ئېسىپ قويغاندىن كېيىن، جىجۇ ئايمىقىغا قاراپ كېتىپ قالدى. دۇڭ جۇ مۇشاۋىر يۈەن ۋېيغا قاراپ:

— بۇرادىرىڭىزنىڭ جىيەنى ناھايىتى ئەدەپسىزلىك قىلدى، سىزنىڭ يۈز ـ خاتىرىڭىز ئۈچۈنلا ئۇنى ھازىرغا كەچۈردۈم. خاننى ئورنىدىن قالدۇرۇش ئىشىغا سىز قانداق قارايسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەمىر جانابلىرىنىڭ قارىشى توغرا، — دېدى يۈەن ۋېي جاۋابەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بۇ ئىشقا توسقۇنلۇق قىلغۇچىلار بولسا، لەشكەر قانۇنى بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ! — دېدى دۇڭ جۇ.

قاتتىق قورققان ۋەزىر - ۋۇزرالار:

— پەرمانبەردارمىز، — دېيىشتى.

مەرىكە - سورۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دۇڭ جۇ ياساۋۇلبېگى جۇ بى، لەشكەر بېشى ۋۇ چيۇڭلاردىن:

— يۈەن شاۋنىڭ مۇشۇ كېتىشى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— يۈەن شاۋ قەھر - غەزىپى بىلەن كېتىپ قالدى، ئەگەر جانابلىرى ئۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق چىقارسىلا، ئۇ جەزمەن يۈز ئۆرۈپ قارشى چىقىدۇ. يۈەن ئائىلىسى تۆت ئەۋلادىدىن بۇيان خانلىقنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغان، ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ۋە قەدىناس مەنسەپداشلىرى ئەلنىڭ ھەممە يېرىگە تارالغان؛ ئەگەر ئۇ باتۇر - ئەزىمەتلەرنى يىغىپ قوزغىلاڭ قىلسا، ئۇ چاغدا خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپى جانابلىرىنىڭ قولىدىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، يۈەن شاۋنى كەچۈرۈم قىلىپ، بىرەر ئايماققا ھاكىملىققا تەيىنلەپ قويسىلا، ئۇ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنغانلىقىغا خۇش بولۇپ، جانابلىرىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى جۇ بى.

— يۈەن شاۋ ئەقىل - پاراسەتلىك بولسىمۇ، ئەمما بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققۇدەك جۈرئىتى يوق، شۇڭا، ئۇنىڭدىن غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق؛ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇنى بىرەر ئايماققا ھاكىم قىلىپ قويغانلىرى تۈزۈك، — دېدى ۋۇ چيۇڭ.

دۇڭ جۇ ماقۇل بولۇپ، شۇ كۈنى كىشى ئەۋەتىپ، يۈەن شاۋنى بوخەي ئايمىقىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خان جىيادى قەسرىگە تەكلىپ

قىلىندى، ئەلەمدار ـ قەلەمدار، بەگ ـ سىپاھلار جەم بولدى. دۇڭ جۇ قىلىچ تۇتقىنىچە:

— خانىمىز ئاجىز، قابىلىيەتسىز كېلىپ قالدى، ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا، ھازىر بۇ يەردە بىر سىياسىي پەرمان ئېلان قىلىشقا توغرا كېلىپ قالدى، — دېدى ۋە لى رۇنى ئوقۇشقا بۇيرۇدى:

> مەرھۇم لىن دى خان ھەزرەتلىرى ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى قالدۇرۇپ بالدۇرلا دۇنيادىن ئۆتتى؛ ھەممە خەلق ئۇنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان ھازىرقى خانىمىزدىن ئۈمىد كۈتكەنىدى، بىراق ئۇ ناقابىل، ئابرۇي ـ ئىناۋىتى تۆكۈلگەن، ماتەم ـ مۇسىبەت قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ چىقتى؛ ئۇنىڭ ئۆزى پەزىلەتسىز بولۇپ تۇرۇقلۇق خان بولۇۋېلىشى ھەققەتەن ئۇلۇغ تەختكە ھاقارەتتۇر. ۋالىدە خانمۇ خانغا ئانىلىق تەربىيىسى بېرەلمىدى، شۇ سەۋەبتىن، خاندانلىق ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. يۇڭ لى ۋالىدە خانىنىڭ توساتتىن ئۆلۈپ كېتىشى خۇسۇسىدا خەلق ئارىسىدا تۈرلۈك ـ تۈرلۈك گەپ ـ سۆزلەر بار. ئۈچ ئەركان، ئاسمان ـ زېمىندىكى تەرتىپ ـ قائىدىگە نۇقسان كەلتۈرۈشكە يول قويۇشقا بولامدۇ؟ چېن ليۇ ۋاڭى ليۇ شيې دانا، ھىممەتلىك ۋە پەزىلەتلىكتۇر؛ ئۇ ماتەم قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىپ ئىنتايىن قايغۇردى، ئۇ سۆزنى جايىدا ۋە توغرا قىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ياخشى نامى ئالەمگە مەشھۇر؛ ئۇ ئۇلۇغ ئىشقا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەلنىڭ مەڭگۈ پاسىبانى بولۇشقا لايىق ئادەم. شۇڭا خان تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا خۇڭنۇڭنىڭ ۋاڭلىق مەرتىۋىسى بېرىلىدۇ، ۋالىدە خان ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. چېن ليۇ ۋاڭدىن ئاللانىڭ بۇيرۇقى، خەلقنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىلىكى بويىچە بىزگە خان بولۇپ، ئاھالىنىڭ ئارزۇسىنى
قاندۇرۇشنى تىلەيمىز.

لى رۇ پەرماننى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ جۇ ئەتراپىدىكىلەرگە خاننى تەختتىن قولتۇقلاپ چۈشۈرۈشكە بۇيرۇدى. پۆپۈك باغلانغان تامغىنى تاپشۇرۇۋالدى، ئۇ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇپ، ۋەزىرلەر قاتارىدا خاننىڭ ئەمرىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. يەنە ۋالىدە خاننى ۋالىدە خانلىق كىيىمىنى سېلىپ، پەرمان كۈتۈشكە بۇيرۇدى. خان بىلەن ۋالىدە خان ھۆركىرەپ يىغلىدى، ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ئېچىندى، تاپىسىدا تۇرغان بىر ۋەزىر:

— مۇناپىق دۇڭ جۇ! تەڭرىنى ھاقارەت قىلىشقا نېمە ھەددىڭ ئىدى؟ مەن بۇ جىنايەتنى سېنىڭ قېنىڭ بىلەن يۇيىمەن! — دەپ قەھر - غەزەپ بىلەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ، قولىدىكى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان كۆرۈنۈش تاختىسىنى* دۇڭ جۇغا ئاتتى. بۇ كىشى مىرزىبەگ دىڭ گۇەن ئىدى، دۇڭ جۇ غەزەپلىنىپ نۆكەرلىرىگە ئۇنى تۇتۇشنى ۋە سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كالللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى. دىڭ گۇەن تىنماستىن تىللىدى، ئۆلگەنگە قەدەر چىرايى ئۆڭمىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكى ئادەملەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*ياسىدى دۇڭ جۇ مۇناپىق تاج - تەختتە ئۆزگىرىش،*
*كەلدى خەن خاندانلىقىغا ئىنقىرازلىق يۈزلىنىش.*
*ھەممىسى قورققانىدى — خاننىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى،*
*ئىچىدە يېگانە دىڭ گۇەن ئەزىمەت ئوغلان ئىدى.*

دۇڭ جۇ چېن ليۇۋاڭنى تەختكە تەكلىپ قىلدى، ۋەزىر -

---

* كۆرۈنۈش تاختىسى — قەدىمدە ۋەزىرلەر خان ھۇزۇرىغا كىرگەندە ئېلىپ يۈرىدىغان، پىل چىشىدا قىلىنغان قول تاختىسى. ۋەزىرلەر بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىپقوياتتى.

ۋوزرالار يېڭى خان ھوزۇرىغا كىرىپ مۇبارەكلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، خې ۋالىدە خان ۋە خوڭنوڭ ۋاڭ بىلەن مەرھۇم خاننىڭ كىچىك ئاغىچىسى تاڭ خېنىمنى يوڭئەن سارىيىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۇيرۇدى، ساراي قوۋۇقىنى قۇلۇپلاپ، ۋەزىرلەرنىڭ شۇ سارايغا ئۆز مەيلىچە كىرىشىنى مەنئى قىلدى. بىچارە ياش خان 4 ـ ئايدا تەختكە ئولتۇرۇپ، 9 ـ ئايدا تەختتىن چۈشتى. دوڭ جو تەختكە چىقارغان چېن ليۇ ۋاڭى ليۇ شيېنىڭ يەنە بىر ئىسمى بو خې بولۇپ، لىڭ دې خاننىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئىدى، ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن شيەن دى خان دەپ ئاتالدى؛ شۇ يىلى ئۇ توققۇز ياشتا ئىدى. خانلىق دەۋرىنىڭ يىلنامىسىنى چۇبىڭ دەپ ئۆزگەرتتى. دوڭ جو ئۆزى باش ۋەزىر بولۇۋالدى، ئۇ خان بىلەن كۆرۈشكىلى كىرگەندە ئىسمىنىمۇ مەلۇم قىلمايتتى، سارايغا بەخىرامان كىرەتتى، خاننىڭ قوبۇل قىلىش قەسرىگە قىلىچ ئاسقان ھالدا كەشىنى سالمايلا كىرىۋېرەتتى، ئۇنىڭ ھەيۋىسى ۋە راھەت ـ پاراغىتىگە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. لى رۇ ئۇنىڭغا ئاتاقلىق دانىشمەنلەرنى ئىشقا سېلىپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشقا مەسلىھەت بەردى ۋە سەي يوڭنىڭ تالانتىنى ۋە دانىشمەنلىكىنى تونۇشتۇردى، دوڭ جو ئۇنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى، سەي يوڭ كەلگىلى ئۇنىمىدى. دوڭ جو غەزەپكە كېلىپ: «ئەگەر كەلمەيدىكەنسەن، پۈتۈن جەددى ـ جەمەت، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىڭغىچە قىرىپ تاشلايمەن» دەپ سەي يوڭغا كىشى ئەۋەتتى. سەي يوڭ قورقۇپ، بۇيرۇققا بىنائەن نائىلاج كەلدى. دوڭ جو سەي يوڭنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپات قىلىپ، بىر ئاي ئىچىدە مەنسىپىنى ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈپ ياساۋۇلبەگلىك مەنسىپىگە چىقاردى.

ئەمدى ياش خانغا كەلسەك، ئۇ يوڭئەن سارىيىدا خې ۋالىدە خان ۋە خان ئاغىچا تاڭ خېنىملار بىلەن قامىلىپ ياتتى، ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەكلىرى كۆندىن ـ كۈنگە ئۆكسۈپ، تۈگەشكە باشلىندى؛ ياش خانىنىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. بىر كۈنى ئۇ بىر جۈپ قارلىغاچنىڭ سارايدا ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئىلھاملىنىپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*سۆزۈك ئىس ۋە تۇتەك لەرزان چىمەنۇ مايسىنى قاپلاپ،*
*گۈزەل جۈپ قارلىغاچ ئۇچتى پەلەكتە شادلىنىپ ـ يايراپ.*
*ئەجەبمۇ سۈپسۈزۈك لوشۈي* سۈيى ئۆركەش بىلەن ئاقتى،*
*ئېتىزدا تورغۇچى خەقلەر ھەۋەستە زەۋق بىلەن باقتى.*
*يىراقتىن قارىساڭ زۇمرەت مىسالى كۆك بولۇپتۇر ئۇ،*
*مېنىڭ كونا ماكان تۇتقان ئەزىز يۇردام ئىدى ئاشۇ.*
*قېنى كىم چىن ساداقەتلىك ـ ئەقىدە بىلدۈرۈپ دىلدىن،*
*مېنى ئازاد قىلار كۆڭلۈم ئارا تولغان پىغان ـ دەردتىن.*

دۇڭ جۇ سارايغا دائىم ئادەم ئەۋەتىپ ئەھۋالنى ئۇقۇپ تۇراتتى. شۇ كۈنى بارغان كىشى بۇ نەزمىنى ئېپكېلىپ دۇڭ جۇغا سۇندى، دۇڭ جۇ:

— نارازىلىق بىلدۈرۈپ نەزمە يېزىپتۇ، مانا بۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈشنىڭ باھانىسى، — دېدى ـ دە، لى رۇغا ئۇن كاللا كېسەر بىلەن يۈگۈرۈپ سارىيىغا بېرىپ، ياش خاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. خان، ۋالىدە خان ۋە خان ئاغىچا راۋاقتا ئىدى. ھەرەم كېنىزەكلىرى كىرىپ لى رۇنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، خان چۆچۈپ كەتتى. لى رۇ خانغا ئوغا مەي تۇتتى، خان مەي تۇتۇشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. لى رۇ:

— باھار يېتىپ كەلدى، باش ۋەزىر دۇڭ جۇ جانابلىرىغا ئالاھىدە ئۇزۇن ئۆمۈر شارابى ئەۋەتتى، — دېدى.

— ئەگەر ئۇزۇن ئۆمۈر شارابى بولسا، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز

---

* لوشۈي — دەريا نامى.

ئىچىڭ، — دېدى ۋالىدە خان.
— شارابنى ئىچمەمدىلا؟ — دېدى لى رۇ غەزەپ بىلەن ئەتراپتىكىلەرنىڭ قولىدىن خەنجەر ۋە ئاق شايىنى ئېلىپ ئالدىغا كېلىپ، — ئۇزۇن ئۆمۈر شارابىنى ئىچمەيدىكەن، مۇشۇ ئىككى نەرسىنى تاپشۇرۇۋېلىڭلار!
— مەن خان ئۈچۈن بۇ شارابنى ئىچىپ ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ هاياتىغا ئارا تۇرسام، — دەپ ئىلتىجا قىلدى خان ئاغىچا تاڭ خېنىم تىزلىنىپ تۇرۇپ.
— سەن كىم بولىسەن؟ خاننىڭ ئورنىغا مەن ئۆلەي دەيسەنغۇ؟ — دەپ توۋلىدى لى رۇ ۋە شارابنى كۆتۈرۈپ ۋالىدە خانغا، — ئالدى بىلەن سەن ئىچ! — دېدى.
— هەي ئەقىلسىز خې جىن! ئوغرىنى پايتەختكە باشلاپ كىرىپ، بۇگۈنكى پالاكەتكە قويدۇڭ! — دەپ تىللىدى ۋالىدە خان.
لى رۇ خاننى يەنە شاراب ئىچىشكە زورلىدى. خان:
— ئانام ۋالىدە خان بىلەن ۋىدالىشىۋالاي، — دەپ قاتتىق قايغۇرغان هالدا مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

*ئۆزگەردى يەر - ئاسمان، ئاي بىلەن قۇياش،*
*خانلىقتىن ئايرىلىپ بولدۇم مەن خاراب.*
*ۋەزىرلەر زورىدا قىسقاردى ئۆمرۈم،*
*ئايرىلىپ هەق - ئەلدىن يىغلايمەن زارلاپ.*

خان ئاغىچىمۇ مۇنداق دەپ بېيىت ئوقۇدى:

*پارچىلاندى تاج - تەخت، بىتچىت بولۇپ ئاسمان - زېمىن،*
*مەن ئىدىم خان سۆيگۈسى بىر تاپمىدى جانىم ئەمىن.*
*يارىلىش، ئۆلمەك يولى باشقا ئىكەن بولدۇق جۇدا،*
*تولدى هەسرەتكە دىلىم، يېگانە قالدىم نىتەيىن.*

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پېيىتىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. لى رۇ:

— باش ۋەزىر خەۋەر كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، سىلەر ئىشنى كېچىكتۈرۈۋاتىسىلەر، كىمنىڭ قۇتقۇزۇشىنى كۈتمەكچىسىلەر؟ — دېدى توۋلاپ تۇرۇپ.

— ئوغرى دۇڭ جو! ئوغلۇم بىلەن مېنى ئۆلۈشكە زورلاۋاتىدۇ. ئاللا ئۇنىڭ جاجىسىنى بەرمەي قويمايدۇ! سەنلەر يامانغا يان بېسىۋاتىسىلەر. سەنلەرنىڭ ئۇخۇمىڭلارنى چوقۇم قۇرۇتىدۇ! — دەپ تىللىدى ۋالىدە خان.

لى رۇ دەرغەزەپ بولۇپ ۋالىدە خاننى تۇتۇپ راۋاقتىن تاشلىۋەتتى. كاللا كېسەرلەرنى تاڭ خېنىمنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى، ئوغا شارابنى ياش خاننىڭ ئاغزىغا قۇيدى، ئىشنى تۈگىتىپ، دۇڭ جوغا مەلۇم قىلدى. دۇڭ جو جەسەتلەرنى شەھەر تېشىغا دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، دۇڭ جو ھەر كېچىسى ھەرەمگە كىرىپ ساراي كېنىزەكلىرى بىلەن ئەيش - ئىشرەت، زىنا ئۆتكۈزدى، كېچىلىرى خاننىڭ شاھانە كاتىدا ياتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دۇڭ جو لەشكەر باشلاپ شەھەردىن چىقىپ ياڭچېڭ دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، 2 - ئاي مەزگىلى بولۇپ، يېزا خەلقىنىڭ نورۇز ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى، بۇ يەرگە جەمئىي ئەر - ئايال يىغىلىشقانىدى. دۇڭ جو لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، ئۇلارنى قورشىتىپ، پۈتۈنلەي قىرغۇزۇپ تاشلىدى، ئاياللارنىڭ زىبۇزىننەتلىرىنى بۇلىۋېلىپ ھارۋىلارغا قاچىلاتتى، 1000 دىن ئارتۇق كېسىلگەن باشنى بىر - بىرىگە تۇتاش كېلىۋاتقان ھارۋىلارغا ئېسىپ پايتەختكە قايتتى ۋە «قاراقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، چوڭ نۇسرەت تاپتۇق» دەپ سۆز تاراتتى؛ ئۇلار شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئالدىدا كېسىلگەن باشلارنى كۆيدۈردى، ئاياللاردىن بۇلاپ - تالاپ ئالغان مال - مۈلۈكلەرنى لەشكەرلىرىگە تارقىتىپ بەردى.

بىر ئىسمى ۋۇ فۇ، يەنە بىر ئىسمى دې يۈي دېگەن چەۋەنداز لەشكەر بېشى دۇڭ جۇنىڭ ياۋۇزلۇقىنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى، ئېپىنى تاپقاندا دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ساراي كېيىمىنىڭ ئىچىگە يېنىك قۇياق كىيىپ، خەنجەر يوشۇرۇپ يۈردى. بىر كۈنى دۇڭ جۇ سارايغا كىرىپ كەلگىنىدە، راۋاق ئاستىدا ئالدىغا چىقىپ، توپتوغرا دۇڭ جۇغا خەنجەر سالدى. دۇڭ جۇنىڭ بويى ـ بەستى چوڭ ۋە كۈچلۈك بولغىنى ئۈچۈن، ئىككى قولى بىلەن ۋۇ فۇنى تۇتۇۋالدى؛ ئاڭغىچە لۈي بۇ كېلىپ قالدى ـ دە، ۋۇ فۇنى يەرگە يىقىتتى.

— كىم سېنى ئىسيان قىل دېدى؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ.

— سەن مېنىڭ خاقانىم ئەمەس، — دېدى ۋۇ فۇ كۆزىنى چەكچەيتىپ، — مەن سېنىڭ ۋەزىرىڭ ئەمەس، قانداق قىلىپ ئىسيان بولىدىكەن؟ سېنىڭ جىنايەت ـ ياۋۇزلۇقلىرىڭ ئەلنى تويغازدى، ھەممە ئادەم سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالايدۇ! سېنى ھارۋىغا سۆرىتىپ ئۆلتۈرمىگىنىمگە مىڭ شۈكۈر دە!

دۇڭ جۇ دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنىڭ قورسىقىنى يېرىپ، پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلاشقا بۇيرۇق قىلدى. ۋۇ فۇ ئۆلگۈچە تىنماستىن تىللاپ تۇردى. بۇ ھەقتە كېيىنكى ئادەملەر مۇنداق بىر نەزمە پۈتتى:

*خانىدان خەن ئاخىرى ۋۇ فۇ ئىدى سادىق ۋەزىر،*
*تەڭدىشى يوق ئەر ئىدى ئۇ شۆھرىتى پۈر ئەلدە بىر.*
*ئۇردى تىغ خەنجەر سارايدا ئوغرى دۇڭ جۇ جىسمىغا،*
*مەڭگۈ ئۆچمەس ئەزىمەتلىك نامى ئالەمدە بەسىر.*

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن دۇڭ جۇ سارايغا كىرىپ ـ چىقىشتا ھەمىشە قۇياقلىق لەشكەرلەرنى ئۆزىگە قورۇقچى قىلىپ ئېلىۋالىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ۋاقىتتا يۈەن شاۋ بوخەي ئايمىقىدا تۇرۇپ، دۇڭ جۇنىڭ تاج ـ تەختىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ۋاڭ يۈنگە ئادەم ئارقىلىق مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتتى. مەكتۇپتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ئوغرى دۇڭ جۇ خاننى بوزەك ئېتىپ، ئورنىدىن چۈشۈرۈپتۇ. بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەي بولمىدى؛ جانابلىرى ئاڭلىمىغان كىشى بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ زوراۋانلىقىغا يول قويۇپ بېرىپلا، بۇنداقتا قانداقسىگە خانلىققا سادىق ۋەزىر بولالايدىلا؟ مەن هازىر خاندانلىقنىڭ بۇزۇقلاردىن پاك قىلىش نىيىتىدە لەشكەر توپلىدىم، هازىر ئۇلارنى مەشىققە سېلىۋاتىمەن، لېكىن يەڭگىللىك بىلەن هەرىكەت قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەگەر جانابلىرى بىر نىيەتكە كېلەلىسە، پۇرسىتى كەلگەندە بىر ئىش قىلساق دەيمەن، ناۋادا مېنى سالغۇدەك ئىش ـ كۈشلىرى بولسا، بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداشقا هازىرمەن.

ۋاڭ يۈن مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كۆپ ئويلاپ هېچبىر قارارغا كېلەلمىدى. بىر كۈنى نۆۋەتچىلەر خانىسىدا كونا ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنى ئۇچرىتىپ قېلىپ:

— بۈگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، ئاخشىمى هەر بىرلىرىنىڭ خانامغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى.

— مۇبارەكلەشكە ئەلۋەتتە بارىمىز، — دېدى ئۇلار.

شۇ كۈنى كەچتە ۋاڭ يۈن ئارقا سارايدا مەرىكە ـ سورۇن تەييارلىدى، تەكلىپ قىلغان ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ هەممىسى كېلىشتى. قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، ۋاڭ يۈن بىردىنلا يۈزىنى تۇتۇپ هۆركىرەپ يىغلىدى، بەگلەر هەيران بولۇپ:

— ۋەزىر بېگىم! بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ مەۋلۇت مۇبارەك

كۆڭلىرى تۇرسا، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قايغۇرىدىلا؟ — دېيىشتى.

— بۈگۈن، — دېدى ۋاڭ يۈن، — مېنىڭ مەۋلۇت مۇبارەك كۈنۈم ئەمەس، ھەرقايسىلىرى بىلەن بىر سۆھبەتلەشكۈم بار ئىدى. دۇڭ جۇنى گۇمانلاندۇرۇپ قويمايلى، دەپ شۇنداق دېگەنىدىم. دۇڭ جۇ خاقانىمىزنى بوزەك ئېتىپ، تاج - تەختنى ئىگىلىۋالدى، خاندانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا خەۋپ سېلىۋاتىدۇ. مەن شۇنى ئەسلەيمەنكى، گاۋزۇخان ھەزرەتلىرى چىن بەگلىكىنى قەتلى ئەيلەپ، چۇ بەگلىكىنى يوقىتىپ، خەن خاندانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرگەنىدى. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇڭ جۇنىڭ قولىدا ھالاك بولارىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتىكەنمىز، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ھەممە بەگ - سىپاھلار يىغلاپ تاشلىدى، ئولتۇرغانلار ئىچىدە بىر كىشى چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ:

— خاندانلىقتىكى بارلىق ۋەزىر - ۋۇزرالار كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ، يىغا - زار قىلىپ دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرگىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ يۈن قارىسا بۇ كىشى شىرمەت چەۋانداز لەشكەرلەر بېشى ساۋ ساۋ ئىكەن. ۋاڭ يۈن غەزەپلىنىپ:

— سىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىڭىزمۇ خەن خاندانلىقىنىڭ ئىلتىپاتىنى كۆرگەنىدى، سىز بۈگۈن ئەلگە ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىشنى ئويلىماستىن، ئەكسىچە كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى.

— مەن باشقا ئىش ئۈچۈن كۈلمىدىم، شۇنچىۋالا كىشى دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرۈشكە بىر چارە تاپالمىغانلىقىغا كۈلۈۋاتىمەن، كەمىنىلىرى ناتىۋان بىر كىشى بولساممۇ، دەرھال دۇڭ جۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ پايتەخت قوۋۇقىغا ئېسىپ، ئەھلى خالايىقنى خۇش قىلغۇم بار، — دېدى ساۋ ساۋ.

ۋاڭ يۈن ساۋ ساۋنى مەرىكە - سورۇندىن چەترەك بىر يەرگە

تارتمۇيلىپ:

— سىزنىڭ قانداق ياخشى پەنتىڭىز بار؟ — دەپ سورىدى.

— يېقىندىن بۇيان، — دېدى ساۋ ساۋ، — ۋىجدانىمغا قارشى دۇڭ جوغا يېقىنلىشىشقا ھەرىكەت قىلىشتىن مەقسىتىم پەيتىنى تېپىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش ئىدى. ھازىر دۇڭ جو ماڭا ئىشىنىدۇ، مەنمۇ بەزىدە ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ يۈرىمەن. ئاڭلىشىمچە ئۆزلىرىدە يەتتە دانە گۆھەر كۆز قويۇلغان بىر قىلىچ بارئىمىش، قىلىچنى ماڭا ئارىيەت بېرىپ تۇرسىلا، سارايغا بېرىپ، شۇ قىلىچ بىلەن دۇڭ جونى ئۆلتۈرسەم، ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق!

— سىزدە مۇنداق نىيەت بولسا، — دېدى ۋاڭ يۈن، — ئەھلى ـ خالايىققا بەخت قونىدۇ!

ۋاڭ يۈن ئۆز قولى بىلەن لىقمۇلىق توشقۇزۇلغان بىر قەدەھ مەينى ساۋ ساۋغا تۇتتى، ساۋ ساۋ مەينى يەرگە تامچىلىتىپ تۇرۇپ ئانت ئىچتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ يۈن گۆھەر كۆز قويۇلغان قىلىچنى ئېلىپ چىقىپ ساۋ ساۋغا بەردى. ساۋ ساۋ قىلىچنى يوشۇردى، مەرىكە ـ سورۇن تۈگىگەندىن كېيىن، بەگ ـ سىپاھلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى، قالغان بەگ ـ سىپاھلار يەنە بىردەم ئولتۇرۇشۇپ، ئاندىن تارقىلىشتى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ قىلىچنى ئېسىپ باش ۋەزىرنىڭ سارىيىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدى. مۇلازىملار: «ھوجىرىدا» دەپ جاۋاب بەردى. ساۋ ساۋ ئۇدۇللاپ ھوجىرىغا كىردى، دۇڭ جو كاتتا ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ يېنىدا لۈي بۇ ئۆرە تۇرۇپتۇ.

— كەچ كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دېدى دۇڭ جو.

— ئېتىم ئورۇق، تېز يۈرەلمەيدۇ، شۇڭا كەچ قالدىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

— شىلياڭدىن ياخشى ئاتلار كەلدى، — دېدى دۇڭ جو لۈي

بۇغا قاراپ، — سىز چىقىپ ئاتتىن بىرنى تاللاپ ساۋ ساۋغا ھەدىيە قىلىڭ.

لۇي بۇ بۇيرۇق بىلەن چىقىپ كەتتى. ساۋ ساۋ كۆڭلىدە: «بۇ ئوغرىنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى كەپتۇ!» دەپ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئۇنىڭغا تىقىشنى ئويلىدىيۇ، لېكىن دۇڭ جۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن قورقۇپ، ئۇنداق قىلىشقا پېتىنالمىدى. دۇڭ جۇ سېمىز، بەستلىك ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇن ئولتۇرالمايتتى، ئۇ كاتقا يانپاشلىدى ـ دە، تەتۈر قاراپ يېتىۋالدى. ساۋ ساۋ يەنە ئىچىدە: «بۇ ئوغرىنىڭ زادى كۈنى تۈگىگەنىكەن!» دەپ، دەرھال قىلىچنى ئېلىپ سالماقچى بولغانىدى، كىم بىلسۇن، دۇڭ جۇ ئۇدۇلدىكى چوڭ ئەينەكتىن ساۋ ساۋنىڭ قىلىچنى سۇغۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئۆرۈلۈپ:

— ساۋ ساۋ، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ — دېدى.

دەل بۇ پەيتتە لۇي بۇ ئاتنى ئۆينىڭ ئالدىغا يېتىلەپ كەلدى. ساۋ ساۋ تەمتىرەپ قېلىپ، قىلىچنى تۇتقان ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— كەمىنىلىرىدە گۆھەر كۆز قويۇلغان بىر قىلىچ بار ئىدى، ئىلتىپاتلىق ۋەزىر جانابلىرىغا تەقدىم قىلماقچىدىم، — دېدى.

دۇڭ جۇ قىلىچنى ئېلىپ قارىۋىدى، ئۇزۇنلۇقى بىر چى كېلىدىغان، يەتتە دانە گۆھەر كۆز قويۇلغان ئىنتايىن ئىتتىك قىلىچ ئىكەن؛ ئۇنى ئېپقوي، دەپ لۇي بۇغا بەردى. ساۋ ساۋ غىلاپىنىمۇ يېشىپ لۇي بۇغا تاپشۇردى. دۇڭ جۇ ساۋ ساۋنى ئات كۆرۈش ئۈچۈن تالاغا ئېپچىقتى، ساۋ ساۋ ئاتنى كۆرۈپ رەھمەت ئوقۇدى ۋە:

— مىنىپ باقاي، — دېدى.

دۇڭ جۇ ئېگەر ـ جابدۇقلىرى بىلەن بېرىشكە بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ ۋەزىرنىڭ سارىيىدىن ئاتنى ئېپچىقىپ مىندى ـ دە، كۈنچىقىش تۈۋەن تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى. لۈي بۇ دۆڭ جۇغا قاراپ:

— بايا ساۋ ساۋنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىدا بىر يامان نىيەت باردەك كۆرۈندى. ئاشكارا بولۇپ قالغاندىن كېيىن، قىلىچنى تەقدىم قىلغان بولسا كېرەك، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق گۇمانلاندىم، — دېدى دۆڭ جۇ.

پاراڭنىڭ ئۈستىگە لى رۇ كىرىپ قالدى، دۆڭ جۇ ۋەقەنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— ساۋ ساۋنىڭ پايتەختتە بالا ـ چاقىلىرى يوق، ئۆيدە تەنها تۇرىدۇ. هازىر چاقىرىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتەيلى، ئەگەر تەشۋىشلەنمەي كەلسە، قىلىچ تەقدىم قىلغىنى راست، باهانە كۆرسىتىپ كەلمىسە، سۈيىقەست قىلغىلى كەلگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇنى تۇتۇپ سوراق ـ سوئال قىلماق كېرەك، — دېدى لى رۇ.

دۆڭ جۇ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆردى، ساۋ ساۋنى چاقىرىپ كېلىشكە تۆت گۇندىپاي ئەۋەتتى. ئۇلار خېلى ئۇزۇندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ:

— ساۋ ساۋ ئۆيگە قايتماپتۇ، ئات چاپتۇرۇپ كۈنچىقىش قوۋۇقتىن چىقىپ كېتىپتۇ. قوۋۇق باقارلار «نەگە بارىسىز؟» دەپ سورىسا، «ۋەزىر جانابلىرى مېنى بىر جىددىي ئىشقا بۇيرۇدى» دەپ ئات يۈگۈرتكەن پېتى كېتىپ قاپتۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— ئوغرى ساۋ ساۋنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك بولغاچقا قاچقان، ئۇنىڭ قاتىللىق قىلماقچى بولغانلىقىدا شەك ـ شۈبهە يوق، — دېدى لى رۇ.

— مەن ئۇنى شۇنچىلىك ئەتىۋارلاپ مۇهىم مەنسەپكە قويسام، ئۇنىڭ مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىنى

كۆرمەمسىلەر! — دېدى دۆڭ جۇ غەزەپلىنىپ.
— بۇ مۇناپىقنىڭ جەزمەن شېرىكلىرى بار، ساۋ ساۋ قولغا چۈشكەندە مەلۇم بولىدۇ، — دېدى لى رۇ.
شۇنىڭ بىلەن دۆڭ جۇ ساۋ ساۋنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ رەسىمى سىزىلغان ئېلاننى ئەلنىڭ ھەممە يېرىگە تارقاتتى. ساۋ ساۋنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە 1000 سەر ئالتۇن ۋە 11 تۈمەن تۇتۇننى باشقۇرىدىغان بەگلىك مەنسەپنى بېرىشنى؛ يوشۇرغۇچىلارنى ساۋ ساۋغا ئوخشاش جازالايدىغانلىقىنى جاكارلىدى.

ئەمدى ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ شەھەر تېشىغا چىقىپ ناھايىتى تېز مېڭىپ چياۋجۇنگە قاراپ قاچتى. يولدا جۇڭمۇ ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە، ئۆتكەلنى ساقلىغۇچى لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ ئامبالنىڭ ھۇزۇرىغا تاپشۇردى. ساۋ ساۋ:
— مەن سودىگەر، خۇاڭ فۇ ئۇرۇقىدىن بولىمەن، — دېدى.
ئامبال ساۋ ساۋغا تىكىلىپ قارىدى ۋە بىر ھازاغىچە ئويلاپ، كېيىن:
— مەن لوياڭدا مەنسەپ كۈتۈپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، سېنىڭ ساۋ ساۋ ئىكەنلىكىڭنى بىلگەنىدىم. نېمە ئۈچۈن ئىسمىڭنى يوشۇرىسەن؟ ھازىر سېنى سولاپ قويىمەن، ئەتە پايتەختكە ئەۋەتىپ بېرىپ، ئىنئام ئالىمەن، — دېدى.
ئۆتكەلنى ساقلىغۇچىلار مەي ئىچىپ تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەتتى. كېچىسى ئامبال ئۆزىنىڭ يېقىن خادىملىرىغا مەخپىي يوسۇندا ساۋ ساۋنى ئارقا قورۇغا ئېپچىقتۇرۇپ سوراق قىلدى:
— ئاڭلىشىمچە باش ۋەزىر ياخشى ئىلتىپاتتا بولغانىكەن، نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭنى بالاغا تىقىسەن؟ — دېدى.

www.uyghurkitap.com

— «قۇشقاچ تۇرنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى نەدىن بىلسۇن؟» سىز مېنى تۇتۇۋالدىڭىز، ئاپىرىپ بېرىپ، ئىنئامىڭىزنى ئېلىڭ، ئارتۇق گەپنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى ساۋ ساۋ.

ئامبال خادىملىرىنى كەتكۈزۈۋېتىپ ساۋ ساۋغا:

— سىز مېنى تەھقىرلىمەڭ! مەن ئادەتتىكى ئەمەلدارلاردىن ئەمەسمەن. ياخشى بىر باشلىققا ئېگە بولالمىغىنىم ئۈچۈن چارىسىزلىقتىن يۈرۈپتىمەن، — دېدى.

— مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم خەن خاندانلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، ئەگەر مەن ئەلگە ئەجىر كۆرسىتىشنى ئويلىمىسام ھايۋاندىن نېمە پەرقىم بولىدۇ؟ مېنىڭ دۆڭ جوغا ۋىجدانىمغا قارشى ئىش كۆرۈشتىن مەقسىتىم پۈرسىتى كەلگەندە ئۇنى يوقىتىپ، ئەلنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئىدى. بۈگۈن ئىشىم ئەمەلگە ئاشمىدى، تەقدىر - قىسمەت شۇنداق ئىكەن! — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇ سەپىرىڭىزدە قەيەرگە بارماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى ئامبال.

— يۇرتۇمغا قايتىپ، خان نامىدىن ساختا پەرمان چىقىرىش، ئۇنىڭدا ئەلدىكى بەگلەرنى لەشكەر تارتىپ كېلىپ بىرلىكتە دۆڭ جونى يوقىتىشقا چاقىرىش، مانا بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى، — دېدى ساۋ ساۋ.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئامبال ئۆز قولى بىلەن ساۋ ساۋنى باغلاقتىن بوشاتتى ۋە تۆرگە تەكلىپ قىلدى ھەمدە تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

— جانابىڭىز ئېلىمىزنىڭ سادىق مەردلىرىدىن ئىكەنسىز! — دېدى.

ساۋ ساۋمۇ تەزىم قىلىپ، ئامبالنىڭ ئىسىم - زاتىنى سورىدى.

— مېنىڭ ئىسىم - زاتىم چېن گوڭ، يەنە بىر ئىسمىم

گۇاڭ تەي، ئانام، بالا - چاقىلىرىمنىڭ ھەممىسى دۇگجۇندە، بۇگۇن جانابىڭىزنىڭ بىلدۇرگەن ساداقەت - مەردلىكىڭىز ماڭا تەسىر قىلدى، مەن ئەمەلىمدىن ۋاز كېچىپ، جانابىڭىز بىلەن بىللە قېچىشنى خالايمەن، — دېدى ئامبال.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولدى. شۇ كېچىسىلا چېن گۇڭ يول راسخوتى ھازىرلىدى، ساۋ ساۋنىڭ كىيىملىرىنى يۆتكىتىپ، ئىككىسى بىردىن ئىككى قىلىچنى دۇمبىسىگە قىستۇرغان پېتى ئاتقا مىنىپ ساۋ ساۋنىڭ يۇرتىغا قاراپ راۋان بولدى.

ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ چېڭگاۋ دېگەن يەرگە كەلگەندە كەچ كىرىپ قالدى. ساۋ ساۋ قامچىسى بىلەن چېن گۇڭغا قويۇق بىر ئورمانزارلىقنى كۆرسىتىپ:

— بۇ يەردە لۈي بوشې دېگەن بىر كىشى بار، بۇ ئادەم ئاكام بىلەن قول بېرىشكەن ئاكا - ئۇكا بولىدۇ، شۇ كىشىنىڭكىدە بىر كېچە قونۇپ، ئۆي - ۋاقامنىڭ ئەھۋالىدىن بىر خەۋەر ئېلىۋالسام، قانداق دەيسىز كىن؟ — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى چېن گۇڭ.

ئىككىيلەن قورۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتى، كىرىپ لۈي بوشې بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاڭلىشىمچە خاندانلىق سىزنى تۇتۇش ئۈچۈن ھەممە يەرگە جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ، ئاتىڭىز ئۆزىنى پاناھلاش ئۈچۈن چېنلىيۇغا كېتىپ قاپتۇ. سىز قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دېدى لۈي بوشې.

ساۋ ساۋ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىپ كېلىپ:

— ئەگەر چېن گۇڭدىن باشقا ئامبال بولىدىغان بولسا، ئۇستىخىنىم تالقان، گۆشۇم پارە - پارە بولغان بولاتتى، — دېدى.

لۈي بوشې چېن گۇڭغا تەزىم قىلىپ:

— جىيەنىم جانابلىرىغا ئۇچراپ قالمىغان بولسا، ساۋ

جەمەتىنىڭ ئۇرۇقى تۆگىگەن بولاتتى. جانابلىرى غېرىب خانامدا ئارامخۇدا بىر كىچە قونۇپ بەرسىلە، — دېدى ۋە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن چىقىپ، چىن گۆكقا قاراپ، — كەمىنىلىرىنىڭكىدە ياخشىراق شاراب يوق، كۆنىپىتىش تەرەپكە بېرىپ، شاراب ئەپكىلىپ كۇتۇۋالاي، — دەپ قويۇپ ئالدىراپ ئىشىككە مېڭىپ كېتىپ قالدى.

ساۋ ساۋ بىلەن چىن گۆك خېلى ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇشتى. تۇيۇقسىزلا ئۆي ئارقىسىدىن پىچاق بىلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.

— لۈي بوشې مېنىڭ يېقىن تۇغقىنىم ئەمەس، ئۇنىڭ كېتىشى شۈبھىلىك، تىڭ ـ تىڭلاپ باقايلى، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئىككىيلەن ئاستا چىقىپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا ئۆتكەندە، بىرىنىڭ: «باغلاپ ئۆلتۈرسەك قانداق؟» دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئەنە دېمىدىمۇ؟ هازىر بىز ئالدىن قول سالمىساق، چوقۇم بۇلار بىزنى تۇتۇۋالىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە چىن گۆك بىلەن بىللە قىلىچنى يالىڭاچلاپ، ئۇدۇل بېسىپ كىرىپلا، ئەر ـ ئايال دېمەستىن بىراقلا سەككىز كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئاختۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ قارىسا، ئۆلتۈرۈشكە باغلاپ قويغان بىر چوشقا تۇرۇپتۇ.

— سىز بەك گۇمانخور ئىكەنسىز، ياخشى ئادەملەرنى ئۆلتۈرۈپ خاتا قىلدۇق! — دېدى چىن گۆك.

بۇلار ئالدىراشلىق بىلەن ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى. ئىككى يول ماڭا ـ ماڭمايلا ئېگەرنىڭ قېشىغا ئىككى كومزەك مەي ئاسقان، قولىغا مېۋە، كۆكتات سالغان سېۋەت كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان لۈي بوشېغا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئەزىز جىيەنىم ۋە جانابىي مېھمان، نېمە ئۈچۈن

ئاتلىنىپ قېلىشتىلا؟ — دېدى لۈي بوشې.

— بىز گۇناھكارلارمىز، ئۇزۇن تۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمىدۇق، — دېدى ساۋ ساۋ.

— سىلەرنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئۆيدىكىلەرگە چوشقا سويۇشنى بۇيرۇغانىدىم، ئەزىز جىيەنىم ۋە مېھمان ئۇنداق قىلماي بىر كېچە مېھمان بولۇپ بەرسەڭلار نېچۈك؟ قېنى، تېزرەك ئۆيگە قايتايلى، — دەپ تۇرۇۋالدى لۈي بوشې.

ساۋ ساۋ ئۇنىماي ئېتىنى قامچىلاپ كېتىپ قالدى. بىرقانچە قەدەم ماڭا ـ ماڭمايلا، ساۋ ساۋ قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ دەررۇ ئارقىغا ياندى ۋە لۈي بوشېنى چاقىرىۋېلىپ:

— ئاۋۇ كېلىۋاتقان كىم؟ — دەپ سورىدى.

لۈي بوشې ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، ساۋ ساۋ قىلىچ بىلەن بىرنى چېپىپ ئېشەكتىن موللاق ئاتقۇزدى. چېن گوڭ چۆچۈپ كېتىپ:

— باياتىنقى خاتالىق قىلدۇق، ئەمدى يەنە نېمە قىلغىنىڭ؟ — دېدى.

— ئەگەر لۈي بوشې ئۆيگە قايتىپ شۇنچىۋالا ئادەمنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرسە، ئەلۋەتتە قاراپ تۇرمايدۇ، ئادەم باشلاپ ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەلسە چوقۇم تۇتۇلىمىز، — دېدى ساۋ ساۋ.

— خاتا بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئىنتايىن نامەردلىك بولىدۇ، — دېدى چېن گوڭ.

— مەن باشقىلارغا ۋاپاسىزلىق قىلسام قىلاي، ئەمما باشقىلار ماڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىسۇن، — دېدى ساۋ ساۋ.

چېن گوڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ سۈكۈت قىلدى.

بۇ كېچىسى ئۇلار بىرقانچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئايدىڭدا بىر مەنزىلگە كېلىپ، سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقۇزۇپ، شۇ يەردە قوندى. ئاتنى تويغۇزغاندىن كېيىن ساۋ

ساۋ بالدۇر يېتىپ قالدى. چېن گۆلۈڭ خىيالغا چۆكۈپ: «مەن ساۋ ساۋنى ياخشى ئادەم، دەپ مەنسىپىمدىن كېچىپ ئەگىشىپ كەلسەم، بۇ ئىچى زەھەر ئادەم ئىكەن! بۈگۈن بۇنى تىرىك قالدۇرسام كەلگۈسىدە چوقۇم بالا تېرىيدۇ!» دەپ ئويلاپ، قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. دەرھەقىقەت:

*ساقلىسا كىمكى يامانلىق دىلىدا ئۇ مەرد ئەمەس،*
*ئەسلىدە ساۋ ساۋ ئىدى دۆلەت جۇغا دىلداش ھەمنەپەس.*

ساۋ ساۋ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# بەشىنچى باب

## ساۋ ساۋۇنىڭ خان نامىدىن چىقارغان ساختا پەرمانىغا جايلاردىكى بەگ - سىپاھلارنىڭ ئاۋاز قوشقانلىقى
## ئۈچ باتۇرنىڭ شەھەرنى ئېلىپ لۈي بۇ بىلەن جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، چېن گۇڭ ساۋ ساۋۇنى ئۆلتۈرۈشكە قول سالماقچى بولۇپ، بىردىنلا: «توختا، مەن ئەلنى دەپ بۇنىڭغا ئەگىشىپ بۇ يەرگە كەلدىم، ئۆلتۈرۈۋەتسەم نامەردلىك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە بۇنى تاشلاپ، باشقا بىر جايغا كېتەي!» دەپ ئويلىدى - دە، قىلىچىنى غىلىپىغا سېلىپ ئاتلىنىپ تاڭ ئېتىشنى كۈتمەستىنلا يەككە - يېگانە ھالدا دۇڭجۇنگە كېتىپ قالدى. ساۋ ساۋ ئويغىنىپ قارىسا، چېن گۇڭ يوق، ئۇ: «بۇ ئادەم مېنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاپاسىز ئىكەن دېگەن گۇمان بىلەن مېنى تاشلاپ كېتىپتۇ - دە، تېز قوزغىلىشىم كېرەك، بۇ يەردە ئۇزۇن ھايال بولغان ياخشى ئەمەس» دەپ كېچىلەپ يول يۈرۈپ چېنلىيۇغا كەلدى، ئۇ يەردە ئاتىسىنى تېپىپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى ۋە ئائىلىسىدىكى ۋەج - دۇنيا بىلەن پىدائىي لەشكەر توپلاش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ئاتىسى:

— ۋەج - دۇنيايىمىز ئاز، بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولماسمىكىن. بۇ يەردە ۋېي خۇڭ دېگەن ئەقىدىمەن، پاك دىل بىر كىشى بار، ئۇ بايلىقنى دوست تۇتمايدىغان، مەردلىكنى قولدىن بەرمەيدىغان كاتتا باي ئادەم؛ ئەگەر بۇ كىشى ياردەم قولىنى سۇنىدىغان بولسا، بۇ ئىشنى قىلساق بولاتتى، — دېدى.

ساۋ ساۋ مەرىكە ـ سورۇن هازىرلاپ، ۋېي خۇڭنى تەكلىپ قىلدى ۋە:

— هازىر خەن خاندانلىقى ئىگىسىز بولۇپ قالدى، دۇڭ جو هاكىمىيەتنى ئىگىلىۋېلىپ، خاننى خورلاپ خەلققە زىيان يەتكۈزمەكتە، پۈتۈن ئەلدىكىلەر بۇ توغرۇلۇق قاتتىق غەزەپلەنمەكتە. مەن خاندانلىقنى يۆلەشنى تىلەيمەن، ئەپسۇسكى، كۈچۈم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. جانابلىرى سادىق، مەرد زات، شۇڭلاشقا بۇ ئۇلۇغ ئىشقا ئۈزلىرىدىن يارى ـ هەمدەملىك سورايمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— مېنىڭدە ئۇزۇندىن بېرى بۇ نىيەت بار ئىدى، ئەمما بىرەر تەمەردۇ ـ پالۋاننى ئۇچراتمىدىم. سىزدە مۇنداق ئۇلۇغ نىيەت بار ئىكەن، ئائىلەمدىكى پۈتۈن مال ـ مۈلكۈم بىلەن يارى ـ هەمدەم بولۇشقا هازىرمەن، — دېدى ۋېي خۇڭ.

ساۋ ساۋ تولىمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاۋۋال ساختا پەرمان چىقىرىپ، ئەتراپ ـ ئەتراپتىكى ئايماقلارغا يوللىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پىدائىي لەشكەر توپلاشقا كىرىشتى ۋە لەشكەر توپلاش ئۈچۈن «سادىق ـ مەرد» دېگەن سۆز يېزىلغان ئاق ئەلەم قادالدى. بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا كىشىلەر يادا ـ يامغۇردەك توپلاندى.

بىر كۈنى ۋېي بەگلىكىگە قاراشلىق ياڭپىڭ دېگەن جايدىن لې لىن دېگەن بىر كىشى كېلىپ ساۋ ساۋغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋېن چيەن ئىدى. شەنياڭدىكى جۈيلۇ دېگەن جايدىن لى دىيەن دېگەن بىر كىشىمۇ كېلىپ ساۋ ساۋغا قوشۇلدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى مەن چېڭ ئىدى. ساۋ ساۋ

بۇلارنى قوبۇل قىلىپ بارگاھ لەشكەر بېشىلىقىغا تەيىنلىدى.
پېيگۇدىكى جىياۋ دېگەن جايدىن شىيا خۇدۇن دېگەن كىشى كەلدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى يۈەن راڭ ئىدى، ئۇ شىيا خۇيىنىڭ پۇشتى ئىدى؛ كىچىكىدىن تارتىپ نەيزىۋازلىق ـ كالتەكۋازلىقنى ئۆگەنگەن؛ 14 يېشىدىن باشلاپ ئۇستازىدىن لەشكىرىي ماھارەت ئۆگەنگەن. بىراۋ ئۇستازىنى ھاقارەتلەپ قويغىنى ئۈچۈن، ئۇ ئاشۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ باشقا جايغا قاچقانىدى؛ ساۋ ساۋنىڭ لەشكەر توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، بىر تۇغقان ئۇكىسى بىلەن بىللە 1000 دىن تاللانغان يىگىت باشلاپ ساۋ ساۋنىڭ يېنىغا كەلدى.
ئەسلىدە بۇ ئىككىيلەن نەسەب جەھەتتىن ساۋ ساۋغا بۇرادەر بولاتتى. ساۋ ساۋنىڭ ئاتىسى ساۋ سۇڭ شىيا خۇ ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ساۋ ئائىلىسى پەرزەنت قىلىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇلار ئەسلىدە ھەمنەسەب ئىدى. يەنە بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋ ساۋنىڭ ئىنىسى — ساۋ رېن، ساۋ خۇڭلارمۇ ھەرقايسىسى 1000 دىن ئارتۇق لەشكەر باشلاپ ياردەمگە كەلدى. ساۋ رېننىڭ يەنە بىر ئىسمى زى شاۋ، ساۋ خۇڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى ليەن ئىدى. بۇ ئىككىيلەن ئات ئۇستىدە ئوقيا ئېتىشقا ماھىر، لەشكەر ماھارىتىدە كامالەت تاپقانىدى. ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولدى، شۇنىڭ بىلەن يېزىدا لەشكەرلىرىنى مەشىق قىلدۇرۇشقا باشلىدى. ۋېي خۇڭ ئۆزىنىڭ ۋەج ـ دۇنياسىنى چىقىرىپ، كىيىم ـ قۇياق، تۇغ ـ ئەلەملەر ھازىرلاتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن ھەددى ـ ھېسابسىز كىشىلەر ئوزۇق ـ تۈلۈك ئېلىپ كېلىشتى.
بۇ ۋاقىتتا يۈەن شاۋ ساۋ ساۋدىن كەلگەن ساختا پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قول ئاستىدىكى قەلەمدار ۋە ئەلەمدار بەگ ـ سىپاھلارنى يىغدى ـ دە، 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن بوخەيدىن چىقىپ ساۋ ساۋغا قوشۇلۇپ ئىتتىپاق تۈزدى. ساۋ ساۋ يەنە بىر چاقىرىق يېزىپ ھەممە ئايماقلارغا تارقاتتى. چاقىرىقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېقىر ساۋ ساۋلار مەردلىكنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەلگە شۇنى بىلدۈرىمىزكى، دۇڭ جو پۈتۈن ئەلنى ئالداپ، خاندانىمىزنى خاراب قىلىپ، خاقانىمىزنى ئۆلتۈردى؛ سارايىنى پاراكەندە قىلىپ بۇلغىدى، ئەھلى ـ خالايىقنى خورلىدى ۋە ئۆلتۈردى؛ يىرتقۇچ بۆرىلەردەك ۋەھشىيلىك قىلدى، ئۇنىڭ قىلمىش ـ گۇناھى ھەددىدىن ئاشتى! بۈگۈن خاقانىمىزنىڭ مەخپىي پەرمانى بىلەن پىدائىي لەشكەر توپلاپ، ئېلىمىزنى يىرتقۇچلاردىن تازىلاپ، قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بەل باغلىدۇق. خانلىقىمىزغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئاھالىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ھەممە بىرلىكتە قەھر ـ غەزەپلىك يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. چاقىرىقىمىز يېتىپ بارغان ھامان ئىشقا تېز كىرىشىشلىرىنى سورايمىز.

ساۋ ساۋ چاقىرىقنى تارقاتقاندىن كېيىن ئايماق بەگلىرىنىڭ ھەممىسى بۇ چاقىرىققا قوشۇلۇپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى. بۇلار: بىرىنچى لەك لەشكەر ھىماتچى سەركەردىسى، نەنيەن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى يۈەن شۇ؛ ئىككىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، جىجۇ ئايماقبېگى خەن فۇ؛ ئۈچىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، يۈيجۇ ئايماقبېگى كۇڭ جۇ؛ تۆتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، يەنجۇ ئايماقبېگى لىيۇ دەي؛ بەشىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، خېنەن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ كۇاڭ؛ ئالتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، چېنلىيۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ مياۋ؛ يەتتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، دۇڭجۈن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى چياۋ ماۋ؛ سەككىزىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، شەنياڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى يۈەن يى بولدى. توققۇزىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، جىبېينىڭ بېگى باۋشىن بولدى. ئونىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، بەيخەي ئايمىقىنىڭ ھاكىمى كۇڭ

رۇڭ؛ ئون بىرىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، گۇاڭلىڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ چاۋ؛ ئون ئىككىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، شۇيجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى تاۋ چيەن؛ ئون ئۈچىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، شىلياڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ما لىڭ؛ ئون تۆتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، بېيپىڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى گوڭسۇن زەن؛ ئون بەشىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، شاڭراڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ ياڭ؛ ئون ئالتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، ۋۇ چېڭ بېگى، چاڭشا ئايمىقىنىڭ ھاكىمى سۇن جيەن؛ ئون يەتتىنچى لەك لەشكەر سەركەردىسى، جىچېڭ بېگى، بوخەي ئايمىقىنىڭ ھاكىمى يۈن شاۋلاردىن ئىبارەت ئىدى. جايلاردىن كەلگەن لەشكەرلەر سانى ھەر خىل — بەزىلىرى 3 تۈمەن، بەزىلىرى 1 — 2 تۈمەن، بۇلار ئۆزلىرىنىڭ قەلەمدار، ئەلەمدار بەگ - سىپاھلىرىنى ئېلىپ لوياڭغا كەلدى.

بېيپىڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى گوڭسۇن زەن تاللانغان بىرىېرىم تۈمەن لەشكىرىنى ئېلىپ دېجۇ ئايمىقىنىڭ پىڭيۈەن ناھىيىسىدىن ئۆتكەندە يىراقتىكى ئۈجمىزارلىق ئىچىدە سېرىق ئەلەم كۆتۈرگەن بىرنەچچە ئاتلىق كىشىنىڭ ئۆزلىرى ئالدىغا چىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. گوڭسۇن زەن قارىسا ليۇ بېي ئىكەن.

— ئەزىز ئىنىم! بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى گوڭسۇن زەن.

— ئۆتكەندە ئاغىمىز جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن پىڭيۈەن ناھىيىسىگە ئامبال قىلىپ تەيىنلەنگەنىدىم، بۈگۈن لەشكەرلىرى بىلەن بۇ يەردىن ئۆتىدىغان خەۋەرلىرىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە ئالدىلىرىغا چىقتىم، شەھەرگە ئىلتىپات قىلىپ ھاردۇق ئېلىپ كېتىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— بۇلار كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى گوڭسۇن زەن گۇەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈي بىلەن جاڭ فېينى كۆرسىتىپ.
— بۇلار گوەن يۈي، جاڭ فېي بولۇپ، پېقىرلىرى بىلەن قول بېرىشكەن بۇرادەرلىرىم، — دېدى لىيۇ بېي جاۋابەن.
— سىز بىلەن بىرلىكتە سېرىق ياغلىقلىقلارنى تارمار قىلغانلار مۇشۇلارمۇ؟ — دېدى گۇڭسۇن زەن.
— دەل مۇشۇلار، ئاشۇ ئىش مۇشۇ ئىككىيلەننىڭ غەيرىتى بىلەن بولغاندى، — دەپ جاۋاب بەردى لىيۇ بېي.
— بۇلار نېمە مەنسەپ تۇتۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى گۇڭسۇن زەن.
— گوەن يۈي ئاتلىق ئوقياچىلار بېشى، جاڭ فېي پىيادە ئوقياچىلار بېشى، — دېدى لىيۇ بېي.
— قەھرىمانلارنى مۇنداقمۇ ئىشقا سالماي تاشلاپ قويغان بارمۇ؟ ھازىر دۆلەت جۇ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرۇۋاتىدۇ، ئەلدىكى بەگلەر بىرلىكتە ئۇنى يوقىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتىمىز، جانابىڭىزمۇ بۇ ئەرزىمەس مەنسەپتىن كېچىپ، بىز بىلەن بىرلىكتە بۇزۇقلارنى يوقىتىپ، خەن خانلىقىنى قۇتقۇزۇش ئىشىغا كىرىشسىڭىز قانداق؟ — دېدى گۇڭسۇن زەن.
— بىرگە بېرىشنى خالايمەن، — دېدى لىيۇ بېي.
— ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكە قويغان بولسىلا، بۈگۈنكى پالاكەتلەر بولمىغان بولاتتى، — دېدى جاڭ فېي.
— بولار ئىش بولدى، ئەمدى مېڭىشقا تەييارلىق قىلايلى، — دېدى گوەن يۈي.
لىيۇ بېي، گوەن يۈي، جاڭ فېيلار بىرقانچە ئاتلىق كىشىلىرىنى ئېلىپ گۇڭسۇن زەن بىلەن ماڭدى، ساۋ ساۋ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. باشقا جايلاردىكى بەگلەرمۇ ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ، قارارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشتى، بۇ قارارگاھلار بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ 200 چاقىرىمدىن ئۇزاق مۇساپىگە سوزۇلدى. ساۋ ساۋ مال - ۋاران سويغۇزۇپ، بەگلەرنى

كۆتۈۋالدى ۋە ئالدى ـ ئارقىدىكىلەر يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، لەشكىرىي يۈرۈش قىلىش ئۈستىدە كېڭەشتى. ھاكىم ۋاڭ كۇاڭ:

— بۈگۈن مەردلىك يولىغا قەدەم قويۇۋاتىمىز، بۇنىڭغا بىر ئىتتىپاق پاسىبانى تىكلىشىمىز، ھەممىمىز شۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئاندىن لەشكىرىي يۈرۈشنى باشلىشىمىز لازىم، — دېدى.

— يۈەن شاۋ جانابلىرى تۆت ئەجدادى ئۇلۇغ ۋەزىرلەردىن بولغان بىر زات. بۇ جەمەتتىن ئەمەلدار بولغانلار نۇرغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى خەن خانىنىڭ مەشھۇر ۋەزىرىنىڭ پۇشتى، شۇڭا ئۇ ئىتتىپاقىمىزنىڭ پاسىبانى بولۇشقا لايىق، — دېدى ساۋ ساۋ.

يۈەن شاۋ ياق، ياق دەپ تۇرۇۋالسىمۇ، كۆپچىلىك:

— زادى يۈەن شاۋ جانابلىرى بولمىسا بولمايدۇ، — دەپ قاتتىق تۇرۇۋېلىشتى، ئاندىن يۈەن شاۋ ماقۇل كۆردى. ئىككىنچى كۈنى ئۈچ قەۋەتلىك تەخت ـ سۇپا ياسىلىپ، جايلاردىن كەلگەنلەرنىڭ نىشان تۇغلىرى قادالدى، ئۇچىغا ئاق قوتاز قۇيرۇقى جالالىق، سېرىق يالمانلىق ئەلەم تىكلەندى. لەشكىرىي دەستەك، سەركەردىلەرنىڭ تامغىلىرى قويۇلدى. يۈەن شاۋ تەخت سۇپىسىغا تەكلىپ قىلىندى. تەرتىپلىك كىيىنگەن، خەنجەر ئاسقان يۈەن شاۋ ئالىيجاناب، مەردانە قىياپەتتە تەخت ـ سۇپىغا چىقتى، خۇشبۇي ئىسرىق سېلىنىپ، سەجدە قىلىندى. ئىتتىپاق قەسەمنامىسى ئوقۇلدى:

خەن خاندانلىقى بەختسىزلىككە يولۇقتى، خانلىقنىڭ قانۇنى ئۆز كۈچىنى يوقاتتى. قاراقچى دۆڭ جۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆزى بىلگەنچە زىيانكەشلىك قىلدى، زاتى ئالىيلارنى خارلىدى، پۇقراغا رەھىمسىز زۇلۇم سالدى. كەمىنە يۈەن شاۋلار ئەل ـ خاندانلىقىمىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پىدائىي لەشكەر توپلىدۇق ۋە بىرلىكتە ئەلنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا بەل باغلىدۇق. ئىتتىپاقچىلار بىر دىل، بىر نىيەتتە بولىمىز. باشقا نىيەتتە بولمايمىز، ئىتتىپاقىمىزدىن ئايىنغۇچىلارغا ئۆلۈم تەگسۇن، پۇشت ـ ئەۋلادسىز قالسۇن! ئاللا ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھاناتلىرى ئۈستىمىزدە نازىر بولسۇن.

قەسەمنامە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قەسەم قىلىنىپ ئىچىلدى. قەسەمنامە سۆزلىرى مەردلەرچە يېزىلغاچقا، ھەممەيلەن كۆز يېشى قىلىشتى، قان ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن شاۋ تەخت ـ سۇپىدىن چۈشتى. كۆپچىلىك يۈەن شاۋنى يۆلەپ بارگاھ كۇرسىغا ئولتۇرغۇزدى. قالغانلار ئىككى قاتار بويىچە دەرىجە، مەرتىۋىلىرى ۋە ياش قۇرامىغا قاراپ ئورۇن ئېلىشتى. ساۋ ساۋ بىرقانچە قېتىم قەدەھ ئايلاندۇرغاندىن كېيىن:

— بۈگۈن ئىتتىپاقىمىزنىڭ پاسبانىنى تىكلىدۇق، ھەممەيلەن پاسبانىمىزنىڭ ئەمىر ـ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلايلى، ئەلنى بىرلىكتە تىكلەيلى. ھەرگىز كۈچلۈك ـ ئاجىز دەپ رىقابەتلىشىپ يۈرمەيلى، — دېدى.

— مەن ناتىۋان بولساممۇ، — دېدى يۈەن شاۋ، — ھەر بىرلىرىنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئىتتىپاقىمىزنىڭ پاسبانى بولۇپ قالدىم، ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتكەنلەر مۇكاپاتلىنىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر جازالىنىدۇ. ئەلدە قانۇن، لەشكەر ـ قوشۇندا ئىنتىزام بار، ھەممىمىز ئۇنىڭغا رىئايە قىلىپ، خىلاپلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك.

— پەرمانبەردارمىز! — دەپ جاۋاب بەردى كۆپچىلىك بىرلىكتە.

— ئىنىم يۈەن شۇ تەمىناتقا باش نازارەتچى بولسۇن، پۈتۈن

لەشكەر ئوزۇق ـ تۈلۈك بىلەن تەمىنلەنسۇن، تەمىنات ئەسلا يەتمەي قالمىسۇن. يەنە بىر كىشىنىڭ تۇرشاۋۇل بولۇپ، سىشۇي قورۇلغا بېرىپ قورۇلدىكىلەرنى جەڭگە ئۈندىسۇن. قالغانلار مۇھىم يوللارنى ئىگىلەپ، ھەمدەمگە تەخمۇتەخ بولۇپ تۇرسۇن! — دېدى يۈەن شاۋ.

— مەن تۇرشاۋۇل قوشۇنى بىلەن بېرىشنى خالايمەن، — دېدى چاڭشا ھاكىمى سۇن جيەن ئوتتۇرىغا چىقىپ.

— سۇن جيەن باتۇر كىشى، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ.

سۇن جيەن ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن سىشۇي قورۇلغا باستۇرۇپ كەلدى. قورۇلنى ساقلاۋاتقان سەركەردە لوياڭدىكى باش ۋەزىر سارىيىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، جىددىي خەۋەر يەتكۈزدى، دۇڭ جو ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى دېگۈدەك بەزمە ـ مەرىكە بىلەن بەنت بولدى. لى رۇ بۇ جىددىي مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن، دۇڭ جوغا مەلۇم قىلدى. دۇڭ جو چۆچۈپ كەتتى ۋە دەررۇ سەركەردىلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. ۋېنخۇ بېگى لۈي بۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— ئاتا! ھېچ ئەندىشە قىلمىسىلا، سەددىچىنىنىڭ تېشىدىكى بەگلەر مېنىڭ نەزەرىمدە ھېچ نەرسە ئەمەس. مەن قەھرىمان لەشكەرلىرىم بىلەن ھەممىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، پايتەختكە ئاسىمەن، — دېدى.

— لۈي بۇيىم بولغاندىن كېيىن، ياستۇقنى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاپ غەم قىلمايمەن ـ دە، — دېدى دۇڭ جو خۇشال بولۇپ.

سۆز تېخى تۈگە ـ تۈگىمەيلا لۈي بۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر كىشى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— «چۈجىنى قىلىچ بىلەن بوغۇزلامدىكەن؟» لۈي بۇ بەگنى ئاۋارە قىلىشنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. مەن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى خۇددى يانچۇقۇمدىكى نەرسىنى ئالغاندەكلا ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كېلىمەن، — دېدى.

دۇڭ جۇ قارىغۇندى، بۇ ئادەم بويى توققۇز چى، ئارسلان بەستلىك، يۆرە بەللىك، قاپلان باشلىق، مايمۇن دولىلىق گۆەنشىلىق كىشى بولۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئىسمى ـ زاتى خۇا شيۇڭ ئىكەن. دۇڭ جو بۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بەك خۇرسەن بولدى ۋە ئۇنى شىرمەت چەۋەنداز لەشكەر بېشىلىققا تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا ئاتلىق، پىيادە بولۇپ 5 تۈمەن لەشكەر بەردى. ئۇ لى سۇ، خۇ چېن، جاۋ سېنلارنى باشلاپ ياۋغا تاقابىل تۇرۇشقا كېچە ـ كۈندۈزلەپ قورۇلغا قاراپ ماڭدى.

بەگلەردىن جىبېي بېگى باۋ شىن: «سۈن جيەن تۇرشاۋۇل بولدى، ئەمدى بىرىنچى ئەجىر ـ تۆھپە ئۇنىڭ بولۇپ كېتىدىغان بولدى» دەپ ئىچ تارلىقى تۇتتى ـ دە، ئىنىسى باۋ جاڭنى 3000 ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر بىلەن مەخپىي يوسۇندا چىغىر يول ئارقىلىق جەڭگە ئۇندەش ئۇچۇن قورۇلغا ئەۋەتتى. خۇا شيۇڭ 500 چەۋەنداز لەشكەرنى ئېلىپ قورۇلدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ كەلدى ۋە:

— ھەي قاراقچى سەركەردە، قاچماي تۇرۇش! — دەپ توۋلىدى.

باۋ جۇڭ ئالدىراپ چېكىنمەكچى بولۇۋىدى، خۇا شيۇڭ بىر قىلىچ چېپىپ ئۇنى ئاتتىن موللاق ئاتقۇزدى، نۇرغۇن سەركەردە ـ سەرۋازلار تۇتۇلدى. خۇا شيۇڭ باش ۋەزىرنىڭ سارىيىغا خۇش خەۋەر تەرىقىسىدە مەخسۇس چاپارمەن بىلەن باۋ جۇڭنىڭ بېشىنى ئەۋەتتى. دۇڭ جو خۇا شيۇڭنى تۇتۇقلۇققا ئۆستۈردى.

ئەمدى سۈن جيەنگە كەلسەك، ئۇ تۆت سەركەردە بىلەن قورۇلغا قاراپ يول ئالدى. بۇ سەركەردىلەر: بىرىنچىسى، يۇقىرى بېيپىڭدىكى تۈيىنلىق چېڭ پۇ ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى دې مۇ بولۇپ، ئۇ يىلانباشلىق نەيزە ئىشلىتەتتى؛

ئىككىنچىسى، لىڭلىڭلىق خۇاڭ گەي ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى گۇڭ فۇ بولۇپ، پولات يارمە دەستە ئىشلىتەتتى؛ ئۈچىنچىسى، لىڭجىلىق خەن داڭ ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى يى گۇڭ بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن دەستىلىك قىلىچ ئىشلىتەتتى؛ تۆتىنچىسى، فۇچۇەنلىك زۇماۋ ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى دا دۇڭ بولۇپ، ئۇ قوش قىلىچ ئىشلىتەتتى؛ سۇن جيەن ئۈچىسىغا يالتىراپ تۇرغان كۈمۈشتەك قۇياق كىيگەن، بېشىغا قىزىل بوغمىچا چەگكەن، قۇيۇچ قىلىچىنى توغرىسىغا تۇتۇپ ئالا يايلىلىق ئېتىنى مىنگەن هالدا قورۇل ئۈستىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— هەي! يامان ئىشلارغا شېرىك بولغۇچى ئوغرى! بۇرۇنراق ئەل بولماي يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسەن! ؟ — دەپ تىل سالدى.

خۇا شيۇڭنىڭ سول قول سەركەردىسى خۇ جېن 5000 لەشكەر بىلەن قورۇلدىن چۈشۈپ جەڭگە كەلدى. چېن پۇ نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى توپتوغرا خۇ جېنغا ئېتىلدى. بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، چېن پۇ خۇ جېننىڭ بوغۇزىغا نەيزە ئۇرۇپ، ئېتىدىن يىقىتىپ تاشلىدى. سۇن جيەن لەشكەرلىرى بىلەن قورۇل ئالدىغىچە باستۇرۇپ كەلدى. قورۇل ئۈستىدىكىلەر ئوقيا بىلەن تاشنى يامغۇردەك ياغدۇردى. سۇن جيەن لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ لياڭدۇڭغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە يۈەن شاۋغا چاپارمەن ئارقىلىق خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، يۈەن شۇدىن ئاشلىق ـ تۈلۈك ئەۋەتىشنى سورىدى. يۈەن شۇغا:

— سۇن جيەن جياڭدۇڭنىڭ قەهرلىك يولۋۇسى؛ ئەگەر ئۇ لياۋ ياڭنى قولغا ئېلىپ، دۇڭ جونى ئۆلتۈرسە، ئۇ ۋاقىتتا بۆرىنىڭ ئورنىغا يولۋاس قويۇپ قويغان بولىمىز. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئاشلىق بەرمىسەك، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى چوقۇم تارىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى بىرى.
يۈەن شۇ ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، ئۇزۇق ـ تۈلۈك، ئوت ـ بوغۇز بەرمىدى. سۇن جيەن لەشكەرلىرى ئىچىدە ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ كەملىكىدىن قالايمىقانچىلىق يۈز بەردى، ياۋنىڭ ئايغاقچىلىرى بۇ خەۋەرنى قورۇلغا يەتكۈزدى. لى سۇ خۇا شيۇڭغا:
— بۈگۈن كېچە مەن بىر تۈركۈم لەشكەر بىلەن چىغىر يول ئارقىلىق چۈشۈپ سۇن جيەن قوشۇنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېگىش قىلاي، سىلى ئالدى تەرەپكە تېگىش قىلسىلا، شۇنىڭ بىلەن سۇن جيەننى تىرىك قولغا چۈشۈرەلەيمىز، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.
خۇا شيۇڭ قوبۇل كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنىڭ قورسىقىنى ئوبدان تويغۇزۇشقا بۇيرۇدى، كېچىسى قورۇلدىن چۈشۈلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. بۇ كېچىسى ئايدىڭ بولۇپ، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى. سۇن جيەننىڭ قارارگاھىغا كەلگەندە يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، داقا ـ دۇمباق، سۈرەن ـ چۇقان سېلىپ، توپتوغرا بۆسۈپ كىردى. سۇن جيەن ئالدىراپ ـ تەمتىرەپ جابدۇنۇپ، ئاتقا مىنىشىگە خۇا شيۇڭغا دۇچ كەلدى. ئىككىيلەن ئېلىشتى، بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا ئارقا تەرەپتىن لى سۇ لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ـ دە، ھەدەپ ئوت قويۇشقا باشلىدى، سۇن جيەننىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراقا چۈشتى. سەركەردىلەر ئۆز ئالدىغا قوچاقلاشما جەڭ قىلدى، پەقەت زۇماۋلار سۇن جيەن بىلەن بىللە مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشتى. خۇا شيۇڭ ئارقىدىن قوغلىدى. سۇن جيەن ئوقيانى ئېلىپ ئارقىمۇئارقا ئىككى پاي ئوق ئۈزدى، خۇا شيۇڭ داجىپ ئوقتىن قۇتۇلدى. يەنە ئۈچىنچى ئوقنى ئۈزمەكچى بولغاندا بەك كۈچلۈك تارتىۋەتكەنلىكتىن كامالەك سۇنۇپ كەتتى، كامالەكنى تاشلاپ ئاتلىق قېچىشقا توغرا كەلدى. زۇ ماۋ:
— جانابلىرىنىڭ بېشىدىكى قىزىل بوغمىچا ياۋنىڭ

دىققىتىنى جەلپ قىلماقتا، شۇنىڭدىن سىلىنى تونۇۋاتىمەن. ماڭا بەرسىلە، مەن كىيىۋالاي، — دېدى.

سۇن جيەن دەررۇ بوغمىچىسىنى زۇ ماۋغا بېرىپ، زۇ ماۋنىڭ دۇبۇلغىسىنى كىيىۋالدى، بۇلار ئىككى يولغا بۆلۈنۈپ ماڭدى. خۇا شيۇڭ لەشكەرلىرى بېشىغا قىزىل بوغمىچا كىيگەن كىشىنىڭلا ئارقىسىدىن قوغلاۋەردى. سۇن جيەن چىغىر يول بىلەن قېچىپ قۇتۇلدى. خۇا شيۇڭ بەك جىددىي قوغلىغانلىقى ئۈچۈن زۇ ماۋ قىزىل بوغمىچىنى تېخى تامام كۆيۈپ بولمىغان بىر ئۆي تۈۋرۈكىنىڭ ئۈستىگە ئىلىپ قويۇپ، ئۆزى ئورمانزارلىق ئىچىگە مۆكۈۋالدى. خۇا شيۇڭ لەشكەرلىرى ئاي شولىسىدا قىزىل بوغمىچىنى كۆرۈپ تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە قىلدى، يېقىن كېلەلمىدى، ئوقيا بىلەن ئاتقاندىن كېيىن ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىشتى – دە، بېرىپ قىزىل بوغمىچىنى ئالدى. زۇ ماۋ ئورماننىڭ ئارقا تەرىپىدىن چاپ – چاپ قىلىپ كېلىپ قوش قىلىچى بىلەن خۇا شيۇڭنى چاپماقچى بولۇۋىدى، خۇا شيۇڭ نەرە تارتىپ قىلىچ چېپىش بىلەن زۇ ماۋنى ئۆلتۈردى، ئۇنىڭ جەسىتى ئات ئاستىغا يىقىلدى. قىر – چاپ تاڭ ئاتقۇچە داۋام قىلدى، خۇا شيۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن قورۇلغا چىقىۋالدى.

چېن پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭلار سۇن جيەننى ئىزدەپ كۆرۈشتى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى ئىدىتلەپ جايلىشىۋالدى. سۇن جيەن زۇ ماۋدىن ئايرىلغىنىغا بەك قايغۇردى، ئەھۋالنى چاپارمەن ئارقىلىق كېچىلەپ يۈەن شاۋغا مەلۇم قىلدى. يۈەن شاۋ ئىنتايىن ھەيران بولۇپ:

— سۇن جيەننىڭ خۇا شيۇڭ قولىدا يېڭىلىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدىم! — دېدى – دە، بەگلەرنى كېڭەشكە چاقىردى. ھەممەيلەن يېتىپ كېلىشتى. يالغۇز گۇڭسۇن زەنلا كېچىكىپ كەلدى. يۈەن شاۋ بۇلارنى بارگاھقا تەكلىپ قىلىپ كىردى.

ھەممە ئورۇن ئالدى.

— ئالدىنقى كۆنى سەركەردە باۋ شىننىڭ ئىنىسى ئەمرگە ئىتائەت قىلماستىن، ئۆز ئالدىغا يۈرۈش قىلىپ، نەتىجىدە ئۆزى ئۆلۈپ، نۇرغۇن لەشكەرلەرنىڭ تالاپەت بولۇشىغا سەۋەب بولدى. بۈگۈن سۈن جيەن خۇا شيۇڭنىڭ قولىدا يىڭىلىپتۇ. بۇ قوشۇنىمىزنىڭ جاسارىتىنى سۇندۇردى، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى يۈەن شاۋ.

بەگلەرنىڭ ھەممىسى جىم بولۇپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا يۈەن شاۋنىڭ كۆزى گۇڭسۇن زەننىڭ ئارقىسىدا تەئەددى كۆلكىسى بىلەن تۇرغان ئاجايىپ قىياپەتلىك ئۈچ كىشىگە چۈشۈپ قالدى.

— ھاكىم جانابلىرى! ئارقىلىرىدىكىلەر كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاۋ.

— بۇ كىشى ياشلىقىمدىن تارتىپ ھەمياتاق بولغان بۇرادىرىم، پىڭيۈەن ئامبىلى لىيۇ بېي بولىدۇ، — دېدى گۇڭسۇن زەن لىيۇ بېينى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ.

— سېرىق ياغلىقلىقلارنى يوقىتىش سەپىرىگە قاتناشقان لىيۇ بېي دېگەن شۇمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— دەل شۇ كىشى، — دېدى گۇڭسۇن زەن لىيۇ بېينى سالاملىشىپ كۆرۈشۈشكە بۇيرۇدى ۋە لىيۇ بېينىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى ھەمدە ئېگى - تەكتىنى كۆپچىلىككە تەپسىلىي بايان قىلىپ بەردى.

— نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولغىنى ئۈچۈن، ئورۇندۇق كەلتۈرۈڭلار! — دەپ لىيۇ بېينى ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى يۈەن شاۋ.

لىيۇ بېي مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— مەن سىزنىڭ دەرىجە - مەرتىۋىڭىزنى ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ خان ئەۋلادى ئىكەنلىكىڭىزگە ھۆرمەت

بىلدۈرۈۋاتىمەن، — دېدى يۈەن شاۋ.

لىيۇ بېي ئەڭ ئاخىرقى ئورۇندا ئولتۇردى. گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ئارقىدا ھۆرمەت بىلەن ئۆرە تۇردى. شۇ ئەسنادا بىر ئايغاقچى كېلىپ:

— خۇا شيۇڭ چەۋەنداز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قورۇلدىن چۈشۈپ ھاكىم گۇڭسۇن زەننىڭ قىزىل بوغمىچىسىنى خادىغا ئېسىپ قويدى، بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئالدىدا ئاغزىنى بۇزۇپ جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— كىم جەڭگە چىقىدۇ؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاۋ.

يۈەن شۇنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان شىرمەت سەركەردە يۈي شې ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— پېقىر بېرىشنى خالايمەن، — دېدى.

يۈەن شاۋ خۇرسەن بولۇپ يۈي شېنى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي «يۈي شې بىلەن خۇا شيۇڭ ئۈچ مەرتەم ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا، خۇا شيۇڭ يۈي شېنى ئۆلتۈرۈۋەتتى» دېگەن خەۋەر كەلدى. كۆپچىلىك چۆچۈپ كەتتى. ھاكىم خەن پۇ:

— مېنىڭ پەن فېڭ دېگەن بىر باش سەركەردەم بار، ئۇ خۇا شيۇڭنى ئۆلتۈرەلەيدۇ، — دېدى.

يۈەن شاۋ جەڭگە چىقىشقا جىددىي بۇيرۇق بەردى. پەن فېڭ چوڭ پالتىسىنى ئېلىپ ئاتلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن چاپارمەن: «پەن فېڭنىمۇ خۇا شيۇڭ ئۆلتۈردى» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى. كۆپچىلىكنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى.

— ئەپسۇسكى مېنىڭ باش سەركەردەم يەن لياڭ، ۋېن چۇلار بۇ يەردە ئەمەس، بۇلاردىن بىرى بولغان بولسا، خۇا شيۇڭدىن قورقاتتۇقمۇ؟ — دېدى يۈەن شاۋ.

بۇ سۆز تېخى تۈگىمەيلا تاپسىدا بىر كىشى ئۈنلۈك قىلىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— كەمىنە خۋا شيۇڭنىڭ بېشىنى ئېلىپ، بارگاھقا تەقدىم قىلىشقا تەييارمەن! — دېدى.

كۆپچىلىك قارىسا، بويى توققۇز چى، ساقىلى ئىككى چى، يۇمۇق كۆزلۈك، قىيغاچ قاشلىق، يۈزى چىلاندەك، تاۋۇشى جاڭدەك چىقىدىغان بىر ئادەم بارگاھ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ. يۈەن شاۋ:

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— لىيۇ بېيىنىڭ ئىنىسى گۇەن يۈي بولىدۇ، — دېدى گۇڭسۇن زەن.

— مەنسىپى نېمە؟ — دەپ سورىدى يۈەن شاۋ.

— لىيۇ بېيىنىڭكىدە ئاتلىق ئوقياچىلار بېشى، — دەپ تونۇشتۇردى گۇڭسۇن زەن.

يۈەن شۇ كايىغان ھالدا:

— سەن جايلاردىكى بەگلەردە ئالىي سەركەردە يوق دەپ بىزنى ھاقارەتلەۋاتامسەن؟ ئوقياچىلار بېشى تۇرۇقلۇق، مۇنداق كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەۋاتقىنىنى قاراڭلار! ئۇرۇپ قوغلاپ چىقىرىڭلار بۇنى! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ساۋ ساۋ دەررۇ توسۇپ تۇرۇپ:

— جانابلىرى كايىمىسىلا، بۇنچىلىك سۆزنى قىلغۇچى ئادەم بولغاندىكىن، ئۇنىڭدا بىر جاسارەت ـ تەدبىر بولسا كېرەك، جەڭگە چىقىپ باقسۇن، يېڭەلمىسە، جاۋابكارلىقىقا تارتساق كەچلىك قىلمايدۇ، — دېدى.

— بىر ئوقياچىنى مەيدانغا چىقارساق، خۋا شيۇڭ چوقۇم بىزنى مازاق قىلىدۇ، — دېدى يۈەن شاۋ.

— بۇ ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقى سالاپەتلىك كۆرۈنىدۇ. خۋا شيۇڭ ئۇنىڭ ئوقياچى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر مەن غالىب كېلەلمىسەم، كاللام ئېلىنسۇن! —

دېدى گۆھەن يۈي.

ساۋ ساۋ مۇلازىمغا بىر قەدەھ ئىسسىتىلغان مەي ئەكەلدۈرۈپ، گۆھەن يۈيگە تۇتۇشقا بۇيرۇدى ۋە:

— بۇ مەينى ئىچىپ ئاتلىنىڭ، — دېدى.

— مەي تۇرۇپ تۇرسۇن، بېرىپلا كېلىمەن، — دېدى - دە، گۆھەن يۈي بارگاھتىن چىقىپ قىلىچىنى ئېلىپ ئاتلاندى.

بەگلەر قورۇل تېشىدا خۇددى ئاسمان ئاغدۇرۇلۇپ، يەر يېرىلىۋاتقاندەك، تاغلار يىقىلىپ چۇشۇۋاتقاندەك ئەتراپقا ياڭرىغان ناغرا - دۇمباق ئاۋازى، سۈرەن - چۇقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن ھەيران بولۇشتى. خەۋەر ئۇقۇشقا ئادەم چىقارماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئات قوڭغۇرىقى ئاڭلاندى، ئات بارگاھ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. گۆھەن يۈي خۇا شيوڭنىڭ كاللىسىنى يەرگە تاشلىدى، بۇ چاغدا، قەدەھتىكى مەي تېخى سوۋۇمىغانىكەن. بۇ ھەقتە كېيىنكى ئادەملەر گۆھەن يۈينى مەدھىيىلەپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*تۇنجى خىزمەت - ئەجىر يۈر بولدى خالايىققا ئايان،*
*ياڭرىدى قورۇلدا ناغرا، تىترىدى يەرۇ جاھان.*
*توختىتىپ گۆھەن يۈي قەدەھنى، قىلدى باتۇرلۇق ھامان،*
*كەلتۈرۈپ خۇا شيوڭ بېشىنى سوۋۇماستىن مەي شۇ ئان.*

ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇشال بولدى. بۇ ۋاقىتتا ليۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان جاڭ فېي ئوتتۇرىغا چىقىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئاغام خۇا شيوڭنى ئۆلتۈردى، ئەمدى بىز قورۇل ئىچىگە قىرغىن قىلىپ كىرىپ، دۇڭ جونى تۇتماي نېمىگە قاراپ تۇرىمىز؟ — دەپ توۋلىدى.

يۈەن شۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇلۇغ ۋەزىرلەرمۇ ئۆزئارا كەمتەرلىك قىلىۋاتقان يەردە،

www.uyghurkitap.com

سەن ئامبالنىڭ قول ئاستىدىكى بىر سەرۋاز تۇرۇپ، بۇ يەردە نېمە ئۈنچىۋالا ئاتىكاچىلىق قىلىسەن! بۇلارنى بارگاھتىن قوغلاپ چىقىرىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

— ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەنلەر تارتۇقلىنىدۇ، ئېسىلزادە بىلەن ئاددىي كىشى دەپ يۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— جانابىڭىزلار بىر ئامبالغا بۇ قەدەر ئىلتىپاتتا بولىدىكەنسىلەر، ئۇنداق بولسا مەن چىقىپ كېتەي، — دېدى يۈەن شۇ.

— بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن ئۇلۇغ ئىشىمىزدىن كېچەمسىزمۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

گۇڭسۇن زەن ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنى ئۆز قارارگاھىغا ئېلىپ كېتىشكە بۇيرۇدى، ھەممە ئەمەلدارلار تارقىلىپ كېتىشتى. ساۋ ساۋ مەخپىي يوسۇندا شاراب، كالا گۆشى ئەۋەتىپ ئۈچەيلەندىن ھال سورىدى.

يېڭىلگەن خۇا شيۇڭنىڭ لەشكەرلىرى ۋەقەنى قورۇلدىكىلەرگە مەلۇم قىلدى. لى سۇ قورقۇپ كېتىپ، دەرھال دۇڭ جوغا مەلۇمات يوللىدى. دۇڭ جو دەررۇ لى رۇ، لۇي بۇلارنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. لى رۇ:

— بىز ئالىي سەركەردە خۇا شيۇڭدىن ئايرىلىپ قالدۇق، قاراقچىلارنىڭ كۈچى خېلى زور، يۈەن شاۋ ئىتتىپاق پاسبانى ئىكەن. يۈەن شاۋنىڭ تاغىسى يۈەن ۋېي ھازىر مۇشاۋىرلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇ ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشسا، بىزنى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا سالىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئالدىن يوقىتىش لازىم. چوڭ قوشۇنغا ئۆزلىرى باشچىلىق قىلىپ، ياۋنى ئۇجۇقتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرسىلا ئىكەن، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

دۇڭ جۇ بۇنى ماقۇل كۆردى ـ دە، لى جۆ، گۇسىلارنى 500 لەشكەر بىلەن مۇشاۋىر يۈەن ۋېينىڭ ئائىلىسىنى مۇھاسىرە قىلىشقا ئەۋەتتى ۋە قېرى ـ ياش دېمەستىن ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى تامام قىرىپ تاشلىدى، يۈەن ۋېينىڭ كاللىسىنى قورۇلغا ئېسىپ سازايى قىلدۇردى. دۇڭ جۇ 20 تۈمەن لەشكەر باشلاپ ئىككى تارامغا بۆلۈنۈپ سەپەرگە چىقتى: بىر تارامغا لى جۆ، گۇسىلار باش بولۇپ، 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن سىشۈي قورۇلىنى ساقلاپ تۇرۇشقا ئالدىن باردى؛ دۇڭ جۇ ئۆزى 15 تۈمەن لەشكەرنى ئېلىپ لى رۇ، لۈي بۇ، فەن چۇ، جاڭ جىلار بىلەن بىرلىكتە خۇلاۋ قورۇلىنى ساقلاشقا كەلدى. بۇ قورۇل لوياڭدىن 50 چاقىرىم يىرى ئىدى، لەشكەرلەر قورۇلغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دۇڭ جۇ لۈي بۇنى 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن قورۇل ئالدىغا قارارگاھ تىكىشكە ئەۋەتتى. دۇڭ جۇ ئۆزى قورۇلغا ئورۇنلاشتى.

چارلىغۇچىلار ئۇققان خەۋەرلىرىنى چوڭ قارارگاھتىكى يۈەن شاۋغا يەتكۈزدى. يۈەن شاۋ ھەممىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— دۇڭ جۇنىڭ لەشكەرلىرىنى خۇلاۋ قورۇلىغا جايلاشتۇرۇشى، — دېدى ساۋ ساۋ، — بىزنى ئوتتۇرا يولدىن توسۇش ئۈچۈندۇر، بىز لەشكەرلىرىمىزنىڭ يېرىمىنى ياۋ بىلەن جەڭ قىلىشقا چىقىرايلى.

يۈەن شاۋ ۋاڭ كۇاڭ، چياۋ ماۋ، باۋ شىن، يۈەن يى، كۇڭ رۇڭ، جاڭ ياڭ، تاۋ چيەن ۋە گۇڭسۇن زەن دېگەن سەككىز بەگنى خۇلاۋ قورۇلىغا جەڭ قىلىشقا ئەۋەتتى. سەككىز بەگ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ ماڭدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن ئارىلىقتا ھەمدەمدە بولدى. خېنېي ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ كۇاڭ ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلدى. لۈي بۇ 3000 چەۋەنداز لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. ۋاڭ كۇاڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

لەشكەرلىرى سەپ تارتتى، ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ پەركانە ئەلەمىنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ قارىۋىدى، چېچىنى تىككە قىلىپ ئۆرۈپ زەردىن باشلىق كىيگەن، ئۇستىگە شىچۇەنىنىڭ قىزىل گۈللۈك كىمخابىدىن تون كىيگەن، يىرتقۇچ ھايۋان بېشىنىڭ شەكلىدە ئىشلەنگەن زەر قۇياق كىيگەن، بېلىگە شىر سۈرىتى ئىشلەنگەن كەمەر تاقىغان، يېنىغا ئوقيا ئاسقان، قولىغا يالمان تۇتقان، ئويناقشىپ كىشنەپ تۇرغان «قىزىل توشقان» ئاتقا مىنگەن لۈي بۇنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھەقىقەت «ئادەمنىڭ ئېسىلى لۈي بۇ، ئاتنىڭ ئېسىلى ‹قىزىل توشقان›» دېگەنگە لايىق ئىكەن! ۋاڭ كۇاڭ ئارقىغا قاراپ:

— كىم جەڭگە چىقىدۇ؟ — دېدى.

ئارقا تەرەپتىن بىر سەركەردە نەيزىسىنى تەڭلەپ ئات سېلىپ چىقتى، بۇ خېنېيلىق مەشھۇر سەركەردە فاڭ يۈي ئىدى. ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن ئېلىشتى، بەش مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن لۈي بۇ بىر يالمان ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن يىقىتىپ تاشلىدى ۋە يالماننى كۆتۈرۈپ تۇپتوغرا باستۇرۇپ كەلدى. ۋاڭ كۇاڭ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، تەرەپ - تەرەپكە قاچتى. لۈي بۇ ھېچقانداق توسقۇنلۇقسىز ئۇچرىمىغاندەك، گاھ ئۇياققا، گاھ بۇياققا چاپ - چاپ قىلدى، بەختكە يارىشا چياۋ ماۋ، يۈەن يىلەر كېلىپ قېلىپ ۋاڭ كۇاڭنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، لۈي بۇ ئاندىن ئارقىغا ياندى. ئۈچ تارامغا بۆلۈنگەن بەگلەر ئاز - تولا چىقىم تارتتى، ئۇلار 30 چاقىرىم ئارقىغا چېكىنىپ قارارگاھ تىكىپ ئورۇنلاشتى. قالغان بەش تارامغا بۆلۈنگەن لەشكەرمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى، لۈي بۇنىڭ باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوقلۇقى ھەققىدە پاراڭلار بولدى.

بۇلار تازا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرغاندا، بىر سەرۋاز كېلىپ:

— لۈي بۇ بىزنى جەڭگە ئۈندەۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

سەككىز تارامغا بۆلۈپ قويۇلغان بەگلەر تەڭلا ئاتلاندى. لەشكەرلەر سەككىزگە بۆلۈنۈپ، ئىگىز تۆپىلىككە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىراقتىن لۈي بۇنىڭ بىر بۆلەك لەشكەرلىرى كەشتىلىك تۇغلارنى لەپىلدىتىپ باستۇرۇپ كەلدى. شاڭداڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ ياڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە مۇ شۇن نەيزىسىنى تەڭلەپ ئات سىلىپ چىقتى، لۈي بۇ قولىنى كۆتۈرۈشى بىلەنلا مۇ شۇننى ئۆلتۈرۈپ ئات ئاستىغا يىقىتىپ تاشلىدى. ھەممەيلەن چۆچۈپ كەتتى. بەيخەي ئايمىقىنىڭ ھاكىمى كۇڭ ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ۋۇ ئەنگو ئومۇت ئېلىپ ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. لۈي بۇ يالماننى ئوينىتىپ، ئىتنى چاپتۇرۇپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى، ئىككىسى ئون نەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، لۈي بۇ بىر يالمان ئۇرۇپ، ۋۇ ئەنگونىڭ قولىنى كېسىپ تاشلىدى، ئۇ ئومۇتنى تاشلاپ قاچتى، سەككىز تارام لەشكەر تەڭلا چىقىپ ۋۇ ئەنگونى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. لۈي بۇ چېكىندى. بەگلەر قايتىپ قارارگاھقا يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— لۈي بۇ، — دېدى ساۋ ساۋ، — تەڭدىشى يوق باتۇر، 18 تارامنىڭ بەگلىرىنى چاقىرىپ بىرلىكتە كېڭەش قىلىپ، ئوبدان بىر چارە ـ تەدبىر قوللىنىشىمىز لازىم. لۈي بۇنى تۇتۇپلا ئالساق، دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرمەك ھېچ گەپ ئەمەس.

بۇلار دەل مەسلىھەت ئۈستىدە تۇرغان ۋاقىتىدا، لۈي بۇ يەنە لەشكەر باشلاپ كېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. سەككىز تارام بەگلىرى تەڭلا جەڭگە چىقتى، گۇڭسۇن زەن نەيزىسىنى ئېلىپ لۈي بۇ بىلەن ئۆزى ئېلىشتى، بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، گۇڭسۇن زەن يېڭىلىپ قاچتى. لۈي بۇ «قىزىل توشقان» ئىتىنى

چاپتۇرۇپ قوغلىدى. «قىزىل توشقان» كۈنىگە 1000 يول باسىدىغان، شامالغا ئوخشاش چاپىدىغان ئات بولغىنى ئۈچۈن، يېتىشىپ كەلدى. لۈي بۇ يالمانىي كۆتۈرۈپ، گۈكسۈن زەننىڭ ئارقىسىدىن يۈرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا سالماقچى بولۇۋىدى، يان تەرەپتىن ئاچچىقىدىن كۆز چاناقلىرى دۈپدۈگىلەك بولۇپ كەتكەن، تەتۈرىسىگە بۇدۇرلىشىۋالغان ئارسلان ساقاللىق، ئۈزۈن دەستىلىك، يىلانباشلىق نەيزە كۆتۈرگەن بىر پالۋان ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ نەرە تارتىپ:

— ھەي! ئۈچ جەمەتكە قۇل بولغان ئىپلاس، توختا! يەن* لىك جاڭ فېي دېگەن مانا مەن، كۆرۈپ قوي! — دېدى.

لۈي بۇ بۇنى كۆرۈپ گۈكسۈن زەننى تاشلاپ جاڭ فېيغا ئېتىلدى. جاڭ فېي غەيرەتكە كېلىپ لۈي بۇ بىلەن قاتتىق ئېلىشتى، ئەللىك نەچچە مەرتەم ئېلىشتىيۇ، بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. بۇنى كۆرگەن گۈەن يۈي ئېتىنى قامچىلاپ 82 جىڭلىق قارا ئەجدىھا سۈرەتلىك، ئۈزۈن ساپلىق ئەگمەچ قىلىچىنى ئوينىتىپ كېلىپ لۈي بۇنى ئوتتۇرىغا ئالدى، ئۈچ ئاتلىق ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە بولۇپ ئېلىشتى. 30 مەرتەمچە ئېلىشقان بولسىمۇ لۈي بۇنى يېڭەلمىدى، ليۇ بېي ئىككى بىسلىق قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، سېرىق يايلىلىق ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە مەيدانغا كېلىپ ئۇلارغا بولۇشتى. ئۈچەيلەن لۈي بۇنى ئورىۋېلىپ ئايلانما پەنەردەك ئايلىنىپ يۈرۈپ ئېلىشتى. سەككىز تارام لەشكەر بۇنى كۆرۈپ قېتىپ قالدى. لۈي بۇ ئاخىر بەرداشلىق بېرەلمەي يالمانىي ليۇ بېينىڭ يۈزىگە يالغاندىن سانجىدى، ليۇ بېي ئۆزىنى ناھايىتى تېز ياققا ئالدى. لۈي بۇ سەپنى بۇزۇپ چىقىپ، يالمىنىنى تەتۈر تۇتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ قاچتى. ياۋنىڭ قولدىن چىقىپ كېتىشىگە رازى بولمىغان ئۈچەيلەن

---

* يەن — يەن بەگلىك. ھازىر خېبېينىڭ شىمالىي تەرىپى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

ئارقىدىن ئات قويۇپ قوغلىدى. سەككىز تارام لەشكەر بىرلىكتە قىرغىنغا ئۆتتى، ئۇلارنىڭ چاپ - چاپ ئاۋازلىرى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى، لۈي بۇنىڭ لەشكەرلىرى قورۇلغا قاراپ قاچتى. ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار قوغلاپ كەتتى. ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېي ئۈچىنىڭ لۈي بۇ بىلەن ئېلىشقانلىقى ھەققىدە قەدىمكى كىشىلەر مۇنۇ قوشاقنى توقۇغانىدى:

*خان بولۇپ خۇەن، لىڭ ئىرادە بىرلە خەن خاندانىغا،*
*ئەگدى يالقۇنلۇق قۇياش قەد كۈنپېتىش تامانغا.*
*تەختىدىن ئەپ تاشلىدى ياش خاننى دۇڭ جۇ قارا يۈز،*
*چۈشىدە ھەم چۆچۈدى ليۇ شې زەئىپلىك ھالدا.*

*ئەلگە خان پەرمانىنى ساۋ ساۋ جاكار قىلماق ھامان،*
*دەرغەزەپ بولدى جەمئىي بەگلەر يۈرۈش قىلدى شۇئان.*
*خاننى تىكلەپ، ئەلنى تىنچ قىلماققا ئانت ئىچتى شۇدەم،*
*كېڭىشىپ يۈەن شاۋنى قىلدى ئىتتىپاققا پاسبان.*

*يوق ئىدى ۋېن بەگلىكى لۈي بوشېغا تەڭداش كىشى،*
*ھەممىگە مەشھۇر ئىدى باتۇرلۇقى، مەردلىك ئىشى.*
*يالتىراق گويا كۈمۈش ئۈستىدە ۋال - ۋۇل ساۋۇتى،*
*بېشىدا زەردىن ياسالغان قوش قاناتلىق جىغىسى.*

*بېلىدە ئاغزى ئوچۇق ھايۋان سۈرەت مەرمەر كەمەر،*
*چېكىلىپتۇ شۇنچە ئۇز كىمخاب تونىغا كەشتىلەر.*
*چاپسا ئەجدەردەك ئېتىنىڭ پۇتىدىن چىقار تۇمان،*
*يالمىنىڭ شولىسى دەريايۇ سۇلارغا چۈشەر.*

*چىقسا غۇيۇلداپ قورۇلدىن جەڭگە كىم توسقاي بىرىپ؟*
*بەگ - سىپاھلار تىترىشەر يۈرەكلىرى پوك - پوك سىلىپ.*

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەن دىيارلىق جاڭ* يىگىت جەڭ قىلسا مەيدانغا چىقار،
دەستىنىسى ئۇزۇن يىلانباش نەيزىسىنى ئوينىتىپ.

ئارسلانلار ساقىلى بولغاي بۇدۇر زەر يىپىسمان،
ئاچسا دۇگىلەك كۆزلىرىنى چاچرىشار نۇرلار هامان.
كىم يېڭىلگەن - يەڭگىنى هېچ بولمىغاچقا بىر تەرەپ،
نەئرە بىرلە كىردى گۇەن يۇي جەڭگە تاپماستىن ئامان.

پارقىرار ئەجدەر سۇرەت مىسران قىلىچى مىسلى قار،
ياپپېشىل جەڭ تونىنىڭ كېپىنەك سۇرەت كەشتىسى بار.
دەسسىگەن يەردىن ئېتىنىڭ جىن - شاياتۇن قورقۇشار،
دەرغەزەپ بولسا مىگەركىم غەزىپىدىن قان ئاقار.

چىقتى مەرد لىۇ بېي ئېسىل قوش شەمشىرىنى ئوينىتىپ،
هەيۋىتى جەسۇرلۇقى — باتۇرلۇقىنى كۆرسىتىپ.
ئۇچ كىشى ئوراپ تۇتۇشتى كۆپ ئۇزاق مەيدان ئارا،
تەڭ كېلەلمەي قالدى ئاخىر تىغىغا تىغ كۆتۈرۈپ.

تىترىدى ئاسمانۇ يەر سۇرەن - چۇقانلار دەستىدىن،
قورقتى چەرخى — نەشتىرى جەڭنىڭ قىزىق ئوت تەپتىدىن.
تۇگىگەچ لۇي بۇ كۇچى قاچماق ئۇچۇن يول ئىزدىدى،
قورغانى بولغاچ يىراقتا چاپتۇرۇپ ماڭدى ئېتىن.

پەنجە يالمانىنى تەتۇر تۇتتى قولىغا ئۆندىرەپ،
رەڭمۇرەڭ تۇغلار رېتى بۇزۇلدى بولدى هەر تەرەپ.
يورغىغا چۇشتى «قىزىل توشقان» ئېتى تىزگىن سىيرىپ،
باردى ئۇچقاندەك يېتىپ خۇلاۋ قورۇلغا هاسىراپ.

ئۇچەيلەن خۇلاۋ قورۇلى ئاستىغىچە لۇي بۇنى قوغلاپ

* جاڭ — جاڭ فېينى دېمەكچى.

كەلدى. خولاۋ قورۇلي ئۇستىدە كۈنپېتىش شامىلىنىڭ ئۇرۇشى بىلەن لەپىلدەپ تۇرغان يىپەك پۈپۈكلۈك كۆك كۈنلۈك كۆرۈندى. جاڭ فېي:

— بۇ چوقۇم دۇڭ جو! لۈي بۇنى قوغلاشتىن نېمە پايدا چىقىدۇ؟ ئالدى بىلەن دۇڭ جونى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزدىن يوقىتىش لازىم! — دەپ توۋلىدى ـ دە، دۇڭ جونى تۇتۇش ئۈچۈن خولاۋ قورۇلغا ئات سالدى. دەرھەقىقەت:

*ئوغرىنى تۇتماقچى بولساڭ سەركىسىنى تۇت ئاۋۋال،*
*تۈھپە كۆرسەتمەككە لازىم ياخشى ئەرلەر ھەر مەھەل.*

بۇ سەپەردىكى يېڭىش ـ يېڭىلىش ئەھۋالىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## دۆلەت جۇڭنىڭ قاتىللىق قىلىپ، ئالتۇن ئورۇدىنى ئۆرتىۋەتكەنلىكى
## سۇن جيەننىڭ ۋەدىسىدە تۇرماي قاشتاش تامغىنى يوشۇرۇۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ فېي ئېتىنى قويۇۋېتىپ چاپتۇرۇپ قورۇل قوۋۇقى ئالدىغا كەلدى، قوۋۇق ئۈستىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ، تاشلار غۇيۇلداپ، خۇددى مۆلدۈردەك چۈشۈۋاتاتتى. قورۇلغا كىرىشكە كۆزى يەتمىگەن جاڭ فېي شۇئان كەينىگە ياندى. سەككىز بەگ ئەمدى لىيۇ بېي، گۇەن يۈي ۋە جاڭ فېيلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر ــ تۆھپىلىرىنى قۇتلۇقلاپ مەرىكە ــ سورۇن تەييارلىدى ۋە يۈەن شاۋغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپ ئادەم ئەۋەتتى.

يۈەن شاۋ سۇن جيەننى جەڭگە لەشكەر تارتىپ بېرىشقا بۇيرۇدى. سۇن جيەن بۇيرۇقنى ئالدى ــ دە، چېڭ پۇ بىلەن خۇاڭ گەيىنى باشلاپ، ئۇدۇل يۈەن شۇنىڭ قېشىغا باردى ۋە ئۇنىڭدىن ئاغرىنىپ:

— پېقىرنىڭ دۆڭ جو بىلەن ھېچقانداق ئۆچ ــ ئاداۋىتى يوقلۇقى ئۆزلىرىگە مەلۇم، شۇنداق بولسىمۇ بىرىنچىدىن دۆلەتنىڭ يۇرت بۇزدىلارنى تازىلىشىغا كۈچ قوشماقنى ئۈستۈن بىلىپ، ئاندىن قالسا، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ــ ئايمىقىنىڭ ئامان ــ ئېسەنلىكىنى دەپ، ئۆزۈمنى ئوتقا ــ چوغقا ئۇرۇپ،

ئەزىز جېنىمنى ئايىماي، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم؛ بىراق، ئۆزلىرى كىشىلەرنىڭ قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق پىتنە ـ پاساتلىرىغا ئىشىنىپ، پېقىرنى ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە يەم ـ خەشەكتىن قىسىپ، قاراقچىلار ئالدىدا مات قىلدىڭلا، بۇ نېمە قىلغانلىرى، تەقسىر! — دېدى.

يۈەن شۇ ئەندىكىپ، نېمە دېيەرىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى ۋە سۈن جيەندىن كەچۈرۈم سورىغاندەك بولۇپ، ئۆسەك تارقاتقانلارنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى بۇيرۇدى.

شۇ ئارىدا بىر مەلۇماتچى كىرىپ، سۈن جيەنگە:

— بېگىم، قارارگاھىمىزغا قورۇلدىن بىر ئاتلىق سەركەردە كەپتۇ، جانابلىرى بىلەن كۆرۈشكۈدەك، — دەپ مەلۇم قىلدى.

سۈن جيەن ئاڭلاپ، يۈەن شۇ بىلەن خوشلاشتى ـ دە، دەرھال قارارگاھقا قايتىپ كەلدى، قارىغۇدەك بولسا، بۇ كىشى دۇڭ جۇنىڭ خاس پالۋانى لى جۆ ئىكەن.

— خوش، تەقسىر، سىز بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى سۈن جيەن.

— باش ۋەزىر سىزنى ھەممىدىن بەك ئىسرىكەيدۇ. باش ۋەزىرنىڭ بىر قىزى بار، جانابىڭىزنىڭ ئوغلىغا بەرسەم دەپ كۆپ ئارزۇ قىلىدۇ، شۇ ۋەجىدىن پېقىرنى ئەتەي ئالدىڭىزغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، — دېدى لى جۆ.

— دۇڭ جو بولسا تەڭرىگە يات يول تۇتۇپ، خاندانلىقنى ۋەيرانچىلىققا سالدى، مەن ئۇنىڭ يەتمىش پۇشتىنى قۇرۇتۇش بىلەن ئەلگە جاۋاب قايتۇرىمەن، دەپ يۈرگەن ئەر تۇرسام، ئاشۇنداق يۈرت بۇزدى ئوغرى بىلەن قۇدىلىشىمەنمۇ! خەپ، بۇ دورەم بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم، تېز بېرىپ غوجاڭغا ئېيت، بۇ يۇرتنى بىزگە تاپشۇرسا تاپشۇرغاي! بولمىسا تېرەڭنى تەتۈر سويۇپ، تېنىڭنى قىيما ـ چىيما قىلىمەن! — دېدى سۈن جيەن ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لى جۇ شۇ يەردىن پايپاسلاپ بېرىپ، دۇڭ جۇغا سۈن جيەننىڭ قانچىلىك ئەدەپسىزلىك قىلغانلىقىنى ئېيتتى. دۇڭ جۇ ئەلىمگە چىدىماي، لى رۇدىن مەسلىھەت سورىدى. لى رۇ:

— ئەي تەقسىر، لۈي بۇ جەڭدە يېڭىلا يېڭىلدى، لەشكەرلەرنىڭ جەڭ قىلغۇچىلىك ھالى يوق. يېقىندىن بۇيان كوچىدا: «كۈنپېتىشتا بىر خانلىق، كۈنچىقىشتا بىر خانلىق، كىرسە چاڭئەنگە بۇغا، شۇندا بولۇر ئامانلىق» دېگەن بىر قوشاق ئېيتىلىپ يۈرۈپتۇ، بىز بۇ قوشاقنىڭ تېگىگە يېتىپ، لەشكەرلىرىمىزنى ئېلىپ لوياڭغا قايتىپ بېرىپ، ئۇلۇغ ئوردىنى چاڭئەنگە يۆتكىمىكىمىز كېرەك. كەمىنە قۇللىرىنىڭ خىيالىچە، «كۈنپېتىشتا بىر خانلىق» دېگەن سۆز گاۋزۇ خاننىڭ پايتەختىنى كۈنپېتىشتىكى چاڭئەن شەھىرىدە قۇرۇپ، 12 بوغۇنغىچە خانلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «كۈنچىقىشتا بىر خانلىق» دېگەن سۆز گۇاڭ ۋۇ خاننىڭ پايتەختىنى كۈنچىقىشتىكى لوياڭ شەھىرىدە قۇرۇپ، ئۇنىڭمۇ 12 بوغۇنغىچە خانلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تەقدىر پېشانە بىر يەردىن چىقتى دېگەن مانا شۇ. دېمەككى، يولنى چاڭئەنگە تارتقۇلۇق، شۇنىڭدىلا بېشىمىز ئوڭشىلىدۇ، — دېدى.

دۇڭ جۇغا بۇ مەسلىھەت يېقىپ كېتىپ:

— سىز دېمىسىڭىز ھەرگىز بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى خوشلۇقىدا.

دۇڭ جۇ ئەمدى پايتەختنى چاڭئەنگە يۆتكەش توغرىسىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، لۈي بۇ بىلەن لوياڭغا قايتتى، لوياڭغا قايتىپ كېلىپ، ئەلەمدار ـ قەلەمدار بەگلەرنى ئوردىغا چاقىردى ۋە ئۇلارغا:

— خەن خاندانلىقىنىڭ كۈنچىقىشتا لوياڭنى پايتەخت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغا 200 يىلدىن ئارتىپتۇ. ئەمدى بۇ شەھەرنىڭ تەقدىر ـ قىسمىتى ئاخىرلىشىپ قالدى. مېنىڭچە نۇسرەت

چاڭئەن شەھىرىگە كۆچتى. پېقىر ھەزرىتى خاننى ئېلىپ، چاڭئەن شەھىرىگە شاھانە سەپەر قىلماقچىمەن، ھەممىڭىزلار تەخ بولۇپ، سەپەرگە ھازىر بولغايسىزلەر، — دېدى.

— شۇ كۈنلەردە، — دەپ سۆز ئاچتى ۋەزىر ياڭ بياۋ، — گوەن جوڭ ۋەيران بولماقتا. ئەگەر بىز خان - سۇلتانلىرىمىزنىڭ مەقبەرە - مەبۇتلىرىنى تاشلاپ باشقا ياقلارغا كېتىپ قالساق، ئەل - خالايىق ئەنسىرەككە چۈشۈپ، جاھان مالىمان بولۇپ كېتەرمىكىن. جاھاننىڭ بۇزۇلمىقى ئاسان، تۈزۈلمىكى تەس. جانابلىرىنىڭ ئويلاپ كۆرۈشىنى سورايمەن.

— سىز ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشىغا كاشىلا سالاي دەۋاتامسىز! — دېدى دۇڭ جۇ ئاچچىقى بىلەن.

— ياڭ ۋەزىرنىڭ دېگەنلىرى ھەق راست. بۇرۇنىسىدا ۋاڭ ماڭ دېگەن ئادەم خاندانلىقتىن يۈز ئۆرۈگەن ۋە گېڭ سىنىڭ قىزىل قاشلىقلىرى زامانىدا چاڭئەنگە ئوت قويۇۋېتىپ، پۈتۈن شەھەرنى تۈپتالاس قىلىۋەتكەنىكەن؛ ئەل - خالايىق سەرسان بولۇپ، 100 ئادەمدىن بىر - ئىككىسىلا قاپتىكەن. بۈگۈن بىزمۇ ئۇلۇغ ئوردىنى تاشلاپ، بىر خارابىلىككە كېتىپ قالساق، توغرا بولماسمىكىن، — دېدى ئەمىر خۇەن ۋەن.

— گوەن دۇڭ قاراقچىلىرى يەنە قوزغىلىپ، جاھاننى مالىمان قىلغىلى تۇرۇپتۇ. چاڭئەندە شياۋ خەن دېگەن بىر ھاڭ ئېغىز بار، بۇ ھاڭدىن قاراقچىلارنىڭ ئۆتمىكى ئاسان ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە چاڭئەنگە يېقىنراق بولغان لوڭيۇۋ دېگەن يەردە ياغاچ - تاش، خىش - كېسەك دېگەن بار نەرسە، ئوردا - سارايى سالىمىز دېسەك، بىر ئايغا قالمايلا پۈتتۈرۈپ كەتكىلى بولىدۇ. بەس، ئەمدى قۇرۇق گەپ-سۆزلەرنى قويۇڭلار، — دېدى دۇڭ جۇ.

— ۋەزىر بېگىم، ئەگەر پايتەختنى يۆتكەيمىز دەيدىكەنمىز، ئەل تەۋرەپ كېتىدۇ، — دېدى ۋەزىر شۈن شۇاڭ مەسلىھەتكە تىلىنى ئېچىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مەن جاھاننىڭ غېمىنى يەۋاتىمەن، قارا بۇدۇنلەر بىلەن كارىم يوق! — دېدى ۋارقىراپ دۇڭ جۇ جەھلى بىلەن.

غەزەپكە كەلگەن دۇڭ جۇ شۇ كۈنىلا ياڭ بياۋ، خۇاڭ ۋەن، شۈن شۇاڭلارنى ئەمەلىدىن ئېلىپ تاشلاپ، قارا بۇدۇن قىلىپ قويدى.

دۇڭ جۇ ھارۋىغا چىقتى، شۇئان كۆردىكى، ئالدىدىن ئىككى ئادەم ھارۋا تەرەپكە قاراپ سالام بېرىۋېتىپتۇ، سىنچىلاپ قارىسا، بۇ ئىككى ئادەم مىرزىبەگ جۇ بى بىلەن قوۋۇق لەشكەر بېشى ۋۇ چيۇڭ ئىكەن.

— ھە، نېمە گېپىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ.

— ئىشتىنشىمىزچە، ۋەزىر ئەزەم پايتەختنى چاڭئەنگە يۆتكىمەكچى بوپتۇمىش، بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، مەسلىھەت بېرىپ بېقىش نىيىتىم بىلەن ھۇزۇرلىرىغا كېلىپ قالدىم، تەقسىر، — دېدى جۇ بى.

— مەن، — دېدى دۇڭ جۇ غەزەپ بىلەن، — سىلەر ئىككىڭلارنىڭ يۈەن شاۋنى قوللايدىغانلىقىڭلارنى ئاللىبۇرۇن ئاڭلىغان؛ مانا ئەمدى يۈەن شاۋ يۈز ئۆرۈپ، ئىسيان قىلغىنىنى كۆتۈردى، دېمەككى، سىلەرمۇ شۇنىڭ بىلەن بىر!

دۇڭ جۇ جاللاتلارغا ئۇلارنى ئوردا قوۋۇقىدىن ئاچىقىپ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى.

ئەمدى ئاشۇ بىر - ئىككى كۈننىڭ ئارىلىقىدا پايتەختنى يۆتكەپ، يولغا چىقىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

— ھازىر، — دەپ سۆز ئاچتى ئەقىل كۆرسىتىپ لى رۇ، — ئاشلىق ۋە پۇل - مېلىمىز كەمچىل، لوياڭ شەھرىدە باي كۆپ، ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىنى ئېلىپ پاشالىققا ئۆتكۈزمىكىمىز لازىم. يۈەن شاۋغا قاراشلىق بولغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ، مال - مۈلكىنى تارتىۋالماق كېرەك، مانا شۇ چاغدا تۈگىمەس - پۈتمەس دۇنياغا

ئىگە بولىمىز.

دۇڭ جۇ 5000 ئاتلىق لەشكەر چىقىرىپ، لوياڭنىڭ جىمى بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن بىرنەچچە مىڭ باينى تۇتقۇزۇپ كەلدى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرىغا «خانلىققا يانغان بۇزۇقلار» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ئەلەملەرنى قادىتىپ، شەھەرنىڭ سىرتىغا ئالدۇرۇپ چىقىپ، بىر - بىردىن كاللىسىنى ئالدۇردى. پۇل - ماللىرىنى تارتىۋالدى. لى جۆ بىلەن گو سى لوياڭدىن نەچچە يۈز تۈمەن ئاھالىنى ھەيدەپ چاڭئەنگە ئېلىپ ماڭدى. ئاھالىنىڭ ھەربىر قاتىرىغا بىر قوردىن لەشكەر قىستۇرۇلدى، لەشكەرلەر ئاھالىنى ئىتتىرىپ - سوقۇپ ھەيدەپ باراتتى؛ يول ئۈستىدە جىلغا - جىرالارغا يىقىلىپ سان - ساناقسىز ئادەم ئۆلۈپ كەتتى. لەشكەرلەرنى خوتۇن - قىزلارغا باسقۇنچىلىق قىلىش، پۇقرالارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكىنى بۇلاشقا قويۇپ بېرىشتى؛ ئەلنىڭ يىغا - زارى، نالە - پەريادى زېمىننى قاپلاپ، ئالەمنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، يولدا ماڭالماي كەينىدە سۆرىلىپ قالغانلارنى ئارقىدىن 3000 چېرىك ئۇرۇپ - چېپىپ، دەھشەت بىلەن ھەيدەپ ماڭدى. دۇڭ جۇ يولغا چىقىش ئالدىدا، ھەرقايسى قوۋۇققا ئوت قويۇشنى بۇيرۇدى، چېرىكلەر ئاھالىنىڭ ئۆي - جايلىرىغا تامامەن ئوت قويۇۋەتتى، خانلىق ئىبادەتخانا ۋە ئوردا - سارايلارنىمۇ ئۆرتىۋەتتى. ئاستىن ئوردا بىلەن ئۈستۈن ئوردىدىن كۆتۈرۈلگەن يالقۇن بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتتى؛ پاراغەت سارىيى كۆيۈپ بىر دۆۋە كۈلگە ئايلىنىپ قالدى. دۇڭ جۇ يەنە لۈي بۇنى بۇرۇنقى خان - شاھلارنىڭ ۋە خانىش - ئاغىچىلارنىڭ مەقبەرىلىرىنى قېزىپ - چۇۋۇپ ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى يىغىپ چىقىشقا بۇيرۇدى. لەشكەرلەرمۇ بۇ دوقالنى غەنىيمەت بىلىپ، ئۆلۈپ كەتكەن بەگ - سىپاھلار بىلەن پۇقرالارنىڭ قەبرە - يەرلىكلىرىنى قېزىپ - ئاختۇرۇپ ھېچنېمىسىنى قويمىدى. دۇڭ جۇ نەچچە مىڭ

هارۋىغا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، تاۋار ـ دۇردۇنغا ئوخشاش ئېغىر ماللارنى باستۇرۇپ، خان بىلەن خانىش ئايىمنى ھەم باشقا ئاغىچا ـ خېنىم ۋە بەگ ـ غوجاملارنى زورمۇزور ئېلىپ، چاڭئەن شەھىرىگە راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى دۇڭ جۇنلىڭ جاۋ سىن دېگەن پالۋاندىن ئاڭلاڭ. ئۇ دۇڭ جۇنلىڭ لوياڭ شەھىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانلىقىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، دەرھال سى شۈي قورۇلىنى سۇن جيەنگە تەقدىم قىلدى. ئالدى بىلەن سۇن جيەن لەشكىرىنى قورۇلغا باشلاپ كىردى. ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار خۇلاۋ قورۇلىغا بېسىپ كىردى، بەگلەرمۇ لەشكەرلىرى بىلەن كىردى.

سۇن جيەنگە كەلسەك، ئۇ ئەمدى لوياڭغا قاراپ ئات قويدى، يىراقتىن كۆردىكى، ئاسماندا ئوت يېلىنجاپ، يەر ـ جاھاننى قاپقارا ئىس ـ تۈتەك باسقاندى، 200 — 300 چاقىرىم يەرگە بارغۇچە ئىنسى ـ جىننى كۆرگىلى بولمايتتى؛ سۇن جيەن ئالدى بىلەن ئۆز لەشكەرلىرىنى ئوت ئۆچۈرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئاندىن بەگلەرنى لەشكەرلىرىنى چۆلگە جايلاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

بۇ چاغدا ساۋ ساۋ كېلىپ يۈەن شاۋغا دېدى:

— دۇڭ جۇ دېگەن ئوغرى كۈنپېتىشقا مېڭىپتۇ، بۇ شۇنداق ياخشى پۇرسەتكى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ بېرىپ، ئەدىبىنى بېرىشىمىز كېرەك ئىدى؛ بىراق جانابىڭىز تېخىچە قىمىرلىماي يېتىپسىز، بۇ قانداق بولغىنى؟

— لەشكەرلەر چارچاپ ھالسىزدى، قوغلىشىپ پايدا ئالالمىدۇقكىن دەيمەن، — دېدى يۈەن شاۋ جاۋابەن.

— ئوغرى دۇڭ جۇ ئۇلۇغ ئوردىنى ئۆرتىۋېتىپ، خان ھەزرەتلىرىنى ئەپقېچىپتۇ، شۇ تاپتا جاھان زىلزىلىگە كېپكەتتى، ئىشىنىڭ ئايىغى نەدىن چىقاركىن: قارىغاندا ئالەم مالەم

بولىدىغاندەك تۇرىدۇ، مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە يا نېرى، يا بېرى بولىدۇ. بەگلىرىمىز نېمىشقا تەۋرىمەي ياتىدىكىن؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇ ئىشقا يېڭىلتەكلىك قىلغىلى بولماس، — دېدى بىر ئېغىزدىن بەگلەر.

— بۇ كارغا يارىماسلار بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ! — دېدى ساۋ ساۋ ئاچچىقى بىلەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ، شيا خۇدۇن، شيا خۇيۇەن، ساۋ رېن، ساۋ خۇڭ، لى دىيەن، لې جىنلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ، كېچىلەپ دۇڭ جۇنى قوغلىشىپ ماڭدى.

ئەمدى گەپنى دۇڭ جۇدىن ئاڭلاڭ. دۇڭ جۇ مېڭىپ - مېڭىپ شىڭياڭ ئايمىقىغا يېتىپ كەلدى. ھاكىم شۇي رۇڭ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

— ۋەزىر بېگىم، — دەپ مەسلىھەتكە تىلىنى ئاچتى لى رۇ، — لوياڭنى يېڭىلا تاشلاپ چىقتۇق، ئارقىمىزدىن بىراۋلار قوغلىشىپ كېلىپ قالمىسۇن. شۇي رۇڭغا شۇنداق بۇيرۇق قىلايلىكى، ئۇ شىڭياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى ئېدىرغانلىقا لەشكەر مۆكتۈرۈپ قويسۇن؛ ئەگەر قوغلاشقۇچىلار كېلىپ قالسا، گەپ قىلماي ئۆتكۈزۈۋەتسۇن؛ بىز بۇ يەردە توسۇپ تۇرۇپ، ئۇلار يەڭگەندىن كېيىن، ئاندىن چىقىپ چاپ - چاپقا ئۆتسۇن، ئەنە شۇ چاغدا ھېچكىم بىزنى قوغلىشىپ كېلەلمەيدۇ.

دۇڭ جۇ بۇ مەسلىھەتكە كۆندى ۋە لۈي بۇغا خىل لەشكەر بىلەن ئارقىدىن تىزگىنلەپ مېڭىشنى بۇيرۇدى. لۈي بۇ لەشكەر بىلەن كېتىۋاتاتتى، بىردىنلا ئۇلارنى قوغلىشىپ كېلىۋاتقان ساۋ ساۋ يېتىپ كېلىپ قالدى.

— بەللى، دەل لى رۇنىڭ دېگىنىدەك بولدى! — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ لۈي بۇ ۋە دەرھال لەشكىرىنى يېيىپ سەپكە

www.uyghurkitap.com

تىنزدى.

— هاي ئاسىيلار، — دەپ ۋارقىرىدى ساۋ ساۋ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ، — خاننى ئەپقېچىپ، پۇقرالارنى كۆچۈرۈپ نەگە بارماقچىسىلەر؟

— ھەي دەيۈز، نېمە ۋالاقشىيسەن! — دېدى ئاغزىنى بۇزۇپ لۈي بۇ.

شىيا خۇدۇن نەيزىسىنى تىككىسىگە كۆتۈرگىنىچە ئېتىنى چاپتۇرۇپ لۈي بۇغا ئېتىلدى. ئىككىسى بىرنەچچە مەرتىۋە ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا، لى جۆ بىر توپ لەشكەرنى باشلاپ، سول ياقتىن قىر ـ چاپ قىلىپ كەلدى، ساۋ ساۋ شۇئان شا خۇيۈەننى تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئارقىدىنلا ئوڭ ياقتىنمۇ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، گۇسى بىر توپ لەشكەر بىلەن باستۇرۇپ كەلدى، ساۋ ساۋ دەرھال ساۋ رېننى تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۈچ ياقتىن بېسىپ كەلگەن بۇ لەشكەرگە تەڭ كەلمەك تەس گەپ ئىدى. شىيا خۇدۇن لۈي بۇغا تەڭ كېلەلمەي، ئۆز سېپىگە قاراپ قۇيرۇقنى تىكتى. لۈي بۇ ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ كەينىدىن سۈرۈپ كەلدى، ساۋ ساۋ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلىپ، شىگياڭغا چېكىندى. ئەلياتقۇ مەھەلدە بىر قاقاس تاغنىڭ تۆۋىگە يېتىپ كەلدى، ئايدىڭ كېچە سۈتتەك يورۇق ئىدى. ئۇلار قالغان ـ قاتقان لەشكەرلەرنى يىغىپ ـ تېرىپ، ئەمدىلا قازان ـ قومۇچ ئاسماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، شۈي رۇڭ مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەرلەر تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئېتىلىپ چىقتى. ساۋ ساۋ ئالمان ـ تالمان ئېتىنى قامچىلاپ، بەدەر قاچتى، شۈي رۇڭغا يولۇقۇپ قېلىپ، غاچچىدە كەينىگە بۇرۇلدى. شۈي رۇڭ ياسىغا ئوقنى سېلىپ بىر ئېتىۋىدى، ئوق ۋىژىلداپ كېلىپ، دەل ساۋ ساۋنىڭ يەلكىسىگە تەگدى. ساۋ ساۋ يەلكىسىدىكى ئوق بىلەن قاچقىنىچە بىر دۆمبەلچەكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتتى. كۆكتاتلار ئىچىگە

مۆكۇنۇۋالغان ئىككى لەشكەر ئاتلىق كېلىۋاتقان ساۋ ساۋنى كۆردى ـ دە، ئىككىسى تەڭلا نەيزە ئاتتى، ساۋ ساۋنىڭ ئېتىغا نەيزە تېگىپ گۇپ قىلىپ يىقىلدى، ئۆزى بولسا ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى، ھېلىقى ئىككى لەشكەر ساۋ ساۋنى تىرىك تۇتۇۋالدى. شۇ ئارىدا بىر پالۋان ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىپ، بۇ ئىككى لەشكەرنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى، ئاندىن ئاتتىن چۈشۈپ، ساۋ ساۋنى قۇتقۇزدى. ساۋ ساۋ قارىسا، بۇ ساۋ خۇڭ ئىكەن.

— مەن مۇشۇ يەردە ئۆلەي، سەن بۇ يەردىن تېز كەتكىن، ئەزىز ئىنىم! — دېدى ساۋ ساۋ.

— تېز بولۇڭ، ئاغا، ئاتقا مىنىڭ! مەن پىيادە مېڭىۋېرىمەن، — دېدى ساۋ خۇڭ.

— قاراقچىلارنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قالسا قانداق قىلىسەن، ئىنىم؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— جاھاندا مەندەك بىر ئادەم بولمىسا ھېچقىسى يوق، سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ، ئاغا، — دېدى ساۋ خۇڭ.

— ئەگەر مەن ئامان قالسام، سېنىڭ تۆھپەڭ بولىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە دەرھال ئاتقا مىندى، ساۋ خۇڭ دۇبۇلغا ـ قۇياقلىرىنى سېلىۋېتىپ، قىلىچىنى تۇتقان پېتى ئاتنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئالاھەزەل باش توخۇدىن سەل ئۆتكەن بىر چاغدا، بىر چوڭ دەريانىڭ ئالدىغا كېلىپ تاقىلىپ قالدى، ئارقىدىن چۇقان سېلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

— مېنىڭ كۆرىدىغان كۈنۈم مۇشۇ يەرگىچە ئوخشايدۇ، ئەمدى بۇ جاندىن ئۈمىد قالمىدى! — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ خۇڭ ئۇنى ئىتتىك ئاتتىن چۈشۈرۈپ، ئۈستىدىكى قۇياق ـ چاپىنىنى سالدۇردى ـ دە، يۆلەپ سۇدىن ئۆتكۈزۈشكە ئېلىپ ماڭدى. ئەمدىلا قىرغاققا يېتىپ بارغاندا، قوغلىشىپ كەلگەن لەشكەرلەر يېتىپ كېلىپ قېلىپ، دەريانىڭ نېرىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىدىن ئوقيادىن ئوق ئاتقىلى تۇردى. ساۋ ساۋ ئۇستۇپشى ھۆل پېتى ماڭدى. تاڭ يورۇي دېگەن چاغدا يەنە ئوتتۇز نەچچە چاقىرىمچە يول مېڭىپ، بىر داۋاننىڭ تۆۋىگە كېلىپ ھاردۇق ئالدى. توساتتىن بىر چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، بىر توپ لەشكەر يېتىپ كەلدى. بۇ دەريانىڭ يۇقىرىقى ئېقىمىدىكى بىر كېچىكتىن ئۆتۈپ باستۇرۇپ كېلىۋاتقان شۈي رۇڭ ئىدى. ساۋ ساۋ تازا ھودۇقۇپ تۇرغان بىر پەيتتە، شيا خۇدۇن بىلەن شيا خۇيۈەن 30 — 40 ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ كەلدى ۋە:

— ھاي شۈي رۇڭ، ئىگىمىزگە قول تەگكۈزمە! — دەپ ۋارقىرىدى.

شۈي رۇڭ شيا خۇدۇنغا قاراپ ئېتىلدى، شيا خۇدۇن نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىلى كەلدى. ئۇلار بىرقانچە مەرتەم ئېلىشتى، شيا خۇدۇن شۈي رۇڭنى بىر نەيزە ئۇرۇپ ئاتتىن چۈشۈردى، قالغان لەشكەرلىرىنى قىر - چاپ قىلىپ، تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. كېيىن ساۋ رېن، لى دىيەن، لى جىڭلارمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى، ئۇلار ساۋنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئەمدى قالغان - قاتقان ئەسكەرلەرنى جەملەپ، ھەممىسى بىرلىكتە خېنىيغا قايتتى. دۇڭ جۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاڭئەنگە يول ئالدى.

ئەمدى بەگلەرگە كېلەيلى. ئۇلار لوياڭ شەھىرىنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا جايلاشتى. سۈن جيەن ئوردىنىڭ ئىچىدىكى تېخى كۆيۈپ بولمىغان ئوت - يالقۇنلارنى ئۆچۈرتۈپ، لەشكەرلىرىنى شەھەر ئىچىگە جايلاشتۇردى. بارگاھىنى جيەنجاڭدىيەن قەسرىنىڭ ئىزىغا تىكتى. ئۇ لەشكەرلەرنى قەسرنىڭ بۇزۇلغان - كۆيگەن خىش - كېسەكلىرىنى ئادالاشقا بۇيرۇدى. دۇڭ جۇ قازدۇرغان قەبرىستانلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئەتتۇرۇۋەتتى. تەي مياۋ بۇتخانىسىنىڭ ئىزىغا شاخ - شۇمبىدىن ئۈچ ئېغىز ئاددىي دالان سالدۇردى ۋە بەگلەرنى چاقىرىپ،

پىر ـ ئەۋلىيالارنىڭ قازا تاختىسىنى رېتى بويىچە ئورنىتىپ، چوڭ نەزىر ئۆتكۈزدى. نەزىردىن كېيىن ھەممىسى تارقاشتى. سۇن جيەن قارارگاھىغا قايتتى، بۇ چاغدا كۆكتىكى يۇلتۇزلار چىمىرلاپ ئاي بىلەن ھۆسن تالاشماقتا ئىدى. ئۇ ئوچۇقچىلىقتا قىلىچىنى تىكلەپ قويۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا كۆز تىكىپ ئولتۇردى. ئۇ تار ئوق يۇلتۇزنىڭ ئەتراپىـــــنى ئاق تۇمان قاپلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەسرەت بىـلەن كۆڭلىـــــدە: «خان ئالىيلىرىنىڭ يۇلتۇزى ئوچۇق كۆرۈنمەي تۇرىدۇ، بۇزۇق تۆرىلەر ئەلنى قالايمىقانچىلىقتا سېلىپ، پۇقرالارنى ئازاب ـ ئوقۇبەت ئوتىغا تاشلىماقتا، پۈتۈن ئاستانىنـــــى كۆيدۈرۈپ ـ بۇلاپ، قۇپقۇرۇق دەشتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى!» دېدى ـ دە، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققۇزدى.

— قەسىرنىڭ تۆۋىنىدىكى بىر قۇدۇقتىن رەڭگارەڭ نۇرلار چاقناپ تۇرۇپتۇ، بېگىم، — دەپ مەلۇم قىلدى ياندا تۇرغان بىر لەشكەر قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

سۇن جيەن شۇئان لەشكەرلەرنى چاقىردى ۋە ئۇلارنى ئوتقاش يېقىپ، دەرھال قۇدۇققا چۈشۈڭلار دەپ بۇيرۇدى. لەشكەرلەر قۇدۇقتىن بىر ئايال كىشىنىڭ ئۆلۈكىنى ئېلىپ چىقتـــــى. قۇدۇققا تاشلانغىلى خېلى چاغلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن جەسەت تېخى سېسىمىغانىدى؛ ئۇنىڭغا ئوردا خېنىملىرىنىڭ كىيىملىرى كىيگۈزۈلۈپ، بوينىغا بىر كىمخاب خالتا ئېسىپ قويۇلغانىدى. ئېلىپ قارىسا، خالتىنىڭ ئىچىدە ئالتۇن قۇلۇپ سېلىـــنغان قىپقىزىل بىر قۇتا بار ئىكەن، قۇتىنى ئېچىپ قارىسا، ئىچىدە قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن بۇرۇنقى خاندىن قېپقالغان بىر تامغا تۇرۇپتۇ: تامغىنىڭ چوڭلۇقى چاسىسىغا تۆت سۇڭ كېلەتتى، تۇتقۇچىغا چىرمىشىپ كەتكەن بەش ئەجدىھانىــــڭ سۈرىتـــــى چېكىلگەنىدى؛ بىر بۇرجىكى پۇچۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، ئالتۇن بىلەن يەملەپ قويۇلغانىدى؛ ئۇستىگە يۆگىمەچ خەت بىلەن:

«تەڭرىدىن يارلىق ئالغانلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولۇر» دەپ يېزىپ قويۇلغان. سۇن جيەن تامغىنى قولىغا ئېلىپ، چېڭ فۇدىن سورىدى. چېڭ فۇ:

— بۇ بوغۇندىن ـ بوغۇنغا مىراس بولۇپ قالغان دۆلەت ئەڭگۈشتىرى — خاننىڭ قاشتېشى تامغىسى. ئۇل قاشتېشىنى بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بيەن خې دېگەن كىشى جىنشەن تېغىنىڭ تۇۋىدە ئۇچرىتىپتۇ، قارىسا ئۇنىڭغا بىر سۇمۇرغ قونۇپ ئولتۇرغۇدەك، بيەن خې ئۇنى تۇتۇپ دەرھال مەرىپەت شاھى چۇ ۋېن ۋاڭغا تۇتۇپتۇ. ئۇل شاھ تاشنى ئېلىپ قارىسا، دەل بىر قاشتېشى ئىكەن. چىن خاندانلىقىنىڭ 26 ـ يىلى، چىن شىخۇاڭ ئۇنىڭدىن ئۇستا ئويمىكەشلەر تامغا ئويۇپ چىقسۇن، دەپ جاكارلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن لى سى ئۇنىڭ ئۇستىگە بايىقى سۆزلەرنى يۆگىمەچ خەت بىلەن يېزىپ ئويمىكەشلەرگە ئويدۇرۇپتۇ، 28 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ دۇڭتىڭخۇ كۆلىگە ئوۋ ئوۋلاپ چىققىنىدا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، كېمە ئۆرۈلۈپ چۈشكىلى تاس قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن قاشتېشى تامغىنى كۆلگە تاشلاپتىكەن، بوران توختاپ قاپتۇ. 36 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ ئوۋ ئوۋلاپ خۇۋايىڭغا بارغاندا، كوچىدا بۇ تامغىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئادەم خاننىڭ ئادەملىرىگە: «بۇنى خان ئالىيلىرىنىڭ قولىغا تەگكۈزمەكچىمەن» دەپتۇ ـ دە، كۆزدىن غايىب بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تامغا چىن شىخۇاڭنىڭ قولىغا قايتىپ كەپتۇ. 2 ـ يىلى چىن شىخۇاڭ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. كېيىن زى يىڭ بۇ تامغىنى خەن گاۋزۇ خانغا تەقدىم قىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ ماڭ تىيىتنىنى بۇزۇپ ئاسىيلىق قىلغاندا، ۋالىدە خان شاۋ يۈەن ۋاڭ شۇن بىلەن سۇ شەنگە قارىتىپ تامغىنى بىر ئاتقانىكەن، ئۇنىڭ بىر بۇرجىكى سۇنۇپ كېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئالتۇندا يەملەپ قويغانىكەن. گۇاڭ ۋۇخان بۇ ئەڭگۈشتەرگە يىياڭ شەھىرىدە ئېرىشكەندىن كېيىن بۇ تامغا ھازىرغىچە بوغۇندىن ـ

بوغۇنغا ئۆتۈپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىنقى كۈنلەردە ئون مەھرەمىبېگى مالىمان چىقىرىپ، شاۋدى خاننى بىيماڭغا ئەپقاچقانـــكەن، قايتىپ كېلىپ قارىسا، بۇ ئەڭگۈشتەر يوق تۇرغۇدەك. بۇگۈن تەڭرى بۇ ئەڭگۈشتەرنى جانابلىرىغا ھەدىيە قىلىپتۇ، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرىدىغانلىقلىرى چوقۇم بولۇپ قالدى، تەقسىر. بۇ يەردە ئۇزاق تۇرغىلى بولمايدۇ، تېزدىن جياڭدۇڭغا قايتىپ، باشقىدىن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك.

— كۆڭلۈمدىكىدەك گەپلەرنى قىلدىڭىز، بۇرادەر. ئاغرىپ قالدىم دېگەن باھانە بىلەن ئەتىلا قايتايلى، — دېدى سۇن جيەن.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ بولۇپ، بۇ ئىشنىڭ سىرتىغىنى چىقىرىۋەتمەسلىك توغرىسىدا لەشكەرلەرگە ئاستىرتىن جېكىلەپ قويدى.

كىم بىلسۇن، لەشكەرلەرنىڭ بىرى يۈەن شاۋ بىلەن بىر يۇرتلۇق بولغاچقا، ئۇ بىر خىزمەت كۆرسىتىپ، بېگىمنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولمايمەنمۇ، دەپ قارارگاھتىن ئاستاغىـــنا چىقىپ، كېچىلەپ ماڭغان پېتى يۈەن شاۋنىڭ قېشىغا كېلىپ بۇ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. يۈەن شاۋ ئۇنى تارتۇقلاپ، جىم ـ جىملا ئۆز يېنىدىكى لەشكەرلەر ئىچىگە قوشۇپ قويدى. ئەتىسى سۇن جيەن يۈەن شاۋ بىلەن خوشلاشقىلى كېلىپ:

— پېقىر ساقسىز بولۇپ قالدىم، چاڭشاغا قايتسامىمكىن دەيمەن، تەقسىر، شۇ ۋەجىدىن ئالايتەن ئۆزلىرى بىـــلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، — دېدى.

— جانابىڭىزنىڭ ئاغرىقىنى بىلدىم: دۆلەت ئەڭگۈشتىرىگە خىيانەت قىلىش ئاغرىقى بولغان ئوخشايسىز، — دېدى يۈەن شاۋ كۈلۈپ.

— بۇ نەدىكى گەپ؟ — دېدى سۇن جيەن تاتىرىپ.

— ھازىر ئەلنىڭ بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى يوقىتىمىز دەپ، يۇرت بۇزدى ئوغرىلارسېرى لەشكەر تارتىپ جازا يۈرۈشى

قىلىۋاتىمىز. قاشتېشى تامغا بولسا خاندانلىقىمىزنىڭ ئەڭگۈشتىرى، جانابىڭىز ئالغان بولسىڭىز خالايىق ئالدىدا ئىنتىپاق پاسبانىغا تاپشۇرۇڭ، دۆڭ جۇنى يوقاتقاندىن كېيىن خاندانلىقىقا قايتۇرىمىز. ئۇنى يوشۇرۇن ئېلىپ كېتىپ نېمە قىلماقچىسىز؟ — دېدى يۈەن شاۋ.

— نېمىگە ئاساسلىنىپ قاشتېشى تامغىنى مېنىڭكىدە دەيدىلا؟ — دېدى سۈن جيەن.

— جيەنجاڭدىيەن قەسرىنىڭ يېنىدىكى قۇدۇقتىن چىققان نەرسە قېنى؟

— مېنى نېمانچە قىستايدىغاندىلا؟ مەندە بولسا كاشكى؟

— دەرھال چىقار، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن.

— ئەگەر مەن ئۇنى تىقىۋالغان بولسام، خۇدا ئالدىدا قارا يۈز بولۇپ، قىلىچ ئاستىدا ئۆلەي! — دېدى سۈن جيەن ئاسماننى كۆرسىتىپ ئانت ئىچىپ.

— سۈن جيەن بېگىمنىڭ ئانت ئىچكىنىگە قارىغاندا، راستتىنلا ئالمىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى بەگلەر.

يۈەن شاۋ ھېلىقى لەشكەرنى چاقىرتىپ چىقىپ:

— قۇدۇقنى ئاختۇرغاندا بۇ ئادەم بارمىدى؟ — دەپ سورىدى سۈن جيەندىن.

سۈن جيەننىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇردى، ئۇ ئاچچىقىدا شەمشىرىنى شارتتىدا سۇغۇرۇۋېلىپ، بۇ لەشكەرنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى. يۈەن شاۋمۇ خەنجىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ:

— ئەگەر بۇ لەشكەرنى ئۆلتۈرىدىكەنسەن، مېنى ھاقارەت قىلغان بولىسەن، — دېدى زەردە بىلەن.

يۈەن شاۋنىڭ كەينىدە تۇرغان يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇ تەڭلا شەمشەرلىرىنى قىنىدىن چىقاردى. سۈن جيەننىڭ كەينىدە تۇرغان چېڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭلارمۇ قىلىچلىرىنى قولىغا

ئالدى. بەگلەر ئارىغا كىرىپ سۈلھى ـ سالا بىلەن توسۇۋالدى. سۈن جيەن دەرھال ئېتىغا مىنىپ، بارگاھتىن قوزغىلىپ لوياڭغا راۋان بولدى. يۈەن شاۋ غەزەپ چاپىنىنى كىيىپ، دەرھال جىنجۇ ئايماقبېگى ليۇ بياۋغا سۈن جيەننى يول ئۈستىدە توسۇپ، قولىدىكى قاشتېشى تامغىنى تارتىۋېلىڭلار دەپ بىر پارچە خەت يازدى ۋە بۇ خەتنى ئۆزىنىڭ يېقىن بىر ئادىمىدىن كېچىلەپ ماڭغۇزدى.

ئەتىسى ساۋ ساۋ دۇڭ جۇنى قوغلىشىپ بېرىپ، شىڭياڭدا ئۇرۇشۇپ، قاتتىق يېڭىلىپ قايتىپ كەپتۇ دېگەن خەۋەر يېتىپ كەلدى. يۈەن شاۋ ئۇنى قارارگاھقا ئېلىپ كېلىپ، مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ، كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلدى. مەرىكە ـ سورۇن ئۈستىدە ساۋ ساۋ ھەسرەت بىلەن ئاھ ئۇرۇپ:

— مەن ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتنى يوقىتىش ئۈچۈن، ئادالەت قىلىچىنى كۆتۈرۈپ چىقتىم. ھەرقايسىلىرىمۇ ھەققانىيەتنى دەپ بۇ يەرگە جەم بولۇشۇپلا، پېقىر ئۆزۈمنىڭ بۇرۇنقى ئارزۇلىرىمنى دەپ باقاي: پېقىر ئەسلىدە يۈەن شاۋ بېگىم خېنېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ، مېڭجىڭغا بېرىپ تۇرغان بولسا؛ سۈەنزاۋدىكى پالۋانلار چېڭ گاۋنى چىڭ ساقلاپ، ئۇۋساڭنى ئېلىپ، خۇەنيۈەن، تەيگۈلارنى بارگاھ قىلىش بىلەن بۇ يەردىكى مۇھىم ئۆتكەللەرنى تۇتۇپ تۇرغان بولسا؛ يۈەن شۇ بېگىم نەنياڭدىكى لەشكەر بىلەن دەن، شى دېگەن جايلارغا ئورۇنلىشىپ، ۋۇگۈەن قورۇلىغا كىرىپ، جىڭجاۋ، فىڭيۈي، فۇفېڭ دېگەن ئۈچ جايغا ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇرغان بولسا دەپ ئويلىغانىدىم: شۇ جايلاردا تۇرۇپ جەڭگە چىقماي، ياۋنى قايمۇقتۇرۇپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىپ تۇرساق، پۈتۈن ئالەمدە بىر پايدىلىق ۋەزىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، ئاسىيلارنى يوقاتساق، جاھاننى تىنچىتقان بولاتتۇق. بىراق، ھازىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىگى ئادرېسى

يۇرۇش قىلماي، ئەلنى نائۇمىد قويۇپ يېتىشىپلا. يېقىرىنىڭ بۇ ئار ـ نومۇسقا چىدىغۇچىلىكى قالمىدى! — دېدى.

يۇەن شاۋلار نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي جىم ـ جىم ئولتۇرۇپ كېتىشتى، كېيىن ھەممىسى سورۇندىن تارقاشتى. ساۋ ساۋ يۇەن شاۋلارنىڭ كۆڭلى بۆلۈنگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن بىر ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى سەزدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ياڭجۇ ئايمىقىغا راۋان بولدى. گۇڭسۇن زەن، لىيۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارغا قاراپ:

— يۇەن شاۋ بىر بولۇمسىز ئادەم، كېيىن بېرىپ چوقۇم ئاينىپ كېتىدۇ. بىز ھازىرچە قايتىپ تۇرايلى، — دېدى ـ دە، قارارگاھتىن قوزغىلىپ يۇقىرىسىغا يول ئالدى. پىڭيۇەنگە كەلگەندە لىيۇ بېينى پىڭيۇەننىڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۆزى بولسا لەشكەرلەرنى ئارام ئالدۇرۇپ، ئۆز جايىنى ساقلاشقا كەتتى. يەنجۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى لىيۇ دەي دۇڭجۈن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى چياۋ ماۋدىن ئاشلىق سورىدى. چياۋ ماۋ باھانە كۆرسىتىپ ماقۇل كۆرمىگەنلىكتىن، لىيۇ دەي لەشكەرلىرىنى باشلاپ چياۋ ماۋنىڭ قارارگاھىغا تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كىرىپ، چياۋ ماۋنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى پۈتۈنلەي ئەل قىلدى. يۇەن شاۋ ھەممىسىنىڭ تارقىلىپ ئۆزى بىلگەن يولغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قارارگاھىدىن قوزغىلىپ لەشكەرلىرىنى ئالدى ـ دە، لوياڭدىن چىقىپ، تۇيۇقسىز گۇەندۇڭ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى گەپنى جىنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لىيۇ بياۋدىن ئاڭلاڭ. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جىڭ شېڭ، يۇرتى شەنياڭنىڭ گاۋپىڭ دېگەن يېرىدىن، ئۆزى خان جەمەتى؛ كىچىكىدىنلا دوست ـ يار تۇتۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن، يەتتە مەردانىنى ئاغىنە تۇتقان، ئۇلار «جياڭشادىكى سەككىز ئەزىمەت يىگىت» دەپ نام ئالغان. بۇ يەتتە مەردان كىملەر؟ ئۇلار: رۇنەن دىيارىدىن چېن شاڭ،

يەنە بىر ئىسمى جۇڭ لىن؛ ئۇنىڭ بىلەن يۇرتداش فەن پاڭ، يەنە بىر ئىسمى مېڭ بۇ؛ لۇ بەگلىكىدىن كۇڭ يۇ، يەنە بىر ئىسمى شى يۇەن؛ بوخەيدىن فەن كاڭ، يەنە بىر ئىسمى جۇڭ جېن؛ شەنياڭدىن تەن فۇ، يەنە بىر ئىسمى ۋېن يۇ؛ ئۇنىڭ يۇرتدىشى جاڭ جيەن، يەنە بىر ئىسمى يۇەن جې؛ نەنياڭدىن سېن چىن، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ شاۋ. ليۇ بياۋ شۇ يەتتە كىشىنى ئاغىنە تۇتقان؛ يەنپىڭلىق كۇەي لياڭ بىلەن كۇەي يۆ، شاڭياڭلىق سەي ماۋلار ئۇنىڭ ھەمدەمچىسى بولغان.

ئۇ يۇەن شاۋنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، دەرھال كۇەي يۆ بىلەن سەي ماۋنى 1 تۇمەن لەشكەر باشلاپ سۇن جيەننى توسۇشقا بۇيرۇدى.

سۇن جيەن ئەمدىلا يېتىپ كېلىشىگە كۇەي يۆ سەپ يېيىپ ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

— نە سەۋەبتىن مېنى توسۇۋالىسىز، تەقسىر؟ — دەپ سورىدى سۇن جيەن.

— سىز خەن خاندانلىقىنىڭ بەگلىرىدىن تۇرۇپ، نېمىشقا دۆلەت ئەڭگۈشتىرىنى يوشۇرۇۋالدىڭىز؟ تېزدىن چىقىرىڭ، بولمىسا يولدىن ئۆتكۈزمەيمەن! — دېدى كۇەي يۆ.

سۇن جيەن غەزەپكە كېلىپ، خۇاڭ گەينى مەيدانغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى. سەي ماۋ قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشقىلى كەلدى. ئىككىسى بىرنەچچە قەپەس ئېلىشتى، خۇاڭ گەي يارمە دەستىسىنى پىرقىرىتىپ، بىرنى سېلىۋىدى، يارمە دەستە كېلىپ دەل ئۇنىڭ يۈرەك دالدىسىغا تەگدى. سەي ماۋ دەرھال ئېتىنى قايرىپ بەدەر قاچتى، سۇن جيەن شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاپ - چاپ قىلىپ شۇ تەۋەدىن ئۆتۈۋالدى. تاغنىڭ ئارقىسىدىن جاڭ - دۇمباق ئاۋازلىرى كەلدى، قارىسا دەل ليۇ بياۋنىڭ ئۆزى لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ. سۇن جيەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ سالام بېرىپ:

— ئەي بېگىم، نە ئۈچۈن يۈەن شاۋنىڭ خېتىگە ئىشىنىپ، ئۆز يۇرتداشلىرىڭىزنى بۇنچە قىستايسىز؟ — دېدى.

— دۆلەت ئەڭگۈشتەرىنى يوشۇرۇۋېلىپ خاندىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇ؟

— ئەگەر مەندىن چىقىپ قالسا، بويىنۇم قىلدا باغلاقلىق!

— ئەگەر مېنى ئىشەندۈرسىڭىز، لەشكەرلىرىڭىزنىڭ كۆدە - كۆرپىلىرىنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىڭ.

— قانچىلىك ھالىڭغا مېنى ئەخمەق تاپىسەن! — دېدى سۈن جيەن غەزەپكە كېلىپ.

سۈن جيەن ئەمدىلا لەشكەرلىرىنى سېلىشقا ئەپلىۋىدى، لىيۇ بياۋ دەرھال كەينىگە چېكىندى. سۈن جيەن ئات سېلىپ قوغلاشتى، ئىككى تاغنىڭ ئارقىسىدا مۆكۈنۈپ ياتقان لەشكەرلەر گۈررىدە ئېتىلىپ چىقتى، ئارقىدىن سەي ماۋ، كۇەي يۆلەر كېلىپ سۈن جيەننى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. دەرھەقىقەت:

*ئالدى قاشتاش تامغىنى لېكىن ئۇ ھېچ ئەسقاتمىدى،*
*ئاقىۋەت بۇ تۇتىيانى دېدى - دە، جەڭ قوزغىدى.*

سۈن جيەننىڭ بۇ بالا - قازادىن زادى قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# يەتتىنچى باب

## يۈەن شاۋنىڭ پەنخې دەرياسىدا گۇڭسۇن زەن بىلەن ئېلىشقانلىقى
## سۈن جيەننىڭ دەريادىن ئۆتۈپ ليۇ بياۋ بىلەن تۇتۇشقانلىقى

ئەلقىسسە، ليۇ بياۋ سۈن جيەننى قورشىۋالغاندىن كېيىن، جىڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭ باشلىق ئۈچ سەركەردە ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي تىركىشىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى، سۈن جيەننىڭ لەشكىرى جەڭدە قىرىلىپ، تەڭدىن تولىسى تۈگىدى، ئۆزى بولسا قالغان ـ قاتقان لەشكەرلىرى بىلەن توسۇقلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، جياڭدۇڭغا قايتىپ كېلىۋالدى. مانا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، سۈن جيەن بىلەن ليۇ بياۋ ئوتتۇرىسىغا ئاداۋەت چۈشتى.

ئەمدى گەپنى يۈەن شاۋدىن باشلايلى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرى بىلەن خېنېيغا كېلىپ توختىدى، لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى، ئاتلارنىڭ يەم ـ خەشىكى تۈگەپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. بۇ ئىشتىن جىجۇ ئايمىقىنىڭ پاسىبانى خەن فۇ ئۇچۇر تېپىپ، دەررۇ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەك ئەۋەتتى. ئەمما، يۈەن شاۋنىڭ فېڭ جى دېگەن بىر كېڭەشچىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي بۇزرۇكۋارىم، ئۆزلىرى جاھاننى پىرقىرىتىپ، ئالەمنى چۆرگىلىتىپ يۈرگەن بىر ئەر تۇرۇقلۇق، كىشىنىڭ بەرگەن ئاشلىقىغا قاراپ تۇرغانلىرى نېمىسى! جىجۇ ئايمىقى بولسا پۇل ـ مالغا باي، ئاشلىق ـ ئوزۇق ـ مول چىقىدىغان بىر جاي، بۇ جاينى نېمىشقا ئۆز پەرمان دائىرىمىزگە ئالمايمىز، تەقسىر؟ — دېدى يۈەن شاۋغا.

— بۇنىڭغا نېمە ئامال بار؟ — دېدى يۈەن شاۋ جاۋابەن.

— گۇڭسۇن زەنگە، — دېدى فېڭ جى، — لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جىجۇ ئايمىقىغا تېگىش قىلىڭ، بىز بۇ ياقتىن قورشاپ بارىمىز، دەپ خەت يېزىپ يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتسەك، گۇڭسۇن زەن بۇ خەتنى كۆرۈپ چوقۇم لەشكەر تارتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا بولۇمسىز خەن فۇمۇ مەدەت تىلەپ، ئايماقنى قوش قوللاپ ئۆزلىرىگە تۇتىدۇ؛ مانا مۇشۇ دوقالدىن پايدىلىنىپ، ئىشنى ئاسانلا جايلايمىز، بەس.

يۈەن شاۋغا بۇ ئامال يېقىپ كېتىپ، خۇشاللىقىدا شۇئان گۇڭسۇن زەنگە خەت يوللىدى.

خەتتە جىجۇ ئايمىقىنى بىرلىكتە ئېلىپ، ئايماقنىڭ زېمىنلىرىنى تەڭ بۆلۈشۈۋالىمىز، دەپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگەن گۇڭسۇن زەن خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي، شۇ كۈنىلا قوشۇن تارتىپ يولغا چىقتى.

يۈەن شاۋ بۇ خەۋەرنى يوشۇرۇنچە خەن فۇغا يەتكۈزدى، خەن فۇ بۇ سىرتىقنى ئالغاندىن كېيىن، ئالمان ـ تالمان ئۆزىنىڭ شۇن چېن، شىن پىڭ دېگەن ئىككى كېڭەشچىسىنى مەسلىھەتكە چاقىردى. شۇن چېن:

— گۇڭسۇن زەن يەن، دەي دېگەن يۇرتلاردىكى قوشۇننى ئېلىپ شىددەت بىلەن كېلىپ قالسا، بۇ كۈچنى توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە لىيۇ بېي، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار ھەمدەملىككە كېلىپ، مەدەتكار بولىدۇ، بۇلارغا تەڭ

كېلىش تەس. يۈەن شاۋ بېگىم ئەقىل ـ پاراسەتتە باشقىلاردىن ئۈستۈن، ئۇ كىشىنىڭ قولىدا ئاتاقلىق سەركەردىلەر كۆپ، ئەگەر شۇ زاتنى تەكلىپ قىلىپ، ئەل ـ ئايماقنى شۇ كىشى بىلەن بىرگە باشقۇرساق، ئۇ كىشى چوقۇم سىلىگە زور ئىلتىپات كۆرسىتىدۇ ۋە گۇڭسۇن زەندىن غەم قىلىشىنىڭ ھاجىتىمۇ قالمايدۇ، — دېدى.

خەن فۇ يۈەن شاۋنى تەكلىپ قىلىپ، دەرھال ئورۇنباسار ئايماقبېگى گېۋەن چۈننى ئەۋەتتى.

باش مىرزا گېڭ ۋۇ مەسلىھەتكە تىل ئېچىپ:

— يۈەن شاۋ خۇددى سۇتىدىن ئايرىلىپ، جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرغان نارەسىدە بالىلاردەك، ھەمدەمچىلىرىدىن ئايرىلىپ، لەشكەرلىرى ئاچلىقتا قېلىپ، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالدى، بىز گە تايىنىپ جان بېقىۋاتىدۇ. بۇ ئۆلۈمتۈككە قانداقمۇ يۇرت ـ ئايماقنى تۇتقۇزۇپ قويغىلى بولسۇن؟ بۇ بەئەينى بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەنلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— پېقىر، — دېدى ياندۇرۇپ خەن فۇ، — بۇرۇنىسىدا مۇشۇ زاتنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەنىدىم، بۇ كىشى ئەقىل ـ ئىقتىداردا مېنىڭدىن كۆپ ئارتۇق. بۇرۇنقىلار دانىشمەنلەرگە ئۆز مەنسىپىنى ئۆتۈنۈپ بەرگۈلۈك دېگەن، سىلەر نېمە ئانچە قىزغىنىپ كەتتىڭلار؟

— جىجۇ ئايمىقى تۈگەشتى دېگەن شۇ! — دېدى ئۆكۈنۈپ گېڭ ۋۇ.

بۇ گەپلەردىن كېيىن ئۈمىدلىرىنى ئۈزگەن ئوتتۇز نەچچە مۇلازىم ئۆز ئەمەللىرىدىن كېچىپ، يوللىرىغا راۋان بولدى. گېڭ ۋۇ بىلەن گۈەن چۈن ئىككىسىلا شەھەر سىرتىغا چىقىپ، يۈەن شاۋنىڭ كېلىشىنى پايلاپ كۈتۈپ تۇردى. بىرنەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. گېڭ ۋۇ بىلەن گۈەن چۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ،

تەڭلا قىلىچلىرىنى قىنلىرىدىن سۇغۇرۇپ، قاپلاندەك ئېتىلدى. بىراق، يۈەن شاۋنىڭ پالۋانلىرىدىن يەن لياڭ گېلىك ۋۇنى، ۋېن چۇ گۇەن چۇننى چېپىپ يىقىتىشتۇردى.

يۈەن شاۋ شەھەرگە كىرىپ، ئالدى بىلەن خەن فۇغا جەسۇر سەركەردە دېگەن ئۇنۋاننى بەردى. تيەن فېڭ، جۇ شۇ، شۈي يۇ، فېڭ جىلارنى ئايماقنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىغا قويۇپ، خەن فۇنىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالدى. پۇشايمان دەرياسىغا چۆككەن خەن فۇ خانىدانىنى تاشلاپ، بىر ئاتقا مىندى ـ دە، چېن ليۇ ھاكىمى جاڭ مياۋنى پاناھ تارتىپ، يالغۇز ئۆزى چېنلىيۇ شەھىرىگە كەتتى.

ئەمدى گەپنى گۇڭسۇن زەندىن ئاڭلاڭ. ئۇ يۈەن شاۋنىڭ جىجۇ ئايمىقىنى ئالغانلىقىنى ئىشىتىپ، ئايماقنىڭ زېمىنلىرىدىن نىسىۋە ئېلىش ئارزۇسى بىلەن، ئىنىسى گۇڭسۇن يۆنى يۈەن شاۋنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. يۈەن شاۋ:

— ئاغىڭىز كەلسۇن، كېڭىشىدىغان ئىشىم بار، — دېدى.

گۇڭسۇن يۆ خەيرلىشىپ، كەلگەن يېرىگە قايتتى. ئۇ 50 چاقىرىم يەرگە بارا ـ بارمايلا، يول بويىدىن تۇيۇقسىز بىر توپ لەشكەر چىقىپ:

— ھاي جاڭۋا، بىلىپ قوي. بىز دۇڭ جو ۋەزىرىنىڭ پالۋانلىرى بولىمىز! — دەپ ۋارقىرىدى ۋە ئارقىدىنلا ۋاژىلدىتىپ ئوق ياغدۇرۇپ، گۇڭسۇن يۆنىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئۇنىڭ نۆكەر ـ چۆكەرلىرى شۇ يەردىن قاچقان پېتى ئۇدۇل گۇڭسۇن زەننىڭ قېشىغا كېلىپ، گۇڭسۇن يۆنىڭ ئۆلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. گۇڭسۇن زەن ئەلىمىگە چىدىماي، ئاچچىقى بىلەن:

— خەپ! يۈەن شاۋ مېنى خەن فۇغا تېگىش قىلىشقا كۇشكۇرتۇپ قويۇپ، ئاخىر ئايماقنى ئۆزى ئېلىۋاپتۇ ـ دە؛ تېخى بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يالغاندىن بىز دۇڭ جونىڭ لەشكەرلىرى دەپ

مېنىڭ ئىنىمنى ئۆلتۈرۈپتۇ، بۇ ئۆچنى ئالماي بولامدۇ! — دېدى ـ دە، ئۆز لەشكىرىنى باشلاپ، جىجۇ شەھىرىگە ئاتلاندى.

گۇڭسۇن زەننىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان يۈەن شاۋمۇ ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتىپ ئالدىغا چىقتى.

ئىككى قوشۇن پەنخې دەرياسى بويىدا ئۇچراشتى. يۈەن شاۋنىڭ قوشۇنى پەنخې دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ كۈنچىقىش يېقىغا جايلاشتى، گۇڭسۇن زەننىڭ قوشۇنى كۆۋرۈكنىڭ كۈنپېتىش يېقىغا ئورۇنلاشتى. ئاتقا مىنگەن گۇڭسۇن زەن كۆۋرۈك بېشىدا تۇرۇپ:

— ھەي خىيانەتكار ئەبلەخ، مېنى نېمەڭگە ئىشىنىپ كولدۇرلاتتىڭ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

يۈەن شاۋمۇ ئېتىنى قامچىلاپ كۆۋرۈك بېشىغا كەلدى ۋە قولىنى شىلتىپ:

— خەن فۇ يۇرتىنى باشقۇرۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمىگەنلىكتىن، جىجۇ ئايمىقىنى پېقىرغا ئۆتۈندى، بۇنىڭغا سېنىڭ نېمە ئىچىڭ ئېچىشاتتى؟ — دېدى.

— ھەي قارا يۈز، سېنى بەگلەر ئىتتىپاقىغا باش قىلىپ تىكلىگەندە، ساداقەتمەن، دەپ قول كۆتۈرگەنىدۇق؛ ھالا بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسكىلىكنى سەن قىلدىڭ، سېنىڭدىن ئىت ـ بۆرە ياخشى ئىكەن، ئېيتچۇ، ئەمدى ئەلكۈن ئالدىدا قايسى يۈزۈڭنى كۆتۈرۈپ يۈرىسەن! — دېدى گۇڭسۇن زەن.

— ھەي، قېنى قايسىڭ تۇتىسەن بۇ بەتبەختنى؟! — دەپ ۋارقىرىدى جەھلى بىلەن يۈەن شاۋ.

شۇ ئاندا ۋېن چۇ نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، كۆۋرۈككە ئات قويدى.

كۆۋرۈكنىڭ بىر چېتىدە تۇرغان گۇڭسۇن زەن ئېتىلىپ كېلىپ ۋېن چۇ بىلەن ئېلىشتى. ئىككىسى ئون نەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، گۇڭسۇن زەن تەڭ كېلەلمەي مەيداننى

تاشلاپ كەينىگە قاچتى، ۋېن چۇ دەرھال ئارقىدىن قوغلاشتى. گۆڭسۈن زەن قاچقان پېتى كېلىپ سەپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ۋېن چۇ قوغلىشىپ، توپتوغرا بارگاھ قوشۇن ئىچىگە باستۇرۇپ كىردى ۋە بىر ئۆياققا، بىر بۇياققا چاپ - چاپ قىلدى، گۆڭسۈن زەننىڭ باققاندەك تۆت پالۋانى تەڭلا قارشى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتى؛ ۋېن چۇ بىر نەيزە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى ئاتتىن تىك چۈشۈردى، قالغان ئۈچىسى قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. ۋېن چۇ ئەمدى توپتوغرا بېرىپ، گۆڭسۈن زەننى سەپ ئىچىدىن سۈرۈپ چىقتى، گۆڭسۈن زەن سەپ ئىچىدىن چىققان پېتى ئۇدۇل جىلغا ئىچىگە قاراپ قاچتى. ۋېن چۇ ئۇنى قوغلاپ كېتىۋېتىپ بار ئاۋازى بىلەن:

— توختا! ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بول! — دەپ ۋارقىرىدى.

گۆڭسۈن زەننىڭ ئوق - ساداقلىرى، دۇبۇلغىسى يەرگە چۈشۈپ كەتتى؛ ئۇ چېچى چۇۋۇلغان پېتى ئات چاپتۇرۇپ بىر كۆتەلگە بۇرۇلۇپ كەتتى؛ دەل شۇ يەردە ئۇنىڭ ئېتى مۈدۈرۈلۈپ كېتىپ، ئۆزى ئاتتىن پەسكە دومىلاپ چۈشتى. ۋېن چۇ نەيزىسىنى تەڭلەپ يىرتقۇچتەك ئېتىلدى. شۇ ئاندا كۆتەلنىڭ سول يېقىدىن بىر پالۋان يىگىت چىقىپ كەلدى، ئۇ نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، ۋېن چۇغا ئات قويدى. گۆڭسۈن زەن كۆتەلگە ئۆمىلەپ چىقىپ يىگىتكە قارىدى، قارىسا، ئۇ بوي - بەستى سەككىز چى كېلىدىغان، قاشلىرى قىياقتەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، يۈزى تاۋاقتەك كەلگەن، كەڭ ماڭلايلىق، سۈر - ھەيۋەتلىك بىر قىران يىگىت ئىكەن، ئۇ ۋېن چۇ بىلەن 50 — 60 مەرتەم ئېلىشتى، لېكىن يېڭىش بىلەن يېڭىلىش بىر تەرەپ بولمىدى. شۇ ئارىدا گۆڭسۈن زەننىڭ قۇتقۇزۇشقا كەلگەن لەشكەرلىرى كېلىپ قالدى. ۋېن چۇ ئالمان - تالمان ئېتىنى قايرىپ، بەدەر قاچتى. پالۋان يىگىت ئۇنى قوغلاشمىدى. گۆڭسۈن زەن كۆتەلدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئايمىقىنى

سورىدى. يىگىت ئېگىلىپ تەزىم بىلەن جاۋاب بەردى:
— پېقىر چاڭشەن ئايمىقىدىكى جېنىدىڭ دېگەن يەردىن بولىمەن. ئۇرۇقۇم جاۋ، ئېتىم يۈن، يەنە بىر ئىسمىم زى لۇڭ. بۇرۇن يۈەن شاۋنىڭ قارىمىقىدا ئىدىم، ئۇنىڭدا خانىمىزغا ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ، ئەلنى كۈلپەتتىن قۇتۇلدۇرسامىكەن دەيدىغان خىيال يوق ئىكەن، شۇ ۋەجىدىن ئۇنى تاشلاپ، جانابىڭىزنىڭ ئالدىغا كەلدىم. كۈتمىگەندە بۇ يەردە خويمۇ ئوبدان ئۇچرىشىپ قالدۇق.

گۇڭسۇن زەن خۇشاللىقىدا يىگىتنى ئېلىپ بىللە قارارگاھىغا قايتتى ۋە كېلىپ قوشۇنلىرىنى رەتكە سالدى.

ئەتىسى گۇڭسۇن زەن لەشكەرلىرىنى ئوڭ قانات، سول قانات دېگەن ئىككى قاناتقا ئايرىپ، خۇددى بۈركۈتنىڭ قانىتىدەك قىلىپ تىزدى. 5000 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ساپلا ئاق ئاتلارغا مىنگەنىدى. گۇڭسۇن زەن تاڭغۇتلار بىلەن ئۇرۇشقاندا غىچلا ئاق ئاتلىقلارنى تاللاپ تۇرشاۋۇل قوشۇنغا سالغانىدى، شۇڭا ئۇ «ئاق ئاتلىق سەركەردە» دەپ ئاتىلىپ قالغان؛ تاڭغۇتلار ئاق ئاتلىقلارنى كۆرسىلا بەدەر قاچاتتى، شۇڭا ئۇ ئاق ئاتنى كۆپ توپلىۋالغان. يۈەن شاۋ يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇنى تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ مېڭىشقا تەيىنلىدى، بۇلارمۇ ھەر بىرى 1000 دىن مەرگەننى تاللاپ، ئوڭ قانات، سول قاناتقا ئايرىلدى؛ سول قاناتنى گۇڭسۇن زەننىڭ ئوڭ قوشۇنغا توغرا قىلدى، ئوڭ قاناتنى ئۇنىڭ سول قوشۇنغا توغرا قىلدى. يۈەن شاۋ يەنە چۇ يىنى 800 مەرگەن تاللاپ، 1 تۈمەن 5000 پىيادە لەشكەر بىلەن سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئۆزى بولسا نەچچە تۈمەن ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرنى ئېلىپ، ھەممىسىنىڭ كەينىدە ھىمات بولۇپ تۇرماقچى بولدى. گۇڭسۇن زەن جاۋ يۈندەك بىر باتۇر يىگىتكە تۇش كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپ كېلىپ تېخى ئىشەنچىكە ئىگە بولمىغانلىقىدىن

www.uyghurkitap.com

ئۇنى ئايرىم بىر قوشۇن بىلەن ھەممىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئۆزىنىڭ باش سەركەردىسى بولغان يەن گاڭنى تۇرشاۋۇللۇققا بەلگىلىدى. ئۆزى بارگاھ قوشۇن بىلەن كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا تۇردى، يېنىدا چوغدەك قىزىل دۈگىلەك ئىچىگە «ئەمىر لەشكەر» دېگەن زەرخەت يېزىلغان تۇغنى تۇتۇپ تۇغچى تۇردى. چاي ۋاقتىدىن باشلاپ چۈشكىچە دۇمباقلار چېلىنىپ چاڭ كەلتۈرۈلدى، لېكىن يۈەن شاۋ تەرەپتىن ھېچبىر سادا چىقمىدى. چۇ يى مەرگەنلىرىگە قالقانلارنى دالدا قىلىپ تۇرۇپ، توپ ئېتىلغان ھامان تەڭلا ئوق چىقىرىشنى بۇيرۇدى.
يەن گاڭ داقا - دۇمباقلارنى ياڭرىتىپ، سۈرەن - چۇقان بىلەن چۇ يىگە ئېتىلدى. چۇ يىنىڭ لەشكىرى يەن گاڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، قىمىر قىلماي مۆكۈنۈپ ياتتى؛ لەشكەرلەر تازا يېقىنلىشىپ كەلگەندە ئاندىن گۈمبۈرلىتىپ توپ ئېتىلدى - دە، 800 مەرگەن تەڭلا ئوق چىقاردى. يەن گاڭ ئىتتىك بۇرۇلۇۋىدى، چۇ يى قىلىچىنى پىرقىرىتىپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ شۇنداق چاپتىكى، يەن گاڭنى ئاتتىن تىك موللاق چۈشۈردى، گۇڭسۇن زەننىڭ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. ئوڭ قانات قوشۇن بىلەن سول قانات قوشۇن ھەمدەملىشىككە كەلمەكچى بولۇۋىدى، يەن لياڭ بىلەن ۋېن چۇ مەرگەنلىرى ئوق ياغدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆتكۈزمەي توسۇپ تۇردى.
شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرى ئالغا سىلجىپ، كۆۋرۈكنىڭ قىرغىچە سۈرۈپ باردى. چۇ يى ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ، ئالدى بىلەن تۇغچىنى ئۆلتۈردى، ئاندىن كەشتىلىك تۇغنى چاناپ - چېپىپ چۈشۈردى.

گۇڭسۇن زەن كەشتىلىك تۇغنىڭ يىقىلغانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىنى قايرىدى - دە، كۆۋرۈكتىن چۈشۈپ بەدەر قاچتى.
چۇ يى ئەمدى لەشكىرىنى باشلاپ، ئارقا قوشۇنغا ئېتىلدى، ئۇ ھەممىدىن ئاۋۋال قىلىچىنى ئوينىتىپ، ئۆزىگە قارشى ئات

چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاۋ يۈن بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، جاۋ يۈن ئات سېلىپ چۇ يىگە ئېتىلدى. بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشتى، ئاخىر چۇ يى بىر نەيزە بىلەن ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. ئەمدى جاۋ يۈن توپتوغرا يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرىگە قاراپ ئات قويدى، ئۇ خۇددى ئىنسۇجىن بولمىغان بىر بوشلۇققا كىرىپ قالغاندەك، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا چېپىپ، ھەممىنى سۈرۈپ - توقاي قىلدى. گۇڭسۇن زەن بۇنى كۆرۈپ، لەشكىرىنى بۇرىدى - دە، قىر - چاپ قىلىپ كەلدى، يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرى قاتتىق يېڭىلدى.

ئەمدى يۈەن شاۋغا كېلەيلى. يۈەن شاۋ بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرى چاپار ئەۋەتىپ، چۇ يى گۇڭسۇن زەننىڭ سەركەردىسى ۋە تۇغچىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قاچقان لەشكەرلىرىنى قوغلىشىپ كېتىپ قالدى دېگەن سىرتىقنى ئالغانىدى؛ شۇڭا ئۇ ھېچقانداق ھازىرلىق كۆرمەي، ئەھۋالنى كۆزەتمەكچى بولۇپ، تيەن فېڭ بىلەن بارگاھتىكى يالمانلىق نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان نەچچە يۈز لەشكىرىنى ۋە 30 — 40 ئاتلىق مەرگەننى ئېلىپ، ئاتلىرىغا مىنگەن ھالدا مەمنۇنىيەت بىلەن: «ھەي بولۇمسىز گۇڭسۇن زەن!» دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ، ئەمدىلا بارگاھتىن چىقىپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا ئالدى ياقتىن جاۋ يۈن باستۇرۇپ كېلىپ قالدى. ئالدىرىغانلىقىدىن تەمتىرەپ قالغان مەرگەنلەر ئەمدىلا يالىرىدىن ئوق ئۈزمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، بوراندەك كەلگەن جاۋ يۈن گاچ - گۇچ نەيزە تىقىپ، مەرگەنلەرنىڭ بىرقانچىسىنى يىقىتتى، قالغانلىرى بەدەر قاچتى. ئارقىدىن گۇڭسۇن زەننىڭ لەشكەرلىرى قورشاپ - قورۇپ، تۆت تەرەپتىن بېسىپ كەلدى، قورققىنىدىن تەمتىرەپ - تېنىگەن تيەن فېڭ:

— غوجام، ئۆزلىرىنى چاپسان كاۋاك تام ئارىسىغا يوشۇرسىلا! — دېدى يۈەن شاۋغا ئەقىل كۆرسىتىپ.

— مەن بىر باتۇر، مەيداندا مەردلىك بىلەن جەڭ قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئۆلۈشكە رازىمەنكى، تام ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ تىرىك قېلىشقا رازى ئەمەسمەن! — دېدى خىرقىراپ يۈەن شاۋ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنى يەرگە ئېتىپ تاشلاپ.

يۈەن شاۋنىڭ چېرىكلىرى بىر نىيەتكە كېلىپ، جان تىكىپ تىركەشتى، جاۋ يۈن بۆسۈپ كىرەلمىدى، شۇ ئارىدا يۈەن شاۋنىڭ چوڭ قوشۇنى باستۇرۇپ كەلدى، يەن لياڭمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى، ئەمدى ئىككى قوشۇن بىر بولۇپ چاپ - چاپقا ئۆتتى. جاۋ يۈن بۇ قاتمۇقات قورشاۋ ئىچىدىن گۇڭسۈن زەننى قوغداپ بۆسۈپ چىقىپ، پاسىل كۆۋرۈككە كېلىۋالدى. يۈەن شاۋنىڭ قوشۇنى قايتا سۈرۈپ كېلىپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتتى، كۆۋرۈكنى قورۇغداپ تۇرغانلاردىن سانساناقسىز ئادەم سۇغا چۈشۈپ ئۆلدى. يۈەن شاۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھەممىنىڭ ئالدىدا سۈرۈپ ماڭدى، بەش چاقىرىمچە يەرگە بارا - بارمايلا تاغ ئارىسىدىن بىر توپ لەشكەر سۈرەن - چۇقان كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى، بۇ لەشكەرلەرنى ئۈچ چوڭ پالۋان باشلاپ كېلىۋاتاتتى، بۇلار ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار ئىدى. بۇلار پىڭيۈەندە گۇڭسۈن زەن بىلەن يۈەن شاۋ تۇتۇشۇپ قاپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئەتەي ھەمدەمگە كەلگەنىدى. بۇ ئۈچ پالۋان ئۈچ ئات ئۈستىدە قورال - ئەسلىھەلىرىنى كۆتۈرۈپ، تويپتوغرا يۈەن شاۋغا ئېتىلىپ كەلدى. قورقۇپ جان - پېنى قالمىغان يۈەن شاۋنىڭ قولىدىن ئېسىل قىلىچى تاراڭڭىدە يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ھېچنېمىگە قارىماي، ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى بەدەر قاچتى، قالغانلار ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي، ئۇنى كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈزۈپ قۇتقۇزۇۋالدى. گۇڭسۈن زەنمۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قارارگاھىغا قايتتى. ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار ئۇنىڭدىن ئەھۋالنى سورىدى.

— ئەگەر جانابلىرى يىراقتىن كېلىپ پېقىر بىچارىنى

قۇتۇلدۇرۇۋالمىغان بولۇشسىلا، شەرمەندە بولۇشقا ئازلا قالغانىدىم، — دېدى ليۇ بېيغا قاراپ گۇڭسۇن زەن، ئاندىن ئۇلارنى جاۋ يۈن بىلەن كۆرۈشۈشكە تەكلىپ قىلدى.

ليۇ بېي ئۇنى كۆرۈپلا ياقتۇرۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمىدى.

ئەمدى يۈەن شاۋغا كېلەيلى. يۈەن شاۋ يېڭىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنى چىڭ قوغداپ، جىم يېتىۋالدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، بىر ئايدىن ئوشۇقراق ياتتى. شۇ ئارىدا بىر كىشى چاڭئەنگە بېرىپ، بۇ ئەھۋالنى دۇڭ جوغا مەلۇم قىلدى.

— يۈەن شاۋ بىلەن گۇڭسۇن زەن، — دېدى لى رۇ مەسلىھەتكە تىل ئېچىپ، — بۇگۈنكى كۈنىنىڭ داڭلىق چىقارغان باتۇرلىرى. هازىر پەنخې دەرياسى بويىدا جەڭ قىلىشىۋېتىپتۇ. بىز خاقانىمىزنىڭ نامىدىن يارلىق يېزىپ، ئۇلارنى يارىشىپ قېلىشقا ئۈندەپ كىشى ئەۋەتەيلى؛ ئىككىسى تەسىرلىنىپ، چوقۇم جانابلىرىغا بوي ئېگىدۇ.

— خوپ، — دېدى دۇڭ جو.

ئەتىسى خەلپەتبېگىم ما رىدى ۋە مىراخوربېگى جاۋ چىنى يارلىق بىلەن ئەۋەتىشتى. بۇ ئىككىيلەن خېبېيگە كېلىشتى. يۈەن شاۋ 100 چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يەرگىچە ئالدىغا چىقىپ، سالام - تەزىم بىلەن يارلىقنى ئالدى. ئەتىسى ئىككى ئەلچى گۇڭسۇن زەننىڭ بارگاھىغا بېرىپ، يارلىقنى ئوقۇپ بەردى، گۇڭسۇن زەن يارىشىش توغرىسىدا خەت يېزىپ، يۈەن شاۋغا ئەۋەتتى. ئىككى ئەلچى پايتەختكە قايتتى.

گۇڭسۇن زەن شۇ كۈنىلا لەشكىرىنى يۆتكىدى ۋە ليۇ بېينى پىڭيۈەن بەگلىكىگە سايە قىلدى. ليۇ بېي بىلەن جاۋ يۈن بىر - بىرىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، قوللىرىنى تۇتۇشۇپ يىغلاپ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن خوشلاشتى.

www.uyghurkitap.com

— پېقىر گۆھسۈن زەننى باتۇر ئوغلان دەپ ھېسابلاپتىكەن. مەن؛ بۈگۈن قارىسام، ئۇمۇ يۈەن شاۋغا ئوخشاش بىر نېمىكەن! — دېدى ھەسرەت بىلەن نەپەس چىقىپ جاۋ يۈن.

— ھازىرچە شۇ كىشىنىڭ رايىغا بېقىپ ئۆتۈپ تۇرسىلا، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز، — دېدى لىيۇ بېي ۋە كۆزىگە ياش ئېلىپ، خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئەمدى گەپنى يۈەن شۇدىن ئاڭلاڭ. ئۇ نەنياڭدا يۈەن شاۋنىڭ جىجۇ ئايمىقىنى ئالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن 1000 ئات سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. يۈەن شاۋ ئۇنىمىدى، يۈەن شۇنىڭ قورسىقى كۆپۈپ، بەكمۇ ئاچچىقى كەلدى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قېرىنداش ئوتتۇرىسىغا سوغۇقچىلىق چۈشتى. يۈەن شۇ ئەمدى جىڭجۇ ئايمىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ، لىيۇ بياۋدىن 20 تۈمەن جىڭ ئاشلىق سورىدى، لىيۇ بياۋمۇ بەرمىدى. يۈەن شۇ بۇ ئىشنى قورسىقىغا پۈكۈپ قويۇپ، دەرھال بىر پارچە خەت پۈتتى - دە، لىيۇ بياۋنى بابىلىساق دەپ سۈن جيەنگە ئاستىرتىن ئەلچى ئەۋەتتى. خەتكە مۇنداق دەپ يازدى.

لىيۇ بياۋ ئۆتكەندە سىلىنىڭ ئالدىلىرىنى توسۇپ، يوللىرىنى بوغقانىدى، ئۇنىڭغا بۇ ئەقىلنى مېنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىم يۈەن شاۋ كۆرسىتىپتىكەن. ئەمدى ئۇ يەنە لىيۇ بياۋ بىلەن بىرلىشىپ جياڭدۇڭغا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. جانابلىرى تېزدىن لەشكەر تارتىپ بېرىپ، لىيۇ بياۋنىڭ ئەدىبىنى بەرسىلە، مەن جانابلىرى ئۈچۈن يۈەن شاۋ بىلەن تۇتۇشسام، شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئۆچنى بىر يولدا ئالساق دەيمەن. جانابلىرى جىڭجۇ ئايمىقىنى ئالسىلا، پېقىر جىجۇنى ئالاي، گەپ شۇنداق بولسۇن!

سۇن جيەن خەتنى كۆرۈپ:
— خەپ! ليۇ بياۋ دېگەن ئوغرى ئۆتكەندە مېنىڭ ئالدىمنى توسۇپ، قايتار يولۇمنى بوغقانىدى، بۈگۈن مۇشۇنداق ئەپچىل دوقىلى كەلگەندە ئۇنىڭدىن ئۆچۈمنى ئالماي، قاچانغىچە قاراپ تۇرىمەن، — دېدى - دە، چېڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭلارنى چاقىرىپ، ئۇلار بىلەن كېڭەشتى.
— يۈەن شۇ ئۆتۈپ كەتكەن مەككار، ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى چېڭ پۇ.
— مەن ئۆچ ئالىمەن دەۋاتىمەن، يۈەن شۇدىن ھەمدەملىك تىلەيمەن دەۋاتمايمەن! — دېدى سۇن جيەن ۋە شۇئان كېمىلەرنى، قورال - ياراغ، ئاشلىق - ئوزۇقنى كۆپرەك بېسىپ، ئاتلارنى چوڭ كېمىلەرگە سېلىپ، دەرھال دەريا بويىغا ھازىرلاندى، بىرەر كۈن ئىچىدە قوشۇن تارتىپ يولغا چىقىمىز، دەپ بۇيرۇق بەردى خۇاڭ گەيگە.
ليۇ بياۋنىڭ دەريا ئۈستىگە قويغان پايلاقچىسى بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال كېلىپ ليۇ بياۋغا مەلۇم قىلدى. ليۇ بياۋ قاتتىق چۆچۈپ، شۇئان ئەلەمدار ۋە قەلەمدار سىپاھىلىرىنى يىغىپ مەسلىھەتلەشتى.
— غەم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ مەسلىھەت بەردى كۇەي لياڭ، — خۇاڭ زۇ جياڭشادىكى لەشكەرنى ئېلىپ، ئالدىن مېڭىشقا بۇيرۇسىلا، جانابلىرى جىڭشياڭدىكى قىسىملارنى ئېلىپ ھەمدەملىككە بارغايلا. سۇن جيەن دەريا - كۆللەرنى كەچمەي بۇ يەرگە كېلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قانداق جەڭ قىلغىلى ھالى بولسۇن؟
ليۇ بياۋ بۇ مەسلىھەتكە قوشۇلۇپ، خۇاڭ زۇنى ھازىرلىنىشقا بۇيرۇدى، ئارقىدىن چوڭ قوشۇن يولغا چىقتى.
ئەمدى سۇن جيەنگە كېلەيلى. ئۇنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىدى، بۇ تۆت ئوغۇلنىڭ ھەممىسىنىلا ۋۇ خېنىم تۇغقان: چوڭ ئوغلىنىڭ ئېتى سۇن تسې، يەنە بىر ئېتى بو فۇ؛ ئىككىنچى

www.uyghurkitap.com

ئوغلىنىڭ ئېتى سۇن چۈەن، يەنە بىر ئېتى جۇڭ مۇ؛ ئۈچىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى سۇن يى، يەنە بىر ئېتى چۈەن بېي؛ تۆتىنچى ئوغلىنىڭ ئېتى سۇن كۇاڭ، يەنە بىر ئېتى جى زو. ۋۇ خېنىمنىڭ سىڭلىسىنى سۇن جيەن كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغانىدى، ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇلغان. ئوغۇلنىڭ ئېتى سۇن لاڭ، يەنە بىر ئېتى زاۋ ئەن؛ قىزنىڭ ئېتى سۇن رېن. سۇن جيەن يەنە يۇي خېنىمنىڭ بىر بالىسىنى ئۆزىگە ئوغۇل قىلىۋالغان، بۇ ئوغۇلنىڭ ئېتى سۇن شاۋ، يەنە بىر ئېتى گۇڭ لى. سۇن جيەننىڭ سۇن جىڭ دېگەن بىر ئىنىسى بار، ئۇنىڭ يەنە بىر ئېتى يۇ تەي ئىدى.

سۇن جيەن جەڭگە مېڭىش ئالدىدا، ئۇنىڭ بۇ ئىنىسى ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا سالامغا تۇرۇپ شۇنداق مەسلىھەت بەردى:

— ئەي ئاغا، دۇڭ جۇ هازىر ھەممە ھوقۇقنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى، خان قورقۇنچاق ھەم ئاجىز، هازىر جاھاننىڭ ئىچى بۇزۇلۇپ، كۆرۈنگىنى ئۆز ئالدىغا بىر بەگ بولۇۋالدى؛ جياڭدۇڭ ئەمدىلا تىنچىشقا باشلىغان بىر چاغدا، كىچىككىنە ئاداۋەتنى دەپ، يەنە چوڭ جەڭگى - جېدەلنى قوزغىۋەتسەك، ئاقىۋىتى ياخشى بولماسمىكىن، ئويلاپ باقسىلا، ئاغا.

— ئىنىم، ئارتۇق گەپ قىلماڭ، مەن جاھاننى سوراۋاتقان بىر ئەر تۇرسام، كىشىلەردىن ئۆچۈمنى ئالماي، ئاچچىق يۇتۇپ يۈرسەمنمۇ! — دېدى سۇن جيەن.

— ئەي ئاتا، — دەپ تەلەپ قىلدى چوڭ ئوغلى سۇن تسې، — گېپىڭىز راست بولسا، مېنىمۇ ئېلىۋېلىڭ.

سۇن جيەن ماقۇل كۆرۈپ، ئوغلى بىلەن كېمىگە چىقتى ۋە فەنچېڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى. خۇاڭ زۇنىڭ دەريا بويىغا مۆكتۈرۈپ قويغان مەرگەنلىرى قىرغاققا يېقىنلىشىپ قالغان كېمىلەرنى كۆرۈپ، پارىسلىدىتىپ ئوق ئاتقىلى تۇردى.

سۇن جيەن لەشكەرلىرىنى قىمىرلىماي جىم يېتىشقا بۇيرۇدى، لەشكەرلەر كېمىلەرنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ، كېمىلەرنى ئۇياق - بۇياققا ماڭدۇرغان بولۇپ، ياۋنىڭ كۆزىنى بوياپ تۇردى؛ كېمىلەر ئۇدا ئۈچ كۈن قىرغاقنى بويلاپ تۇردى، ئون نەچچە قېتىم قىرغاققا يېقىن كېلىپ، يەنە قايتىپ كەتتى. خۇاڭ زۇنىڭ لەشكەرلىرى توختىماي ئوق ئېتىۋېرىپ، ئوقلىرىنى سەللىمازا تۈگىتىپ قويدى. سۇن جيەن كېمىلەردىن ئالاھازەل ئون نەچچە تۈمەن ئوق تېرىۋالدى. شامال تازا ئوڭدىن كەلگەن بىر كۈنى سۇن جيەن لەشكەرلىرىگە قىرغاققا قارىتىپ تەڭلا ئوق ياغدۇرۇشنى بۇيرۇدى. قىرغاقتىكىلەر بەرداشلىق بېرەلمەي، نائىلاج چېكىندى. سۇن جيەننىڭ لەشكىرى قىرغاققا چىقتى، چېڭ پۇ بىلەن خۇاڭ گەي لەشكەرنى ئىككى يولغا بۆلۈپ، توپتوغرا خۇاڭ زۇنىڭ قارارگاھىغا باستۇرۇپ ماڭدى. ئارقىدىن خەن داڭ لەشكەر تارتىپ شىددەت بىلەن ماڭدى. ئۇلار خۇاڭ زۇنى ئۈچ تەرەپتىن قورۇپ كېلىپ، ئاخىر قاتتىق يېڭىلدى، خۇاڭ زۇ فەنچېڭ شەھىرىنى تاشلاپ، دېڭچېڭ شەھىرىگە كۆچتى. سۇن جيەن خۇاڭ گەيگە كېمىلەرنى ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزى لەشكەر باشلاپ، خۇاڭ زۇنى قوغلىشىپ كەتتى. خۇاڭ زۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، دالىدا سەپ قۇردى. سۇن جيەنمۇ لەشكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ، ئېتىغا مىنگەن ھالدا پەركانە ئالەم ئالدىدا تۇردى. سۇن تسېمۇ دۇبۇلغا - قۇياقلىرىنى كىيىپ، نەيزىسىنى تۇتۇپ، ئېتىغا مىنگەن ھالدا ئاتىسىنىڭ يېنىدا تۇردى. خۇاڭ زۇ ئىككى پالۋانى بىلەن مەيدانغا چىقتى: بۇلارنىڭ بىرى جياڭشالىق جاڭ خۇ دېگەن پالۋان ئىدى، يەنە بىرى شياياڭلىق چېن شېڭ دېگەن پالۋان ئىدى. خۇاڭ زۇ قامچىسىنى تۇرتۇپ تۇرۇپ:

— ئەي جياڭدۇڭلۇق ئوغرىلار، قايسى يۈرىكىڭلار بىلەن خان جەمەتىنىڭ يېرىگە ئاياغ باستۇرۇپ كەلدىڭلار! — دەپ

ۋارقىرىدى ۋە شۇ ئان جاڭ خۇنى مەيدانغا چۈشۈشكە بۇيرۇدى.
سۇن جيەننىڭ سىپىدىن خەن داڭ مەيدانغا چۈشتى. ئىككى پالۋان ئاتلىرى ئۈستىدە تۇتۇشۇپ، ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشتى، جاڭ خۇنىڭ ھالسىراپ قالغانلىقىنى سەزگەن چېڭ شىپىڭ ئات چاپتۇرۇپ ھەمدەملىككە كەلدى. يىراقتىن كۆز تىكىپ تۇرغان سۇن تىسى قولىدىكى نەيزىسىنى قويۇپ، يانىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرۇپ، شۇنداق ئېتىۋىدى، يانىڭ ئوقى ۋىژىلداپ بېرىپ چېڭ شىپىڭنىڭ ماڭلىيىغا تەگدى. چېڭ شىپىڭ شۇ ئان ئاتتىن دومىلاپ چۈشتى. جاڭ خۇ چېڭ شىپىڭنىڭ يەرگە دومىلاپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ۋە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقۇپ قالدى، دەل شۇ چاغدا خەن داڭ قىلىچ بىلەن شۇنداق ئۇرۇپ، چېڭ شىپىڭنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن ئاجرىتىۋەتتى. چېڭ پۇ خۇاڭ زۇنى تۇتماقچى بولۇپ، سەپ ئالدىغا ئات قويۇپ كەلدى. خۇاڭ زۇ دۇبۇلغىسى بىلەن ئات - يېتىنى تاشلاپ، پىيادە قىسىملارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، جېنىنى ئېلىپ قاچتى. سۇن جيەن يېڭىلىپ قاچقان لەشكەرلەرنى قوغلىشا - قوغلىشا خەنشۈيگە يېتىپ باردى ۋە ئۇ يەردە خۇاڭ گەيگە كېمىلەرنى خەنجياڭ دەرياسىغا تارتىپ كىرىشنى بۇيرۇدى.
خۇاڭ زۇ قالغان - قاتقان لەشكەرلىرىنى يىغىپ - تىرىپ، ليۇ بياۋنىڭ ئالدىغا باردى ۋە سۇن جيەنگە تەڭ كەلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ليۇ بياۋ دەرھال كۇەي لياڭنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.
— بىز يېڭىدىنلا يېڭىلدۇق، — دەپ مەسلىھەت بەردى كۇەي لياڭ، — لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھى سۇندى؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇستەھكەم مۇداپىئە كۆرۈپ، ياۋنىڭ چاپقۇنىدىن ئۆزىمىزنى ساقلاپ تۇرماقتىن ئۆزگە ئامال يوق؛ ئاندىن قالسا، يۈەن شاۋغا ئاستىرتىن كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ھەمدەم تىلىمەك لازىم، شۇنىڭدىلا بۇ قورشاۋدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ

كېتەلەيمىز.

— بۇ چارە ئاقىل چارە ئەمەس. ياۋ بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالغاندا، قولىمىزنى قوۋۇشتۇرۇپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇش دېگەن قانداق گەپ! پېقىرغا ئىجازەت بەرگەيلا، قولۇمدىن ئىش كەلمىسىمۇ، لەشكەرنى شەھەرنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىقىپ، ياۋ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ باقاي، — دېدى سەي ماۋ.

ليۇ بياۋ ماقۇل بولدى. سەي ماۋ 1 تۈمەندىن ئوشۇق لەشكەرنى شياڭياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىغا باشلاپ چىقىپ، شيەنشەن تېغىدا سەپ تۈزدى.

سۈن جيەن غالىب لەشكىرىنى تارتىپ، دەبدەبە بىلەن يېتىپ كەلدى. سەي ماۋ ئېتىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى.

— ئۇ ليۇ بياۋنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئاكىسىغۇ، قېنى، قايسىڭ تۇتۇپ كېلىسەن ئۇ ئەبلەخنى؟ — دەپ ئۈن سالدى سۈن جيەن.

چېڭ فۇ تۆمۈر نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ مەيدانغا ئات قويدى ۋە قۇيۇندەك كېلىپ سەي ماۋ بىلەن ئېلىشتى. بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن، سەي ماۋ يېڭىلىپ كەينىگە ياندى. سۈن جيەن لەشكىرى بىلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ قىر - چاپقا ئۆتتى، جەڭدە ئۆلگەنلەر خۇددى ساينىڭ تېشىدەك دالىنى بىر ئالدى. سەي ماۋ قېچىپ ئۇدۇل شياڭياڭ شەھىرىگە كىرىپ كەتتى. سەي ماۋنىڭ تۈزۈك مەسلىھەتكە كىرمەي، قاتتىق يېڭىلىشكە سەۋەبچى بولغانلىقىدىن غەزەپلەنگەن كۇەي لياڭ لەشكىري قانۇن بويىچە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. ليۇ بياۋ تېخى يېقىندىلا ئۇنىڭ سىڭلىسىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى جازالاشنى ماقۇل كۆرمىدى.

خوش، ئەمدى سۈن جيەنگە كېلەيلى. ئۇ لەشكىرىنى تۆت تەرەپكە بۆلۈپ، شياڭياڭ شەھىرىگە باستۇرۇپ كىرىش ئۈچۈن شەھەرنى تەرەپ - تۆشتىن قورشىدى. بىر كۈنى قاتتىق بوران

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ، بارگاھ قوشۇننىڭ «ئەمىر لەشكەر» دېگەن خەت يېزىلغان كەشتىلىك تۇغىنىڭ سېپىنى سۇندۇرۇپ تاشلىدى.

— بۇ ياخشىلىقنىڭ بەلگىسى ئەمەس، بۇ يەردىن ۋاقتىنچە يۆتكىلىپ كېتەيلى، — دېدى خەن داڭ.

— مەن ھەربىر جەڭدە ياۋنى يېڭىپ كېلىۋاتىمەن، شىياڭياڭنى ئالماق كۆزۈمگە بەش قولدەك ئايان تۇرۇپتۇ؛ تۇغىنىڭ سېپىنى بوران سۇندۇرۇۋېتىش بىلەنلا بەلنى قويۇۋەتكىلى بولماس! — دېدى سۇن جيەن.

سۇن جيەن خەن داڭنىڭ مەسلىھىتىگە كىرمەي، شەھەرنى ئېلىشقا ئالدىراپ ئۆزىنى باسالماي قالدى.

— مەن، — دېدى كۇەي لياڭ ليۇ بياۋغا، — تۈندە كۆكتىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ چىقتىم، بىر يۇلتۇز چۈشۈپ كېتەيلا دەپ قاپتۇ، بۇ يۇلتۇزنىڭ تەۋەلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ چوقۇم سۇن جيەننىڭ يۇلتۇزىدەك تۇرىدۇ. ئىگەم ھەزرەتلىرى تېزدىن يۈەن شاۋغا خەت يېزىپ، ئۇ كىشىدىن ھەمدەملىك سورىسىلا.

ليۇ بياۋ خەتنى يازدى ۋە يېنىدىكىلەردىن:

— قېنى، قايسىڭلار قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ، بۇ خەتنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر، — دەپ جاۋاب قىلدى نەۋقىران سەركەردە لۈي گۇڭ.

— ئەگەر سىز بېرىشقا پېتىنسىڭىز، — دېدى كۇەي لياڭ، — پېقىرنىڭ بۇ مەسلىھىتىگە قۇلاق سالغايسىز: سىزگە 500 لەشكەر بېرىمىز، سەپ يېرىپ چىقالايدىغان ياخشى مەرگەنلەردىن كۆپرەك ئېلىۋېلىپ، شيەنشەن تېغىغا چاپتۇرۇپ بېرىڭ. سۇن جيەن چوقۇم لەشكىرى بىلەن قوغلىشىپ بارىدۇ. سىز بۇ چاغدا يۈزچە ئادەمنى ئاجرىتىپ، تاغقا چىقىۋېلىڭ ـ دە، تاغدىن تاش يىغىپ تەييارلىۋېلىڭ؛ يۈزچە ئادەم ئورمان ئىچىگە

يوشۇرۇنۇپ، ئوقيالىرىنى بەتلەپ تۇرسۇن. ئەگەر ئۇلار قوغلىشىپ كېلىپ قالسا، ئۈزىڭىزلەر كېتىپ قالماستىن ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۈزىڭىزلەر يوشۇرۇنغان جايغا باشلاپ كېلىپ، بىر ياقتىن ئوق ۋە تاشنى تەڭلا ياغدۇرۇڭىزلار. ئەگەر يېڭىپ چىقسىڭىزلار، دەرھال كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە پاي توپ ئېتىڭىزلار، شۇ چاغدا سىزلەرگە شەھەردىن ھەمدەمگە لەشكەر چىقىدۇ. ئەگەر ئۇلار قوغلىشىپ كەلمىسە، توپ ئاتماي يولىڭىزلارغا كېتىۋېرىڭىزلار. بۇگۈن كېچە ئايدىڭ ئانچە يورۇق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، گۇگۇم چۈشۈشى بىلەنلا شەھەردىن چىقىپ كېتىڭىزلار.

لۇي گۇڭ شۇ مەسلىھەت بويىچە لەشكەرلەرنى تەقلىدى. گۇگۇم چۈشۈشى بىلەنلا كۇنچىقىش قوۋۇقنى ئاستاغىنا ئاچتۇرۇپ، لەشكەرنى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. بارگاھتا ئولتۇرغان سۇن جيەن بىردىنلا سۇرەن ـ چۇقاننىڭ تىۋۈشىنى ئاڭلاپ، ئىتتىك چىقىپ ئېتىغا مىندى ۋە ئوتتۇزچە ئاتلىقنى ئېلىپ قارارگاھتىن چىقىپ ئەتراپقا باقتى.

— بىر توپ ئادەم ئېتىلىپ چىقىپ شيەنشەن تېغى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، — دەپ مەلۇم قىلدى لەشكەرلەردىن بىرى.

سۇن جيەن سەركەردىلىرىدىن مەسلىھەت ئالماي، ھېلىقى ئوتتۇزچە ئاتلىقنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىشىپ چىقىپ كەتتى.

لۇي گۇڭ لەشكەرلىرىنى تاغ ۋە توقايلىقنىڭ ئىچىگە مۆكتۈرۈپ قويغانىدى.

سۇن جيەن ئېتىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ، يالغۇز ئالدىدا ماڭدى، ئۇ تەرەپ قوشۇنغا خېلى يېقىنلىشىپ قالغاندا:

— توختاش! — دەپ ۋارقىرىدى.

لۇي گۇڭ ئېتىنى قايرىپ كېلىپ، سۇن جيەن بىلەن تۇتۇشتى. لۇي گۇڭ بىر قەپەس ئېلىشىپلا كېتىپ قالدى ۋە غىپلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ بىر چىغىر يولنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سۇن جيەن ئارقىدىن قوغلاشتى، بىراق لۈي گۇڭ كۆزدىن ئۆچتى. سۇن جيەن ئەمدىلا تاغقا يامىشاي دەپ تۇرۇشىغا، بىردىنلا جاڭ - دۇمباق ئاۋازلىرى ياڭراپ، تاغ ئۈستىدىن تاراسلاپ تاش ياغقىلى تۇردى، توقايلىقتىن ۋىژىلداپ ئوق ئېتىلدى. سۇن جيەن ئوق بىلەن تاش ئاستىغا كۆمۈلۈپ، مېڭىسىنىڭ قېتىقى چىقتى، ئۆزى ئېتى بىلەن شيەنشەن تېغىنىڭ ئېتىكىدە ئۆلۈپ تۈگىدى؛ رەھمەتتى سۇن جيەن شۇ يىلى 37 ياشقا كىرگەنىدى.

لۈي گۇڭ 30 ئاتلىقنى توسۇپ، بىرىنى قويماي قىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن، كەينى - كەينىدىن بىرنەچچە پاي توپ ئاتتى. خۇاڭ زۇ، كۆەي يۈ ۋە سەي ماۋلار شۇئان لەشكەرلىرى بىلەن بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ، شەھەردىن چىقتى، جياڭدۇڭ قوشۇنلىرى پاتىپاراقچىلىققا چۈشۈپ، تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. خۇاڭ گەي جاھاننى قاپلىغان بۇ قىقاسنى ئاڭلاپ، سۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى ۋە ئۇدۇل بېرىپ خۇاڭ زۇ بىلەن تۇتۇشتى. بىر - ئىككى قەپەس ئېلىشا - ئېلىشمايلا خۇاڭ زۇنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. چېڭ پۇ سۇن تسىنى قوغداپ، ئۇياق - بۇياققا قېچىپ يۈرەتتى، دەل لۈي گۇڭغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. چېڭ پۇ ئات قويۇپ كېلىپ، لۈي گۇڭ بىلەن بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشتى ۋە ئاخىر بىر نەيزە ئۇرۇپ لۈي گۇڭنى ئاتتىن يىقىتتى. ئىككى قوشۇن تاڭ يورۇغۇچە ئۇرۇشۇپ، ئاخىر جەڭنى توختىتىپ، لەشكەرلىرىنى يىغىشتى. ليۇ بياۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. سۇن تسى خەنشۈيگە قايتىپ كېلىپ، ئاتىسىنىڭ ئوققا كۆمۈلۈپ ئۆلگەنلىكىنى ۋە ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى ليۇ بياۋنىڭ لەشكەرلىرى

كۆتۈرۈپ شەھەرگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى. لەشكەرلەرمۇ ئۇن سېلىپ يىغا - زار قىلىشتى.

— ئاتامنىڭ جەسىتىنى يات قولىغا تاشلاپ، ئۆزۈم قانداق قايتالايمەن! — دېدى نادامەت بىلەن سۇن تىسي.

خۇاڭ زۇنى تىبرنىڭ قولىغا چۈشۈردۇق، بېگىم، — دەپ سۆز ئاچتى خۇاڭ گەي، — ھازىر ئۇ بىزنىڭ قولىمىزدا، بىز ئەمدى غوجامنىڭ جەسىتىنى بەرسەڭلار، خۇاڭ زۇنى قولۇڭلارغا قايتۇرۇپ بېرىمىز دەپ شەھەرگە بىر ئەلچى كىرگۈزەيلى.

خۇاڭ گەينىڭ گېپى تۈگە - تۈگىمەيلا لەشكەر بېشى خۇەن جيې ئورنىدىن دەس تۇرۇپ:

— مەن كىرەي، چۈنكى مەن ليۇ بياۋ بىلەن كونا تونۇش، — دېدى.

سۇن تىسي ماقۇل بولدى. خۇەن جيې شەھەرگە كىرىپ، ليۇ بياۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەھۋالنى ئوچۇق ئېيتتى.

— سۇن جيەننىڭ جەسىتىنى، — دېدى ليۇ بياۋ، — ئۆزۈم ئەتەي گۇەنسەيگە سالدۇرۇپ، ئۆز يېنىمدا ساقلاۋاتىمەن. خۇاڭ زۇنى دەرھال قايتۇرۇۋېتىڭلار، ئەمدى لەشكەرلىرىمىزنى يىغىپ، جەڭگى - جېدەل قىلىشماي تىنچ ئۆتۈشەيلى.

خۇەن جيې سالام - تەزىم بىلەن رەھمەت ئوقۇپ، ئەمدىلا قايتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، پەستە تۇرغان كۇەي لياڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ياق! بولمايدۇ! پېقىرنىڭ بىر سۆزۈم بار، جياڭدۇڭ قوشۇنلىرىنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتمىسەك بولمايدۇ، ئاۋۋال خۇەن جيېنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئاندىن ئىشلىتىلىدىغان

پەم ـ پەنتىمىزنى دېيىشەيلى، — دېدى. دەرھەقىقەت:

*ياۋنى قوغلاشقان سۈن جيەن كەتتى قازاغا،*
*سۈلىڭگە كەلگەن خۇەن جيې قالدى بالاغا.*

خۇەن جيېنىڭ ئاخىر قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# سەككىزىنچى باب

## ۋاڭ يۈنىڭ ئۈستىلىق بىلەن بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇش پەنتىنى ئىشلەتكەنلىكى دۇڭ جۇنىڭ فېڭيى شىپاڭدا جاڭجال چىقارغانلىقى

ئەلقىسسە، كۈەي لياڭ:

— سۈن جيەن ھازىر ئۆلدى، بالىلىرىنىڭ ھەممىسى تېخى كىچىك، ئۇلارنىڭ مۇشۇ ئاجىز پەيتىدىن پايدىلىنىپ، تېز لەشكىرىي يۈرۈش قىلساق، بىرلا كۈچەش بىلەن جياڭدۇڭنى ئالالايمىز. ئەگەر جەسەتنى بېرىپ لەشكەرلەرنى قايتۇرساق، ئۇلار دېمىنى ئېلىۋېلىپ كۈچىيىدۇ - دە، جىنجۇ ئۈچۈن بالايىئاپەت بولىدۇ، — دېدى.

— خۇاڭ زۇ ئۇلارنىڭ قولىدا، ئۇنى قانداق تاشلاپ كېتەلەيمەن؟ — دېدى ليۇ بياۋ.

— بىر پاراسەتسىز خۇاڭ زۇ ھېسابىغا جياڭدۇڭغا ئىگە بولساق، نېمىسى بولمايدىكەن؟ — دېدى كۈەي لياڭ.

— خۇاڭ زۇ بىلەن ئارىمىزدا سەممىي قەدىردانلىق مۇناسىۋەت بار. ئۇنىڭدىن كېچىش ۋاپاسىزلىق بولىدۇ، — دېدى ليۇ بياۋ.

خۇەن جيې ئۆز قارارگاھىغا قايتۇرۇلدى، ۋەدە بويىچە سۈن جيەنىڭ جەسىتى بىلەن خۇاڭ زۇ ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سۈن تىسى خۇاڭ زۇنى بوشىتىپ قايتۇردى، مۇردا سېلىنغان گۇەنسەينى تاپشۇرۇۋېلىپ، لەشكەرلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن يىغدى، ئاندىن جياڭدۇڭغا قايتىپ كەتتى. ئاتىسىنى بولسا چۈيئا تۆزلەڭلىكىگە دەپنە قىلدى. سۈن تىسى ماتەم ـ دەپنە مۇراسىملىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرى بىلەن جياڭدۇڭغا كېلىپ ماكانلاشتى، دانىشمەن ۋە ئالىملارنى توپلاش ئۈچۈن كەمتەرلىك بىلەن باشقىلارغا ھۆرمەت ـ ئىلتىپات كۆرسەتتى، تەرەپ ـ تەرەپتىن ئاتاقلىق ئەزىمەتلەر كېلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ تۇردى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى دۇڭ جۇغا كېلەيلى. ئۇ چاڭئەندە سۈن جيەننىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ:

— مەن بىر بالادىن قۇتۇلۇپتىمەن، — دەپ خىتاب قىلدى ۋە، — باللىرى نەچچە ياشتا؟ — دەپ سورىدى.

— 17 ياشتا، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى.

دۇڭ جۇ بۇنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تېخىمۇ گىدىيىپ كەتتى، ئۆزىنى «شاڭفۇ»* دەپ ئاتىۋالدى. يۈرۈش ـ تۇرۇشتا شاھانە مۇراسىم ـ مەرىكە جابدۇقلىرىنى ئىشلەتتى، ئىنىسى دۇڭ مىننى سول قول سەركەردىلىككە تەيىنلەپ، ئۇنىڭغا خوخۇ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى، جىيەنى دۇڭ خۇاڭنى ياساۋۇل بەگلىككە تەيىنلەپ، ھەرەم لەشكەرلىرىنى جوڭقۇرۇشقا قويدى. دۇڭ جۇنىڭ جەددى ـ جەمەتلىرىنى ياش ـ قېرى دېمەستىن ھەممىسىگە بەگلىك مەرتىۋە بەردى. چاڭئەندىن 250 چاقىرىم يىراقلىقتا، خەلقتىن 25 تۈمەن ھاشار ئېلىپ، مېيۇۋدا بىر قورغان سالغۇزدى. قورغان سېپىللىرىنىڭ ئېگىزلىكى ۋە قېلىنلىقى چاڭئەن شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئوخشاش سېلىندى، قورغاننىڭ ئىچىگە

---

* شاڭفۇ — جۇ خانلىقىنىڭ ۋۇ ۋاڭى لۈي ۋاڭنى ھۆرمەتلەپ «شاڭفۇ» دەيتتى؛ بۇ يەردە دۇڭ جۇ ئۆزىنى لۈي ۋاڭغا ئوخشاتماقچى.

ساراي ۋە ئامبارلار سېلىندى، 20 يىل يەتكۈدەك ئاشلىق قاچىلاپ ساقلاندى؛ خەلق ئىچىدىن 800 ياش ساھىبجامال قىزلار تاللىنىپ ساراي ئىچىگە خىزمەتكە قويۇلدى. ھەددى - ھېسابسىز ئالتۇن، لەھەل - جاۋاھىرلار، رەڭگارەڭ تاۋار - دۇردۇنلار، ئۈنچە - مەرۋايىتلار توپلاندى؛ دۇڭ جۇنىڭ خوتۇن، بالا - ۋاقىلىرى بۇ سارايىنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. دۇڭ جۇ يېرىم ئاي ياكى بىرەر ئايدا چاڭئەنگە بىر قېتىم بېرىپ تۇراتتى، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئۇنى تاكى خېڭمېن* قوۋۇقىنىڭ تېشىغىچە ئۇزىتىپ چىقاتتى. دۇڭ جۇ ھەمىشە دېگۈدەك يولغا چېدىر تىكتۇرۇپ، ۋەزىرلەرنى يىغىپ مەرىكە - سورۇن تەييارلاتتى. بىر كۈنى دۇڭ جۇنى ۋەزىر - ۋۇزرالار خېڭمېن قوۋۇقىنىڭ تېشىغىچە ئۇزىتىپ چىققىنىدا، دۇڭ جۇ مەرىكە - سورۇن تەييارلىتىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالدى، يۇقىرى جايلاردىن ئەل بولغان بىرنەچچە يۈز لەشكەرمۇ شۇ يەرگە كېلىپ قالدى. دۇڭ جۇ ئۇلارنى قىيناشقا ئەمىر قىلدى - دە، بەزىلىرىنىڭ پۇت - قوللىرىنى كەستۈردى، بەزىلىرىنى داشقازانغا سېلىپ قايناتقۇزدى. داد - پەرياد دەستىدىن جاھان تىترىدى، ۋەزىر - ۋۇزرالار قورقۇشۇپ ئەزايى - بەدەنلىرى سىرقىراپ، قوللىرى تىترەپ چوكىلار يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئەمما، دۇڭ جۇ يەنە ئادەتتىكىدەك كۈلۈپ، پاراڭ بىلەن تامىقىنى يەۋەردى. يەنە بىر كۈنى دۇڭ جۇ خاندانلىق مەھكىمىسىدە بەگ - سىپاھلارنى يىغىپ، ئىككى رەت قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن لۈي بۇ توغرا كىرىپ كەلدى - دە، دۇڭ جۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەر دەپ پىچىرلىدى، دۇڭ جۇ كۈلۈپ:

— شۇنداقكەن - دە، ئەپچىقىڭ! — دەپ لۈي بۇغا بۇيرۇق بەردى. لۈي بۇ مەرىكە - سورۇندا ئەمىرمېمار جاڭ ۋېننى تۇتۇپ

---

* خېڭمېن — خەن خاندانلىقى دەۋرىدە پايتەخت چاڭئەننىڭ يۇقىرى كۈنپېتىش تەرىپىدىكى بىر قوۋۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بەگ - سىپاھلارنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا، نۆكەرلەر قىزىل پەتنۇسقا جاڭ ۋېنىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كىردى. بۇنى كۆرگەن بەگ - سىپاھلارنىڭ جان - پېنى چىقىپ كەتتى. دۇڭ جۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھەر بىرلىرى چۆچۈشمىسىلە، جاڭ ۋېن يۈەن شۇ بىلەن بىر تىللىق بولۇۋېلىپ ماڭا سۇيىقەست قىلماقچىكەن. يۈەن شۇنىڭ جاڭ ۋېنغا ئەۋەتكەن خېتى ئوغلۇم لۈي بۇنىڭ قولىغا تېگىپ قاپتۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنى ئۆلتۈردۇم. ھەربىرلىرى ئەندىشە قىلىشمىسىلا، — دېدى.

بەگ - سىپاھلار «خوش - خوش!» دەپ تارقىشىپ كەتتى.

زېمىن بېگى ۋاڭ يۈن ئۆيىگە قايتقىنىدىن كېيىن، مەرىكە - سورۇندا بولغان ۋەقەنى ئويلاپ ئولتۇرالماي قالدى. كېچىسى ئاي يورۇقىدا، ھاسىسىنى ئېلىپ باغقا چىقتى ۋە باغدىكى چاي شىپاڭىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاسمانغا قارىدى ۋە كۆزىدىن تارام - تارام ياش كەتتى. تۇيۇقسىزلا مودەنگۈل شىپاڭىنىڭ يېنىدا بىراۋنىڭ ئاھ - زار ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ۋاڭ يۈن ئاستا قەدەم بېسىپ ماراپ قارىۋىدى، ئۆز ئۆيىدىكى غەزەلخان دياۋ چەن ئىكەن. بۇ قىز گۆدەك ۋاقتىدىلا بۇ دەرگاھقا قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭغا غەزەل ۋە رەقس ئۆگىتىلگەنىدى، ھازىر ئۇ 16 ياشقا كىرىپ، لۈتپى كامالەتلىك بولۇپ يېتىلگەنىدى، ۋاڭ يۈن بۇ قىزنى ئۆز بالىسىدەك كۆرەتتى. ۋاڭ يۈن كېچىدە خېلى ئۇزۇن تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن:

— ھەي پەسكەش، بىراۋ بىلەن ئىشقى - مىشقى باغلىدىڭمۇ نېمە؟ — دېدى.

— كەمىنە ئاجىزەلىرىدە، نېھەدكى، بىراۋغا ئىشقى باغلاش! — دېدى چۆچۈپ كەتكەن دياۋ چەن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— ئەگەر بىراۋغا ئىشقى - مىشقى باغلىمىغان بولساڭ، نېمە

ئۇچۇن بۇ كېچىدە ئاھ چېكىپ يۈرىسەن؟
— مەن يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتىپ بېرەي!
— ھېچ ئەيقالماستىن راستىڭنى ئېيت!
— ئاجىزەلىرى، ھەزرەتلىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدە نەغمە - ناۋا ۋە ئۇسسۇل - رەقس ئۆگەندىم، زور ئىلتىپات - دۆلەتلىرىنى كۆردۈم، ۋۇجۇدۇم پارە - پارە، ئۇستىخىنىم تالقان بولۇپ كەتسىمۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ تۈمەندىن بىرىنى قايتۇرالمايمەن. بۇ يېقىندىن بېرى ھەزرەتلىرىنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈكلۈك تۈرغىنىنى كۆرۈپ، ئەلنىڭ بېشىغا زور بىر ئېغىرچىلىق چۈشكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم، سوراشقا تىلىم بارمىدى، بۈگۈن يەنە ھەزرەتلىرىنى پەرىشان كۆردۈم، شۇڭا ئاھ چەككەندىم. كۈتۈلمىگەندە ھەزرەتلىرى بۇنى كۆرۈپ قالدىلا، ئەگەر ماڭا بۇيرۇيدىغان خىزمەتلىرى بولسا بۇيرۇسىلا، ئەسلا رەت قىلماي باش ئۇستىگە قوبۇل قىلىمەن.
— كىم ئويلىسۇن، خەن خاندانلىقىنىڭ تەقدىرى بۈگۈن سېنىڭ ئىلكىڭدە ئىكەنلىكىنى! يۈر ھۇجرىغا! — دېدى ۋاڭ يۈن ھاسىسىنى توكۇلدىتىپ.
دىياۋ چەن ۋاڭ يۈننىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى، ۋاڭ يۈن ئۆيدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋېتىپ، دىياۋ چەننى ئولتۇرغۇزدى ۋە سەجدە - تەزىم قىلدى. دىياۋ چەن ھەيران بولغىنىچە دەرھال يۈكۈنۈپ يەر ئۆپۈپ:
— ھەزرەتلىرى نېمىشقا مۇنداق قىلىدىلا؟ — دېدى ئوڭايسىزلىنىپ.
— سەن خەن خاندانلىقى ئىلكىدە ياشاۋاتقان پۇقرالارغا ئىچ ئاغرىتقىن! — دېدى ۋاڭ يۈن كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئېقىتىپ.
— مەن بايا نېمە خىزمەتلىرى بولسا بۇيرۇسىلا، ئەسلا رەت قىلماي باش ئۇستىگە قوبۇل قىلىمەن دېدىمغۇ، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىياۋ چەن.

— ھازىر ئەل تەھلىكىدە، خان، ۋەزىرلەر خەۋپ ئاستىدا قالدى، بىزنى بۇ مۇشكۇللۇكتىن قۇتۇلدۇرۇش پەقەت سىنىڭلا قولۇڭدىن كېلىدۇ، — دېدى يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ ۋاڭ يۇن، — مۇناپىق ۋەزىر دۇڭ جو ھازىر خان تەختىنى كۆزلەۋاتىدۇ؛ خاندانلىقتىكى قەلەمدار - ئەلەمدار، بەگ - سىپاھلار بۇنىڭغا ھېچبىر چارە - تەدبىر تاپالمىدى. دۇڭ جونىڭ بىر ئاسراندى ئوغلى بار، ئۇنىڭ ئىسمى - زاتى لۈي بۇ، بۇ قالتىس باتۇر نېمە، قارىسام بۇلار — ئاتا - بالا ئىككىسىلا شەھۋەتپەرەس كۆرۈنىدۇ. بۈگۈن مەن بۇلارغا «بىر - بىرىگە چېتىپ قويۇش» پەنتىنى قوللانماقچىمەن: ئالدى بىلەن سېنى لۈي بۇغا ياتلىق قىلىشقا ۋەدە قىلىپ قويۇپلا دۇڭ جوغا بېرىۋېتىمەن؛ سەن بۇ ئەپلىك پەيتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق تۇغدۇرىسەن - دە، لۈي بۇ دۇڭ جونى ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىر چوڭ بالادىن خالاس تاپىمىز. خاندانلىقنى قايتىدىن تىكلىگەن بولىمىز، بۇنىڭ ھەممىسى سېنىڭ ئەجرەڭ بولىدۇ. سەن بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

— ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمرىنى باش ئۈستىگە قوبۇل قىلىمەن، ئەسلا رەت قىلمايمەن دېگەندىن كېيىن مېنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىۋەرسىلە، قالغىنىنى ئۆزۈم جايلايمەن، — دېدى دىياۋ چەن.

— ئىش ئەگەر پاش بولۇپ قالسا، ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىن تارتىپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ، — دېدى ۋاڭ يۇن.

— ھەزرەتلىرى غەم قىلمىسىلا، ئەگەر مەن ۋاپاسىزلىق قىلسام، بېشىمغا تۈمەنلىگەن قىلىچ كېلىپ تەگسۇن! — دېدى دىياۋ چەن.

ۋاڭ يۇن تەزىم قىلىپ تەشەككۇر بايان قىلدى.

ئەتىسى ۋاڭ يۇن ئۆيىدە ساقلاپ كەلگەن ئېسىل

مەرۋايىتتىن بىرنەچچە دانىسىنى چىقىرىپ، كاتتا ھۈنەرۋەندىن بىرىگە ئالتۇن تاج ياساتتى ۋە ئۇنى بىر كىشىدىن خۇپىيانە لۈي بۇغا ئەۋەتتى. لۈي بۇ بۇنىڭغا خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزى ۋاڭ يۈننىڭ دەرگاھىغا رەھمەت ئېيتقىلى كەلمەكچى بولدى. ۋاڭ يۈن ئېسىل تائام ھازىرلاپ لۈي بۇنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. لۈي بۇ كەلگەندىن كېيىن ۋاڭ يۈن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە ئىچكىرىكى دىۋانغا باشلاپ كىرىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزدى.

— كەمىنە لۈي بۇلىرى باش ۋەزىر سارىيىنىڭ بىر سەركەردىسى، جانابلىرى بولسىلا خانلىقىمىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىرلىرىدىن بىرى، نېمە سەۋەبتىن بۇ قەدەر ئىلتىپات كۆرسىتىدىلا؟ — دېدى لۈي بۇ.

— ھازىر ئەلدە جانابلىرىدىن باشقا ھېچقانداق بىر پالۋان يوق. مەن جانابلىرىنىڭ مەنسەپلىرىنى ئەمەس، ئىستىداتلىرىنى ھۆرمەت قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ يۈن.

لۈي بۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. ۋاڭ يۈن مېھمىنىغا سەمىمىي ھالدا شاراب تۇتتى، تىل ياغلىمىلىقى بىلەن باش ۋەزىر دۇڭ جۇ ھەم لۈي بۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختىدى. لۈي بۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ ئىچكۈزلىق قىلدى. ۋاڭ يۈن بىرنەچچىلا خىزمەتكارنى ئېلىپ چىقىپ شاراب قۇيۇشقا بۇيرۇدى، قالغانلارنى بولسا چىقىرىۋەتتى. ئۇلار ئىچكۈزلىق بىلەن چالا كەيپ بولۇشقاندا، ۋاڭ يۈن:

— قىزىمنى چاقىرىڭلار! — دېدى.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىككى دېدەك چىرايلىق ياسانغان دياۋ چەننى باشلاپ چىقتى. لۈي بۇ ھەيران قېلىپ:

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى.

— قىزىم دياۋ چەن بولىدۇ. پېقىرنى جانابلىرى ياخشى كۆرگەنلىكلىرى ئۈچۈن، سىلىنى يات كۆرمەي، قىزىمنى جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەپچىققۇزدۇم، — دېدى ۋاڭ يۈن

دىياۋ چەننى لۈي بۇغا شاراب تۇتۇشقا بۇيرۇپ تۇرۇپ.

دىياۋ چەن لۈي بۇغا شاراب ئۇزاتتى، ئىككىسى قاش ـ كۆز تاشلاشتى. ۋاڭ يۈن كەيپ بولغان بولۇۋېلىپ:

— قىزىم! سەركەردىگە ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن مەي تۇتۇپ قانغۇچە ئىچۈر، پۈتۈن ئائىلىمىز سەركەردىگە باغلىقتۇر! — دېدى.

لۈي بۇ دىياۋ چەننى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. دىياۋ چەن يالغاندىن كىرىپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، ۋاڭ يۈن:

— سەركەردە مېنىڭ ئەڭ يېقىن ئاغىنەم، قىزىم ئولتۇرۇۋەر، نېمە تارتىنىسەن؟ — دېدى.

دىياۋ چەن ۋاڭ يۈننىڭ يېنىدا ئولتۇردى. لىۋ بۇ كۆزىنى ئۈزمەستىن دىياۋ چەنگە قارىدى، يەنە بىرقانچە قەدەھ شاراب ئىچتى. ۋاڭ يۈن دىياۋ چەننى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، لۈي بۇغا:

— خىزمەتلىرى ئۈچۈن بۇ قىزنىڭ بېشىنى سىلىغە باغلاپ قويماي دەيمەن، بۇنىڭغا قانداق دەيدىلاكىن؟ — دېدى.

لۈي بۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتقان ھالدا:

— ئەگەر ئۇنداق مەرھەمەتلىرى بولىدىكەن، ئاياغلىرىدا قۇللارچە خىزمەت قىلىمەن، — دېدى.

— خەيرلىك بىر ۋاقىت بەلگىلەپ دەرگاھلىرىغا ئۇزىتىپ قويىمەن، — دېدى ۋاڭ يۈن.

لۈي بۇ ناھايىتى خۇشال بولدى ۋە كۆزىنى دىياۋ چەندىن ئۈزمىدى، دىياۋ چەنمۇ كۆزى بىلەن ئىشق ئىزھار قىلدى. بىر پەستىن كېيىن مەرىكە ـ سورۇن ئاخىرلاشتى.

— جانابلىرىنى قوندۇرۇپ قالماقچىدىم، باش ۋەزىر جانابلىرى گۇمان قىلامدىكىن دەپ ئېھتىيات قىلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ يۈن.

لۈي بۇ قايتا ـ قايتا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ كېتىپ قالدى.

بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ۋاڭ يۈن دىۋاندا دۇڭ جۇ بىلەن كۆرۈشۈپ قالدى. ئۇ لۇي بۇنىڭ بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە:

— كەمىنىلىرى باش ۋەزىر ئالىيلىرىنىڭ غېرىب خانامغا ئاددىي مەرىكە - سورۇنغا قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەن. خاھىشلىرى قانداقكىن؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— زېمىن بېگىم تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە بېرىشىم لازىم، — دېدى دۇڭ جۇ.

ۋاڭ يۈن تەزىم بىلەن تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ئۆيىگە قايتتى، دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتىكى ئېسىل نازۇنېمەتلەردىن تائام تەييارلىدى، ئالدى دىۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا داستىخان يايدى، يەرگە زەرباب - كەشتىلىك رەختلەردىن پايانداز سالدى، تامنىڭ ئىچى - تېشىغا پەردىلەر تارتتى. ئەتىسى چۈشتە دۇڭ جۇ يېتىپ كەلدى. ۋاڭ يۈن ساراي كىيىمى بىلەن مېھماننىڭ ئالدىغا چىقىپ، تەكرار - تەكرار تەزىم قىلىپ هارمىدى. دۇڭ جۇ هارۋىدىن چۈشتى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى 100 دىن ئارتۇق قوراللىق قورۇقچى دىۋانغا تىقىلىشىپ كىردى ۋە ئىككى ياندا رەت - رەت بولۇپ تۇردى. ۋاڭ يۈن دىۋاندا يەنە تەزىم بەجا كەلتۈردى، دۇڭ جۇ تۇرۇشقا ئەمىر قىلدى ۋە يېنىدا ئولتۇرۇشقا ئىجازەت قىلدى. ۋاڭ يۈن:

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ ئەخلاق - پەزىلەت، شانۇ - شەۋكەتلىرى ئالدىدا يى يىن ۋە جۇ گۇڭلار* هېچقانچە بىر نېمىلەر ئەمەس، — دېدى.

دۇڭ جۇ خۇشال بولدى. مەي ئىچىلىپ، سازلار چېلىندى. ۋاڭ يۈن دۇڭ جۇنى هۆرمەتلەپ كۈتتى. مەي كەچكىچە داۋام قىلدى، ۋاڭ يۈن دۇڭ جۇنى دىۋانغا تەكلىپ قىلدى. دۇڭ جۇ

---

* يى يىن ۋە جۇ گۇڭ — يى يىن شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسەتچى، جۇ گۇڭ جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسەتچى.

قورۇقچىلارغا قىلىشقا ئەمىر بەردى. ۋاڭ يۈن قەدەھ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

— كەمىنىلىرى ياشلىقىمدىن تارتىپ رەسەتچىلىكنى ئۆگەنگەندىم، كېچە يۇلتۇزلارغا قارىسام خەن خاندانلىقىنىڭ تەقدىر - قىسمىتى توشۇپتۇ. ئالىيلىرىنىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىلىرى، پەزىلەت، ئەخلاقلىرى ئالەمگە پۇر بولدى. هازىرقى پەيت خۇددى ياۋنىڭ خان تەختىنى سۇنغا ئۆتكۈزۈپ بەرگىنى يۇنىڭ شۇن خانىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغىنىدەك بىر ئىش بولۇپ قالدى، بۇنى ئاللا راۋا كۆردۇ ۋە بۇ خەلق ئارزۇسىغا لايىق كېلىدۇ، — دېدى.

— مۇنداق قىلىشقا نېمە هەددىم! — دېدى دۇڭ جوۋ.

— قەدىمكىلەردە: «ئېزگۈلۈق يامانلىق ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدۇ، ئىستىبداتسىزلار ئىستىبدات ئەهلىلىرىگە يول بېرىدۇ» دېگەن گەپ بار. بۇ هەددىدىن ئاشقانلىق ئەمەس! — دېدى ۋاڭ يۈن.

— ئەگەر تەڭرى ماڭا بۇيرۇغان بولسا، سىز ئۇلۇغ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكۈچى بولغايسىز، — دېدى دۇڭ جوۋ كۈلۈپ.

ۋاڭ يۈن تەشەككۇر بىلدۈردى. دىۋاننىڭ ئوتتۇرىسىغا گۈللۈك شاملار يېقىلدى. شۇ يەردە پەقەت مەي قويۇپ بېرىدىغان، تائام توشۇيدىغان چۆرە قىزلار قالدى.

— سارايدىكى نەغمە - ناۋا، ئۇسسۇل - رەقس مۇبارەك كۆڭۈللىرىنى ئاچالمايدۇ، غېرىب خانامدا ئۆي رەققاسلىرى بار. بىر پەس كۆڭۈللىرىنى ئاچسىلا قانداق؟ — دېدى ۋاڭ يۈن.

— ناهايىتى ياخشى، — دېدى دۇڭ جوۋ.

ۋاڭ يۈن پەردىنى چۈشۈرگۈزدى. سازلار جاراڭلىدى. دىياۋ چەن پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ ئۇسسۇل ئوينىدى. بۇ هال

بىر نەزمىدە مۇنداق مەدھىيىلەنگەن:

*ئەسلى جاۋ ياڭ سارىيىدا تۇرغۇچى ئادەم بولۇپ،*
*ئۆتتى خۇددى چۆچۈگەن ھاڭغىرانقا ئوخشاش تولغىنىپ.*
*ئۆتكىنىدەك يازلىقى دۇڭتىڭ كۆلىنىڭ بويىدىن،*
*قەدىمى نازۇك ـ سىلىق ساھىبجامال پەرۋاز ئۇرۇپ.*
*يىڭى تۇس ئالدى ئىپىل گۈللەر شامالنىڭ بويىدىن،*
*يەتمەس باھارغا خۇش شامال ئىچرە ساراي ھاسىل بولۇپ.*

يەنە بىر نەزمىدە مۇنداق دېيىلگەن:

*ئۇچتى قارلىغاچ يورغىلاپ ئاڭلاپ چىكىلداق سازىنى،*
*ئالدى بىر پارچە بۇلۇت قاپلاپ گۈزەل دىۋانىنى.*
*سۇرمىلىك قاشىغا مىڭ جانمۇ تەسەددۇق بولغۇسى،*
*قالىدۇ ھاڭ ـ تاڭ خالايىق كۆرسە بىر رۇخسارىنى.*

•

*بىر تەبەسسۇم كۈلكىسىن مىڭ سومغا ئۇ بەرمەس ئىدى،*
*خۇش چىرايلىق ھۆسنىگە پەرداز پەقەت كەتمەس ئىدى.*
*تۇگىتىپ ئۇسسۇل ـ ئويۇننى پەردىدىن ماراپ قاراپ،*
*چۇشىياڭ ۋاڭنىڭ كىم ئىكەننى پەقەت بىلەلمىدى.*

ئۇسسۇل تۈگىگەندىن كېيىن دۇڭ جۇ دىياۋ چەننى يېقىن كېلىشكە بۇيرۇدى. دىياۋ چەن پەردە ئىچىگە كىرىپ لاتاپەت ـ ئەدەپ بىلەن قايتا ـ قايتا تەزىم قىلدى. دۇڭ جۇ دىياۋ چەننىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆرۈپ:

— بۇ قىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— غەزەلخان قىز دىياۋ چەن، — دەپ جاۋاب بەردى ۋاڭ يۈن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

— غەزەل ئېيتالامدۇ؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ.
ۋاڭ يۈن دىياۋ چەننى سەندەل تاكتىكى بىلەن بىر غەزەل ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى.

*مىسلى بىر جىنەستىدۇر ئۇل ماھى قىزنىڭ لەۋلىرى،*
*چاچىدۇ باھار يۇراقىن ئۈنچە - دۇردان چىشلىرى.*
*شەمشەرى ئۆتكۈر قەلەمپۇردەك يۇراقلىق تىللىرى،*
*كېسىلۇر قىز ئالدىدا بوزۇق ۋەزىرلەر باشلىرى.*

دۇڭ جۇ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختىدى، ۋاڭ يۈن دىياۋ چەننى قەدەھ تۇتۇشقا بۇيرۇدى. دۇڭ جۇ قەدەھنى ئېلىۋېتىپ:
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— خادىمەلىرى 16 ياشقا كىردىم، — دەپ جاۋاب بەردى دىياۋ چەن.
— پەرىشتىلەر ئىچىدىكى ئىنسان ئىكەن! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ دۇڭ جۇ.
— بۇ قىزنى ئالىيلىرىغا تەقدىم ئەتسەم، قوبۇل قىلامدىلاكىن؟ — دېدى ۋاڭ يۈن.
— بۇ ئىلتىپاتنى نېمە بىلەن قايتۇرۇش كېرەك؟ — دېدى دۇڭ جۇ.
— بۇ قىزنىڭ ئالىيلىرىنىڭ خادىمەلىكىگە ئېرىشىشى ئىنتايىن چوڭ بەختىيارلىقتۇر، — دېدى ۋاڭ يۈن.
دۇڭ جۇ قايتا - قايتا تەشەككۇر بىلدۈردى. ۋاڭ يۈن كىگىز سېلىنغان هارۋا هازىرلىتىپ، دىياۋ چەننى دۇڭ جۇ سارىيىغا ئۇزاتتى. دۇڭ جۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خەيرلىشىپ يۈرۈپ كەتتى. ۋاڭ يۈن ۋەزىرئەزەمنى تاكى سارىيىغا قەدەر ئۇزىتىپ كېلىپ، ئاندىن خەيرلىشىپ ياندى.

ۋاڭ يۈن ئاتلىق يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، ئىككى قاناتتىكى قىزىل پانۇسلار بىلەن يورۇتۇلغان يولدا يالمان قورالى بىلەن ئاتلىق كېلىۋاتقان لۈي بۇنى كۆردى. لۈي بۇ ۋاڭ يۈنگە تۇشمۇتۇش كېلىپ، ئېتىنى توختاتتى - دە، بىر قولى بىلەن ۋاڭ يۈننىڭ ئېتىكىنى تۇتۇۋېلىپ، توۋلىغان هالدا:

— هەي زېمىن بېگىم! دىياۋ چەننى دەسلەپ ماڭا بېرىپ، بۈگۈن يەنە ۋەزىرئەزەمگە سوۋغا قىپتىلا، مېنى ئەخمەق قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ سۆزلىشىدىغان جاي ئەمەس، ئۆيۈمگە مەرھەمەت قىلسىلا! — دېدى ۋاڭ يۈن دەررۇ ئۇنى توختىتىپ.

لۈي بۇ ۋاڭ يۈن بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئاتتىن چۈشۈپ ئارقا دىۋانغا كىردى. رەسمىي سالام - سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ يۈن:

— سەركەردە جانابلىرى، نېمە ئۈچۈن مېنىڭدىن ئاغرىنىدىلا؟ — دېدى.

— ئادەملەر دىياۋ چەننى كىگىز سېلىنغان هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ۋەزىرئەزەمنىڭ سارىيىغا ئەۋەتكەنلىرى ھەققىدە ماڭا خەۋەر يەتكۈزۈشتى. نېمە غەرەز بىلەن مۇنداق قىلدىلا؟ — دەپ سوئال قويدى لۈي بۇ.

— سەركەردە جانابلىرى، تېخى بىلمەيدىكەنلا - دە! ۋەزىرئەزەم دىۋاندا ماڭا: «مېنىڭ بىر ئىشىم بار، ئەتە ئۆيىڭىزگە بارىمەن» دېدى. مەن ئاددىي مەرىكە - سورۇن هازىرلاپ كۈتتۇم. ۋەزىرئەزەم ئىچكۈلۈك ئارىسىدا: «سىزنىڭ دىياۋ چەن ئىسىملىك بىر قىزىڭىز بار ئىكەن، ئوغلۇم لۈي بۇغا بېرىپسىز. يەنە سۆزىدىن يېنىپ قالمىسۇن دەپ، ئالاھىدە ئىلتىماس قىلغىلى كەلدىم، قىزىڭىزنى ماڭا بىر كۆرسىتىڭ» دېدى. مەندە ياق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېيىشكە نېمە ھەد، دىياۋ چەننى چاقىرىپ قۇدىمىزغا تەزىم قىلدۇرۇپ كۆرۈنۈش قىلغۇزدۇم. ۋەزىرئەزەم: «بۈگۈن ۋاقتى ـ سائىتى، مەن قىزنى ئېلىپ كېتىپ لۈي بۇنىڭ تويىنى قىلىپ بېرەي» دېدى. ئۆزلىرى ئويلاپ باقسىلا، مەن ۋەزىرئەزەمنىڭ رايىنى قانداق قايتۇراي؟ — دېدى.

— سىلىدە ئەيىب يوق ئىكەن. مەن يېڭىلىشىپتىمەن، مۇئاپ قىلسىلا، — دەپ ئۆزرە بىلدۈردى لۈي بۇ.

— قىزىمىزنىڭ خېلى ۋەج ـ دۇنياسى بار ئىدى، ئۇ جانابلىرىنىڭ دەرگاھلىرىغا ئۆتكەندىن كېيىن ئەۋەتىپ بېرەرمەن، — دېدى ۋاڭ يۈن.

لۈي بۇ تەشەككۇر بىلدۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى لۈي بۇ ئۆيىدە تۇرۇپ بۇ ھەقتە ھېچبىر خەۋەر ئالالمىدى. ۋەزىر سارىيىغا كىرىپ چۆرىلەردىن سورىدى. ئۇلار:

— كېچە ۋەزىرئەزەم يېڭى خانىم بىلەن يېنىدا قوندى، تېخى ئورنىدىن تۇرمىدى، — دېدى.

لۈي بۇ قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ، يوشۇرۇنچە دۇڭ جو ياتاقخانىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ مارىدى. بۇ ۋاقىتتا دىياۋ چەن ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىدا چېچىنى تاراۋاتاتتى. ئۇشتۇمتۇتلا دېرىزە تېشىدىكى كۆلدە بىراۋنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇ تىككە ئۆرۈلگەن چېچىغا ئالتۇن تاج قىستۇرغان بەستلىك بىر كىشى ئىكەن، دىياۋ چەن ئوبدان قارىسا لۈي بۇ ئىكەن، دىياۋ چەن ئەتەي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قايغۇلۇق بىر قىياپەتتە ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ تۇردى، لۈي بۇ خېلى ئۇزۇن ماراپ تۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى؛ بىر پەستىن كېيىن يەنە قايتىپ كىردى. دۇڭ جو دىۋانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. ئۇ لۈي بۇنى كۆرۈپ:

— سىرتتا ئىش ـ كۈشلەر قانداق؟ — دەپ سورىدى.
— تىنچلىق! — دەپ جاۋاب بەردى لۈي بۇ ۋە دۇڭ جۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى. دۇڭ جۇ ئەمدى تاماق يېگەندە لۈي بۇ ئوغرىلىقچە قارىدى، كەشتىلىك پەردىنىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ كېلىپ ـ كېتىپ قاراۋاتقانلىقىنى، يۈزىنى يېرىمگىنە كۆرسىتىپ، كۆز تاشلاپ نازلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. لۈي بۇ بۇنىڭ دىياۋ چەن ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئەقلى ـ ھوشىنى يوقىتىپ قويىدى. دۇڭ جۇ لۈي بۇنىڭ بىر قىسىملا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، كۆڭلىدە گۇمان تۇغۇلۇپ كۇندەشلىكى تۇتتى، ئۇ:
— ئوغلۇم! ئىشىڭىز بولمىسا چىقىپ كېتىڭ! — دېدى.
لۈي بۇ نارازى بىر قىياپەتتە چىقىپ كەتتى.
دۇڭ جۇ دىياۋ چەنگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، شەھۋانىيلىقا بېرىلىپ كېتىپ بىرەر ئايدىن ئارتۇق ئوردا ئىشلىرىغا چىقمىدى. دۇڭ جۇ تاسادىپەن ئاغرىپ يەڭگىلرەك يېتىپ قالسا، دىياۋ چەن كېچىلىرى يېشىنمەي، ئۇخلىماي دېگەندەك ئەستايىدىل كۈتتى. دىياۋ چەننىڭ بۇ ئىشىدىن دۇڭ جۇ مەمنۇن بولدى. لۈي بۇ ئىچكىرىگە ھال سوراپ كىرىۋىدى، دۇڭ جۇ ئۇخلاپ قالغانىكەن، دىياۋ چەن كات ئارقىسىدىن بېلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، لۈي بۇغا قاراپ، بىر قولى بىلەن يۈرىكىنى كۆرسىتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن دۇڭ جۇنى كۆرسەتتى ـ دە، كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزدى. لۈي بۇنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كەتكەندەك بولدى. دۇڭ جۇ كۆزىنى سەل ئېچىپ، لۈي بۇنىڭ كات ئارقىسىغا كۆزىنى ئالماي قادىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى؛ ئۆرۈلۈپ قارىۋىدى، دىياۋ چەن كات ئارقىسىدا ئىكەن. دۇڭ جۇ كايىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— سەن نېمە ھەددىڭ بىلەن مېنىڭ سۆيگەن يارىمغا چاقچاق قىلىسەن؟ — دەپ تولۇلىدى ـ دە، خىزمەتكارلىرىغا لۇي بۇنى قوغلاپ چىقىرىشنى بۇيرۇدى ۋە «بۇنىڭدىن كېيىن ھەرەمگە كىرگۈزمەڭلار» دېدى. لۇي بۇ غەزەپ بىلەن چىقىپ كەتتى، بولدا لى رۇغا ئۇچراپ، ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. لى رۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ دىۋانغا كىردى ـ دە، دۇڭ جونى كۆرۈپ:

— ۋەزىرئەزەم پۈتۈن ئەلنى ئالماقنى ئىستىگەن ئادەم تۇرۇقلۇق، ئازغىنا بىر ئىش ئۈچۈن لۇي بۇنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتامدىكەن؟ ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى ئۆزگىرىپ قالسا، بىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشىمىز بەرباد بولمامدۇ؟ — دېدى.

— قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جو.

— ئەتە ئەتىگەنكى قوبۇلدا ئۇنى چاقىرتىپ، ئالتۇن، تاۋار ـ دۇردۇن بېرىپ، ياخشى سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالماق كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى لى رۇ.

دۇڭ جو ماقۇل بولدى. ئەتىسى لۇي بۇنى چاقىرتىپ:

— مەن ئالدىنقى كۈنى كېسەل بولۇپ كۆڭلۈم جايىدا بولمىغاچقا سىزنى رەنجىتىپ قويۇپتىمەن، كۆڭلىڭىزگە ئال-ماڭ، — دەپ ئۆزرخاھلىق بىلدۈردى ۋە ئون جىڭ ئالتۇن، 20 توپ كىمخاب ئىنئام قىلدى. لۇي بۇ رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ چىقتى. لۇي بۇ دۇڭ جونىڭ يېنىدا بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلى دىياۋ چەندە ئىدى.

دۇڭ جونىڭ كېسەلى ساقايغاندىن كېيىن، ئوردىغا ئىشقا كەلدى. لۇي بۇ يالمان تۇتۇپ بىرگە كەلدى. لۇي بۇ دۇڭ جونىڭ شيەندى خان بىلەن سۆزلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن شۇ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ، قورالىنى ئېلىپ ئارقا ئىشكتىن چىقتى ـ دە، ئاتلىنىپ توپتوغرا ۋەزىرئەزەم سارىيىغا كەلدى؛

ئېتىنى ساراي ئالدىغا باغلاپ قويۇپ، يالمان بىلەن ئىچكىرىكى ھۇجرىغا كىرىپ، دىياۋ چەننى ئىزدەپ تاپتى. دىياۋ چەن:

— سىلى ئارقا باغدىكى فېڭيى شىپاڭىدا مېنى كۈتۈپ تۇرسىلا، — دېدى.

لۈي بۇ يالمان بىلەن باغقا كىرىپ، شىپاڭ يېنىدىكى ئەگرى سالاسۇنىنىڭ قېشىدا كۈتۈپ تۇردى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن دىياۋ چەن ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ ناز بىلەن يېتىپ كەلدى. گويا ئۇ بىر پەرىزاتتەك، لۈي بۇغا قاراپ يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن گەرچە زېمىن بېگى ۋاڭ يۈننىڭ ئۆز قىزى بولمىسامۇ، مېنى ئۇ خۇددى ئۆز قىزىدەك تەربىيىلىدى. ئۆزلىرىنى كۆرگەن ۋاقتىمدا، مۇرەببىيەم ۋاڭ يۈن مېنى ئۆزلىرىگە خادىمەلىككە بەرگىنىدە، پۈتۈن جېنىم بىلەن رازى بولغانىدىم. كىم بىلسۇن، ۋەزىرئەزەم نىيىتىنى بۇزۇپ نومۇسۇمغا تەگدى. ئۆزۈمنى ئۆلتۈرمەكچى بولدۇم، ئەمما جانابلىرى بىلەن بىر كۆرۈشۈپ، ۋىدالىشىۋالاي دېگەن غەرەز بىلەن، خورلۇققا چىداپ ياشاۋېتىپتىمەن. بەختىمگە يارىشا بۈگۈن كۆرۈشتۇم، ئەمدى مېنىڭ رىزقىم توشتى. بۇلغانغان ۋۇجۇدۇم بىلەن سىلىدەك قەھرىمانغا قايتا يېتىشەلمەيمەن؛ ئۇنىڭدىن كۆرە سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا ئۆلۈپ، ئىرادەمنىڭ پاكلىقىنى كۆرسىتىشىم كېرەك، — دەپ سۆزىنى تۈگىتە - تۈگەتمەستىنلا نىلۇپەر گۈللۈك كۆلگە ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى. لۈي بۇ ئالدىراپ بېرىپ قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى بىلەتتىم، ئەمما بىر سۆزلىشەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن ئارمان چېكەتتىم، — دېدى.

— مەن بۇ ئۆمرۈمدە جانابلىرىغا خوتۇن بولالمىدىم، ئەمدى ئۇ دۇنيادا بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى دىياۋ چەن

لۈي بۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

— ئەگەر مەن ئۆمرۈمدە سىزگە ئۆيلەنمىسەم، نامەرد بولاي! — دېدى لۈي بۇ.

— هازىر مېنىڭ بىر كۆڭۈم بىر يىلدەك بىلىنمەكتە، جانابلىرى ماڭا رەھىم ـ شەپقەت قىلىپ قۇتقۇزۇپ قويۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى دىياۋ چەن.

— بۈگۈن مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەلدىم. قېرى ئوغرى گۇمانلىنىپ قالمىسۇن، تېز قايتىشىم كېرەك، — دېدى لۈي بۇ.

— جانابلىرى قېرى مۇناپىقتىن بۇنچىۋالا قورقسىلا، ماڭا كۆرەر كۈن يوق ئىكەن، — دېدى دىياۋ چەن لۈي بۇنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ.

— بۇنىڭغا ئاستىراق بىر ئامال قىلاي، ماڭا ۋاقىت بەرسىڭىز، — دېدى لۈي بۇ يالمانىنى كۆتۈرۈپ كەتمەككە تەمشىلىپ.

— مەن كوشىك* تىكى ۋاقتىمدا جانابلىرىنىڭ پۈر كەتكەن ناملىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم، خىيالىمدا سىلىنى دەۋرىمىزنىڭ بىردىنبىر قەھرىمانى دەپ بىلەتتىم؛ كىم بىلسۇن، سىلىمۇ باشقا كىشىنىڭ تىزگىنىدە ئىكەنلا! — دېدى دىياۋ چەن.

ئۇنىڭ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش كەلدى.

لۈي بۇ خىجىل بولۇپ قىزىرىپ كەتتى، يالمانىنى قايتىدىن قويۇپ قويۇپ، دىياۋ چەنگە ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنى قۇچاقلىۋالدى ۋە چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەسەللى بەردى. بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ ئايرىلغۇسى كەلمىدى.

ئەمدى دۇڭ جوغا كەلسەك، ئۇ ئوردىدا لۈي بۇ يوقلۇقىنى

---

* كوشىك (شىنگۇي) — ھەرەمدە ئۆيلەر ئۈستىدىكى بالىخانا.

بىلىپ گۇمانلاندى. شيەندى خان بىلەن خەيرلىشىپ، دەررۇ هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆز سارىيىغا قايتتى؛ ساراي ئالدىدا لۇي بۇنىڭ ئىتىنى كۆردى ــ دە، دەرۋازىۋەنلەردىن سورىدى. ئۇلار لۇي بۇنىڭ ئىچكىرىكى هوجرىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. دۇڭ جۇ ئەتراپىدىكىلەرنى قايتۇرۇپ، توپتوغرا ئىچكىرىكى هوجرىغا كىردى، ئىزدەپ تاپالمىدى؛ دياۋ چەننى چاقىرتىۋىدى، ئۇمۇ يوق. ئالدىراپ خادىمەلەردىن سورىدى، خادىمەلەر:

— دياۋ چەن ئارقا باغدا گۈل سەيلىسى قىلىۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

دۇڭ جۇ ئارقا باغقا كىرىپ قارىسا، لۇي بۇ دياۋ چەن بىلەن فېڭيى شىپاڭدا سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ، يالمانى بىر تەرەپتە يۆلەكلىك ئىكەن. دۇڭ جۇ دەرغەزەپ بولۇپ قاتتىق توۋلىدى. لۇي بۇ دۇڭ جۇنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى ــ دە، ئۆرۈلۈپ قاچتى. دۇڭ جۇ يالمانىنى ئېلىپ قوغلىدى، لۇي بۇ ئىشىككە قاراپ قاچتى. دۇڭ جۇ سېمىز بولغانلىقتىن يېتىشەلمىدى، ئۇ يالمانىنى لۇي بۇغا ئاتتى. لۇي بۇ يالمانىنى ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. دۇڭ جۇ يالمانىنى ئېلىپ قوغلاپ بولغۇچىلىك لۇي بۇ خېلى ئۇزاپ كەتتى. دۇڭ جۇ باغنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر ئادەم دۇڭ جۇنىڭ كۆكسىگە ئۇرۇلدى. دۇڭ جۇ يىقىلىپ چۈشتى. دەرھەقىقەت:

*غەزىپى ئۆرلىدى قىرىق گەزچە،*
*يىقىلدى يەرگە سېمىز گەۋدە.*

دۇڭ جۇغا ئۇرۇلۇپ يىقىتىۋەتكەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com

# توققۇزىنچى باب

## لـۈي بۇنىڭ ياۋۇز مۇناپىقنى يوقىتىپ زېمىن بېگىگە ھەمدەم بولغانلىقى
## لى جۈنىڭ جيا شۈيىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە چاڭئەنگە تېگىش قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، دۇڭ جۇغا ئۇرۇلۇپ ئۇنى يىقىتىۋەتكەن كىشى لى رۇ ئىدى. لى رۇ دەرھال دۇڭ جۇنى يۆلەشتۇرۇپ قوپۇردى ۋە بىلىم يۇرتىغا ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزدى. دۇڭ جۇ:

— سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، جانابلىرىنىڭ غەزەپ بىلەن لۈي بۇنى ئىزدەپ ئارقا باغقا كىرىپ كەتكەنلىكلىرىنى ئۇقتۇم، شۇ سەۋەبتىن ئالدىراپ كېلىۋاتاتتىم، لۈي بۇ ئۇچراپ قالدى ۋە: «ۋەزىرئەزەم مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى!» دېدى. كەمىنىلىرى تېخىمۇ ئالدىراپ ئۆزلىرىگە لۈي بۇنى كەچۈرۈشكە ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن ئارقا باغقا كىرىۋاتاتتىم، دىققەتسىزلىكتىن ئالىيلىرىغا ئۇرۇلۇپ كەتتىم. جازاغا لايىقمەن، مۇئاپ قىلۇرلەر! — دېدى لى رۇ.

— دەيۇزنىڭ سۆيۈملۈك مەشۇقىمگە چاقچاق قىلغانلىقىغا قارىمامسىز، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن! — دېدى دۇڭ جۇ.

— جانابلىرى يېڭىلىشىۋاتىدىلا! چۇ بەگلىكىنىڭ جۇاڭ ۋاڭى دەۋرىدە بولغان «پۆپۇك يۇلۇۋېلىش»* بەزمىسىنى خاتىرىلىرىگە كەلتۇرسىلە. جۇاڭ ۋاڭ ئۆزىنىڭ سۆيۇملۇك خانىشىغا چاقچاق قىلغان جياڭ شيۇڭنى ھېچ سۈرۈشتە قىلمىغان، كېيىن چىن لەشكەرلىرى جۇاڭ ۋاڭنى قورشىۋالغان ۋاقىتىدا جياڭ شيۇڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن جەڭ قىلىپ جۇاڭ ۋاڭنى قۇتقۇزدى. دىياۋ چەن بىر ئايال، لۇي بۇ بولسا ۋەزىرئەزەم، ئەڭ ئىشەنچلىك غەيۇر باتۇر. جانابلىرى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دىياۋ چەننى لۇي بۇغا ئىنئام قىلسىلا، لۇي بۇ بۇ ئىلتىپاتلىرىدىن مىننەتدار بولۇپ ئۆلگۈچە ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، جانابلىرى بۇنى ئوبدان ئويلاپ كۆرسىلە، — دەپ مەسلىھەت بەردى لى رۇ.

— سۆزىڭىز توغرا، مەن ئويلاپ باقاي، — دېدى دۇڭ جۇ خېلى ئۇزۇن ئويلاپ.

لى رۇ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

دۇڭ جۇ ئارقا ھۇجرىغا كىرىپ دىياۋ چەننى چاقىرتىۋېلىپ:

— نېمە ئۈچۈن لۇي بۇ بىلەن ئوغرىلىقچە ئىشق - مۇھەببەت باغلىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئاجىزەلىرى ئارقا باغدا گۈل سەيلىسى قىلىپ يۈرگەنىدىم. تۇيۇقسىزدىنلا لۇي بۇ كىرىپ كەلدى، مەن چۆچۈپ كېتىپ، ئۆزۈمنى پاناھلىماقچى بولۇۋىدىم، لۇي بۇ: «مەن ۋەزىرنىڭ ئوغلى تۇرسام، نېمە ئۈچۈن قاچىسىز؟» دەپ قولىدا يالمان تۇتقان ھالدا مېنى فېڭيى شىپاڭىغىچە قوغلاپ باردى. قارىسام نىيىتى ياخشى ئەمەس، زورلۇق قىلىدىغاندەك كۆرۈندى،

---

* «پۆپۇك يۇلۇۋېلىش» بەزمىسى — چۇنچيۇ دەۋرىدە چۇ بەگلىكىنىڭ ۋاڭى بىر كېچىسى ۋەزىرلەرنى چاقىرىپ بەزمە - زىياپەت ئۆتكۈزگەنىكەن، بەزمە داۋامىدا چىراغلار ئۆچۈپ كېتىپتۇ، بىر كىشى شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خانىشنىڭ كىيىمىنى تارتىپتۇ، خانىش ئۇنىڭ قالپىقىدىكى پۆپۈكنى يۇلۇۋېلىپ ۋاڭدىن ئۇنى تېپىشنى تەلەپ قىپتۇ، لېكىن جۇاڭ ۋاڭ ئۇنى سۈرۈشتۈرمەپتۇ. كېيىن بۇ ئادەم باشقا بىر بەگلىك بىلەن جەڭ قىلغاندا قەھرىمانلىق بىلەن چوڭ ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

بولماي ئۆزۈمنى نېلۈپەر كۆلگە ئاتماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ مېنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. ئەنە شۇنداق جىددىي بىر پەيتتە ھەزرەتلىرى كېلىپ قېلىپ، ھاياتىم قۇتۇلۇپ قالدى، — دېدى دىياۋ چەن.

— مەن سىزنى لۈي بۇغا ئىنئام قىلسام قانداق دەيسىز؟ — دېدى دۇڭ جۇ.

دىياۋ چەن ھەيران بولغان قىياپەتتە يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن ۋۇجۇدۇمنى ئېسىلزادەمگە خىزمەت قىلىشقا بېغىشلىدىم، ئۆي قۇللۇقىغا تۇتۇپ بەرمەك بولۇپتىلا، ئۆلۈشكە رازىمەنكى، خورلانمايمەن، — دېدى - دە، تامغا ئېسىقلىق شەمشەرنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. دۇڭ جۇ دەرھال شەمشەرنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى قۇچاقلىغان ھالدا:

— مەن سىزگە چاقچاق قىلدىم! — دېدى.

— بۇمۇ لى رۇنىڭ ھىيلىسى! — دېدى دىياۋ چەن دۇڭ جۇ قۇچىقىدا يۈزىنى ئېتىپ تۇرۇپ يىغلىغان ھالدا، — لى رۇ بىلەن لۈي بۇ قېلىن دوست، شۇڭلاشقا بۇ ھىيلىنى ئويلاپ چىققان؛ ئۇلارنىڭ مۇبارەك يۈزلىرىنىڭ تۆكۈلۈشىنى ۋە مەن ئاجىزە كۆڭلىرىنىڭ ھاياتىنى ئەسلا نەزەرگە ئالمىغان. خوپ، مەن ئۇنىڭ گۆشىنى يېمەيدىغان بولسام!

— مەن سىزنى بېرىۋېتىپ قانداق چىدايمەن؟ — دېدى دۇڭ جۇ.

— جانابلىرى مېنى ياخشى كۆرگەنلىرى بىلەن بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇپ بولماسمىكىن، لۈي بۇ چوقۇم زىيانكەشلىك قىلىدۇ، — دېدى دىياۋ چەن.

— ئەندىشە قىلماڭ، مەن ئەتە سىز بىلەن مېيۇۋغا قايتىمەن. شۇ يەردە شاد - خۇرام ياشايمىز، — دېدى دۇڭ جۇ.

دىياۋ چەن كۆز يېشىنى توختىتىپ تەزىم قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئەتىسى لى رۇ دۇڭ جۇ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۈگۈن ۋاقتى ـ سائىتى، دىياۋ چەنىي لۈي بۇغا ئەۋەتىپ بېرەيلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— لۈي بۇ بىلەن ئارىمىزدا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى بار، بېرىشكە بولمايدۇ. مەن ئۇنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتۈرمەيمەن، مېنىڭ رايىمنى بىلدۈرۈپ ياخشى سۆزلەر بىلەن تەسەللىي بېرۈرسىز، — دېدى دۇڭ جۇ.

— جانابلىرى! ئاياللارنىڭ ھىيلە ـ مىكرىسى بىلەن ئادىشىپ كەتمىسىلە، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى لى رۇ.

— سىز ئۆز ئايالىڭىزنى لۈي بۇغا بېرىشنى خالامسىز؟ دىياۋ چەن ھەققىدە ئىككىنچىلەپ ئاغزىڭىزنى ئاچقۇچى بولماڭ، ئۇنداق بولمىسا جاللاتقا بۇيرۇلىسىز! — دەپ كايىدى چىرايى ئۆڭگەن ھالدا دۇڭ جۇ.

— بىز ئەنە شۇ خوتۇنلارنىڭ قۇربانى بولىدىغان بولدۇق! — دەپ ئاھ ئۇردى لى رۇ تالاغا چىقىپ ئاسمانغا قاراپ.

كېيىنكى ئادەملەر كىتابنىڭ مۇشۇ يېرىگە كەلگەندە، مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*ئۆگىتىپ قويىدى زېمىن بەگ قىزغا ھىيلە ـ مىكرىنى،*
*سالمىدى ئىشقا قورال ـ تىغ ۋە نە ئەسكەر بەرنى.*
*ئۈچ قېتىم خۇلاۋ قورۇلىغا تەگدى كەتتى كۈچ بىكار،*
*ياڭرىدى فېڭيىدا* شادلىق ھەم زەپەرلەرنىڭ كۈيى.*

دۇڭ جۇ شۇ كۈنىلا مېيۋۇغا قايتىش ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى، بەگ ـ سىپاھلار ئۇنى ئۇزىتىشقا چىقتى. دىياۋ چەن ھارۋىدا لۈي بۇنىڭ كۆپچىلىك ئىچىدە ھارۋىغا قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ قالدى. دىياۋ چەن يۈزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزىنى

* فېڭيى شىپاڭى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئېچىنىپ يىغلاۋاتقان قىياپەتتە كۆرسەتتى. ھارۋا بارغانسېرى يىراقلاشتى، لۇي بۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاستا مېڭىپ بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقتى، ئۇ ھارۋىدىن چىققان چاڭغا قاراپ، دەرد ـ ھەسرىتىگە چىدىماي ئاھ چەكتى. توساتتىن ئارقىدا بىر ئادەم:

— جانابلىرى! نېمە ئۈچۈن ۋەزىرئەزەم بىلەن بىللە بارماي، بۇ يەردە يىراققا قاراپ ئاھ چېكىپ تۇرىدىلا؟ — دېدى.

لۇي بۇ قايرىلىپ قارىسا زېمىن بېگى ۋاڭ يۈن ئىكەن. سالام ـ سەھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ يۈن:

— كەمىنىلىرى بىرنەچچە كۈندىن بېرى بىتاپ بولۇپ قېلىپ، تالا ـ تۈزگە چىقالمىدىم، شۇڭلاشقا خېلىدىن بېرى جانابلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشەلمىدىم. بۈگۈن، ۋەزىرئەزەم مېيۋۇغا سەپەر قىلغانلىقى ئۈچۈن، كېسەل بولساممۇ ئۇزىتىشقا چىققۇۋىدىم. خەيرىيەت، جانابلىرى بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قالدىم، نېمە ۋەجىدىن ئاھ چېكىدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— جانابلىرىنىڭ قىزلىرى ئۈچۈن، — دېدى لۈي بۇ.

— شۇنچە ۋاقىت ئۆتتى، ھالا بۈگۈنگىچە جانابلىرىغا ئەۋەتىپ بەرمىدىمۇ؟ — دېدى ھەيران بولغان بولۇپ ۋاڭ يۈن.

— قېرى ئوغرى ئۆزىگە مەھبۇبە قىلىۋالغىلى خېلى بولدى! — دەپ جاۋاب بەردى لۈي بۇ.

— مۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمەيمەن، — دېدى ۋاڭ يۈن ھەيران بولغان قىياپەتتە.

لۈي بۇ بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ ۋاڭ يۈنگە سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ يۈن ئاسمانغا قاراپ، پۇتىنى بىر ـ ئىككى دەسسىۋېتىپ، غەمكىن بولۇپ جىم تۇرۇپ قالدى ـ دە، خېلى ئۇزۇندىن كېيىن لۈي بۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ:

— ۋەزىرئەزەمنىڭ مۇنداق ھايۋانىي قىلمىشىنى ئويلىمىغاندىم! بىزنىڭكىگە بېرىپ كېڭەشەيلى، — دېدى. لۈي

بۇ ۋاڭ يۇنگە ئەگىشىپ ماڭدى. ۋاڭ يۇن لۇي بۇنى ئىچكىرى بىر ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ مەي ـ شاراب بىلەن كۈتۈۋالدى. لۇي بۇ قېتىم شىپاڭدىكى ئۇچرىشىشنى تەپسىلىي قىلىپ يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بەردى.

— ۋەزىرئەزەمنىڭ قىزىمنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى، سەركەردىنىڭ خوتۇنىنى تارتىۋالغانلىقى ئۈچۈن خەلقئالەم ۋەزىرئەزەمنى ئەمەس، مېنىڭ بىلەن سىلىنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەن بولسام بىر قېرى، ئاجىز، لاياقەتسىز بەندە. ئەپسۇسكى سىلىگە ئوخشاش زامانىمىزنىڭ نادىر قەھرىمانى مۇنداق خورلۇققا دۇچار بولدىلا، — دېدى ۋاڭ يۈن.

غەزىپى كۆككە ئۆرلىگەن لۇي بۇ قەھر ـ غەزىپىگە چىدىيالماي شىرەنى مۇشتلىدى.

— مەن ئويلىماي سۆزلەپ قويۇپتىمەن، جانابلىرى غەزەپلىرىنى باسسىلا! — دەپ تەسەللى بەردى ۋاڭ يۈن.

— قېرى ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ، نومۇسۇمنى ئاقلاشقا ئانت ئىچىمەن، — دېدى لۇي بۇ.

— مۇنداق دېمىسىلە، مەن قېرى كىشى، يەنە بۇنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ قالماي! — دېدى ۋاڭ يۈن لۇي بۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرۇپ.

— مەرد يىگىت دۇنياغا كېلىپ، كىشىلەرنىڭ ئاستىدا مۇنداق خورلىنىپ، بوغۇلۇپ ياشاۋېرەمدىكەن؟ — دېدى لۇي بۇ.

— جانابلىرىدەك تالانتلىق پالۋانلارنىڭ ۋەزىرئەزەم دۇڭ جۇدەك ئادەملەرنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا ياشىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە، — دېدى ۋاڭ يۈن.

— بۇ قېرى ئوغرى بىلەن، — دېدى لۇي بۇ، — ئارىمىزدا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتى بار. ئەگەر ئۆلتۈرۈۋەتسەم، كەلگۈسىدە كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىشىدىن قورقىمەن.

— جانابلىرى لۇي ئۇرۇقىدىن، ۋەزىرئەزەم بولسا دۇڭ

ئۇرۇقىدىن تۇرسا، ئەجەبا، يالماننى سىلىگە ئاتقاندا ئاتا ـ بالىلىق مۇناسىۋىتىگە رىئايە قىلماپتىغۇ؟ — دېدى ۋاڭ يۇن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆزلىرى دېمىگەن بولسىلا ماڭا زىيان يېتەتتىكەن، — دېدى لۇي بۇ يەنە غەزەپكە كېلىپ.

— ئەگەر جانابلىرى خەن خاندانلىقىنى قايتا تىكلەشكە ھەمىيان بولىدىغان بولسىلا، ئۇندا سىلى سادىق ۋەزىر بولىدىلا، تارىختا مەڭگۈ ياخشى ناملىرى قالىدۇ، ئەسىر ـ ئەسىرلەرگىچە شۆھرەتلىرى ئۆچمەيدۇ؛ جانابلىرى ئەگەر دۇڭ جوغا ھەمدەمدە بولىدىغان بولسىلا، ئۇ ۋاقىتتا مۇناپىق ھېسابلىنىدىلا، تارىختا مىڭ تۇمەن يىللارغىچە ئەسكى ناملىرى قالىدۇ، — دېدى ۋاڭ يۈن لۇي بۇنىڭ ئىرادىسىنىڭ قەتئىيلەشكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— شۇ ئىرادىگە كەلدىم، ئۆزلىرى مەندىن گۇمان قىلمىسىلا! — دېدى لۇي بۇ ئورنىدىن قوزغىلىپ تەزىم بىلەن.

— ئەگەر ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشماي قالسا چوڭ بالاغا قالىمىز، — دېدى ۋاڭ يۈن.

لۇي بۇ خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ بىلىكىدىن قان ئېلىپ ئانت ئىچتى. ۋاڭ يۈن يۈكۈنۈپ تۇرۇپ:

— خەن خاندانلىقى ئەجدادلىرى بۇتخانىسىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى جانابلىرىنىڭ تۆھپىسى. بۇنى بىرەر كىشىگە ئاشكارا قىلىپ قويماسلىق كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە بىرەر پەنت ئويلاپ چىقسام، ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىمەن، — دېدى.

لۇي بۇ ھاياجانلانغان ھالدا چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ يۈن مىرزىبەگ ئورۇنباسارى سۈن رۈي، مۇپەتتىشبەگ خۇاڭ ۋەنلەرنى چاقىرىپ كېڭەشتى.

— ئەلھال خاقانىمىز كېسەلدىن يېڭى ساقايدى، سۆزمەن كىشىلەردىن بىرىنى مېيۇۋغا ئەۋەتىپ دۇڭ جونى كېڭەشكە چاقىرتايلى؛ يەنە بىر تەرەپتىن خاقانىمىزدىن لۇي بۇغا مەخپىي

پەرمان ئېلىپ بېرەيلى، ئۇنى قۇياقلىق لەشكەر بىلەن ساراي دەرۋازىسى ئىچىگە يوشۇندۇرۇپ قويايلى، دۇڭ جۇنى باشلاپ كىرىش بىلەنلا ئۆلتۇرەيلى، بۇ ئەڭ ياخشى پەنت، — دەپ مەسلىھەت بەردى سۇن رۇي.

— مىيىۋۇغا كىم بېرىشى كېرەك؟ — دەپ سورىدى خۇاڭ ۋەن.

— لۇي بۇنىڭ يۇرتدىشى چەۋەندازلار بېگى لى سۇ بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدۇ، چۈنكى دۇڭ جۇ ئۇنىڭ مەنسىپىنى كۆتۈرمىدى، ئۇ بۇنىڭدىن ئاغرىنىۋاتىدۇ. ئەگەر بۇ ئادەم بارىدىغان بولسا، دۇڭ جۇ شۇبھىلەنمەيدۇ، — دېدى سۇن رۇي.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ۋاڭ يۇن ۋە شۇ ھامان لۇي بۇنى كېڭەشكە چاقىرتتى.

— ئۆتكەندە دىڭ يۇەننى ئۆلتۈرۈشكە مېنى دەۋەت قىلغان كىشى مۇشۇ ئىدى. بۇگۈن ئەگەر بېرىشنى خالىمىسا، ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىمەن، — دېدى لۇي بۇ ۋە لى سۇنى چاقىرىشقا مەخپىي كىشى ئەۋەتتى. لى سۇ كەلدى.

— مۇندىن بۇرۇن جانابىڭىز مېنى دىڭ يۇەننى ئۆلتۈرۈپ دۇڭ جۇ قوشۇلۇشقا دەۋەت قىلغانىدىڭىز؛ بۇگۈن دۇڭ جۇ يۇقىرىدا خاننى ئالداپ، تۆۋەندە ئەلگە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، گۇناھى سان ـ ساناقسىز، نە ئادەم ۋە نە ئەرۋاھلارمۇ ئۇنىڭدىن غەزەپلەنمەكتە. جانابىڭىز خاننىڭ ئەمرى بىلەن مىيىۋۇغا بېرىپ، دۇڭ جۇنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ كېلۇرسىز. سارايدا لەشكەر يوشۇندۇرۇپ قويۇپ دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرگۈزىمىز. بىز خەن خاندانلىقىنى تىكلەشكە كۈچ چىقىرىپ سادىق ۋەزىرلەردىن بولايلى. بۇ ھەقتە جانابىڭىزنىڭ پىكرى قانداقكىن؟ — دېدى لۇي بۇ.

— خېلى ئۆزۈندىن بېرى مېنىڭدە بۇ ئوغرىنى يوقىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىيىتى بولسىمۇ، مەسلەكداشلار بولمىغانىدى. بۈگۈن جانابلىرى بۇ ئىشقا بەل باغلاپلا، بۇ تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى، بۇ ھەقتە كەمىنىلىرىدە ئىككىلىنىشكە نېمەد بولغاي؟ — دېدى لى سۇ ۋە شۇ ھامان ئۇقياسىنى سۇندۇرۇپ ئانت ئىچتى.

— جانابىڭىز بۇ ئىشنى ئۈستىڭىزگە ئالالىسىڭىز، بىرەر يۇقىرى مەنسەپكە ئېرىشەلمەسلىكتىن غەم قالمايدۇ، — دېدى ۋاڭ يۈن.

ئەتىسى لى سۇ ئون نەچچە ئاتلىق لەشكەر بىلەن مېيۈۋغا سەپەر قىلدى. خاندىن پەرمان كەلگەنلىكى ھەققىدە نۆكەرلەر دۇڭ جوغا مەلۇم قىلدى. دۇڭ جو «كىرسۇن» دېدى. لى سۇ كىرىپ تەزىم قىلدى.

— خاننىڭ قانداق پەرمانى باركىن؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جو.

— خاننىڭ كېسىلى يېڭىــدىن ساقايدى. قەلەمدار ـ ئەلەمدار، بەگ ـ سىپاھلارنى ۋېيياڭ قەسرىگە يىغىپ ئالىي ئورۇننى ۋەزىرئەزەم جانابلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىـــدە كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن، شۇ سەۋەبتىــن بۇ پەرمانىنـــى چىقاردى، — دەپ جاۋاب بەردى لى سۇ.

— ۋاڭ يۈننىڭ رايى قانداق؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جو.

— ۋاڭ يۈن «تەخت ئۆتكۈزۈۋېلىش مېھرابــى» ياساش ئۈچۈن ئادەملەرگە بۇيــرۇق بــەردى، پــەقەت جانابلىــرىنــى كۈتمەكتە، — دېدى لى سۇ.

— كېچە چۈشۈمدە ئەجدىھا ۋۇجۇدۇمنى ئوراپ ئالغانىدى، مانا بۈگۈن بۇ خۇش خەۋەر كەلدى. پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق كېرەك! — دېدى دۇڭ جو ناھايىتى خۇشال بولۇپ ۋە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك سەركەردىلىرىدىن بولغان لـــى جۆ، گۇسى، جاۋ جى، فەن چۇ دېگەن تۆت كىشىگە 3000 «ئۇچار ئېيىق» قوشۇنى بىلەن مېيۈۋنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆزى شۇ كۈنلا پايتەختكە قاراپ ماڭماقچى بولدى ۋە لى سۇغا:

— مەن خان بولسام، سىز خاس قورۇغدىغۇچىلار بېگى بولىسىز، — دېدى.

لى سۇ رەھمەت ئېيتتى. دۇڭ جۇ يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى ئانىسى بىلەن خەيرلىشىشكە كىردى، ئانىسى توقسان نەچچە ياشقا كىرگەنىدى.

— ئوغلۇم نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى ئانىسى.

— مەن خەن خاندانلىقىنىڭ تەختىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا بارىمەن. ئانا، سىز ئەمدى ۋالىدە خان بولىسىز! — دېدى دۇڭ جۇ.

— يېقىنقى كۈنلەردە قاپاقلىرىم تارتىپ، يۈرىكىم سىلىپ تۇرۇۋېتۇ. بۇ ياخشىلىق ئالامىتى ئەمەس، — دېدى ئانىسى.

— ۋالىدە دۆلەت بولىسىز، بۇ ئەنە شۇنىڭ ئالامىتى، — دېدى دۇڭ جۇ ۋە ئانىسى بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

— مەن خان بولسام، سىزنى ئەتىۋارلىق كىچىك خانىش قىلىمەن، — دېدى دۇڭ جۇ مېڭىش ئالدىدا دىياۋ چەننىڭ ئالدىغا كىرىپ.

دىياۋ چەن ۋەقەنىڭ سىرىنى بىلىپ بولغانلىقى ئۈچۈن، يالغاندىن خۇشاللىق ئىزهار قىلىپ تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

دۇڭ جۇ هارۋا بىلەن مېيۇدىن يولغا چىقتى، قورۇغدىغۇچىلارنىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن چاڭئەنگە قاراپ ماڭدى. 30 چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا ئۇشتۇمتۇت هارۋىنىڭ بىر چاقى سۇندى. دۇڭ جۇ هارۋىدىن چۈشۈپ ئاتلىق ماڭدى. يەنە ئون چاقىرىم ماڭا ـ ماڭمايلا ئاستىدىكى ئات كىشنەپ، چىچاڭلاپ تىزگىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

— هارۋا چاقىنىڭ سۇنۇشى، ئاتنىڭ تىزگىنىنى ئۈزۈشى نېمە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى دۇڭ جۇ.

— ۋەزىرئەزەم، ئۆزلىرى خەن خاندانلىقىنىڭ تەختىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تاپشۇرۇۋېلىشقا كېتىۋاتىدىلا، كونا يېڭى بولۇۋاتىدۇ. بۇ شاھانە مەيگە ئولتۇرۇشنىڭ، ئالتۇن ئېگەرلىك ئات مىنىشنىڭ ئالامىتى، — دەپ تەبىر بەردى لى سۇ.

دۇڭ جۇ خۇش بولدى ۋە بۇ سۆزگە ئىشەندى. ئىككىنچى كۈنى سەپەر ئۈستىدە كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، تۇيۇقسىزدىن قاتتىق بوران چىقىپ، پۈتۈن ئەتراپنى تۇمان قاپلاپ كەتتى.

— بۇ قانداق ئالامەت؟ — دەپ سورىدى لى سۇدىن دۇڭ جۇ.

— جانابلىرى خانلىق تەختكە ئولتۇرىدىغانلىقلىرى ئۈچۈن قىزىل نۇر چىقىپ، سۈسۈن تۇمان كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۆزلىرىنىڭ شان - شۆھرەتلىرىنى ئاشۇرغۇسىدۇر، — دېدى لى سۇ.

دۇڭ جۇ خۇشال بولۇپ شەكلەنمىدى. شەھەر تېشىغا كەلگەندە بەگ - سىپاھلار ئالدىغا چىقىپ ئىستىقبال قىلدى. يالغۇز لى رۇلا ئاغرىپ قالدىم دەپ چىقمىدى. دۇڭ جۇ ئۆز سارىيىغا چۈشتى. لۈي بۇ كىرىپ دۇڭ جۇنى تەبرىكلىدى.

— مەن خان بولغىنىمدا، سىز پۈتۈن ئەلدىكى لەشكەرلەرگە قوشۇن ئەمىرى بولغايسىز! — دېدى دۇڭ جۇ.

لۈي بۇ تەشەككۈر بايان قىلدى ۋە چېدىر ئالدىدا قونۇپ قالدى. شۇ كۈنى كېچىسى ئون نەچچە بالا شەھەر تېشىدا غەزەل ئوقۇدى، شامال غەزەل ئاۋازىنى چېدىر ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بۇ غەزەل مۇنداق ئىدى:

*مىڭ يوللۇق ئوت* خازان بولغاي،*
*ئون كۈنگە ئاچقان پال** زاۋال تاپقاي.*

---

* دۇڭ جۇنىڭ ئىسمىدىكى خەنزۇچە 董 ھەرپى 廿 ئوت، 千 (مىڭ) 里 (يول) ھەرپلىرىدىن تەركىب تاپقان.

** دۇڭ جۇنىڭ ئىسمىدىكى خەنزۇچە 卓 ھەرپى 十 (ئون)، 日 (كۈن)، 卜 (پال) دېگەن ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان.

غەزەل تولىمۇ مۇڭلۇق ئاھاڭدا ئىدى. دۇڭ جۇ:

— بۇ باللار قوشىقى نېمىگە ئالامەت؟ — دەپ سورىدى لى سۇدىن.

— ليۇ ئۇرۇقى ئىنقىراز بولۇپ، دۇڭ ئۇرۇقى باش كۆتۈرىدۇ، دېگەن مەنىدە، — دېدى لى سۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە دۇڭ جۇ تەنتەنە ھەشەمەتلەر بىلەن سارايغا كەلدى ۋە قارا كىيىپ، بېشىغا ئاق ياغلىق چىگكەن، قوللىرىدا ئىككى تەرىپىگە 《口》 (ئېغىز) ھەرپى يېزىلغان بەش گەز ئۇزۇنلۇقتىكى لاتا باغلانغان خادا تۇتقان بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. دۇڭ جۇ:

— بۇ دەرۋىشلەردىن مۇراد نېمە؟ — دەپ سورىدى لى سۇدىن.

— بۇلار مەجنۇنلار، — دەپ جاۋاب بەردى لى سۇ ۋە دەرۋىشلەرنى ھەيدەتكۈزدى.

دۇڭ جۇ سارايغا كىرگەندە بەگ ـ سىپاھلار ساراي كىيىمىنى كىيگەن ھالدا يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ ئىستىقبال قىلدى. لى سۇ قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا، ھارۋىنى تۇتۇپ ماڭدى. بېيىي دەرۋازىسىغا كەلگەندە كەلگەن لەشكەرلەر دەرۋازا سىرتىدا توسۇۋېلىنىپ كىرگۈزۈلمىدى. پەقەت يىگىرمە نەچچە ھارۋا قورۇغدىغۇچى لەشكەرلا بىرگە كىردى. دۇڭ جۇ يىراقتا كېلىۋېتىپ ۋاڭ يۈن باشلىق كىشىلەرنىڭ شەمشەر تۇتقان ھالدا، دىۋان ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. دۇڭ جۇ چۆچۈپ:

— شەمشەر تۇتۇپ تۇرۇشتىكى مەقسەت نېمە؟ — دەپ سورىدى لى سۇدىن.

لى سۇ جاۋاب بەرمەستىن ھەدەپ ھارۋىنى توغرى ئىتتىرىپ كىرىۋەردى. ۋاڭ يۈن توۋلاپ تۇرۇپ:

— قارا نىيەت ئوغرى يېتىپ كەلدى، قېنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياساۋۇللىرىم، — دەپ ۋارقىرىۋىدى، ئىككى تەرەپتىن يالمان، نەيزە تۇتقان 100 دىن ئارتۇق لەشكەر نەيزە سانجىشقا باشلىدى. دۇڭ جۇ ئىچىگە يۇمشاق قوياق كىيىۋالغىنى ئۈچۈن نەيزە پەقەت بىلىكىنىلا جاراھەتلىدى. ئۇ ھارۋىدىن ئاغدۇرۇلۇپ چۇشتى ۋە:

— ئوغلۇم لۇي بۇ، قەيەردە سىز؟ — دەپ توۋلىدى.

لۇي بۇ ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ:

— قولۇمدا ئوغرىنى ئۆلتۈرۈش پەرمانى بار! — دېدى-دە، يالمىنىنى ئۇنىڭ بوغۇزىغا قارىتىپ ئۇردى. لى سۇ گاچچىدا دۇڭ جۇنىڭ بېشىنى كېسىپ قولىغا ئېلىۋالدى. لۇي بۇ سول قولىدا يالمىنىنى تۇتۇپ، ئوڭ قولى بىلەن قوينىدىكى پەرماننى چىقىرىپ:

— پەرمان بويىچە ئوغرى دۇڭ جۇ جازالاندى، باشقىلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ! — دەپ ئۈنلۈك ئوقۇدى.

بارلىق سەركەردە، بەگ ـ سىپاھلار خانغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلىدى. بۇ ھەقتە كېيىنكى ئادەملەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*ئاشسا زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئىشقا بولاتتى پادىشاھ،*
*ئاشمىسا زورلۇق ئەمەلگە بولاتتى بىر بايۋەچچە يا.*
*كىم بىلىپتۇ تەڭرى رايى قويمىدى كۆڭلىگە يول،*
*پۈتتى مېيۋۇ قورغىنى بولدى ئۇ جاندىن جۇدا.*

— دۇڭ جۇنىڭ ياۋۇزلۇقىغا لى رۇ ھەمشىرىك بولغان، كىم ئۇنى تۇتۇپ كېلىدۇ؟ — دەپ توۋلىدى لۇي بۇ.

— مەن بارىمەن! — دېدى لى سۇ شۇئان.

بۇ ۋاقىتتا بىردىنلا ساراي دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدا ۋاڭ ـ چۇڭ پەيدا بولدى. نۆكەرلەر كىرىپ، لى رۇنىڭ ئائىلىسىدىكى چاكارلارنىڭ لى رۇنى باغلاپ تەقدىم قىلىــــشقا ئېلىــــپ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ۋاڭ يۈن ئۇنى شەھەر جازا مەيدانىغا ئېلىپ چىقىپ ئۆلتۈرۈشكە، دۇڭ جۇنىڭ جەسىتىنى بولسا كوچا

ئايلاندۇرۇپ سازايىي قىلىشقا ئەمىر بەردى. دۇڭ جۇ سېمىز بولغانلىقتىن، قاراۋۇل لەشكەر جەسەتنىڭ كىندىكىدىن پىلىك ئۆتكۈزۈپ چىراغ ياقتى، ئېرىپ ئاققان ياغ يەرگە تارىلىپ كەتتى. ئۇياققا ـ بۇياققا ئۆتكەن ئادەملەر ئۇنىڭ بېشىنى تاشبوران قىلىشتى، جەسەتنى دەسسەپ چەيلىدى. ۋاڭ يۈن يەنە لۈي بۇ بىلەن خۇاڭ فۇسۇڭ، لى سۇلارنى 5 تۇمەن لەشكەر بىلەن مېيۋۇغا بېرىپ دۇڭ جۇنىڭ خوتۇن، بالا ـ چاقىلىرىنى، مال ـ مۈلۈكلىرىنى مۇسادىرە قىلىشقا بۇيرۇدى.

لى جۆ، گو سى، جاڭ جى، فەن چۇلار دۇڭ جۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، لۈي بۇنىڭ لەشكەر باشلاپ چىقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، «ئۇچار ئېيىق» ناملىق قوشۇن بىلەن كېچىلەپ لياڭجۇغا قاراپ قاچتى. لۈي بۇ مېيۋۇغا بارغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن دياۋ چەننى تاپتى. خۇاڭ فۇسۇڭ مېيۋۇدا ياخشى ئائىلىلەردىن ئېلىنغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىلدى. دۇڭ جۇنىڭ جەددى ـ جەمەتلىرىنى ياش ـ قېرى دېمەستىن قىلىچتىن ئۆتكۈزدى، دۇڭ جۇنىڭ ئانىسىنىمۇ ئۆلتۈردى. دۇڭ جۇنىڭ ئىنىسى دۇڭ مىن، بۇرادىرىنىڭ جىيەنى دۇڭ خۇاڭلارنىڭ بېشىنى كېسىپ سازايى قىلدى. مېيۋۇدىن مۇسادىرە قىلىنغان بىرنەچچە ئون مىڭ سەر ئالتۇن، بىرنەچچە مىليون سەر كۈمۈش، ئېسىل گەزلىمىلەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار، جاھاز ـ ئەسۋابلار، ئاشلىق ـ تۈلۈك ھەددى ـ ھېسابسىز ئىدى.

ۋاڭ يۈن لەشكەرلەرگە زور ئىنئام ۋە ئېھسان قىلدى، دۇاندا بەگ ـ سىپاھلارغا چوڭ مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈلۈپ، ئۇلار نۇسرەت قۇچتى.

بەزمە ئۈستىگە: «بازاردا دۇڭ جۇنىڭ جەستى يېنىدا بىر ئادەم يەر قۇچاقلاپ يىغلاۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى.

— دۇڭ جۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن شەھەردە خۇشال بولمىغان ئادەم يوق، كىمكەن ئۇ يىغلاشقا پېتىنغان؟ تۇتۇپ

www.uyghurkitap.com

كېلىڭلار! — دېدى غەزەپ بىلەن ۋاڭ يۈن ياساۋۇللارغا ئەمىر قىلىپ.

ئۇنى بىر پەستىلا تۇتۇپ كەلدى. ھەممەيلەن ھەيران بولدى، بۇ ئادەم باشقا ئادەم ئەمەس، ياساۋۇلبەگ سەي يۈك ئىكەن. ۋاڭ يۈن توۋلاپ تۇرۇپ:

— قارا نىيەت ئوغرى دۈك جۈنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئەلنىڭ زور بەخت - سائادىتىدۇر. سىز خەن خاندانلىقىنىڭ مەمۇرىي بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئەلنىڭ بايرىمىدا خۇشال بولماستىن ئەكسىچە مۇناپىق ئۈچۈن يىغلىغىنىڭىز نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى.

— كەمىنە سەي يۈك گەرچە ناتىۋان بولساممۇ، ۋاپادارلىق، مەردلىك دېگەن نەرسىنى بىلىمەن، قانداقسىگە ئەلگە ئاسىيلىق قىلىپ، دۈك جوغا بېرىلەي؟ پەقەت بىر زامان ئۇنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتى تەسىرىدىن ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلاپتىمەن، مەن ئۆز گۇناھىمنىڭ چوڭلۇقىنى بىلدىم. ماڭا يۈزۈمگە خەت چېكىپ، پۇتۇمنى كېسىش جازاسى بەرسىلە، خەن دەۋرى تارىخىنى يېزىپ تۈگىتىش بىلەن گۇناھىمنى يۇسام ئۆزۈمنى بەختىيار ھېسابلايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى سەي يۈك.

ھەممە بەگ - سىپاھلار سەي يۈڭنىڭ ئىستىداتى ئۈچۈن ئۇنى تىلىدى. مۇشاۋىر ما رىدى يوشۇرۇن ھالدا ۋاڭ يۈنگە:

— سەي يۈك زامانىمىزدىكى مەشھۇر تالانت ئىگىلىرىدىن، ئەگەر خەن تارىخىنى داۋاملىق يېزىپ تۈگىتىدىغان بولسا، بۇ ناھايىتى كاتتا ئىش بولاتتى. ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەلنىڭ نەزەرىدىن قالارمىزمىكىن، — دېدى.

— شيا ۋۇ خان سىما چيەننى ئۆلتۈرمىدى، ئۇنى تارىخ يېزىشقا قويدى. كېيىن ئۇنىڭ يازغان يالغان تۆھمەتلىرى تاكى

كېيىنكى زامانلارغىچە تارىلىپ كەلدى. هازىر هاكىمىيەتنى جوڭقۇرۇش ئىنتايىن ئاجىز بولۇپ، خاندانلىق ئىشلىرى قالايمىقان، بۇنداق پەيتلەردە سەي يۇڭدەك پاسىق ۋەزىرلەرنىڭ ياش خاقانىمىزنىڭ ئەتراپىدا قەلەم تۇتۇپ يۈرۈشىگە يول قويساق بىزگە ئوخشاش كىشلەرنىڭ ئۈستىدىن پىتنە ـ پاسات تېرىيدۇ، — دېدى ۋاڭ يۈن.

ما رىدى ئىندىمەستىن قايتىپ چىقتى ـ دە، باشقىلارغا:

— ۋاڭ يۈن كېيىنلىكنى ئويلىمايۋاتىدۇ. كىشلەرگە ياخشىلىق قىلىش ئەلنىڭ تەرىقىتى؛ جازالاش ئەلنىڭ قانۇنى. تەرىقەتنى يوقىتىپ، قانۇنلارنى بىكار قىلىش بىلەن هاكىمىيەتنى ئۇزۇن تۇتقىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ يۈن ما رىدىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. سەي يۇڭنى زىندانغا تاشلاپ بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۇقۇمۇشلۇق ئەمەلدارلارنىڭ هەممىسى كۆز يېشى قىلدى. كېيىن خالايىق سەي يۇڭنىڭ دۇڭ جۇ ئۈچۈن يىغلىغانلىقى توغرا ئەمەس؛ ۋاڭ يۈن سەي يۇڭنى ئۆلتۈرۈپ هەددىدىن ئېشىپ كەتكەن، دېيىشتى. بۇ هەقتە بەزىلەر ئېچىنىپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*هوقۇقنى ئىگىلەپ دۇڭ جۇ ئۇزاتتى قول ياۋۇزلۇققا،*
*ئۆلۈپ كەتتىغۇ سەي يۇڭمۇ تېرىقتەك ئەرزىمەس ئىشقا.*
*ياشايتتى جۇگېلياڭ لۇڭجۇڭ تېغىدا ئەنە شۇ چاغدا،*
*ئاسانچە قىلمىغاي خىزمەت بۇزۇق ئەسكى ۋەزىرلارغا.*

لى جۆ، گۇ سى، جاڭ جى، فەن چۇلار شەنشىگە قېچىپ باردى، چاڭئەنگە ئىلتىماس يېزىپ، كەچۈرۈم سورىدى. ۋاڭ يۈن:

— دۇڭ جۇنىڭ زورلۇق ـ زومبۇلۇقلىرى بۇ تۆت كىشىنىڭ قوللىشى بىلەن بولغان؛ بۈگۈن ئېلىمىز بويىچە ئومۇمىي كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ، پەقەت بۇ تۆت كىشىگىلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ، — دېدى.

ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ لى جۆگە مەلۇم قىلدى.

— كەچۈرۈم سورىساق بەرمىسە، ئەمدى قېچىپ يۈرۈپ ئۆز ئالدىمىزغا ھايات كەچۈرسەك بولىدىغانغا ئوخشايدۇ، — دېدى لى جۆ.

— ھەربىرلىرى ئەگەر قوشۇندىن ئايرىلىپ، يەككە ھەرىكەت قىلىشىدىغان بولسىلا، كىچىك بىر مەنزىل بېشىمۇ ھەرقايسىلىرىنى باغلاپ قويالايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە شەنشىلىقلارنى توپلاپ ئۆز قوشۇنلىرىمىز بىلەن چاڭئەنگە تېگىش قىلىپ بېرىپ، دۇڭ جۇنىڭ قىساسىنى ئېلىشىمىز لازىم. ئىش ئەمەلگە ئاشقاندا، خانىدانلىققا بويسۇنۇپ ئەلنى ئىلكىدەپ ئېلىشىمىز كېرەك؛ ئەگەر يېڭەلمەيدىكەنمىز، ئۇ ۋاقىتتا بېشىمىز قايغان تەرەپكە كەتسەكمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى مەسلىھەتچى جيا شۈي.

لى جۆلەر بۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە شى لياڭ ئايمىقىدا ئاھالە ئارىسىغا «ۋاڭ يۈن ئايماق ئاھالىسىنى قىرغىن قىلماقچى بوپتۇ» دېگەن ئىغۋانى تارقاتتى. ئاھالىنىڭ ھەممىسى قورقۇپ تەشۋىشلىنىدى، نېمە قىلىشلىرىنى بىلمەي قالدى. بۇ چاغدا لى جۆ:

— بىكار ئۆلگەندىن كۆرە، ماڭا ئەگىشىپ قوزغىلىڭلار! — دېگەن گەپنى چىقاردى. خەلق ئۇنىڭغا قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە تۈمەن ئادەم توپلاپ تۆت تارامغا بۆلۈنۈپ، چاڭئەنگە تېگىش قىلىشقا ماڭدى. يولدا دۇڭ جۇنىڭ كۈيئوغلى كەنتاۋۇل نيۇ فۇ 5000 لەشكەر بىلەن بۇلارغا يولۇقتى، قېيناتىسى ئۈچۈن قىساس ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى، لى جۆ لەشكەرلىرىگە قوشۇلدى ۋە تۇرشاۋۇل بولۇپ ئالدىدا ماڭدى، قالغان تۆتەيلەن ئارقىمۇئارقا يولغا چىقتى.

ۋاڭ يۈن شى لياڭ لەشكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ،

لۇي بۇنى كېڭەشكە چاقىردى. لۇي بۇ:

— زېمىن بېگىم! خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ساناقلا كىرگۈدەك، كۆزگە ئىلارلىق قوشۇن ئەمەس! — دېدى ۋە لى سۇ بىلەن لەشكەر باشلاپ ياۋغا قارشى جەڭگە چىقتى. لى سۇ ئاۋۋال چىقىپ جەڭ قىلدى، ئۇ نيۇفۇغا يولۇقۇپ ئىككىسى تازا ئېلىشتى. نيۇ فۇ تەڭ كېلەلمەي سەپنى تاشلاپ چېكىندى. كۇتۇلمىگەندە شۇ كۇنى ئەلياتقۇ مەھەلدە لى سۇنىڭ تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ قارارگاھىغا تېگىش قىلدى. لى سۇنىڭ لەشكەرلىرى پاتپاراق بولۇپ كېتىپ ئوتتۇز نەچچە چاقىرىم ئارقىغا چېكىندى، لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى چىقىم بولدى، لەشكەرلەر بۇ ئەھۋالنى كېلىپ لۇي بۇغا مەلۇم قىلدى، لۇي بۇ غەزەپلىنىپ:

— لەشكەرلىرىمنىڭ روھىي ـ كەيپىياتىنى چۇشۇردۇڭ! — دەپ لى سۇنى ئۆلتۇرۇپ، بېشىنى قارارگاھ قوۋۇقىغا ئېسىپ سازايى قىلدۇردى. ئەتىسى لۇي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن يۈرۈش قىلىپ، نيۇ فۇ بىلەن ئېلىشتى. نيۇ فۇ لۇي بۇغا تەڭ كېلەلمەي، قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. نيۇ فۇ شۇ ئاخشىمى ئىشەنچلىك كىشىسى بولغان خۇ چىئېر بىلەن كېڭەش قىلدى.

— لۇي بۇ كارامەت باتۇر، ئۇنىڭغا ھەرگىز تەڭ كېلەلمەيمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە لى جۆلەردىن يوشۇرۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئېلىپ، تۆت ـ بەش خاس يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، لەشكەرلەرنى تاشلاپ قاچايلى، — دېدى نيۇ فۇ.

خۇ چىئېر ماقۇل بولۇپ شۇ ئاخشىملا ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى يىغىشتۇرۇپ، قارارگاھنى تاشلاپ تۆت ـ بەش خاس يىگىت بىلەن كېتىپ قالدى. بىر دەريادىن ئۆتۈش ۋاقتىدا، خۇ چىئېر ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى ئۆزىلا ئېلىش مەقسىتىدە نيۇ فۇنى ئۆلتۇردى،

www.uyghurkitap.com

بېشىنى ئەگىلىپ لۈي بۇغا تەقدىم قىلدى. لۈي بۇ ۋەقەنى سۈرۈشتە قىلغاندا، مۇلازىم:

— خۇ چىئېر نيۇ فۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى تارتىۋالدى، — دېدى.

لۈي بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، خۇ چىئېرنى ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئالغا يۈرۈش قىلدى، يولدا لى جۆنىڭ لەشكەرلىرىگە دۇچ كېلىپ قالدى. لۈي بۇ ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈشىنى كۈتمەستىنلا، يالمان كۆتۈرگىنىچە ئات ئويىنىتىپ لەشكەرلىرى بىلەن توپ - توغرا چاپ - چاپقا ئۆتتى. لى جۆ لەشكەرلىرى تەڭ كېلەلمەي ئەللىك نەچچە چاقىرىم يەرگە چېكىنىپ، تاغ يېنىدا قارارگاھ قۇردى ۋە گۇ سى، جاڭ جى، فەن چۇلار بىلەن كېڭەشتى. لى جۆ:

— لۈي بۇ گەرچە باتۇر بولسىمۇ، ئەقىل - پاراستى كەم، ئەندىشە قىلىشىنىڭ هاجىتى يوق. مەن ئۆز لەشكەرلىرىم بىلەن تاغ ئېغىزىنى ساقلاپ، هەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنى جەڭگە قىزىقتۇراي، سەركەردە گۇ سى ئۆز لەشكەرلىرىڭىز بىلەن ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېگىش قىلىڭ، پېڭ يۆ* نىڭ چۇ بەگلىكىگە پاراكەندىچىلىك سېلىشتا تۇتقان يولىنى تۇتايلى، جاڭ جېلىنىش بىلەن لەشكەر چىقىرايلى، ناغرا چېلىش بىلەن لەشكەرنى قايتۇرۇۋالايلى. جاڭ جى بىلەن فەن چۇ ئىككى سەركەردە ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئىككى تارام بويىچە توغرا چاڭئەنگە تېگىش قىلسۇن. شۇنىڭ بىلەن لۈي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئايىغى بىر - بىرىگە هەمدەمدە بولالماي، چوقۇم يېڭىلىدۇ، — دېدى.

هەممەيلەن بۇ پەنتكە قوشۇلدى.

ئەمدى لۈي بۇغا كېلەيلى. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن تاغ تۈۋىگە كەلگەندە، لى جۆ لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ئۇنى جەڭگە

---

* پېڭ يۆ — خەن خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى ئۆلۈغ سەركەردە ئىدى، چۇ بەگلىكى بىلەن خەن بەگلىكى جەڭ قىلغان ۋاقىتدا، پېڭ يۆ چۇ بەگلىكىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تېگىش قىلىپ، ليۇ باڭغا ياردەم بەرگەن.

ئۇندىدى. لۇي بۇ دەرغەزەپ بولۇپ باستۇرۇپ كېلىۋىدى، لى جۆ چېكىنىپ تاغقا چىقىۋالدى، تاغدىكىلەر تاشبوران قىلدى ۋە ئوقيا ياغدۇردى. لۇي بۇ لەشكەرلىرى ئالغا باسالماي قالدى. ئەنە شۇنداق پەيتتە ئۇشتۇمتۇت پايلاقچى كېلىپ: «گۇ سى لەشكەرلىرى ئارقا تەرەپتىن تېگىش قىلىپ كەلدى» دەپ مەلۇم قىلدى، لۇي بۇ دەررۇ ئارقىغا قايتىپ كېلىشىگە، ناغرا ئاۋازى چىقتى - دە، گۇ سى لەشكەرلىرى چېكىنىپ كەتتى. لۇي بۇ لەشكەرلىرىنى يىغىپ تۇرۇشىغا جاڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، لى جۆ لەشكەرلىرى يەنە كەلدى. بۇ تەرەپتىن تېخى ياۋغا روبىرو بولالمايلا، ئارقا تەرەپتىن گۇ سى يەنە لەشكەر باشلاپ كېلىپ چاپ - چاپ قىلدى. لۇي بۇ يېتىپ كېلىش بىلەنلا يەنە ناغرا چېلىنىپ گۇ سى لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى، لۇي بۇنىڭ غەزىپى 40 گەز ئۆرلىدى. بۇ ئەھۋال بىرنەچچە كۈن دېگۈدەك داۋام قىلدى، لۇي بۇ يا جەڭ قىلالماي، يا جەڭنى توختىتىپ قويالماي، راسا بېشى قېتىپ تۇرغان ۋاقتىدا، تۇيۇقسىزلا چاپارمەن كېلىپ: «جاڭ جى بىلەن فەن چۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن چاڭئەنگە تېگىش قىپتۇ. پايتەخت خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئەكەلدى. لۇي بۇ ئالمان - تالمان لەشكەرلىرىنى باشلاپ پايتەختكە قايتماق بولۇۋىدى، ئارقىدىن لى جۆ، گۇ سىلار چاپ - چاپ قىلىپ قوغلاپ كەلدى. لۇي بۇ ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى بارماي مېڭىۋەردى، خېلى نۇرغۇن ئادەم چىقىم تارتتى. ئۇ چاڭئەن شەھىرىگە كېلىپ قارىسا قاراقچىلار شەھەرنى ناھايىتى قاتتىق مۇھاسىرە قىلىۋاپتۇ. لۇي بۇ لەشكەرلىرى جەڭ قىلغان بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىدى. لەشكەرلەر لۇي بۇنىڭ قەھرىدىن قورقۇپ كۆپلىرى قاراقچىلارغا باش ئەگدى، لۇي بۇ قاتتىق قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمدى.

بىرقانچە كۈندىن كېيىن، دۇڭ جۇنىڭ قالدۇقلىرىدىن لى مېڭ، ۋاڭ فاڭ شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ ياۋغا ئىچىدىن ماسلىشىپ

شەھەر قوۋۇقىنى ئىچىۋەتتى، قاراقچى لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. لۈي بۇ ئۆڭغا ـ سولغا چاپ ـ چاپ قىلىپ، ياۋنى توسۇيالمىدى، ئاخىر بىرنەچچە يۈز ئاتلىق لەشكەر بىلەن چىڭسۇ قوۋۇقىنىڭ قېشىغا كېلىپ ۋاڭ يۈننى چاقىرتىپ:

— ئەھۋال جىددىي. ئاتلانسىلا، بىرلىكتە گۇەندۇڭغا چىقىپ باشقىدىن ياخشى تەدبىر كۆرەيلى، — دېدى.

— ئەگەر ئاللا ـ ئىگەم مەدەت بەرسە، ئەلنى تىنچلاندۇرالايمەن، بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم؛ ئەگەر مۇيەسسەر بولالمايدىكەنمەن، ئۆلۈشكە رازىمەن. مۈشكۈل ۋاقىتلاردا ئۆزۈمنى ئېپقاچالمايمەن. مېنىڭدىن گۇەندۇڭدىكى بەگلەرگە سالام دېگەيسىز، ئۇلار تىرىشسۇن، ئەلنى ئەسلا خاتىرىلىرىدىن چىقىرىشمىسۇن! — دېدى ۋاڭ يۈن.

لۈي بۇ ئانچىنان نەسىھەت قىلسىمۇ، ۋاڭ يۈن ئۇنىمىدى. بىر پەستىلا ھەممە قوۋۇقتىن ئاسمان ـ پەلەك ئوت ئەلەڭگىدى. لۈي بۇ بالا ـ چاقىلىرىنى تاشلاپ، بىرنەچچە يۈز ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ئۇچقاندەك قېچىپ يۈەن شۇغا قوشۇلۇش ئۈچۈن كەتتى.

لى جۆ بىلەن گو سى لەشكەرلىرى زوراۋانلىق، بۇلاڭچىلىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۇتخانا مۇراسىمبېگى جوڭ فۇ، مىراخوربەگ لۇ كۇي، مۇراسىمبېگى جوخۇەن، قوۋۇق لەشكەرلىرى بېشى سۇي لي، چاپقۇر چەۋەنداز لەشكەر بېشى ۋاڭ چۇيلەر بۇ يېغىلىقنىڭ قۇربانلىرى بولدى. قاراقچى لەشكەرلەر ئىچكى سارايىنى ئورىۋېلىپ خەۋپ سالغانلىقى ئۈچۈن ھەرەم خادىملىرى خاننىڭ شۈەنپىڭ قوۋۇقىغا چىقىپ غەلىياننى بېسىقتۇرۇشقا مۇراجىئەت قىلدى. لى جۆلەر شاھانە مەپىنىڭ سېرىق كۈنلۈكىنى كۆردى، لەشكەرلىرىنىڭ بېشەملىكىنى چەكلەپ «ياشىسۇن خاقانىمىز!» دەپ توۋلاتقۇزدى. شيەندى خان راۋاقتا يۆلىنىپ تۇرۇپ:

— ماڭا مەلۇم قىلماستىنلا، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىپ چاكئىەنگە بېسىپ كىرىشتىن مەقسىتىڭلار نېمە ئىدى؟ — دەپ سورىدى. لى جۆ بىلەن گۆ سى يۇقىرىغا قاراپ تۇرۇپ:

— ۋەزىرئەزەم دۇڭ جۇ ئالىيلىرىنىڭ ۋەزىرى ئىدى، ۋاڭ يۈن سەۋەبسىزلا سۇيىقەست قىلىپ ئۆلتۈردى، كەمىنىلىرى ئالايىتەن قىساس ئالغىلى كەلدۇق. ئىسيان چىقارغىلى ھەددىمىز ئەمەس، ۋاڭ يۈننى كۆرسەكلا لەشكەرلىرىمىزنى قايتۇرىمىز، — دەپ مۇراجىئەت قىلىشتى. ۋاڭ يۈن خاننىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خانغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— كەمىنىلىرى خاندانلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدىم . ھالا ئىش بۇ يەرگە يەتتى، ئالىيلىرى مەندىن كەچسىلە، ئەلگە خەتەرلىك كەلمىسۇن، مەن چۈشۈپ ئىككى قاراقچى بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى.

خان ئۇنىڭ بېرىپ كۆرۈشۈشىگە ئۇنىمىدى. ۋاڭ يۈن شۈەنپىڭ قوۋۇقىنىڭ راۋىقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ:

— ۋاڭ يۈن بۇ يەردە! — دەپ توۋلىدى.

لى جۆ، گۆ سى قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ:

— باش ۋەزىر دۇڭ جۇنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردۇڭ؟ — دېدى.

— مۇناپىق دۇڭ جۇنىڭ گۇناھى پەلەكتىن ئاشقان ۋە يەر يۈزىگە توشۇپ كەتكەنىدى، بۇنى ئېغىز بىلەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى پۈتۈن چاكئەن ئاھالىسى تەبرىك مۇراسىملىرى ئۆتكۈزدى، يالغۇز سەنلەر ئاڭلىمىغان بولۇشلىرىڭ كېرەك؟ — دېدى ۋاڭ يۈن.

— خوپ، — دېدى لى جۆ بىلەن گۆسى، — ۋەزىرئەزەمنىڭغۇ جىنايىتى بار ئىكەن، بىزنىڭ نېمە گۇناھىمىز بار ئىدى؟ نېمىشقا بىزنى كەچۈرۈم قىلمايسەن؟

— ئىسيانچى ئوغرىلار! — دېدى ۋاڭ يۈن تىل

www.uyghurkitap.com

سىلىپ، — تولا سۆزنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ۋاڭ يۈن بۈگۈن ئۆلۈمگە ھازىرمەن!

ئىككى قاراقچى باراۋەرلا راۋاق ئاستىدا ۋاڭ يۈننى قىلىچلاپ تاشلىدى. تارىخچىلار ۋاڭ يۈننى مەدھىيىلەپ مۇنۇ نەزمىنى پۈتتى:

*ۋاڭ يۈن ئەپچىل ئىشلەتتى پەنت،*
*خائىن ۋەزىر* كۆردى لەھەت.*
*ساقلار دىلدا ئەل قىساسىن،*
*ئەجداد چەكتى قايغۇ ـ ھەسرەت.*
*باتۇرلۇقى ئاشتى كۆكتىن،*
*نەشرە ـ تەرفىدەك ساداقەت.*
*سۇمۇرغ راۋاقنى ئايلىنار،*
*ئەرۋاھ روھى كەتمەي پەقەت.*

قاراقچىلار ۋاڭ يۈننى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كىشىنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى ياش ـ قېرى دېمەستىن پۈتۈنلەي قىلىچتىن كەچۈردى. بۇنىڭغا كۆز يېشى قىلمىغان ئاھالە قالمىدى. بۇ چاغدا لى جۆ بىلەن گو سى: «مادامىكى ئىش بۇ يەرگە يەتتى، خاننى ئۆلتۈرۈپ زور ئىشلار قىلماي نېمىنى كۈتىمىز؟» دەپ ئويلىدى ـ دە، قىلىچلىرىنى سۇغۇرۇشۇپ تۇۋلىغان پېتى ئىچكىرىكى سارايغا باستۇرۇپ كىرىشتى. دەرھەقىقەت:

*باش گۇناھكار يوقىتىلغاچ ئەمدى يۇرت بولسا ئەمىن،*
*قالدۇقلىرى زورلۇق قىلار بولدى يەنە ئەگىسىز زېمىن.*

شيەندى خان ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

* دۇڭ جۇنى كۆزدە تۇتىدۇ.

# ئونىنچى باب

## ما تېڭخىننىڭ خاننى قۇتقۇزۇش يولىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى
## ساۋ ساۋنىڭ ئاتا قىساسى ئۈچۈن لەشكىرى يۈرۈش قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، لى جۆ بىلەن گۇ سى ئىككى قاراقچى شىيەندى خاننى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا، جاڭ جى بىلەن فەن چۇ:

— بولماسمىكىن، بۇگۈن خاننى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، كۆپچىلىك بىزگە ئىنائەت قىلمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇنى خان دەپ ھۆرمەت قىلساق، باشقا جايلاردىكى بەگلەرنى پايتەختكە گوللاپ كېلىپ ئاۋۋال قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى قىرقىپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆلتۈرسەك، پۈتۈن ئەلنى قولغا كىرگۈزگىلى بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

لى جۆ بىلەن گۇ سى بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، قىلىچلىرىنى غىلاپىغا سالدى.

— ۋاڭ يۈننى ئۆلتۈردۈڭلار، لەشكەرلەرنى يەنە نېمىشقا چېكىندۈرمەيسىلەر؟ — دەپ خىتاب قىلدى خان راۋاقتا تۇرۇپ.

— بىز خاندانلىق ئۈچۈن ئەجىر ـ تۆھپە كۆرسەتتۇق، بىزگە تېخى مەرتىۋە ـ مەنسەپ ئىلتىپات قىلمىدىلا. شۇڭلاشقا لەشكەرلىرىمىزنى چېكىندۈرمەيۋاتىمىز، — دېدى لى جۆ بىلەن گۇ سى.

— قانداق مەرتىۋە ـ مەنسەپ تىلەيسىلەر؟ — دەپ سورىدى خان.
لى جۆ، گۇ سى، جاڭ جى، فەن چۇلار ھەرقايسىسى ئۆزلىرى ئىزدىگەن مەرتىۋە ـ مەنسەپلەرنى يېزىپ سۇندى ۋە بۇ مەنسەپلەرنىڭ بېرىلىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. خان بەرمەي ئىلاجى بولمىدى، لى جۆنى ھارۋا ـ ئاتلىقلار سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا چياڭ بەگ دېگەن مەرتىۋە بەردى، ئۇنى مۇپەتتىشىيگىنىڭ چوڭى قىلىپ، ئۇنىڭغا يارلىق ـ دەستەك ۋە تەبەرتىشە تۇتقۇزدى؛ گۇ سىنى ھىماتچى سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا مېيياڭ بەگ دېگەن مەرتىۋە بېرىپ يارلىق ـ دەستەك ۋە تەبەرتىشە تۇتقۇزدى، بۇلار دىۋان ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى؛ فەن چۇنى ئوڭ قول سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا ۋەنيەن بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى، جاڭ جىنى قىران چەۋەندازلار سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇنىڭغا پىڭياڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى، بۇلار لەشكەر باشلاپ خوڭنۇڭدا تۇرىدىغان بولدى، بۇنىڭدىن باشقا لى مېڭ، ۋاڭ فاڭلار لەشكەر بېشىلىقىغا تەيىنلەندى. بۇلار ئىلتىپاتلارغا تەشەككۇر ئىزھار قىلىش بىلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ كېتىشتى ۋە دۇڭ جۇنىڭ جەسىتىنى تېپىشقا بۇيرۇق چىقاردى. دۇڭ جۇنىڭ جەسىتىدىن پەقەت ئازغىنا سۆڭەك پارچىلىرىلا تېپىلدى، خۇشبۇي ياغاچتىن ھەيكەل ئويدۇردى، ئىشلىرى سەرەمجان بولغاندىن كېيىن چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، ياغاچ جەسەتكە شاھانە كىيىم، تاج كىيدۈرۈلدى ۋە شاھانە ئىچ تاش گۆەنسەي راسلاندى ۋە خاسىيەتلىك بىر كۈن تاللاپ چىقىلىپ، مېيۇۋغا ئاپىرىپ دەپنە قىلىنماق بولدى. دەپنە قىلىنىدىغان ۋاقىتتا قاتتىق گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، بىرنەچچە گەز چوڭقۇرلۇقتا يامغۇر ياغدى، چاقماق كۆچى گۆەنسەينى ئېچىپ جەسەتنى گۆەنسەيدىن سىلكىپ چىقىرىۋەتتى. لى جۆ ھاۋا ئېچىلغاندىن كېيىن ئاندىن دەپنە قىلماق بولدى. شۇ ئاخشىمى

ئەينى هالەت يەنە تەكرارلاندى. ئۈچ قېتىم دەپنە قىلىنغان بولسىمۇ، ھەممىلا قېتىمدا دەپنە قىلىش مۇمكىن بولماي قالدى. پارچە ـ پارچە تېرە ۋە ئۇستىخانلارغا چاقماق چۈشۈپ كۆيۈپ كۈل بولدى. بۇنىڭدىن تەڭرىنىڭ دۆلەت جۇغا نەقەدەر غەزەپلەنگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ!

لى جۆ، گۇ سىلار ئالىي ھوقۇقنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن خەلقنى خورلىدى ۋە ئەزدى، خاننىڭ ئەتراپىغا ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىنى قويۇپ، خاننىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىنى نازارەت قىلدى. شيەندى خاننىڭ ھەممە ئىشى تەھدىت ئاستىدا قالدى. ساراي بەگ ـ سىپاھلىرىنىڭ ئورنىنى ئۆزلىرى بىلگىنىچە كۆتۈردى ياكى چۈشۈردى. ئابرويلۇق كىشىلەردىن پايدىلىنىش مەقسىتىدە، جۇ جۈننى سارايغا چاقىرتىپ، ئوردا مىراخور بەگلىكىگە قويۇپ خاندانلىقنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇزدى. كۆنلەرنىڭ بىرىدە چاپارمەن: «شىلياڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ما تېڭ، بىڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى خەن سۈي ئون نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن قاراقچىلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىمىز، دەپ چاڭئەنگە كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىردى. بۇنىڭدىن بۇرۇن بۇ ئىككى سەركەردە چاڭئەنگە كىشى ئەۋەتىپ ياساۋۇلبەگ ما يۈي، كېڭەشبېگى جۇڭ شاۋ، سول قول كەپتاۋۇل ليۇ فەن دېگەن ئۈچ كىشى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزگەندە، ئۇلار قاراقچىلارنى يوقىتىشتا ئىچكى جەھەتتىن ماسلىشىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەنىدى. ئۈچەيلەن شيەندى خانغا يوشۇرۇن مەلۇمات بېرىپ ما تېڭنى كۈنپېتىشقا يۈرۈش قىلىش سەركەردىلىكىگە، خەن سۈينى كۈنپېتىش تەرەپنى تىنچلاندۇرۇش سەركەردىلىكىگە تەيىنلىدى، بۇلار مەخپىي يارلىق ئېلىپ قاراقچىلارنى يوقىتىشقا ماڭدى. لى جۆ، گۇ سى، جاڭ جى، فەن چۈلار بۇ ئىككى سەركەردىنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، مۇداپىئە چارىلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— بۇ ئىككى قوشۇن، — دېدى مەسلىھەتچى جياڭ شۈي، — يىراقتىن كەلگەن، بىز خەندەكلەرنى چوڭقۇر كولىشىمىز، قورغاننى تېخىمۇ ئېگىزلىتىپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە كۆرۈشىمىز كېرەك. 100 كۈن ئۆتمەستىنلا ئۇلار ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەپ، ئۆز - ئۆزىدىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ئاندىن لەشكەر باشلاپ قوغلىساق، بۇ ئىككى سەركەردىنى قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ.

— بۇ ياخشى پەنت ئەمەس، بىزگە 1 تۈمەن خىللانغان لەشكەر بېرىلسە، چىقىپ ما تېڭ بىلەن خەن سۈيىنىڭ بېشىنى ئېلىپ جانابلىرىغا تەقدىم قىلىمىز، — دەپ ئۆز تەكلىپلىرىنى قويدى لى مېڭ ۋە ۋاڭ فاڭ.

— ئەگەر هازىرلا جەڭ قىلىنىدىغان بولسا، چوقۇم يېڭىلىمىز، — دېدى جيا شۈي.

— ئەگەر بىز ئىككىيلەن يېڭىلىپ قالىدىغان بولساق، ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇشقا رازىمىز؛ مۇبادا بىز يەڭسەك جانابلىرىمۇ باشلىرىنى كېسىپ بېرىشلىرى كېرەك! — دېدى لى مېڭ بىلەن ۋاڭ فاڭ تەڭلا.

— چاڭئەننىڭ كۈنچىقىشىدا جۇجى دېگەن بىر تاغ بار، يولى بەك خەتەرلىك، جاڭ جى بىلەن فەن چۈ لەشكەرلىرى بىلەن شۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرسا، ئاندىن لى مېڭ، ۋاڭ فاڭلار لەشكەر باشلاپ بېرىپ ياۋ بىلەن ئۇرۇشسا بولىدۇ، — دېدى جيا شۈي لى جۆ بىلەن گو سىغا قاراپ تۇرۇپ.

لى جۆ بىلەن گو سى بۇنى ماقۇل كۆردى. لى مېڭ، ۋاڭ فاڭلارغا 1 تۈمەن 5000 لەشكەر ئاجرىتىپ بەردى. ئىككىسى خۇشال هالدا چىقىپ كەتتى، چاڭئەندىن 280 چاقىرىم نېرىدا قارارگاھ قۇرۇپ ئورۇنلاشتى.

شى لياڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى، لى مېڭ، ۋاڭ

فاڭلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياۋغا ئاتلاندى. شى لياڭ لەشكەرلىرى يولنى توسۇپ سەپ تۈزدى. ما تېڭ بىلەن خەن سۈي تەڭلا ئالدىغا چىقىپ، لى مېڭ، ۋاڭ فاڭلارغا قاراپ:

— هەي مۇناپىقلار! — دەپ تىللىدى، ئاندىن، — هە قېنى، كىم بۇلارنى تۇتۇپ كېلىدۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

سۆزنىڭ ئايىغى چۈشە ـ چۈشمەيلا، يۈزىدىن نۇر يېغىپ، كۆزى چاقناپ تۇرىدىغان، ئارسلان گەۋدىلىك، مايمۇن دولىلىق، يولۋاس كۆكرەكلىك، بۆرە بەللىك، قولىغا نەيزە تۇتقان، ئۇچقۇر ئات مىنگەن ياش بىر سەركەردە سەپ ئىچىدىن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى. بۇ پالۋان ما تېڭنىڭ ئوغلى ما چاۋ بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى مېڭ چى ئىدى. ۋاڭ فاڭ ئۇنى گۆدەك دەپ پىسەنت قىلماستىن ئات ئويناتىپ جەڭگە چىقتى. بىرنەچچە مەرتەم ئېلىشقاندىن كېيىن ما چاۋنىڭ بىر نەيزە ئۇرۇشى بىلەن ۋاڭ فاڭ ئات ئايىغىغا يىقىلدى. ما چاۋ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا سېپىگە قايتتى. لى مېڭ ۋاڭ فاڭنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ئېتىنى چاپتۇرۇپ ما چاۋنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ما چاۋ بىلمىگەنگە سېلىپ كېلىۋەردى. ما تېڭ سەپتە تۇرۇپ:

— ئارقاڭدىن كىشى كېلىۋاتىدۇ! — دەپ توۋلىدى.

توۋلىغان ئاۋازنىڭ ئايىغى تېخى ئۈزۈلمەستىنلا، ما چاۋنىڭ لى مېڭنى ئۆز ئېتىغا كۈندىلەڭ قويۇۋالغانلىقى كۆرۈندى. ئەسلىدە ما چاۋ لى مېڭنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدى، ئۇ ئەتەي بىلمىگەنگە سېلىپ كېلىۋەردى ـ دە، ئۇ يېقىنلىشىپ نەيزە ئۇرۇۋىدى، ما چاۋ ئۆزىنى ئەپچىللىك بىلەن ئېپقېچىپ لى مېڭنىڭ زەربىسىنى بوشقا كەتكۈزدى، ئىككى ئات يانداش بولۇپ قالدى ـ دە، مايمۇن ئەپتىلىك ماچاۋ ئۇنى لىككىدە ئېتىدىن ئۈزۈۋېلىپ تىرىك تۇتۇۋالدى. سەركەردىسىدىن ئايرىلغان لەشكەرلەر پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. ما تېڭ، خەن سۈيلەر ئارقىدىن قوغلاپ چاپ ـ چاپ قىلىپ، كاتتا نۇسرەت

قازاندى، بۇلار ياۋنى قوغلا ـ قوغلا مۇھىم بىر ئېغىزغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى ۋە لى مېڭنىڭ كاللىسىنى ئېسىپ سازايى قىلدى.

لى جۆ، گۇ سىلار لى مېڭ، ۋاڭ فاڭلارنىڭ ما چاۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، جىيا شۈينىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىگە قايىل بولدى، كۆرسەتكەن پەتنىسىنى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ قوللاندى ۋە قورغاننى مەھكەم ساقلاپ مۇداپىئەدە تۇردى. ياۋ ئۇنى جەڭگە قانچە ئۈندىسىمۇ پىسەنت قىلماي جەڭگە چىقمىدى. دېگەندەك ئىككى ئاي ئۆتمەستىنلا شى لياڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەپ كەتكەنلىكتىن لەشكەرلىرىنى قايتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. دەل بۇ مەزگىلدە چاڭئەن شەھىرىدىكى ما يۈينىڭ ئۆيىدە خىزمەت قىلغۇچى بالا خوجايىنى بىلەن ليۇ فەن، جوڭ شاۋلارنىڭ ما تېڭ، خەن سۈيلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىچكى جەھەتتىن بۇزۇلماقچى بولغانلىقىنى لى جۆ، گۇ سىلارغا مەلۇم قىلىپ قويدى. لى جۆ، گۇ سىلار قەھر ـ غەزەپكە كېلىپ بۇ ئۈچ جەمەتنىڭ قېرى ـ ياش ۋە مۇلازىملىرىغىچە ھەممىسىنى قولغا ئېلىپ جازا مەيدانىدا ئۆلتۈردى. ئۈچەيلەننىڭ بېشىنى قوۋۇق ئالدىغا ئېسىپ سازايى قىلدى. ما تېڭ، خەن سۈيلەر لەشكىرىي تەمىناتنىڭ تۈگىگەنلىكى، ئىچكى جەھەتتىن ماسلاشقۇچىلارنىڭ پاش بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. لى جۆ بىلەن گۇ سى ما تېڭنى قوغلاشقا جاڭ جىنى، خەن سۈينى قوغلاشقا فەن چۇنى ئەۋەتتى. شى لياڭ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ما چاۋ لەشكەرلەرنىڭ ئارقىسىدا مېڭىپ، جان تىكىپ جەڭ قىلىپ، جاڭ جىنى چېكىندۇردى. فەن چۇ خەن سۈينى قوغلاپ يېتىشەي دەپ قېلىپ چېنچاڭغا كەلگەندە، خەن سۈي ئېتىنى توختىتىپ فەن چۇغا:

— جانابىڭىز بىلەن ئىككىمىز يۇرتداش ئىدۇق. بۈگۈن

نېمىشقا يۈز ـ خاتىر قىلمايسىز؟ — دېدى.
— يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلغىلى بولمايدۇ ـ دە! — دېدى فەن چۇ ئېتىنى توختىتىپ.
— مېنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىمنى ئەل ئۈچۈن ئىدى. جانابىڭىز مېنى مۇنچىۋالا قىستىمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى خەن سۈي.
فەن چۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇردى ـ دە، لەشكەرلىرىنى توختىتىۋېلىپ ئارقىغا قايتتى، ئۇ خەن سۈينىڭ قېچىشىغا يول قويدى. لى جۆ نىڭ جىيەنى لى بى فەن چۇنىڭ خەن سۈينى قويۇۋەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ تاغىسىغا مەلۇم قىلدى.
لى جۆ ناھايىتى خاپا بولۇپ فەن چۇنى جازالاش ئۈچۈن لەشكىرىي يۈرۈش قىلماقنى ئىزدىدى.
— ھازىر خەقنىڭ دىلى خاتىرجەم بولغىنى يوق، قىلىچۋازلىق قىلىش پەيتى ئەمەس؛ بۇنىڭ ئۈچۈن جاڭ جى بىلەن فەن چۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ئەجرىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ، جايىدىلا فەن چۇنى تۇتۇپ ئۆلتۈرسەك ھېچ كۈچ كەتمەيدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى جيا شۈي.
بۇ مەسلىھەتكە لى جۆ خۇشال بولۇپ مەرىكە ـ سورۇن ھازىرلاپ جاڭ جى بىلەن فەن چۇنى تەكلىپ قىلدى. ئىككى پالۋان خۇشال ھالدا مەرىكە ـ سورۇنغا كەلدى، مەي ئىچىلىپ يېرىمىغا كەلگەندە لى جۆ تەلەتىنى بۇزۇپ:
— ھەي فەن چۇ، سەن نېمە ئۈچۈن خەن سۈي بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان قوزغىماقچى بولدۇڭ؟ — دېدى.
فەن چۇ چۆچۈپ كېتىپ تېخى ئەمدىلا جاۋاب بېرەي دەپ تۇرۇشىغا، كاللا كېسەرلەر چىقىپ فەن چۇنىڭ بېشىنى شۇ يەردىلا كېسىپ تاشلىدى. جاڭ جى قورقۇپ كېتىپ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېتىشۋالدى. لى جۆ جاڭ جىنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ:
— فەن چۇ ئىسيان قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. جانابىڭىز ماڭا ئىشەنچلىكسىز، نېمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىسىز؟ — دېدى.
فەن چۇنىڭ لەشكەرلىرى جاڭ جىنىڭ جوڭقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. جاڭ جى خوڭنۇڭغا قايتتى.
لى جۆ بىلەن گۇ سى شى لياڭ لەشكەرلىرىنى يەڭگەندىن كېيىن، بەگلەر ئىچىدە ھېچكىم بۇنىڭغا بىرنېمە دېيەلمەي يۈردى. جىيا شۈي بۇلارغا ئەلنى ئەمىن قىلىش، دانىشمەنلەرنى تەكلىپ قىلىش ھەققىدە قايتا ـ قايتا تەكلىپ بەردى. خاندانلىق سەل روناق تاپقاندى، كۈتۈلمىگەندە چېكەتكە ئايمىقىدا سېرىق ياغلىقلىقلار يەنە قوزغىلىپ چىقىپ، بىرنەچچە ئون تۈمەن ئادەم توپلىدى، بۇلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى تۈرلۈك ئادەملەردىن بولۇپ، تىنچ ئاھالىنى تالان ـ تاراج قىلغىلى تۇردى. قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوردا مىراخوربېگى جۇ جۈن بىر كىشىنى كۆرسەتتى. لى جۆ، گۇ سى بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى.
— شەندۇڭدىكى قاراقچىلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ساۋ ساۋ بولماي مۇمكىن ئەمەس، — دېدى جۇ جۈن.
— ساۋ ساۋ ھازىر قەيەردە؟ — دەپ سورىدى لى جۆ.
— ھازىر دۇڭجۈن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، قولىدا نۇرغۇن لەشكەر بار. قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بۇ ئادەمنى قويساق، ئۈز ۈنغا قالماي قاراقچىلارنى يوقىتالايدۇ، — دېدى جۇ جۈن.
لى جۆ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. كېچىلەپ پەرمان يازدۇرۇپ، دۇڭجۈن ئايمىقىغا كىشى ئەۋەتىپ ساۋ ساۋ بىلەن جىبېي بېگى باۋ شىننىڭ بىرلىكتە قاراقچىلارنى يوقىتىشقا بۇيرۇق بەردى. ساۋ ساۋ پەرماننى ئالغاندىن كېيىن باۋ شىن بىلەن قوشۇلۇپ بىرلىكتە لەشكەر تارتىپ، شۇياڭدا قاراقچىلار

بىلەن جەڭ قىلىشتى. باۋ شىن ياۋنىڭ ئىچكى سېپىگە باستۇرۇپ كىرگەنلىكىدىن ياۋ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. ساۋ ساۋ ياۋنى تاكى جىبېيغا قەدەر قوغلاپ باردى، ياۋ لەشكەرلىرىدىن بىرنەچچە تۈمەنى ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئەل بولغانلارنى ئالدىغا سالدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايدىلا ئەل بولمىغانلار قالمىدى. 100 كۈن ئۆتمەي ئەل بولغان لەشكەرلەر ئوتتۇز نەچچە تۈمەنگە يەتتى، ئەل بولغان ئەر - ئايال ئاھالە 100 تۈمەندىن ئاشتى، ساۋ ساۋ ئۇلارنىڭ ياراملىقلىرىنى تاللىۋېلىپ «چىڭجۇ لەشكىرى» دەپ نام قويدى، قالغانلارنى دېھقانچىلىقنى قىلىشقا قايتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋ ساۋنىڭ نام - شۆھرىتى چىقىشقا باشلىدى. خۇش خەۋەر چاڭئەنگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن خان ساۋ ساۋنى كۈنچىقىش تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى.

ساۋ ساۋ يەنجۇدا دانىشمەنلەر، مەمۇرلار توپلاشقا كىرىشتى. بىر كۈنى تاغا ۋە جىيەن ئىككى كىشى ساۋ ساۋغا قوشۇلۇشقا كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى يىڭچۇەندىكى يىڭيىنلىك شۈن يۈي ئىدى، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋېن رۇ بولۇپ، شۈن گوننىڭ ئوغلى ئىدى؛ ئۇ بۇرۇن يۈەن شاۋنىڭ خىزمىتىگە كەلگەنىدى؛ ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇشال بولۇپ:

— بۇ مېنىڭ جاڭ لياڭىمدۇر*، — دېدى ۋە ئۇنى شۇئان يۈرۈشتىكى لەشكەرلەرنىڭ چاۋۇشبەگلىكىگە تەيىنلىدى. يەنە بىرى شۈن يۈينىڭ جىيەنى شۈن يۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى گۇڭدا ئىدى، ئۇ ئەلنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن ئىدى. ئۆتمۈشتە ھەرەمدىكى يانداش ئامبال مەنسىپىدە بولغان، كېيىن مەنسەپتىن ۋاز كېچىپ ئۆز يۇرتىغا قايتقانىدى. ئەمدى تاغىسى بىلەن بىرلىكتە ساۋ ساۋ يېنىغا پاناھلاپ كەلدى. ساۋ ساۋ ئۇنى سەپەر لەشكەرلىرى مۇدەررىسى قىلىپ بەلگىلىدى.

---

* جاڭ لياڭ — خەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، — دېدى شۆن يۈي، — يەنجۇدا بىر دانىشمەن بار ئىمىش، بىلمەيمەن، بۈگۈن بۇ زات نەدىكىن؟

— كىم؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— دۇڭجۇندىكى دۇڭئالىق، ئۇنىڭ ئىسىم - زاتى چېڭ يۈي، يەنە بىر ئىسمى جۇڭ دې ئىدى، — دېدى شۆن يۈي.

— بۇ كىشىنىڭ نامىنى مەنمۇ ئۇزۇندىن ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە شۇئان يېزىلارغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇ زاتنى ئىزدەتتى. چېڭ يۈينىڭ بىر تاغدا ئوقۇش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خەۋىرىنى ئالدى. ساۋ ساۋ ئۇنى چىللىتىپ كەلدى. چېڭ يۈي كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. چېڭ يۈي شۆن يۈيگە:

— كەمىنىلىرى بىر چالا ساۋات ناتىۋان ئادەممەن، جانابلىرىنىڭ كۆرسىتىشىگە لايىق ئادەم ئەمەس ئىدىم. ئۆزلىرىنىڭ يۇرتداشلىرىدىن بولغان گو جيا، يەنە بىر ئىسمى فېڭ شياۋ زامانىمىزنىڭ ئاقىل دانىشمەندۇر. نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىنى تەكلىپ قىلمايمىز؟ — دېدى.

— بۇنى دېمىگەن بولسىلا ئېسىمگە ئالالماسكەنمەن، — دېدى شۆن يۈي ۋە ئەلنىڭ ئىشلىرى ھەققىدە بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ساۋ ساۋغا دەپ گو جيانى يەنجۇغا چاقىرتىپ كەلدى. گوجيا گۇاڭ ۋۇ خانىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان، خۇەينەندىكى چېڭدېلىق، ئىسمى ليۇ يې، يەنە بىر ئىسمى زى ياڭ دېگەن زاتنى تونۇشتۇردى. ساۋ ساۋ ليۇ يېنى چىللاپ كەلدى. ليۇ يې يەنە ئىككى كىشىنى تونۇشتۇردى. بۇلارنىڭ بىرى شياڭياڭدىكى چاڭپىڭلىق مەن چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى بو نىڭ ئىدى؛ ئىككىنچىسى ۋۇچېڭلىق لۈي چەن بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى زى كې ئىدى. بۇ ئىككى زاتنىڭ نام - شۆھرىتىنى ساۋ ساۋ بۇرۇنمۇ ئاڭلىغانىدى. بۇلارنىمۇ چىللاپ كېلىپ قوشۇن ئىچىدە خىزمەتكە بەلگىلىدى. مەن چوڭ بىلەن لۈي چەن

ئىككىيلەن بىر كىشىنى تونۇشتۇردى، بۇ زات چېنىليۇدىكى پىڭچيۇلىق ماۋ جې بولۇپ، يەنە بىر ئىسمى شياۋ شيەن ئىدى. ساۋ ساۋ بۇ كىشىنىمۇ ئۆز ئىشىغا تەكلىپ قىلدى.

يەنە بىر پالۋان بىرنەچچە يۈز ئادەملىرى بىلەن كېلىپ ساۋ ساۋغا قوشۇلدى. بۇ ئەزىمەت تەيشەندىكى جۈپىڭلىق يۈي جىن بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋېن زې ئىدى. ساۋ ساۋ بۇ ئادەمنىڭ كاماندار، چەۋەندازلىق ماھارىتى ۋە جەڭ ماھارىتىنىڭ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنى لەشكەر چاۋۇشبېگى قىلىپ بەلگىلىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شيا خۇدۇن بىر پالۋاننى باشلاپ كىردى.

— بۇ كىم؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— بۇ ئادەم چېنىليۇلىق، ئىسىم - زاتى ديەن ۋېي بولىدۇ، باتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق، ئەسلىدە جياڭ مياۋنىڭ قارىمىقىدا ئىشلىگەنىكەن. بارگاھتىكىلەر بىلەن چىقىشالمىغانلىقتىن بىرنەچچە ئون كىشىنى ئۆلتۈرۈپ تاغقا قېچىپ چىقىۋالغانىكەن. مەن ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپ، تاغ ئارىسىدا ديەن ۋېينىڭ غارمۇغار كېزىپ يولۋاس قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلىرىم ئىچىگە قوشۇۋالدىم. بۈگۈن ئۇنى جانابلىرىغا ئالاھىدە تونۇشتۇرغىلى ئېلىپ كەلدىم، — دېدى شيا خۇدۇن.

— مېنىڭ قارىشىمدىمۇ بۇ ئادەم قاۋۇل باتۇردەك كۆرۈنىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ديەن ۋېي دوستلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن دەپ ئادەم ئۆلتۈرۈپتۇ، ئاندىن ئۆلتۈرگەن ئادىمىنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاۋات بازاردىن ئۆتۈپتۇ، بىرنەچچە يۈز ئادەم بۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەپتۇ، ئۇ ھازىر 80 جىڭ كېلىدىغان قوش يالماننى ئات ئۈستىدە جەۋلانغا كەلتۈرەلەيدۇ، — دېدى شيا خۇدۇن.

ساۋ ساۋ ديەن ۋېينى بۇ ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ديەن ۋېي يالمان بىلەن ئاتقا مىنىپ، ئۇياقتىن -

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇياقىقا ئات ئويىنىتىپ چەۋەندازلىق كۆرسەتتى. دەل بۇ ۋاقىتتا، بوران چىقىپ كېتىپ بارگاھ ئالدىدىكى پەركانە ئالەم يىقىلىپ چۇشۇشكە تاس ـ ماس قالدى، لەشكەرلەر يۆلەۋالدى، لېكىن ئاخىر توختىتالماي قالدى. دېمەن ۋېي ئېتىدىن چۈشۈپ لەشكەرلەرنى داجىتتۇۋېتىپ، بىر قولى بىلەنلا پەركانە ئالەمنى تىك تۇرغۇزۇپ قويدى، ساۋ ساۋ بۇنى كۆرۈپ:

— بۇ ۋۇ لەي* ئىكەن! — دېدى ۋە بارگاھ قوشۇنىنىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى ھەمدە ئۇنىڭغا كىمخاب تون، ئۇچقۇر ئات، نەقىشلىك ئېگەر ئىنئام قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ ساۋ ساۋنىڭ قول ئاستىدا قەلەم جەھەتتىمۇ، ئەلەم جەھەتتىمۇ يېتىشكەن سەركەردىلىرى بار بولدى، بۇنىڭ بىلەن شەندۇڭدا داڭق چىقىرىپ ھۆكۈم سۈردى. ساۋ ساۋ تەيشەن ئايمىقىنىڭ ھاكىمى يىڭ شاۋنى لاڭيا ئايمىقىغا بېرىپ ساۋ سۇڭنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ساۋ ساۋنىڭ ئاتىسى ساۋ سۇڭ چېنلىيۇغا پاناھلاپ بارغاندىن كېيىن لاڭيادا يۇقىرا بولۇپ ياشىغانىدى؛ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان كۈنى ئىنىسى ساۋ دې بىلەن ئائىلىسىدىكى چوڭ ـ كىچىك 40 تىن ئارتۇق كىشى، 100 دىن ئارتۇق خىزمەتكارنى ئېلىپ، بىر يۈزچە ھارۋا بىلەن يەنجۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار شۈيجۇ ئارقىلىق ماڭغانىدى. شۈيجۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى تاۋ چيەن، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ زۇ ئوچۇق چىراي، دىلكەش ئادەم ئىدى. ئۇ ساۋ ساۋ بىلەن دوستلىشىشنى خالاپ يۈرگەن بولسىمۇ، ھېچبىر ئېپىنى تاپالماي يۈرەتتى؛ ساۋ ساۋنىڭ ئاتىسىنىڭ شۈيجۇدىن ئۆتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۆز ئايمىقى تەۋەسىنىڭ سىرتىغىچە بېرىپ ئالدىغا چىقتى، ئۇنىڭغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، كاتتا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ، ئىككى كۈن مېھماندوستلۇق قىلدى. ساۋ سۇڭ ماڭماقچى بولغىنىدا، تاۋ چيەن ئۆزى شەھەر

---

* ۋۇ لەي — شاڭ سۇلالىسىدىكى بىر باتۇر ۋەزىرنىڭ ئىسمى.

تېشىغىچە ئۇزاتتى ۋە قوشۇن ئەمىرى جاڭ كەيىنى 500 لەشكەر بىلەن ئۇنى قورۇغداپ ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلىدى. ساۋ سۇڭ بالا - چاقىلىرى بىلەن خۇا ۋە فېي دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىغا يېتىپ كەلدى، بۇ چاغ ياز ئاخىرلىشىپ، كۈز باشلانغان چاغ ئىدى، قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ بىر كونا بۇتخانىدا قونۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇتخانا راھىبى يولۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. ساۋ سۇڭ چوڭ - كىچىك ھەممىنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە جاڭ كەيىنى لەشكەرلىرى بىلەن ئايۋاننىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى. لەشكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەك، يۇك - تاقلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن خورسىنىشىپ زارلاندى. جاڭ كەي قول ئاستىدىكى بىرمۇنچە باشلىقلارنى پىنھان يەرگە چاقىرىۋېلىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى، جاڭ كەي:

— بىز ئەسلىدە سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى ئىدۇق، ئىلاجسىز تاۋ چيەنگە ئەل بولغان، ئەمما ياخشىلىق كۆرمىدۇق. بۇگۈن ساۋ سۇڭنىڭ ۋەج - دۇنيا قاچىلىغان ھارۋىلىرى ناھايىتى كۆپ كەلدى، سىلەر خالىساڭلار بۇ مال - مۇلۇككە تېگىشىۋېلىشنىڭ ئوبدان پەيتى، پەقەت بۇگۈن كېچە ئېغىر يانقۇ مەھەلدە ھەممەيلەن بىرلىكتە ساۋ سۇڭنى بالا - چاقىلىرى بىلەن قىرىپ تاشلايمىز - دە، مال - مۇلۇكلىرىنى ئېلىپ، تاغقا چىقىپ غەليان قىلىمىز، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى.

ھەممەيلەن ماقۇل بولدى. كېچىلەپ توختىماي شامال چىقىپ، يامغۇر ياغدى، ساۋ سۇڭ ئۇخلىماي تىنك ئولتۇراتتى. توساتتىن تۆت تەرەپتىن سۈرەن - چۇقان چىقىپ كەتتى. ساۋ دې ئىككى بىسلىق قىلىچىنى سۇغۇرۇۋېلىپ تالاغا چىقىپ قارىۋىدى، دەرھال ئۆلتۈرۈپ تاشلاندى. ساۋ سۇڭ ئۆزىنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ئېلىپ خانە كالان ھوجرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تامدىن ئارتىلىپ قاچماقچى بولدى، كىچىك خوتۇنى سىمىز بولغانلىقتىن تامدىن چىقالمىدى، ئاخىر ئالدىراپ ـ تەمتىرەپ خوتۇنى بىلەن تەرەتخانىغا مۆكۈۋالدى، پاتىپاراقچىلىقتا تەرەتخانىدا ئۆلتۈرۈلدى. يىن شاۋ جىنىنى ئاران ئېلىپ چىقىپ، يۈەن شاۋنىڭ يېنىغا بېرىپ پاناھلاندى. جاڭ كەي ساۋ سۇڭ جەمەتىنى پاك ـ پاكىز قىرىپ تاشلاپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋالدى، ئاندىن بۇتخانىغا ئوت قويۇپ 500 ئادىمى بىلەن خۇەينەنگە قېچىپ كەتتى. بۇ ھەقتە كېيىن ئەل ئارىسىدا مۇنۇ نەزمە تارالغانىدى:

*ماختىدى ساۋ ساۋ مۇناپىق ئۆزىنى ئەل ئىچىدە،*
*قىردى لۈي باۋشى جەمەتىن قويمىدى يۇرت ئىلكىدە.*
*قەتلىئام قىرغىن قىلىندى ساۋ جەمەتمۇ بۈگۈن،*
*كىمگە كىم قىلسا يامانلىق يانغۇسى ئۆز باشىغە.*

يىن شاۋ لەشكەرلىرىدىن ئۆز جىنىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېچىپ چىقالىغانلىرى ساۋ ساۋ ئالدىغا بېرىپ ۋەقەنى مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىغلاپ يەرگە يىقىلدى. كۆپچىلىك ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ساۋ ساۋ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ:

— تاۋ چيەن لەشكەر چىقىرىپ ئاتامنى ئۆلتۈردى، ئۇنى يوقاتمىسام، بۇ جاھاندا مەن يوقىلاي، بۈگۈن مەن چوڭ قوشۇن تارتىپ، شۈيجۇدا قەتلىئام يۈرگۈزمىسەم چوقۇم ئۆچۈم چىقمايدۇ! — دېدى ـ دە، شۇن يۈي، چېڭ يۈيلەرنى 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن جۈەنچېڭ، فەنشيەن، دۇڭئالارنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، قالغان بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن شۈيجۇغا چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلدى. شيا خۇدۇن، يۈي جىن، ديەن ۋېيلار ئۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ ماڭدى. ساۋ ساۋ شۈيجۇ شەھىرىنى ئالغان ھامان ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ، ئاتا

قىساسىنى ئېلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. جيۇجياڭ ئايمىقىنىڭ هاكىمى بيەن راڭنىڭ تاۋ چيەن بىلەن دوستلۇقى قېلىن بولغاچقا، شۈيجۈغا ئاپەت يۈزلەنگەنلىكىنى ئاڭلاپ، 5000 لەشكەر بىلەن ئۆزلۈكىدىن ھەمدەملىشىشكە كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ، شيا خۇدۇننى يولدا توسۇۋېلىپ قىرغىن قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇ كۈنلەردە چېڭ گۇڭ دۈڭجۈن ئايمىقىدا خىزمەتتە ئىدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ ئاتا قىساسى ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ ئاھالىنى قەتلىئام قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈش مەقسىتىدە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ كەلدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ تاۋ چيەن ئۈچۈن ۋاستىچىلىك قىلىشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆرۈشكۈسى كەلمىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قىلغان ئىلتىپاتى ئالدىدا ئۆيلىنىپ ئاقىۋەت ئۇنى بارگاھىدا قوبۇل قىلدى. چېڭ گۇڭ:

— جانابلىرىنىڭ شۈيجۈغا چوڭ قوشۇن تارتىپ كەلگەنلىكلىرىنى، مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ قىساسى ئۈچۈن قەدەملىرى يەتكەن جايدا بىگۇناھ ئاھالە ئۈستىدە قىرغىن قىلماق بولغانلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز تەكلىپىمنى بېرىشكە ئالاھىدە ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم. تاۋ چيەن ئۆزى ۋاپادار، ئالىيجاناب بىر ئادەم، ئۇنداق مەنپەئەت ئۈچۈن ئىمانىنى ساتىدىغانلاردىن ئەمەس. مەرھۇم ئاتىلىرىنىڭ قازا - ھادىسىگە ئۇچرىشى جاڭ كەينىڭ جىنايىتى بولۇپ، تاۋ چيەن ئەيىبلىك ئەمەس. بولۇپمۇ ئايماق، ناھىيىلىرىنىڭ ئاھالىسىدە جانابلىرىنىڭ نېمە قىساسى بار ئىدى؟ بىھۇدە قان تۆكۈش ياخشى ئەمەس. ئوبدان مۇھاكىمە قىلىپ ئاندىن بىر ئىش قىلسىلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— جانابلىرى ئۆز ۋاقتىدا مېنى تاشلاپ كەتكەنىدىلە، — دېدى ساۋ ساۋ كونا خاماننى سورۇپ، — بۈگۈن قايسى يۈزلىرى بىلەن مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدىلە؟ تاۋ چيەن مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنى قىرىپ تاشلىدى، مەن ئۇنىڭ جىگىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يۈلۈۋېلىپ، يۈرىكىنى يېرىپ قىساس ئېلىشقا ئانت ئىچكەنمەن! جانابلىرى تاۋ چيەن ئۇچۇن ۋاستىچىلىك قىلغىلى كېلىپتىلا، بولدى قىلسىلا، مەن سىلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغان بولاي!
چېڭ گۇڭ خەيرلىشىپ چىقىپ، ئاھ ئۇرۇپ: «مەن تاۋ چيەن ئالدىغا قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن!» دېدى ـ دە، چېڭلىيۇ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ مياۋنى پاناھ تارتىپ چېڭلىيۇغا كېتىپ قالدى.
ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى قەدىمى يەتكەنلا جايدا ئاھالىنى قەتلىئام قىلىپ، قەبرىستانلىقنى ئېچىپ تاشلىدى. تاۋ چيەن شۈيجۇدا تۇرۇپ، ساۋنىڭ لەشكەر تارتىپ ئىنتىقام ئالىمەن دەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاھالىنى قەتلىئام قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىدى، ئۇ كۆككە قاراپ يىغلاپ: «تەڭرى ماڭا جازا ئاتا قىلغانلىقىدىن شۈيجۇ ئاھالىسى بۇ چوڭ بالا ـ قازاغا يولۇقتى» دەپ پەرياد چەكتى ۋە بەگ ـ سىپاھلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. ساۋ باۋ:
— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى، قىمىر قىلماستىن ئۆلۈمنى كۈتەتتۇقمۇ! مەن ياۋنى يوقىتىشقا جانابلىرىغا ھەمدەمدە بولىمەن، — دېدى.
تاۋ چيەن نائىلاج ياۋ ئالدىغا لەشكەر باشلاپ چىقتى ۋە يىراقتىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەتراپىنى ساي تېشىدەك قاپلاپ كەتكەنلىكىنى، بارگاھ قوشۇنىدا يوغان قىلىپ «قىساس ئۇچۇن!» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان ئىككى دانە ئاق تۇغنىڭ قاداقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى. لەشكەرلەر سەپ رۇسلاپ بولغاندىن كېيىن، ماتەم كىيىمى كىيگەن ساۋ ساۋ ئاتلىق ھالدا سەپ ئالدىغا كېلىپ، قامچىسى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تىل قويدى. تاۋ چيەنمۇ ئاتلىق نىشان تۇغ ئاستىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە:
— كەمىنىلىرى ئۆزلىرى بىلەن دوست بولۇشنى ئارزۇ

قىلىپ، ئۆزىنىپ بىرىش ئىشىنى جاڭ كەيگە ھاۋالە قىلغان، كىم بىلسۇن بۇ بەدرەك بۇزۇق نىيىتىدىن يانماي بۇ بالانى تېرىپ قويدى. مېنىڭ بۇ ئىشقا ئەسلا داخىلەتچىلىكىم يوق. جانابلىرىنىڭ بۇ ھەقتە تەكشۈرۈپ كۆرۈشلىرىنى سورايمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلدى.

— ھەي! قېرى ئەبلەخ! — دېدى ساۋ ساۋ ئاغزىنى بۇزۇپ، — ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ يەنە نېمە بىلجىرلايسەن؟ ھەي، كىم بۇ قېرى ئوغرىنى تۇتۇپ كېلىدۇ؟

شيا خۇدۇن باش ئۇستىگە دەپ ئالدىغا چىقتى. تاۋ چيەن شۇ ھامان سەپ ئىچىگە كىرىۋالدى. شيا خۇدۇن قوغلاپ كەلدى، ساۋ باۋ نەيزىسىنى ئېلىپ ئات ئويىنىتىپ جەڭگە چىقتى. ئىككىسى ئەمدىلا ئېلىشىۋىدى، بىردىنلا قاتتىق بوران چىقىپ كېتىپ، قۇم ـ تاشلارنى ئۇچۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى پاتىپاراقچىلىقتا قېلىپ ئۆز لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇۋالدى.

تاۋ چيەن شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنى يىغىپ:

— ساۋ ساۋ قوشۇنى قۇدرەتلىك، ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشىمىز تەس، شۇڭلاشقا مەن ئۆز ـ ئۆزۈمنى باغلاپ باراي، مەيلى مېنى ئۆلتۈرسۇن، مەيلى تىلىپ قىيما ـ چىيما قىلسۇن، شۇ يول بىلەن شۈيجۇ ئاھالىسى ئۆلۈمدىن قۇتۇلسۇن! — دېدى.

بۇنىڭ سۆزى تۈگە ـ تۈگىمەيلا بىر ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— جانابلىرى شۈيجۇنى ئۇزۇن تۇتۇپ كەلدىلە، ئاھالە سىلىدىن مەمنۇن ۋە مىننەتدار. بۈگۈن ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، شەھىرىمىزنى دەرھال ئالالمايدۇ. جانابلىرى خەلق بىلەن شەھەر تېشىغا چىقماستىن شەھەرنى مۇستەھكەم مۇداپىئە قىلىۋەرسىلە؛ مەن گەرچە بىر لاياقەت ئەھلى بولمىساممۇ، كىچىككىنە بىر پەنت بىلەن ساۋ ساۋنى ئۆلسە

جەستىنى كۆمۈشكە يەر تاپالمىغۇدەك قىلىپ تاشلايمەن! — دېدى.

بۇ سۆزگە ھەممەيلەن ھەيران بولدى ۋە بۇ پەنتنى سورىدى. دەرھەقىقەت:

*دوستنى دەپ قىلغان بۇ ئىش ئۆچلۈككە ئايلاندى تېخى،*
*خەۋپ ئارا قالغاندا جان چىقتى ھاياتلىقنىڭ يولى.*

بۇ كىشىنىڭ زادى كىملىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون بىرىنچى باب

## خان تاغىسى لىيۇ بېيىنىڭ بېيخەيگە بېرىپ كۇڭ رۇڭنى قۇتۇلدۇرغانلىقى
## لۈي بۇنىڭ پۇياڭدا ساۋ ساۋنى تىرىپىرەن قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، پەنت كۆرسەتكۈچى دۇڭخەيدىكى چۈشيەنلىك مى جۇ، يەنە بىر ئىسمى زى جۇڭ دېگەن كىشى ئىدى. بۇ ئادەم هاللىق ۋە ئالىيجاناب بىر ئائىلىدە تۇغۇلغانىدى، ھەمىشە دېگۇدەك لوياڭغا قاتناپ تىجارەت قىلاتتى. بىر قېتىم ئۇ لوياڭدىن ھارۋىلىق قايتىۋاتقان ۋاقتىدا، يولدا بىر ساھىبجامال ئايال ئۇچراپ، ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈندى، مى جۇ دەرھال ھارۋىدىن چۈشۈپ ئايالنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى پىيادە ماڭدى، ئايال مى جۇنى ھارۋىغا چىقىۋالسىلا دېدى، مى جۇ ھارۋىغا چىقىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇرۇپ، زادىلا يامان نىيەتتە بولمىدى. بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئايال خەيرلەشمەك بولدى، ئايرىلىش ئالدىدا مى جۇغا قاراپ:

— مەن تۆۋەن تەرەپ ئوت يۇلتۇزى بولىمەن، تەڭرىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزنى كۆيدۈرگىلى كېتىۋاتاتتىم، ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىڭىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن، سىزدىن بۇنى يوشۇرماي ئېيتتىم، تېز قايتىپ مال ـ مۈلكىڭىزنى كۆچۈرۈپ ئالغايسىز، مەن بۈگۈن كېچە بارىمەن، — دېدى ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دە، سۆزنى تۈگىتىپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

مى جۇ ھەيران - سېپىران بولدى ۋە ئۈچقاندەك ئۆيىگە قايتىپ، ئۆيىدىكى نەرسىلەرنىڭ بارىنى ئالدىراپ - تېنەپ توشۇۋالدى. دېگەندەك شۇ كېچىسى ئاشخانىسىدىن ئوت تۇتىشىپ، ئۆيلىرى تامامەن كۆيۈپ كەتتى، شۇنىڭدىن باشلاپ مى جۇ خەير - ساخاۋەت ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، مال - مۈلكىنى كەمبەغەل ئاجىزلارغا سەدىقە قىلىپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقتىن قۇتقۇزدى. كېيىن تاۋ چيەننىڭ تەكلىپى بىلەن ياردەمچى ئايماقبېگى بولۇپ ئىشلىدى. ئەنە شۇ كۈنى ئۇ پەنت كۆرسىتىپ:

— مەن بېيىخەي ئايمىقىغا بېرىپ، كۆك رۇڭدىن لەشكەر تارتىپ بېرىشنى سوراي؛ يەنە بىر كىشى چىڭجۇ ئايمىقىغا بېرىپ، تيەن كەيدىن ياردەم سورىسۇن، ئەگەر بۇ ئىككى تەرەپتىن تەڭلا لەشكەر كېلىدىغان بولسا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى چوقۇم چېكىندۈرىدۇ، — دېدى مى جۇ.

تاۋ چيەن بۇنى ماقۇل كۆردى ۋە ئىككى پارچە خەت يېزىپ، بارگاھىدىكىلەردىن كىم چىڭجۇ ئايمىقىدىكىلەردىن ياردەم سوراش ئۈچۈن بارالايدۇ، دەپ سورىدى. «مەن باراي» دەپ دەرھال جاۋاب قايتۇردى بىرەيلەن. كۆپچىلىك بۇرۇلۇپ قارىسا، بۇ گۇۋاڭلىڭلىق چېڭ دېڭ، يەنە بىر ئىسمى يۈەن لۇڭ دېگەن كىشى ئىكەن. تاۋ چيەن ئالدى بىلەن چېڭ دېڭنى چىڭجۇ ئايمىقىغا ماڭدۇرۇپ، ئاندىن كېيىن مى جۇنى خەت بىلەن بېيىخەيگە ماڭدۇردى، ئۆزى ئاھالىگە باشچىلىق قىلىپ، شەھەرنى ساقلاشقا قېپقالدى.

ئەمدى سۆزنى بېيىخەيدىن ئاڭلاڭ. كۆك رۇڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى ۋەن جۇ ئىدى، ئۇ لۇ بەگلىكى قارىمىقىدىكى چۈيفۇ دېگەن يەردىن ئىدى؛ كۆڭزىنىڭ 20 - ئەۋلادى، تەيشەن قوشۇن ئەمىرى كۆڭ جۇنىڭ ئوغلى ۋەن جۇ گۆدەكلىكىدىن تارتىپ ئەقىللىق ئىدى، ئون ياش ۋاقتىدا، خېنەن ھاكىمى لى يىڭنى

زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بارغىنىدا، ئۇنى ئىشكباقار توسۇۋالدى، كۆك رۇڭ:

— مەن لى يىڭ بېگىمنىڭ كونا قەدىناسلىرى جەمەتىدىن بولىمەن، — دەپ كىرىپ كېتىۋەردى ۋە ھاكىم بىلەن كۆرۈشتى. لى يىڭ:

— سېنىڭ بوۋاڭ بىلەن مېنىڭ بوۋامنىڭ قانداق تۇغقانچىلىقى بار؟ — دەپ سورىدى.

— ئۆتمۈشتە كۇڭزى لاۋزىدىن ئەدەپ - ئەخلاق سورار ئىكەن، شۇنداق بولغاندىكىن مېنىڭ ئائىلەم بىلەن سىلىنىڭ ئائىلىلىرى ئەجدادلىرىمىزدىن بېرى قەدىناس بولۇپ ئۆتكەن بولمامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى كۆك رۇڭ.

لى يىڭ ھەيران بولۇپ بالىغا ئاپىرىن ئوقۇدى. بىر پەستىن كېيىن، كېڭەشبېگى چېن ۋېي كىرىپ كەلدى، لى يىڭ بالىنى چېن ۋېيغا كۆرسىتىپ:

— بۇ ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ئوغلان ئىكەن، — دېدى.

— كىچىك ۋاقتىدا ئەقىللىق بولغانلارنىڭ چوڭ بولغاندا ئەقىللىق بولۇشى ناتايىن، — دەپ جاۋاب بەردى چېن ۋېي.

— جانابلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، — دېدى كۆك رۇڭ شۇئان، — گۆدەك ۋاقىتلىرىدا ئەقىللىق بولغانىكەنلىدە!

چېن ۋېيلار كۈلۈشۈپ:

— بۇ بالا چوڭ بولغىنىدا، دەۋرنىڭ بۈيۈك سىمالىرىدىن بولغۇسى، — دېيىشتى.

شۇنىڭ بىلەن كۆك رۇڭنىڭ داڭقى چىقىپ كەتتى. كېيىن كەپتاۋۇل بولدى، ئاخىر بېيخەيگە ھاكىم بولدى. ئۇ ئىنتايىن مېھماندوست ئىدى، ھەمىشە: «داستىخىنىمدا مېھمانلىرىمنىڭ ئۈزۈلمەسلىكى، قەدەھلىرىمنىڭ بوش تۇرماسلىقى — مېنىڭ ئارزۇيۇمدۇر» دەيتتى. ئۇ بېيخەيدىكى ئالتە يىللىق خىزمىتى جەريانىدا، خەلقنىڭ ھىمايىسىگە نائىل بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇ ھېلىقى كۈنى دەل مېھمانلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقان ۋاقتىدا، بىرەيلەن: «شۈيجۈدىن مى جۇ دېگەن كىشى كەلدى» دەپ خەۋەر قىلدى. كۈك رۇك كەلگۈچىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. مى جۇ تاۋ چيەننىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى ۋە:

— ساۋ ساۋ شەھىرىمىزگە ناھايىتى جىددىي تېگىش قىلىۋاتىدۇ، جانابلىرىدىن ھەمدەملىك سوراپ كەلدىم، — دېدى.

— تاۋ چيەن بىلەن قېلىن دوستلۇقىمىز بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە جانابىڭىز ئاتايىن كېلىپسىز، بارماي بولامدۇ؟! بىراق، ساۋ ساۋ بىلەن ئارىمىزدا ھېچبىر ئاداۋەت يوق ئىدى، ئالدى بىلەن خەت ئەۋەتىپ مۇرەسسە قىلىپ كۆرەيلى، ئەگەر ئۇنىمىسا، ئاندىن لەشكەر تارتىپ چىقايلى، — دېدى كۈك رۇك.

— ساۋ ساۋ ھازىر لەشكىرىنىڭ ھەيۋىسىگە يۆلىنىپ، مۇرەسسەگە ئەسلا ئۇنىمايدۇ، — دېدى مى جۇ.

كۈك رۇك بىر تەرەپتىن لەشكەرلىرىنى تەخمۇتەخ قىلدى، يەنە بىر تەرەپتىن ساۋ ساۋغا خەت ئەۋەتىشنى بۇيرۇدى. كېچەش ئۈستىدىكى ۋاقتىدا، تۇشتۇمتۇتلا سىرىق ياغلىقلىقلارنىڭ شېرىكلىرىدىن گوەن خەي باشچىلىقىدا بىرنەچچە تۈمەن قاراقچىنىڭ قىرغىن قىلىپ كەلگەن خەۋىرى كېلىپ قالدى. كۈك رۇك چۆچۈپ كېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ قوشۇنىنى ئىسىتلىدى، ئاندىن قاراقچىلار بىلەن تۇتۇشۇش ئۈچۈن شەھەردىن چىقتى، گوەن خەي ئاتلىق ئالدىغا چىقىپ:

— بېيخەيدە ئاشلىق كۆپ، بۇ ماڭا مەلۇم، 1 تۈمەن دەن ئاشلىق قەرز سوراپ كەلدىم، ئاشلىق بېرىلىدىكەن، لەشكەرلىرىمنى ھازىرلا قايتۇرىمەن، ئەگەر بېرىلمەيدىكەن، شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، ئادەمزات ئۇرۇقىنى قويماي قۇرۇتىمەن! — دېدى.

— مەن، — دېدى كۈك رۇك گۈركىرەپ، — بۈيۈك خەن

خاندانلىقىنىڭ بەگ ـ سىپاھىمەن، بۈيۈك خەن خاندانلىقىنىڭ زېمىنىنى ساقلاۋاتىمەن، قاراقچىغا ئاشلىق بەردى دېگەن نەدە بار!

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەھر ـ غەزەپكە كەلگەن گۇەن خەي ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچىنى ئوينىتىپ، توپتوغرا كۇڭ رۇڭغا ئېتىلدى. كۇڭ رۇڭنىڭ باتۇرى زۇڭ باۋ نەيزىسىنى ئېلىپ جەڭگە چىقتى؛ بىر نەچچە قەپەس ئېلىشا ـ ئېلىشمايلا، گۇەن خەي زۇڭ باۋنى بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئاتتىن يىقىتتى. كۇڭ رۇڭنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. گۇەن خەي لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، تۆت تەرەپتىن شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى، بۇنىڭغا كۇڭ رۇڭنىڭ دىلى غەش بولدى. مى جۇ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز غەمگە پاتتى.

ئەتىسى كۇڭ رۇڭ سېپىل ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالدى، ئۇ قاراقچىلار كۆچىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، غەم ـ قايغۇسى تېخىمۇ ئاشتى. شۇ ئەسنادا توساتتىن بىرەيلەننىڭ نەيزە تۇتۇپ ئات چاپتۇرغىنىچە قاراقچىلار سېپىگە كىرگەنلىكى كۆرۈندى، ئۇ ئوڭ ـ سول ھەريانغا توسقۇنسىز نەيزە ئۇرۇپ، توپتوغرا شەھەر قوۋۇقىغا كەلدى ـ دە:

— قوۋۇقنى ئېچىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

كۇڭ رۇڭ بۇ كىشىنى تونۇمىغانلىقى ئۈچۈن قوۋۇقنى ئېچىشقا پېتىنالمىدى. قاراقچىلار خەندەك تۈۋىگە قوغلاپ كەلدى، ھېلىقى ئادەم ئارقىغا ئۆرۈلۈپلا، ئون نەچچە قاراقچىنى نەيزىلەپ ئاتتىن غۇلاتتى. قالغانلىرى كەينىگە ياندى. بۇ ھالنى كۆرگەن كۇڭ رۇڭ دەرھال قوۋۇقنى ئېچىپ ئۇنى باشلاپ كىرىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇ كىشى شەھەرگە كىرگىنىدىن كېيىن، ئاتتىن چۈشۈپ نەيزىسىنى تاشلىدى ۋە توپتوغرا سېپىلغا چىقتى ـ دە، تەزىم قىلغان ھالدا كۇڭ رۇڭ بىلەن كۆرۈشتى. كۇڭ رۇڭ ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى سورىدى.

— مەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم، — دۇڭلەي قارىمىقىدىكى

www.uyghurkitap.com

خۇاڭشيەن ناھىيىسىدىن بولىمەن، ئىسمىم ـ زاتىم تەي شىسى، يەنە بىر ئىسمىم زى يى. قىرى ئانامغا جانابلىرى ئىنتايىن چوڭ ئىلتىپات ۋە غەمخورلۇق قىپتىلا، كەمىنىلىرى تۇنۇگۇن لياۋدۇڭدىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى يوقلاپ كېلىۋېدىم، ئانام قاراقچىلارنىڭ شەھەرنى قورشىۋالغانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇ ماڭا: «ھاكىم جانابلىرىنىڭ زور ئىلتىپات ۋە غەمخورلۇقلىرىغا مۇيەسسەر بولغانىدىم، ئەمدى سەن ھەمدەمگە بارغىن» دېدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈم يالغۇز كەلدىم.

كۇڭ رۇڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇرسەن بولدى. كۇڭ رۇڭ بۇرۇن تەي شىسى بىلەن يۈز كۆرۈشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باتۇر ئىكەنلىكىنى، يىراقتا ئىكەنلىكىنى، ئانىسىنىڭ شەھەردىن 20 يول يىراقلىقتا ياشايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا كۇڭ رۇڭ ھەمىشە دېگۈدەك ئوزۇق ـ تۈلۈك، رەخت ـ پىچەك بىلەن كىشى ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ تۇراتتى؛ موماي كۇڭ رۇڭدىن تولا مىننەتدار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغلى تەي شىسىنى ھەمدەمگە ئەۋەتكەنىدى. كۇڭ رۇڭ تەي شىسىنى ناھايىتى ئىززەتلەپ كۈتۈپ، كىيىم ـ ساۋۇت، ئېگەر، ئات تەقدىم قىلدى. تەي شىسى:

— خىللانغان 1000 لەشكەر بەرسىلە، سىپىل تېشىغا چىقىپ، قاراقچىلار بىلەن بىر ئېلىشاي، — دېدى.

— سىز باتۇر بولسىڭىزمۇ، ئەمما، قاراقچىلار سان جەھەتتە بەك كۆپ، يەڭگىللىك قىلىشقا بولماس، — دېدى كۇڭ رۇڭ.

— ئانام جانابلىرىنىڭ كۆرسەتكەن زور ئىلتىپاتلىرى ئۈچۈن، مېنى ئاتايىن ئەۋەتكەنىدى، ئەگەر شەھەرنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرالمىسام، قايسى يۈزۈم بىلەن ئانامنىڭ ئالدىغا بارىمەن، شۇڭلاشقا، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم، بىر تۇتۇشاي، — دېدى تەي شىسى.

— ئاڭلىشىمچە، — دېدى كۇڭ رۇڭ، — ليۇ بېي زاما-

نىمىزنىڭ قەھرىمانىمىش، ئەگەر ئۇ كىشىنى خالاسكارلىقتا تەكلىپ ئەتسەك، بۇ مۇھاسىرىدىن قۇتۇلغىلى بولاتتى؛ پەقەت ئەلچىلىككە ئادەم يوق تۇرۇپتۇ.

— جانابلىرى مەكتۇپ پۈتۈپ بەرسىلە، مەن دەررۇ باراي! — دېدى تەي شىسى.

كۇڭ رۇڭ خۇشال بولۇپ، مەكتۇپ پۈتۈپ تەي شىسىگە بەردى. تەي شىسى قۇياقلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، بېلىگە ئوقيا ئېسىپ، قولىغا نەيزە ئالدى، قورسىقىنى راسا تويغۇزۇپ، راۋرۇس جابدۇنغاندىن كېيىن قوۋۇقنى ئاچتۇرۇپ، يالغۇز ئۆزى ئوقتەك ئات سېلىپ چىقتى. ئۇ خەندەككە يېقىنلاشقاندا، قاراقچىلار سەركەردىسى لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. تەي شىسى بىرنەچچە قاراقچىغا ئارقا ـ ئارقىدىن نەيزە تىقىۋېتىپ، مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. گۇەن خەي شەھەردىن ئادەم چىققانلىقىنى بىلىپ، ھەمدەمگە چىققان بولۇشى كېرەك دەپ ئويلىدى ـ دە، شەخسەن ئۆزى بىرنەچچە يۈز ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ قوغلاپ كېلىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى. تەي شىسى نەيزىسىنى ئېلىپ قويۇپ، يانىڭ كىرىچىنى كېرىپ ھەر تەرەپكە ئوق ئاتقىلى تۇردى، ئاتقانلا ئوقى زايە كەتمەي قاراقچىلارنى ئاتتىن يىقىتىۋەردى، ئۇلار يەنە قوغلاۋېرىشكە پېتىنالمىدى.

تەي شىسى قۇتۇلغاندىن كېيىن، كېچىلەپ يول يۈرۈپ پىڭيۈەنگە كېلىپ، ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى. سالام ـ سەھەتتىن كېيىن، بېيخەيدىكى كۇڭ رۇڭنىڭ مۇھاسىرىدە قېلىپ ئۆزىنى ھەمدەملىك سوراپ ئەۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى ۋە مەكتۇپنى تاپشۇردى. ليۇ بېي مەكتۇپنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— جانابلىرى كىم بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى تەي شىسىدىن.

— پېقىر دۇڭخەيدىكى سەھرالىق بولىمەن، كۇڭ رۇڭ

www.uyghurkitap.com

بىلەن نە ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە نە بىر يۇرتلۇق ئەمەس، پەقەت مەردلىك، دوستلۇق يولىدا ئۇنىڭ غەم ـ غۇسسىسى ۋە دەرد ـ ئەلىمىنى بىللە تارتىشىش نىيىتىدىمەن، بۇگۈنكى كۈندە گۇەن خەي توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بېيخەينى مۇھاسىرە قىلىۋالدى، ئۇلار يېتىم قېلىپ دەردىنى ئېيتىدىغان يەر تاپالماي، ئىنتايىن خەۋپ ئاستىدا تۇرۇپتۇ. جانابلىرىنىڭ ھەققانىيەتپەرۋەر ئالىيجاناب زات ئىكەنلىكلىرىنى، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغانلىقلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پېقىرنى تەۋەككۇل قىلىپ مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقىپ ھەمدەملىك سوراشقا ئەۋەتتى، — دېدى تەي شىسى.

— بېيخەيدىكى كۆڭ رۇڭ ئەلدە لىيۇ بېينىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەن ـ دە! — دېدى لىيۇ بېي جىددىي تۈس ئېلىپ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ گۇەن يۈي، جاڭ فېي بىلەن بىللە خىللانغان 3000 لەشكەر تاللاپ بېيخەي ئايمىقىغا يول ئالدى. گۇەن خەي ھەمدەمگە كەلگەنلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، شەخسەن ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقتى؛ ئۇ لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ پىسەنت قىلمىدى. لىيۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېي، تەي شىسىلار ئاتلىق سەپ ئالدىدا تۇراتتى، گۇەن خەي ئاچچىقى بىلەن توپتوغرا مەيدانغا چىقتى، تەي شىسى ئالدىغا چىقىشقا تەمشەلگۈچە، گۇەن يۈي ئالدىغا ئۆتۈپ توپتوغرا گۇەن خەيگە ئات سالدى. ئىككى ئاتلىق ئېلىشىشقا باشلىدى، لەشكەرلەر سۈرەن ـ چۇقان سېلىشتى. گۇەن خەي نەدىمۇ گۇەن يۈينىڭ تەڭدىشى بولسۇن! بىرنەچچە ئون قەپەس ئېلىشىشىغىلا، قارا ئەجدىھا سۈرەتلىك ئۇزۇن قىلىچ كۆتۈرۈلدى ـ دە، گۇەن خەينى ئات ئاستىغا تىلىملاپ تاشلىدى. تەي شىسى بىلەن جاڭ فېي تەڭلا ئات سېلىپ چىقىپ، نەيزىلىرىنى ئوينىتىپ، قاراقچىلار سېپىگە يېرىپ كىردى، لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ سۈرۈپ ـ توقاي قىلدى. سېپىلدا

تۇرغان كۇڭ رۇڭ تەي شىسى، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ قاراقچىلارنى خۇددى قوي پادىسى ئىچىگە بۆسۈپ كىرگەن يولۋاستەك شىددەتلىك قىرغىن قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شەھەردىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقتى. ئىككىسى تەرەپلەپ قىلىنغان چاپ ـ چاپ ئاستىدا قاراقچىلار قاتتىق يېڭىلدى، ئەل بولغانلارنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق، قالغان ـ قاتقانلىرى پىتىراپ قېچىشتى.

كۇڭ رۇڭ لىيۇ بېينى شەھەرگە باشلاپ كىردى. تىنچلىق ـ ئامانلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، زەپەر قۇچقانلىقىنى قۇتلۇقلاپ، كاتتا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزدى، ئاندىن يەنە مى جۇنى باشلاپ كىرىپ، لىيۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە جاڭ كەيىنىڭ ساۋ سۇڭنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ:

— ھازىر ساۋ ساۋ لەشكەر تارتىپ كېلىپ، ھەدەپ ئەلنى تالان ـ تالاج قىلىش بىلەن شۈيجۇنى مۇھاسىرە قىلىۋاپتۇ، شۇڭلاشقا مېنى ھەمدەملىككە ئەۋەتتى، — دېدى.

— تاۋ چيەن رەھىمدىل ۋە ئالىيجاناب كىشى ئىدى، ھېچ ئويلانمىغان يەردىن مۇنداق بىر بالاغا يولۇقۇپتۇ، — دېدى لىيۇ بېي.

— جانابلىرى نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولىدىلا، بۈگۈنكى كۈندە ساۋ ساۋ ئەلگە زۇلۇم سېلىۋاتىدۇ، كۈچىگە يۆلىنىپ ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتىدۇ. مېنىڭ بىلەن بىرگە تاۋ چيەننى خالاس قىلىشقا بارمامدىلا؟ — دېدى كۇڭ رۇڭ.

— ياق دېيەلمەيمەن، بىراق، لەشكەرلىرىم ئاز، سەركەردىلىرىم كۆپ ئەمەس، يېنىكلىك قىلساق تەس كېلەرمىكىن، — دېدى لىيۇ بېي.

— مېنىڭ تاۋ چيەننى قۇتقۇزماقچى بولۇشۇم ھەم كونا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىردانلىق يۈزىسىدىن، ھەم ھەققانىيەت ئۈچۈندۇر. جانابلىرىدا ھەققانىيەتپەرۋەرلىك يوقمۇ؟ — دېدى كۆك رۇڭ.

— خوپ، ئىش مۇنداق بولسا، جانابلىرى ئالدىن مېڭىپ تۇرسىلا، مەن گۈگسۈن زەنىنىڭ قېشىغا باراي، ئۇنىڭدىن 4 — 5 مىڭ لەشكەر سورىۋېلىپ، ئارقىلىرىدىن يېتىپ بارىمەن، — دەپ ۋەدە بەردى لىيۇ بېي.

— جانابلىرىنىڭ ۋەدىسى يالغان بولۇپ قالمىسۇن! — دېدى كۆك رۇڭ.

— جانابلىرى پېقىر لىيۇ بېينى نېمە سانايدىلا؟ پەيغەمبەر: «ئەزەلدىن ھەممىگە ئۆلۈم بار، ۋەدىسىگە تۇرمىسا نىچۇك ئادەم بولار» دېگەن ئەمەسمىدى؟ مەن لەشكەر ئارىيەت ئالالاي ياكى ئالالماي، چوقۇم بارىمەن، ۋەدەم ۋەدە، — دېدى لىيۇ بېي.

كۆك رۇڭ ماقۇل كۆرۈپ، شۈيجۇغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن مى جۇنى يولغا سالدى، ئاندىن سەپەرگە تەييارلاندى. تەي شىسى تەشەككۈر بىلدۈرۈپ:

— كەمىنىلىرى ئانامنىڭ ئەمرى بىلەن ھەمدەمگە كېلىۋىدىم، بەخت يار بېرىپ غەمدىن قۇتۇلدۇق. ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لىيۇ ياۋ بىلەن يۇرتداش ئىدۇق، ئۇ چاقىرتىپ خەت ئەۋەتىپتۇ، ئۇنىڭغا بىر بارماي بولمايدۇ. خەير، نېسىپ بولسا يەنە كۆرۈشەرمىز، — دەپ كېتىشكە ئىجازەت سورىدى.

كۆك رۇڭ پۇل ـ مال سوۋغا قىلسا، تەي شىسى ئالغىلى ئۇنىماستىن كېتىپ قالدى. ئۇ قايتقاندىن كېيىن ئانىسى ئۇنى كۆرۈپ:

— بېيخەي ئايمىقىغا خىزمەت يەتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن سەندىن رازىمەن، ئوغلۇم! — دېدى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقىنى ئىزھار قىلىپ ۋە ئاندىن كېيىن تەي شىسىنى ياڭجۇغا يولغا سالدى.

كۆك رۇڭنىڭ لەشكەر تارتىپ ماڭغانلىقى مۇشۇ يەردە

تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى ليۇ بېيدىن ئاڭلايلى. ليۇ بېي بېيخەيدىن چىقىپ گۇڭسۇن زەن بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا شۈيجۇنى خالاس قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. گۇڭسۇن زەن:

— ساۋ ساۋ بىلەن جانابىڭىزنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بولمىسا، باشقىلار ئۈچۈن كۈچ چىقىرىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى.

— بېرىشقا ۋەدە بېرىپ قويدۇم، لەۋزىمدىن يانالمايمەن، — دېدى ليۇ بېي.

— ئۇنداق بولسا جانابىڭىزغا ئاتلىق ھەم پىيادە بولۇپ 2000 لەشكەر بېرەي! — دېدى گۇڭسۇن زەن.

— بۇ سەپەرگە جاۋ يۈننىڭ بىرگە بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ليۇ بېي.

گۇڭسۇن زەن ماقۇل بولدى. شۇنداق قىلىپ ليۇ بېي گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئۆزىنىڭ 3000 لەشكىرىنى ئېلىپ تۇرشاۋۇل قىسىم بولۇپ ماڭدى، جاۋ يۈن 2000 لەشكەر بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۈيجۇغا راۋان بولدى.

مى جۇ قايتىپ بېرىپ تاۋ چيەنگە بېيخەيدىكىلەرنىڭ ھەم كۇڭ رۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ليۇ بېينىڭ ھەمدەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى؛ چىڭجۇغا كەتكەن چېن يۈەنلۇڭمۇ قايتىپ كېلىپ تيەن كەينىڭ مەمنۇنىيەت بىلەن ھەمدەمگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى؛ شۇنىڭ بىلەن تاۋ چيەننىڭ كۆڭلى تىندى. كۇڭ رۇڭ بىلەن تيەن كەي قوشۇنلىرى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ، تاغ ئېتىكىگە كېلىپ قارارگاھ قۇردى، ئۇلار ئالدىراپ ئىلگىرىلەشكە پېتىنالمىغاندى. ساۋ ساۋمۇ ئىككى تەرەپلەپ قوشۇن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قوشۇننى بۆلۈپ شەھەرگە تېگىش قىلىشقا پېتىنالمىدى.

ليۇ بېي قوشۇنى يېتىپ كېلىپ كۇڭ رۇڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكىرى كۆپ ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە،

ساۋ ساۋ لەشكەر تارتىپ جەڭ قىلىشقا ماھىـــــر، شۇڭلاشقا يېڭىلىك بىلەن جەڭ قىلماي، ئەھۋالغا قاراپ ئاندىن تىگىش قىلارمىز دەپ تۇردۇق، — دېدى كۇڭ رۇڭ.

— شەھەردە ئوزۇق - تۈلۈك كەم بولۇپ قېلىپ، ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمەي قالارمىزمىكىن، گوەن يۈي بىلەن جاۋ يۈن 4000 لەشكەر بىلەن جانابلىرىغا ھەمدەملەشسۇن؛ مەن جاڭ فېينى ئېلىپ ساۋ ساۋ قارارگاھىنى يېرىپ ئۆتۈپ، شۈيجۇغا كىرىپ، تاۋ چيەن بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭەش قىلاي! — دېدى.

كۇڭ رۇڭ خۇشال بولدى، ئۇ تيەن كەيگە قوشۇلۇپ، لەشكەرلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ ياۋنى ئىسكەنجىگە ئالدى؛ گوەن يۈي بىلەن جاۋ يۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئىككى تەرەپتىن بۆلۈشتى، شۇ كۈنى ليۇ بېي بىلەن جاڭ فېي 1000 لەشكەر بىلەن ساۋ ساۋ قارارگاھىنىڭ يېنىدىن بۆسۈپ كىـــــردى. شۇنداق ئىلگىرىلەۋاتقاندا قارارگاھ ئىچىدە دۇمباق ئاۋازى چىقتى - دە، ئاتلىق ۋە پىيادە لەشكەرلەر خۇددى سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىدى، ھەممىنىڭ ئالدىدىكىسى ئۇلۇغ سەركەردە يۈي جىن ئىدى، ئۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ تۇرۇپ:

— نەدىن كېلىشكەن تەلۋىلەر سەن؟ قەيەرگە بېرىشىسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

جاڭ فېي ئۇنى كۆرۈپ ئىندىمەستىن، تويتوغرا يۈي جىنگە تاشلاندى. ئىككى ئاتلىق ئېلىشىشقا باشلىدى، ئۇلار بىرنەچچە قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، ليۇ بېي ئىككى بىسلىق قوش قىلىچىنى سۇغۇرۇۋالدى - دە، لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ - چاپ قىلغىنىچە باستۇرۇپ ماڭدى، يۈي جىن يېڭىلىپ قاچتى. جاڭ فېي ھەممىنىڭ ئالدىدا قىرغىن قىلىپ شۈيجۇ سېپىلىنىڭ تۆۋىگىچە قوغلاپ كەلدى، سېپىل ئۈستىدىكىلەر قىزىل تۇغقا يوغان قىلىپ «پىڭيۈەن ليۇ بېي» دەپ يېزىلغان ئاق خەتنى كۆردى. تاۋ چيەن دەرھال قوۋۇقنى ئېچىشقا بۇيرۇق بەردى.

ليۇ بېي شەھەرگە كىردى، تاۋ چيەن ئۇنى كۈتۈۋالدى، ئىككىيلەن بىرلىكتە يامۇلغا يول ئالدى. رەسمىي سالام ـ سەھەتلەردىن كېيىن، مەرىكە ـ سورۇن تەييارلاپ لەشكەرلەرنى تارتۇقلىدى. تاۋ چيەن ليۇ بېينىڭ ئۇلۇغۋار سىماسىنى، تىلىدىكى تۈز ۋە سادىقلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بەك خۇرسەن بولدى ۋە مى جۇغا ئەمىر قىلىپ، شۈيجۇ ئايمىقىنىڭ بەگلىك تامغىسىنى ئەكەلدۈرۈپ، ليۇ بېيغا تۇتۇش بىلەن مەنسىپىنى ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولدى. ليۇ بېي چۆچۈگەن ۋە ئەجەبلەنگەن ھالدا:

— جانابلىرى نېمە قىلىۋاتىدىلا؟ — دېدى.

— بۈگۈن ئېلىمىز پاراكەندىلىكتە قېلىپ، خانلىق قانۇنى ئۆز كۈچىنى كۆرسىتەلمەيۋاتىدۇ؛ جانابلىرى نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولىدىلا ھەمدە خاندانلىقنى قايتا جانلاندۇرۇشقا قادىردۇرلار. كەمىنىلىرى بولسام قېرىدىم، ئەھلىيەتسىزمەن، شۈڭلاشقا شۈيجۇ بەگلىكىنى رازىمەنلىك بىلەن ئۆزلىرىگە ئۆتۈندۈم، ھەرگىز رەت قىلمىغايلا، مەن ئۆز نامىمدىن بۇ ھەقتە خانغا مەلۇمات يېزىپ ئىلتىجا قىلىمەن، — دېدى تاۋ چيەن.

— كەمىنە ليۇ بېي گەرچە خەن خاندانلىقىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولساممۇ، كۆرسەتكەن ئەجرىم ئاز، پەزىلىتىم يېتەرسىز، پىڭيۈەن بەگلىكىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايۋاتىمەن، بۈگۈن مەن ھەققانىيەت يولىدا ھەمدەمگە كەلدىم. جانابلىرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئېيتىشلىرىدىن مەقسەتلىرى مەن ليۇ بېينى ئىستىلا قىلىش نىيىتىدە دەپ ئويلىدىلىمۇ؟ ئەگەر مەندە شۇنداق غەرەز بولغان بولسا، ئاللا جازايىمنى بەرسۇن! — دېدى ليۇ بېي ئورنىدىن قوزغىلىپ تەزىم بىلەن.

— بۇ مېنىڭ ھەقىقىي مۇددىئايىم! — دېدى تاۋ چيەن ۋە قايتا ـ قايتا ئۆتۈنۈش قىلدى.

ليۇ بېي بۇنى قوبۇل قىلىشقا نەدىمۇ كۆنسۇن! مى جۇ گەپكە ئارىلىشىپ:

— هازىر ياۋ لەشكەرلىرى سېپىل تۆۋىدىلا تۇرۇپتۇ، ئالدى بىلەن ياۋنى چېكىندۈرۈش تەدبىرى ئۈستىدە كېڭىشەيلى. تىنچلىق ئورنىتىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۆتۈنۈش ھەققىدە كېڭەشسەكمۇ بولىدۇ، — دېدى.

— مەن ساۋ ساۋنى سۈلھىگە دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يازاي، ساۋ ساۋ كۆنمىسە، ئاندىن تۇتۇشساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى ليۇ بېي.

شۇنىڭ بىلەن ھەر ئۈچ قارارگاھقا خەۋەر بېرىلىپ، قوزغالماي كۈتۈپ تۇرۇش ئۇقتۇرۇلدى. ساۋ ساۋغا مەخسۇس كىشى بىلەن مەكتۇپ ئەۋەتىلدى.

ساۋ ساۋ ئۆز لەشكىرى ئىچىدە سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەش قۇرۇۋاتاتتى، شۈيجۈدىن جەڭ مەكتۇپى كەلدى، دەپ مەلۇم قىلىشتى. ساۋ ساۋ ئېلىپ قارىسا ليۇ بېينىڭ مەكتۇپى بولۇپ، مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىكەن:

كەمىنە ليۇ بېيلىرى توڭگۇەن تېشىدا جانابلىرى بىلەن كۆرۈشكەندىم، ئاندىن كېيىن ئۇياقتا - بۇياقتا بولۇپ، خىزمەتلىرىدە بولالمىدىم. ئەمدى مەقسەتكە كەلسەم، مەرھۇم ئاتىلىرى ساۋ بېگىمنىڭ قازاغا يولۇقۇشىنىڭ ئەسلى سەۋەبى، جاڭ كەينىڭ رەھىمسىزلىكىدىن بولغان، بۇنىڭدا تاۋ چيەن ئەيىبسىزدۇر. ئەلھال سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇقلىرى تاشقىرىمىزنى، دۇڭ جۇنىڭ قالدۇق شېرىكلىرى ئىچكى تەرىپىمىزنى ئىشغال قىلىۋالدى. جانابلىرىنىڭ ئالدى بىلەن خاندانلىقىمىزنىڭ بېشىدىكى خەۋپنى دەپنە قىلىپ، ئاندىن شەخسىي ئاداۋەت، قىساسلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشلىرىنى، لەشكەرلىرىنى

شۈيجۇدىن چىكىندۇرۇپ، ئەلنى بالايىئاپەتتىن
قۇتۇلدۇرۇشلىرىنى سورايمەن، بۇ شۈيجۇنىڭ،
شۇنىڭدەك پۈتۈن ئېلىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىدۇر!
مەكتۇپنى ئوقۇپ غەزەپكە كەلگەن ساۋ ساۋ ئاغزىنى بۇزۇپ:
— لىۇ بېي كىم ئىكەن، ماڭا مەكتۇپ يېزىپ نەسىھەت قىلغۇدەك! ھەتتا تەنە سۆزلەرنىمۇ قىپتۇ، — دەپ كەلگەن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈشنى، شەھەرگە قاتتىق تېگىش قىلىشنى بۇيرۇدى.
— لىۇ بېي ھەمدەم ئۈچۈن يىراقتىن كەلدى، ئۇنىڭ بۇ مەكتۇپنى يازغانلىقى ئالدىن خوش، ئاندىن مۇشت، دېگەندەك قىلماقچى بولغانلىقى. جانابلىرى ئالدى بىلەن سىلىق، ئوبدان سۆزلەر بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، لىۇ بېينىڭ كۆڭلىنى تەسكىن ئەتسىلە، ئۇنىڭدىن كېيىن شەھەرگە تېگىش قىلساق، شەھەرنى ئالغىلى بولىدۇ، — دېگەن تەكلىپنى بەردى گو جيا.
ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلىپ، ئەلچىنى ياخشى كۈتۈپ، جاۋاب مەكتۇپ يازماقچى بولدى. كېيىنكىش ئۈستىدە ئۈشتۇمتۇت پايلاقچىلار كېلىپ، لۈي بۇ يەنجۈنى ئېلىپ پوياڭنى ئىستىلا قىلدى، دېگەن شۇم خەۋەرنى ئېلىپ كىردى.
ئەسلىدە لۈي بۇ لى جۆ، گو سىلارنىڭ ئىسيانى سەۋەبىدىن ۋۇگۇەندىن قېچىپ چىقىپ، يۈەن شۇدىن پاناھ تىلىگەن؛ يۈەن شۇ لۈي بۇنىڭ بىقارارلىقى ئۈچۈن ئۇنى قوبۇل قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن لۈي بۇ يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلىگەندە، يۈەن شاۋ قوبۇل قىلغان ۋە لۈي بۇ بىلەن بىرلىكتە چاڭشەندە جاڭ يەننى تارمار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەغرۇرلىنىشقا باشلىغان لۈي بۇ يۈەن شاۋنىڭ سەركەردىلىرىنى كۆزگە ئىلمىغان. يۈەن شاۋ لۈي بۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا، لۈي بۇ قېچىپ جاڭ ياڭدىن پاناھ تىلىگەن، جاڭ ياڭ ئۇنى قوبۇل قىلغان. بۇ ۋاقىتلاردا پاڭ شۇ دېگەن ئادەم چاڭئەن شەھىرىدە ئۆزى يوشۇرۇپ قويغان لۈي

بۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى لۈي بۇغا يەتكۈزۈپ بەرگەن. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان لى جۆ، گۇ سىلار پاك شۇنى ئۆلتۈرۈپ، لۈي بۇنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاڭ ياڭغا خەت يازغان. بۇ سەۋەبتىن، لۈي بۇ جاڭ ياڭنى تاشلاپ، جاڭ مياۋغا قوشۇلغان. دەل بۇ چاغدا جاڭ مياۋنىڭ ئۆكىسى جاڭ چاۋ چېن گۇڭ بىلەن بىرلىكتە ئاكىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىپ قالغان. چېن گۇڭ:

— بۇگۈن ئەل پارچىلىنىپ، ھەممە يەردە غەيۇر ـ قەھرىمانلار باش كۆتۈرۈپ چىقتى؛ جانابلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى كەڭ تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىلكىدە ياشايدىلا، بۇ خورلۇق ئەمەسمۇ؟ ھازىر ساۋ ساۋ كۈنچىقىش تەرەپكە سەپەر قىلىش ئۈستىدە بولۇپ، يەنجۇ بوش قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لۈي بۇ دەۋرىمىزنىڭ بىردىنبىر غەيۇر ـ باتۇرى. ئەگەر سىلى ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە يەنجۇنى زەبت قىلىدىغان بولسىلا، ئۇلۇغ مۇددىئالار ئەمەلگە ئاشقۇسىدۇر، — دېدى جاڭ مياۋغا ئەقىل كۆرسىتىپ.

جاڭ مياۋ ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، يەنجۇغا تېگىش قىلىپ، پۇياڭنىمۇ ئېلىش توغرۇلۇق لۈي بۇغا بۇيرۇق بەردى. جۈەنچىڭ، دۇڭئا، فەنشيەن دېگەن ئۈچ شەھەر شۇن يۈي، چېڭ يۈيلارنىڭ تەدبىرى بويىچە قاتتىق مۇداپىئە قىلىنىش نەتىجىسىدە ئامان قالدى، قالغان يەرلەرنى لۈي بۇ بېسىۋالدى. ساۋ رېن قايتا ـ قايتا جەڭ قىلغان بولسىمۇ، جەڭدە ئۇتالماي، ئاخىر تەھدىتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

ساۋ ساۋ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن چۆچۈپ:

— يەنجۇ قولدىن كەتكەن بولسا، تۇرار ماكانىمىز قالماپتۇ، تېزلىكتە قايتۇرۇۋالماي بولمايدۇ! — دېدى.

— جانابىي تەقسىر، لىۇ بېيغا بىر ئادەمگەرچىلىك قىلغان بولۇپ، لەشكەرلىرىمىزنى ياندۇرۇپ، يەنجۇنى قايتۇرۇۋېلىشقا

ئاتلىنايلى! — دېدى گو جيا.

ساۋ ساۋ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، دەرھال ليۇ بېيغا مەكتۇپ يازدى، ئاندىن قوزغىلىپ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ئەلچى شۈيجۇغا قايتقاندىن كېيىن شەھەرگە كىرىپ تاۋ چيەن بىلەن كۆرۈشتى، ئېلىپ كەلگەن مەكتۇپنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگىنىنى سۆزلەپ بەردى. تاۋ چيەن خۇشال بولۇپ، كۇڭ رۇڭ، تيەن كەي، گۈەن يۈي، جاۋ يۈنلەرنى شەھەرگە چوڭ مەرىكىگە تەكلىپ قىلىپ كىشى ئەۋەتتى. مەرىكىدە داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن تاۋ چيەن ليۇ بېينى تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، كۆپچىلىك ئالدىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ھەر ئىككى ئوغلۇم ئىستىداتسىز، ئەل ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاجىز. ليۇ بېي جانابلىرى بولسا خان ئەۋلادى، غايەت پەزىلەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشى بولغاچقا، شۈيجۇغا باش بولۇشقا مۇناسىپ، مەن بوۋاي ئەمدى مەنسەپتىن ئازاد بولۇپ داۋالىنىشنى خالايمەن، — دەپ ئۆز ئورنىنى ئۆتۈنگەنلىكىنى بىلدۈردى.

— كۇڭ رۇڭ جانابلىرىنىڭ ئەمرى بىلەن پېقىر ليۇ بېينىڭ شۈيجۇنى خەۋپتىن خالاس قىلىشقا كېلىشىم ھەققانىيەت ئۈچۈن ئىدى. بۈگۈن سەۋەبسىزلا شۈيجۇنىڭ ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋالسام، پۈتۈن ئەل مېنى ھەققانىيەتچى ئەمەسكەن، دەپ ئەيىبلەيدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— ھازىر خەن خاندانلىقى ئاجىزلىشىپ كەتتى، جاھان ئاستىن - ئۈستۈن بولماقتا، خىزمەت كۆرسىتىش، ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش ۋاقتى دەل مۇشۇ. شۈيجۇ ئىنتايىن مەمۇر - بەرىكەتلىك يۇرت، پۇقراسى 100 تۈمەنگە يېتىدۇ، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندىن كېيىن، ياق دېمەي قوبۇل قىلسىلا، — دېدى مى جۇ.

— بۇنىڭغا ھەرگىز ماقۇل بولالمايمەن، — دېدى لىۇ بېي.
— تاۋ چيەن ھاكىم كېسەلچان، ئايماقنىڭ ئىشلىرىغا دېگەندەك يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، جانابلىرى ھەرگىز رەت قىلمىغايلا، — دېدى چېن دېڭ.
— يۈەن شۇ جانابلىرى تۆت ئەۋلادتىن بېرى بەگ بولۇپ كېلىۋاتقان زات، پۈتۈن ئەل ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇ يېنىمىزدىكى شۇچۈندىلا تۇرىدۇ، نېمە ئۈچۈن ئايماقنى ئۇ كىشىگە ئۆتكۈزمەيمىز؟ — دېدى لىۇ بېي.
— يۈەن شۇ گۆردىكى قۇرۇپ قالغان ئۇستىخان، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق! بۈگۈنكى ئىش ئاللانىڭ مەرھەمىتى، كېيىن پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا يوق بولۇپ قالىدۇ، — دېدى كۇڭ رۇڭ.
لىۇ بېي زادى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. تاۋ چيەن يىغلاپ تۇرۇپ:
— جانابلىرى مېنى تاشلاپ كېتىدىغان بولسىلا، ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، — دېدى.
— جانابىي تاۋ چيەن مەنسىپىنى ئۆتكۈنگەندىن كېيىن، ئايماقنىڭ ئىشىنى ۋاقتىنچە تاپشۇرۇۋالسىلىمۇ بولاتتى، — دېدى گۈەن يۈي.
— بىز يا ئۇنىڭ ئايمىقىنى زورمۇزور تارتىۋالمىدۇق، ياخشى نىيىتى بىلەن ئۆتكۈنۈۋېتىپتۇ، ھە دەپ رەت قىلىۋېرىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى جاڭ فېي.
— سىلەر مېنى نامەردلىككە ئىتتىرىۋاتىسلەر! — دېدى لىۇ بېي.
تاۋ چيەن قايتا ـ قايتا ئۆتۈنسىمۇ، لىۇ بېي ئەسلا قوبۇل قىلمىدى.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى تاۋ چيەن، — بۇ يەرگە يېقىن جايدا شياۋپېي دېگەن بىر شەھەر بار، لەشكەر تۇرغۇزۇشقا

يارايدۇ، جانابلىرى مەرھەمەت قىلىپ ۋاقتىنچە شۇ شەھەردە تۇرۇپ شۈيجۇنى قوغدىسىلا قانداق؟

ھەممەيلەن ليۇ بېينىڭ شياۋپېيدا تۇرۇپ بېرىشىنى تەۋسىيە قىلدى. ليۇ بېي ماقۇل بولدى. تاۋ چيەن لەشكەرلەرنى تارتۇقلاپ بولغاندىن كېيىن، جاۋ يۈن خەيرلەشتى. ليۇ بېي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئايرىلىشتى. گۇڭ رۇڭ، تيەن كەيلەرمۇ خوشلىشىپ، ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىشتى. ليۇ بېي گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شياۋپېيغا كېلىپ قورغاننى مۇستەھكەملىدى، ئاھالىنى ئەمىن قىلدى.

ئەمدى گەپنى بۇ ياقتىن ئاڭلاڭ. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى قايتۇرغاندىن كېيىن، ساۋ رېن ئالدىغا چىقىپ، لۈي بۇنىڭ كۈچىنىڭ زورلۇقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېن گۇڭنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقانلىقى، يەنجۇ بىلەن پۇياڭنىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، جۇەنچېڭ، دۇڭئا، فەنشيەن دېگەن ئۈچ ئورۇننىڭ شۈن يۈي، چېڭ يۈيلەرنىڭ تەدبىرى بىلەن ئۆزئارا باغلانغان ھالدا، شەھەر سېپىلىنى قاتتىق ساقلاۋاتقانلىقلىرىنى ئېيتتى. ساۋ ساۋ:

— مېنىڭ ئويلىشىمچە لۈي بۇ جەسۇر، پەقەت ئەقىلسىزلىقىلا بار، غەم قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دەپ، قارارگاھ قۇرۇپ، ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن كېڭەش ئۆتكۈزۈشنى بۇيرۇدى.

لۈي بۇ ساۋنىڭ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە تېڭشيەندىن ئۆتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ياردەمچى سەركەردىلەردىن شۆ لەن، لى فېڭلارنى چاقىرتىۋېلىپ:

— ئىككىڭلارنى بىرەر ئىشقا قويماقچى بولغانلىقىمغا خېلى ۋاقىتلار بولدى، ئەمدى سىلەر 1 تۈمەن لەشكەر بىلەن يەنجۇنى مەھكەم ساقلاڭلار. مەن ساۋ ساۋنى تارمار قىلىشقا لەشكەر

تارتىپ بارىمەن، — دېدى.
ئىككىيلەن بۇيرۇقنى قوبۇل قىلدى. چىن گۈك ئالدىراپ كىرىپ:
— جانابىي سەركەردە! يەنجۇنى تاشلاپ نەگە بارماقچى بولدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— پۇياڭدا ھەم لەشكەر قويۇپ، ئۈچ بۇرجەكلىك ھالەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى لۈي بۇ.
— يېڭىلىشىۋاتىدىلا، شۆ لەن يەنجۇنى ساقلىيالمايدۇ. بۇ يەردىن ئاستىن تەرەپكە 180 چاقىرىم كېلىدىغان تەيشەن تېغىنىڭ يوللىرى ناھايىتى خەتەرلىك. ئۇ يەرگە خىللانغان لەشكەردىن 1 تۈمەننى يوشۇرۇپ قويايلى، يەنجۇنىڭ قولدىن كەتكىنىنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى چوقۇم مۇشۇ يولدىن ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ يېرىمى ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن تېگىش قىلىدىغان بولساق، بىراقلا قولغا چۈشۈرگىلى بولىدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى چىن گۈك.
— مېنىڭ پۇياڭغا لەشكەر قويۇشۇمدا باشقا ياخشى پەنتىم بار، سىز ئۇنى نەدىن بىلىسىز! — دەپ ئۇنىڭغا كۆنمىدى ۋە شۆ لەننى يەنجۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى كېتىپ قالدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تەيشەن تېغىنىڭ خەۋپلىك جايلىرىغا يېتىپ كەلگەندە، گو جيا:
— ئىلگىرى بېسىش بولماسمىكىن، بۇ يەردە يوشۇرۇلغان قوشۇن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.
— لۈي بۇ ئەقىلسىزلاردىن، شۇڭلاشقا شۆ لەننى يەنجۇنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى پۇياڭغا كەتكەن، بۇ يەردە نەدىمۇ يوشۇرۇلغان قوشۇن بولسۇن؟ — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ ھەممە ساۋ رېننى لەشكەر بىلەن يەنجۇنى مۇھاسىرە قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە يەنە، — مەن پۇياڭغا يۈرۈش قىلىپ، لۈي بۇغا تېز تېگىش قىلاي، — دېدى.

چېن گۇڭ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ لۇي بۇغا ئەقىل كۆرسىتىپ:

— ھازىر ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يىراقتىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن ھارغىن، شۇڭلاشقا جەڭنى تېز باشلىۋېتىش بىزگە پايدىلىق، ئۇلار دېمىنى ئېلىۋالمىسۇن، — دېدى.

— مەن يالغۇز ئۆزۈم جاھانغا تېتىيمەن، ساۋ ساۋدىن نېمە غەم يەيتتىم! قارارگاھ قۇرۇپ جايلاشسۇن، ئاندىن ئۇنى ئۆزۈم تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى لۇي بۇ.

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى پۇياڭغا يېقىن جايغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى. ساۋ ساۋ ئەتىسى سەركەردىلىرىنى ئېلىپ، لەشكەرلىرىنى دالادا سەپكە تىزدى. ئۇ نىشان تۇغى ئاستىدا ئاتلىق تۇرۇپ لۇي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ يىــــراقتا كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ياۋ سېپىنىڭ مەركىزىدىن لۇي بۇ ئاتلىق ئالدىغا چىقتى، ئىككى تەرىپىدە سەككىز سەركەردىنى قاتار تۇرغۇزدى. بۇلارنىڭ بىرى يەنمېڭنىڭ مايى دېگەن يېرىــدىن بولۇپ، ئىسىم ـ زاتى جاڭ لياۋ، يەنە بىر ئىسمى ۋېن يۈەن؛ ئىككىنچىسى تــەيشــەنــنىڭ خۇايــن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىسىم ـ زاتى زاڭ با، يەنە بىر ئىسمى شۈەن گاۋ ئىدى. بۇ ئىككى سەركەردە بىلەن خاۋ مېڭ، ساۋ شېڭ، چېڭ ليەن، ۋېي شۇي، سۇڭ شيەن، خۇچېڭ دېگەن ئالتە سەركەردە بىرگە ئىدى. لۇي بۇنىڭ سەپكە تىزىلغان لەشكەرلىرى 5 تۈمەنگە يېتەتتى، دۇمباق ساداسى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. ساۋ ساۋ لۇي بۇغا قول شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن بىلەن ئارىمىزدا ئەزەلدىن ئۆچ ـ ئاداۋەت يوق ئىدى، نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئايماقلىرىمنى بېسىۋالىسەن؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

— خەن خاندانلىقىنىڭ شەھەر ـ زېمىنلىرىدا ھەممىنىڭ ھەق ـ ھەسسىسى بار، يالغۇز سەنلا ئىگىلەيتتىڭمۇ؟ — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۈي بۇ ۋە دەرھال زاڭ بانى جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ قوشۇنىدىن لۈي جىن مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى پالۋان ئات ئۈستىدە ئېلىشىشقا باشلاپ، نەيزىلىرىنى تەڭلا ئىشقا سېلىشتى، ئارىدا ئوتتۇز نەچچە قەپەس ئېلىشقان بولسىمۇ، يېڭىش ـ يېڭىلىش ئايرىلمىدى. بولۇشۇش ئۈچۈن شيا خۇدۇن ئېتىنى دېۋىتىپ چىقتى، لۈي بۇ سېپىدىن جاڭ لياڭ ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ تۇتۇشقىلى تۇردى. ئىچى پۇشۇپ كەتكەن لۈي بۇ يالماننى قولىغا ئېلىپ، سەپ ئىچىدىن ئات قويغان پېتى ئېتىلىپ چىقتى. شيا خۇدۇن بىلەن لۈي جىن قاچتى، لۈي بۇ قىرغىن قىلىشقا كىرىشتى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، 30 — 40 چاقىرىم ئارقىغا چېكىندى، لۈي بۇمۇ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. ساۋ ساۋ بىر مەيدان جەڭدە ئۇتتۇرۇپ قارارگاھقا قايتقاندىن كېيىن، سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەشتى. يۈي جىن:

— بۈگۈن مەن تاغقا چىقىپ قارىسام، پۇياڭنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە لۈي بۇنىڭ بىر قارارگاھى بار ئىكەن، لەشكەر كۆپ ئەمەستەك كۆرۈندۇ. بۈگۈن كېچە ئۇلار بىزنى يېڭىلدى دەپ تەييارلىقسىز تۇرۇشى تەبىئىي. شۇڭا، لەشكەر باشلاپ بېرىپ تېگىش قىلايلى؛ ئەگەر قارارگاھنى ئالساق، لۈي بۇ لەشكەرلىرى قورقۇنچقا چۈشىدۇ، بۇ ئەڭ ياخشى پەنت، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ساۋخۇڭ، لى ديەن، ماۋ جې، لۈي چيەن، يۈي جىن، ديەن ۋېي دېگەن ئالتە سەركەردىنى 2 تۈمەن ئاتلىق ـ پىيادە لەشكەر بىلەن چىغىر يول ئارقىلىق كېچىلەپ يولغا سالدى.

لۈي بۇ ئۆز قارارگاھىدا لەشكەرلىرىنى تارتۇقلىدى. چېن گۇڭ:

— كۈنپېتىشتىكى قارارگاھ ئىنتايىن مۇھىم، ناۋادا ساۋ ساۋ ئۇ يەرگە تېگىش قىلسا قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— بۇگۇن ئۇ بىر مەيدان جەڭدە ئۇتقۇزدى، كېلىشكە قانداق پىتىنالايدۇ؟ — دېدى لۇي بۇ.

— ساۋ ساۋ لەشكەر تارتىشقا ناھايىتى ماھىــــر ئادەم، ھازىرلىقسىز ۋاقتىمىزدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلىشــــدىن ساقلىنىشىمىز كېرەك، — دېدى چېن گوڭ.

لۇي بۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل كۆرۈپ، گاۋ شۇن، ۋېي شۇي، خۇچېڭلارنى لەشكەرلىرى بىلەن كۈنپېتىشتىكى قارارگاھنــــى ساقلاشقا ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ گۇگۇم ۋاقتىدا لەشكەرلىرى بىلەن كۈنپېتىشتىكى قارارگاھقا يېتىپ كەلدى ـ دە، تۆت تەرەپلەپ بۆسۈپ كىردى. قارارگاھنى ساقلاپ ياتقانــلار بەرداشــلىق بېرەلمــەي پىتىراپ تەرەپ ـ تەرەپكە قاچتى، ساۋ ساۋ قارارگاھنى ئىگىلىۋالدى. باش توخۇ ۋاقتى بولغاندا گاۋ شۇن ئاندىن لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ جەڭ باشلىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ دەل گاۋ شۇنگە دۇچ كەلدى، ئىككى تەرەپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتى. تاڭ ئاتار ۋاقتىدا كۈنپېتىش تەرەپتىن ئەتراپنــــى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن دۇمباق ساداسى ئاڭلاندى، كىشىلەر، لۇي بۇ ئۆزى لەشكەر باشلاپ كەپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئېلىــــپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ قارارگاھنى تاشلاپ قاچتى. ئارقىسىدىن گاۋ شۇن، ۋېي شۇي، خۇچېڭلار قوغلاپ ماڭدى؛ ئالدى تەرەپتىن لۇي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى. يۇي جىن بىلەن يۆ جىن ئىككىسى لۇي بۇغا تەڭ كېلەلمەي قالدى. ساۋ ساۋ يۇقىرى تەرەپكە قاراپ قاچتى. بۇ چاغدا تاغ ئارقىسىدىن بىر تۈركۈم لەشكەر چىقىپ كەلدى: سول قولىدىكىسى جاڭ لياۋ بولۇپ، ئوڭ قولىدىكىسى زاڭ با ئىدى. ساۋ ساۋ لۇي چيەن بىلەن ساۋ خۇڭنى ئۇلار بىلەن ئېلىشىــــشقا بۇيرۇدى، جەڭ ساۋ ساۋغا پايدىسىز بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ قاچتى. توساتتىن يەنە سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ يەنە بىر توپ

لەشكەر چىقىپ كەلدى. بۇلار: خاۋ مېڭ، ساۋ شېڭ، چىن ليەن، سۇڭ شيەن دېگەن تۆت سەركەردە لەشكەرلىرى ئىدى، بۇلار ساۋ ساۋنىڭ يولىنى توسۇدى. ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلۈشكە قارىماي جەڭ قىلدى، ساۋ ساۋ سەپنىڭ ئالدىدا ماڭدى. بىردىنلا تاكتاك ئاۋازى چىقىپ، ئوقيا يامغۇردەك ئېتىلىشقا باشلىدى. ساۋ ساۋ نە ئالغا باسالماي، نە قۇتۇلۇش يولىنى تاپالماي «كىم مېنى قۇتقۇزالايدۇ؟» دەپ توۋلىۋەتتى. ئاتلىقلار قوشۇنىدىن بىر سەركەردە غەيرەت بىلەن چىقىپ كەلدى. بۇ ديەن ۋېي ئىدى. ئۇ قوش يالمان تۇتقان هالدا:

— جانابىي تەقسىر، غەم قىلمىسىلا! — دەپ نەرە تارتىپ كەلدى ـ دە، ئاتتىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، قوش يالمىنىنى قىستۇرۇپ قويۇپ، ئون نەچچە قىسقا يالمانلىق نەيزىنى قولىغا ئالدى ۋە ئادەملىرىگە:

— قاراقچىلار ئون قەدەم كەلگەندە مېنى چاقىرىڭلار! — دېدى ـ دە، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئوقيا ئوقلىرىنىڭ خەۋپىگە قارىماي ئالغا مېڭىۋەردى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىدىن ئون نەچچە ئاتلىق قوغلاپ كېلىۋىدى، ئادەملەر:

— ئون قەدەم كەلدى! — دەپ توۋلىدى.

— بەش قەدەم يېقىن كەلگەندە مېنى چاقىرىڭلار! — دېدى ديەن ۋېي.

— بەش قەدەم بولدى! — دەپ توۋلىدى.

ديەن ۋېي شۇئان يالمانلىق نەيزىنى ئېتىپ بىر ياۋنى ئاتتىن غۇلاتتى، ئارقا ـ ئارقىدىن ئاتقان يالمانلىق نەيزىلىرى بوش كەتمەي، هايت ـ هۇيت دېگۈچە ئون نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈردى، قالغانلار قاچتى. ديەن ۋېي قايتىدىن ئېتىغا لىككىدە مىنىۋېلىپ، قوش يالمىنىنى قولىغا ئېلىپ، چاپ ـ چاپقا كىرىشىپ كەتتى. خاۋ مېڭ، ساۋ شېڭ، چېڭ ليەن، سۇڭ شيەن دېگەن تۆت سەركەردە تەڭ كېلەلمەي، هەرقايسىسى ئۆز جېنىنى ئېلىپ

قاچتى. دېمەن ۋېپي ياۋ لەشكەرلىرىنى قىرىپ، پارچىلاپ، ساۋ ساۋنى ئاران قۇتۇلدۇرۇۋالدى. قالغان سەركەردىلەرمۇ ئارقىدىن يېتىپ كېلىپ، يول تېپىپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى.

ئەمدى كەچ بولاي دېگەندە، ئارقا تەرەپتىن يەنە بىر سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، لۇي بۇ ئات سالغىنىچە يالمىنىنى ئويىنتىپ قوغلاپ كەلدى ۋە:

— قاراقچى ساۋ ساۋ، توختا! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ۋاقىتتا ئادەم ۋە ئاتلار ھېرىپ - چارچىغانىدى. كۆپچىلىك نېمە قىلىشنى بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ، ھەركىم ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇش كويىغا چۈشتى. دەرھەقىقەت:

*بۇزۇش مۇمكىن ۋاقتىنچە بۇ قاتمۇقات قورشاۋنى،*
*توسۇش مۇمكىن بولماس ھەرگىز قوغلاپ كەلگەن شۇم ياۋنى.*

ساۋ ساۋ ھاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئىككىنچى باب

## تاۋ چيەننىڭ ئۈچىنچى قېتىم شۈيجۈنى ئۆتۈنگەنلىكى
## ساۋنىڭ لۈي بۇ بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ راسا ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقاندا، تۆۋەن تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر يېتىپ كەلدى. بۇلار شيا خۇدۇننىڭ ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلىرى ئىدى. ئۇلار لۈي بۇنى توسۇۋېلىپ قاتتىق ئېلىشىشقا باشلىدى. زاۋال ۋاقتى بولغاندا قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشتى. ساۋ ساۋ قارارگاھقا قايتقاندىن كېيىن ديەن ۋېيگە كاتتا ئىنئاملار بېرىپ، ئۇنى باشلامچى قوشۇن ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى.

لۈي بۇغا كەلسەك، ئۇ قارارگاھقا قايتقاندىن كېيىن چېن گۇڭ بىلەن كېڭەشكە چۈشتى. چېن گۇڭ:

— پۇياڭ شەھىرىدە مىڭلارچە خىزمەتچىسى بار، پۈتۈن ئايماق بويىچە ئەڭ باي، تيەن جەمەتىدىن بولغان بىر دۆلەتمەن كىشى بار؛ بۇ كىشى ئۆز نامىدىن ساۋ ساۋغا «لۈي بۇ بەك زالىم، رەھىمسىز بولغانلىقىدىن ئاھالىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قاتتىق زارلىنىۋاتىدۇ؛ بۇگۈن لەشكەرلەرنى ئېلىپ لياڭغا كەتتى.

شەھەردە گاۋ شۇنغىنە قالدى. كېچىلەپ لەشكەر ئەۋەتسىلە، مەن ئىچى تەرەپتىن بولۇشىمەن» دەپ يوشۇرۇن خەت يېزىپ كىشى ئەۋەتسۇن. ئەگەر ساۋ ساۋ كەلسە، ئازدۇرۇپ شەھەرگە كىرگۈزەيلى ـ دە، تۆت قوۋۇقتىن ئوت قويايلى، تاشقىرىغا لەشكەر يوشۇرايلى. ساۋ ساۋنىڭ يەر ـ ئاسماننى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكۈدەك ئىستىداتى بولسىمۇ، قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

لۇي بۇ بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ساۋ ساۋغا كىشى ئەۋەتىش ھەققىدە تيەن جەمەتىدىن بولغان بۇ كىشىگە يوشۇرۇن بۇيرۇق بەردى. ساۋ ساۋ يېڭىلا يېڭىلگەنلىكتىن، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان پەيتتە، ئادەملىرى تيەندىن كىشى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ۋە مەخپىي مەكتۇپنى سۇندى. ئۇنىڭدا: «لۇي بۇ لياڭغا كەتتى، شەھەر بوش، تېز كېلىڭلار، مەن ئىچى تەرەپتىن بولۇشىمەن، سېپىلغا قادالغان ‹ مەردلىك › دېگەن چوڭ ھەرپلىك ئاق تۇغ مەخپىي بەلگىمىز بولسۇن ......» دېيىلگەنىدى. ساۋ ساۋ ئىنتايىن خۇش بولۇپ: «تەڭرى پۇياڭنى ماڭا ئاتا قىپتۇ!» دەپ، كەلگەن ئەلچىنى ياخشى تارتۇقلىدى، بىر تەرەپتىن لەشكەر تارتىشقا جابدۇندى. بۇ چاغدا ليۇ يې:

— لۇي بۇ گەرچە ئەقىلسىز ئادەم بولسىمۇ، لېكىن چېن گۇڭنىڭ ھىيلىسى كۆپ. بۇنىڭدا بىر شۇملۇق بارمىكىن دەيمەن، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر جانابلىرى بارىدىغانلا بولسىلا، لەشكەرلەرنى ئۈچكە بۆلەيلى. ئىككى قىسمى شەھەر تېشىدا يوشۇرۇنۇپ ھەمدەملىشىشكە ھازىر تۇرسۇن، بىر قىسمى شەھەرگە كىرسۇن، — دېدى.

ساۋ ساۋ ئۇنىڭ سۆزىگە كىرىپ، قوشۇننى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ، پۇياڭ سېپىلى تۈۋىگە كەلدى. ساۋ ساۋ ئاۋۋال سېپىلغا نەزەر سېلىپ، سېپىل ئۈستىدە غىچلا ئەلەم ـ تۇغلار قاداقلىق تۇرغانلىقىنى ۋە كۈنپېتىش قوۋۇقنىڭ بۇرجىكىدە «مەردلىك»

www.uyghurkitap.com

دەپ يېزىلغان بىر تۇغ تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئىچىدىن خۇشال بولدى. شۇ كۈنى چۈش ۋاقىتلىرىدا شەھەر قوۋۇقىدىن ئىككى سەركەردە لەشكەر باشلاپ جەڭگە چىقتى، چىققانلارنىڭ ئالدىدىكىسى خۇ چېڭ قوشۇنى، كەينىدىكىسى گاۋ شۇن قوشۇنى ئىدى. ساۋ ساۋ ديەن ۋېينى خۇ چېڭغا قارشى چىقاردى. خۇ چېڭ ديەن ۋېيگە تەڭ كېلەلمەي ئېتىنى قايتۇرۇپ شەھەرگە قاچتى. ديەن ۋېي ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا قوغلاپ كەلگەندە، گاۋ شۇن توسۇغان بولسىمۇ، بەرداشلىق بېرەلمىدى ـ دە، ھەممىسى شەھەر ئىچىگە چېكىندى. بۇ مالىمان ئىچىدە لەشكەرلەرگە ئارىلىشىپ سەپتىن ئۆتۈۋالغان لەشكەر قىياپەتلىك بىر ئادەم ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ تيەننىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، مەخپىي مەكتۇپنى تاپشۇردى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى: «بۈگۈن كېچە خۇپتەن بىلەن سىپىلدىن بەلگە ئۈچۈن جاڭ ئۇرۇلىدۇ، شۇئان لەشكەر باشلاپ كېلىنسۇن، مەن قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىمەن» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ساۋ ساۋ شيا خۇدۇننى ئۆز قوشۇنى بىلەن سول قولغا، ساۋ خۇڭنى ئۆز قوشۇنى بىلەن ئوڭ قولغا قويۇپ، ئۆزى شيا خۇيۇەن، لى ديەن، يۈې جىن، ديەن ۋېي — بۇ تۆت سەركەردە بىلەن لەشكەر باشلاپ شەھەر ئىچىگە ماڭماقچى بولدى. لى ديەن:

— تەقسىر! سىلى شەھەر تېشىدا تۇرۇپ تۇرسىلا، بىزنىڭ ئالدىن شەھەرگە كىرىشىمىزگە ئىجازەت بەرسىلە، — دېدى.

— مەن ئۆزۈم بارمىسام، كىم ئالغا ماڭىدۇ؟ — دەپ توۋلىدى ساۋ ساۋ ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ توپتوغرا شەھەرگە قاراپ ماڭدى. پەيت خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ، ئاي يورۇقى تېخى چۈشمىگەنىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا كۈنپېتىش قوۋۇقتا توساتتىن قۇلۇلە ساداسى، سۈرەن ـ چۇقانلار كۆتۈرۈلدى، قوۋۇقتا ئوتقاشلار ياندى، قوۋۇق يوغان ئېچىلىپ، ئاسما كۆۋرۈك چۈشۈرۈلدى. ساۋ ساۋ ھەممىدىن بۇرۇن ئات سېلىپ كىرىپ

کەتتی. تا ئايماق يامۇلغا بارغۇچە يول بويى ھېچكىم يولۇقمىدى. ساۋ ساۋ قىلتاققا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، دەرھال ئېتىنى قايتۇردى ـ دە: «لەشكەرلەر قايتۇرۇلسۇن!» دەپ توۋلىدى. ئايماق يامۇلدىن بىر پاي توپ ئاۋازى چىقىش بىلەنلا تۆت قوۋۇقتىن ئاسمان ـ پەلەك ئوت يالقۇنلىرى چىقىشقا باشلىدى؛ ناغرا ـ جاڭ سادالىرى ياڭرىدى، سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازلىرى مەۋج ئۇرغان دەريا ـ دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. كۈنچىقىش كوچىنىڭ ئىچىدىن جاڭ لياۋ، كۈنپېتىش كوچىنىڭ ئىچىدىن زاڭ بالار چىقىپ ئارىغا ئېلىپ چاپ ـ چاپقا چۈشتى. ساۋ ساۋ يۇقىرى قوۋۇق تەرەپكە قاچتى. يولنىڭ يان تەرىپىدىن خاۋ مېڭ، ساۋ شېڭلار چىقىپ، يەنە بىر پەس چاپ ـ چاپ قىلدى. ساۋ ساۋ ئالدىراپ ـ تېنەپ، تۆۋەن قوۋۇق تەرەپكە قاچتى، بۇ چاغدا يەنە گاۋ شۈن، خۇ چېڭلار توسۇۋالدى، ديەن ۋېي كۆزىنى ئالايتىپ، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، قىلىچ چاپقىنىچە بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. گاۋ شۈن، خۇ چېڭلار ئارقىچە مېڭىپ شەھەردىن چىقتى، ديەن ۋېي چاپ ـ چاپ قىلىپ ئاسما كۆۋرۈككە كېلىپ قارىسا ساۋ ساۋ يوق، شۇڭا يەنە قايتىدىن شەھەرگە چاپ ـ چاپ قىلىپ كىردى، ئۇ قوۋۇق تۈۋىدە لى ديەنگە ئۇچراپ قېلىپ:

— تەقسىر قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— مەنمۇ ئىزدەپ تاپالماۋاتىمەن، — دېدى لى ديەن.

— سىز شەھەر تېشىدا تۇرۇپ ھەمدەمچى لەشكەرلەرگە ھەيدەكچىلىك قىلىڭ، مەن شەھەرگە كىرىپ تەقسىرىمنى ئىزدەي، — دېدى ديەن ۋېي.

لى ديەن كېتىپ قالدى، ديەن ۋېي يەنە شەھەرگە چاپ ـ چاپ قىلىپ كىرىپ، ساۋ ساۋنى تاپالماي، ئېلىشا ـ ئېلىشا شەھەردىن چىقىپ خەندەك يېنىغا كەلگەندە يۆ جىن ئۇچراپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

— تەقسىرىم قېنى؟ — دەپ سورىدى يۈجىن.

— مەن ئىككى قېتىم كىرىپ تاپالماي چىقتىم، — دېدى ديەن ۋېي.

— بىرلىكتە كىرىپ تەقسىرىمنى قۇتقۇزۇپ چىقايلى، — دېدى يۈجىن.

ئىككىسى بىللە قوۋۇق تۈۋىگە كەلگەندە، سىپىل ئۈستىدىن كۆيدۈرگۈچ توپ ئېتىلغىلى تۇردى، يۈجىن كىرەلمىدى. ديەن ۋېي ئوتتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، چاپا ـ چاپا يەنە شەھەرگە كىرىپ، ھەممە يەرگە بېرىپ ئىزدەشكە كىرىشتى.

ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ ديەن ۋېيىنىڭ چاپ ـ چاپ بىلەن چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالغانىدى، تۆت تەرەپتىن ئادەم كېلىپ توسۇۋالغانلىقتىن، تۆۋەن قوۋۇقتىن چىقىپ كېتەلمەي، يەنە يۇقىرى قوۋۇققا كېلىپ، ئوت يالقۇنى ئىچىدە لۈي بۇنى يالمىنىنى ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھالدا ئۇچراتتى. ساۋ ساۋ قولى بىلەن يۈزىنى توسۇپ، ئېتىنى قامچىلىغان پېتى ئۆتۈپ كېتىۋەردى. لۈي بۇ ئارقىدىن قوغلاپ كېلىپ، ساۋ ساۋنىڭ دۇبۇلغىسىغا يالمان ئۇردى ۋە:

— ساۋ ساۋ قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان قۇلا ئاتلىق شۇ! — دېدى ساۋ ساۋ ئالدىدا كېتىۋاتقان بىر كىشىنى كۆرسىتىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان لۈي بۇ ساۋ ساۋنى تاشلاپ، ئېتىنى چاپتۇرغىنىچە ئالدىدىكى كىشىنى قوغلاپ كەتتى. ساۋ ساۋ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپلا كۈنچىقىش قوۋۇققا قاراپ قاچتى ۋە ديەن ۋېيگە يولۇقۇپ قالدى. ديەن ۋېي قىرغىن بىلەن قانلىق بىر يول ئېچىپ، ساۋ ساۋنى قوۋۇق تۈۋىگىچە قوغداپ كەلدى، ئوت يالقۇنى ئەۋج ئېلىپ، سىپىل ئۈستىدىن ئوتۇن ۋە چۆپلەر تاشلانغانلىقتىن ھەممە يەرنى ئوت قاپلىماقتا ئىدى. ديەن ۋېي ئوتنى يالمان بىلەن ئىككى تەرەپكە سۈرۈپ يول ئاچتى ـ دە،

ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ ئوتتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتتى، ئارقىدىن ساۋ ساۋمۇ چىقىپ كەتتى. بۇلار ئەمدى قوۋۇق ئىچىگە كىرىشىگە سىپىلدىن غۇلاپ چۈشكەن بىر ئوتلۇق لىم ساۋ ساۋ مىنگەن ئاتنىڭ سۆگۈنچىگە تەگدى ـ دە، ئات يەرگە يىقىلدى. ساۋ ساۋ قولى بىلەن لىمنى ئىتتىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولى، ساقال ـ چاچلىرى ئۇكلىنىپ كۆيۈپ يارىدار بولدى. دىيەن ۋېي قۇتقۇزۇش ئۇچۇن ئارقىغا ياندى، دەل شۇ تاپتا شيا خۇيۇەنمۇ كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ شيا خۇيۇەننىڭ ئېتىغا مىندى، دىيەن ۋېي چاپ ـ چاپ قىلىپ يول ئاچتى، ئىككىسى بىرلىكتە ساۋ ساۋنى قۇتۇلدۇرۇپ ئوتتىن ئېلىپ چىقتى، تاڭ ئاتقۇچە قۇچاقلاشما جەڭ بولدى. ساۋ ساۋ ئاندىن قارارگاھىغا قايتىپ كېلەلىدى.

سەركەردىلەر تەزىم بىلەن ھال سورىدى.

— مەن ئۇ بەچچىغەرنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ قالدىم، بۇ قىساسنى چوقۇم ئالىمەن، —دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تېزدىن تەدبىر كۆرەيلى، — دەپ پىكىر بەردى گو جيا.

— بۇگۈنچە ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۈمۈچ قىلىشىمىز كېرەك: مېنى ئوتتىن جاراھەتلىنىپ ئۆلدى، دەپ يالغان خەۋەر تارقىتايلى. لۈي بۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان چوقۇم لەشكەر تارتىپ بىزگە تېگىش قىلىدۇ. بىز مالىڭشەن تېغىغا لەشكەر يوشۇرايلى ـ دە، لۈي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆتۈپ بولغاندا تېگىش قىلساق، ئاندىن ئۇنى تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى ساۋ ساۋ.

— مانا بۇ ھەقىقەتەن ياخشى تەدبىر! — دېدى گوجيا.

شۇنىڭ بىلەن لەشكەرلەرگە قارىلىق كىيدۈرۈپ ماتەم تۇتقۇزۇلدى. ساۋ ساۋ ئۆلدى دېگەن يالغان سۆز تارقىتىلدى. ساۋ ساۋ پۇت ـ قوللىرى ۋە پۈتۈن تېنى كۆيۈپ، قارارگاھىغا بېرىپلا ئۆلۈپتۇ، دېگەن خەۋەر ھە دېگەندىلا پۇياڭدىكى لۈي بۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

قولىغا يەتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ مالىڭشەن تېغىغا قىرغىن قىلىشقا ماڭدى. ئۇ ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا يېتىپ كېلىشىگىلا، ناغرا ئاۋازى چىقتى ــ دە، يوشۇرۇنغان لەشكەرلەر تۆت تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. لۈي بۇ ئۆلە ــ تىرىلىشىگە باقماي جەڭ قىلىپ مىڭ تەسلىكتە قۇتۇلۇپ چىقتى، خېلى كۆپ ئادىمىدىن ئايرىلىپ، قاتتىق يېڭىلىپ، پۇياڭغا قايتتى ۋە شەھەردىن چىقماي يېتىۋالدى. شۇ يىلى چېكەتكە ئاپىتى پەيدا بولۇپ، بىر تالمۇ زىرائەت قالدۇرمىغانلىقتىن، تۇڭگۇەننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىكى جايلاردا بىر خو ئاشلىق 50 تىزىق يارماقىمۇ تېپىلمايدىغان بولۇپ قېلىپ، خەلق ئارىسىدا ئادەمخورلۇق پەيدا بولدى. ئاشلىق قىيىنچىلىقى يۈزىسىدىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ۋاقىتلىق جۈەنچېڭ شەھىرىگە قايتۇردى. لۈي بۇمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ شەنياڭغا ئورۇنلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ۋاقىتىنچە جەڭنى توختاتتى.

ئەمدى گەپنى شۈيجۇدىن ئاڭلاڭ. شۇ يىلى تاۋ چيەن 63 يېشىدا تۇيۇقسىز كېسەل بولۇپ قالدى، كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى سېزىپ، مى جۇ، چېن دېڭلارنى كېڭەشكە چاقىردى. مى جۇ:

— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنىشى لۈي بۇنىڭ يەنجۇغا تەگكەنلىكىدىن بولدى، ھازىر قەھەتچىلىك يۈزىسىدىن جەڭنى توختاتتى، كەلگۈسى باھاردا چوقۇم كېلىدۇ. ھاكىم جانابلىرى خىزمەت ئورۇنلىرىنى ئىككى قېتىم ليۇ بېيغا ئۆتۈنگەندىلە، ئۇ ۋاقىتتا ھاكىم جانابلىرىنىڭ سالامەتلىكلىرى ياخشى بولغانلىقى ئۈچۈن ليۇ بېي قوبۇل قىلمىغانىدى؛ ئەلھال كېسەللىرى ئېغىرلاشتى، مۇشۇ پەيتتە ئورۇنلىرىنى ئۆتۈنۈپ بەرسىلە، رەت قىلالمايدۇ، — دېگەن پىكىرنى بايان قىلدى.

تاۋ چيەن بۇنىڭغا ناھايىتى خۇش بولۇپ لەشكەر ئىشلىرى

توغرىسىدا كېڭىشىمىز بار، دەپ شياۋپېيغا كىشى ئەۋەتىپ ليۇ بېينى شۈيجۇغا تەكلىپ قىلدى. ليۇ بېي، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلارنى بىرنەچچە ئون ئاتلىق لەشكىرى بىلەن ئېلىپ شۈيجۇغا كەلدى. تاۋ چيەن ھۇجرىسىدا بۇلارنى قوبۇل قىلدى. ليۇ بېي سالاملىشىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى. ئاندىن تاۋ چيەن:

— جانابىي ليۇ بېي، ئۆزلىرىنى چاقىرتىشتىن باشقا مەقسەت يوق، كېسەللىم ئېغىرلاشتى، بۈگۈن كېتىپ قالىمەنمۇ، ئەتىمۇ، بىرنېمە دېيىش تەس؛ جانابلىرىنىڭ خەن خاندانلىقىغا ئىچلىرىنى ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئايماق ـ شەھەرلىرىگە ئېتىبار بېرىش يۈزىسىدىن شۈيجۇنىڭ تامغىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشلىرىنى سورايمەن. شۇنىڭدىلا ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلىدۇ! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— جانابلىرىنىڭ ئىككى ئوغۇللىرى بار، نېمە ئۈچۈن ئۇلارغا قالدۇرمايدىلا؟ — دېدى ليۇ بېي.

— چوڭ ئوغلۇم شاڭ، كىچىك ئوغلۇم يىڭ، ھەر ئىككىلىسى بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالمايدۇ. كەمىنىلىرى ئۆلگەندىن كېيىن بۇلارغا جانابلىرى ئاتىدارلىق قىلۇرلا، ئايماقنىڭ ئىدارە ھوقۇقىنى بۇلارغا ئەسلا تۇتقۇزۇپ قويمىغايلا، — دەپ ئىلتىماس قىلدى تاۋ چيەن.

— مەن يالغۇز قانداق قىلىپ بۇ ئۇلۇغ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەن؟ — دېدى ليۇ بېي.

— مەن جانابلىرىنىڭ ياردىمىگە بىر كىشىنى تونۇشتۇرىمەن، بۇ كىشى بېيخەيلىك، ئىسىم ـ زاتى سۈن چيەن، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ يۇ. بۇ ئادەم خىزمەتلىرىدە بولسا بولىدۇ، — دېدى تاۋ چيەن ۋە يەنە مى جۇغا قاراپ، — ليۇ بېي دەۋرىمىزنىڭ مەشھۇر زاتلىرىدىن، بۇ كىشىگە ياخشى خىزمەت قىلغايسىز، — دېدى.

ليۇ بېي زادى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىدى. شۇ چاغ تاۋ چيەن

www.uyghurkitap.com

قولى بىلەن يۈرىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ۋاپات بولدى. كۆپچىلىك ۋە لەشكەرلەر تەزىيە بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئايماق تامغىسىنى ليۇ بېيغا تاپشۇردى. ليۇ بېي زادى قوبۇل قىلمىدى. ئەتىسى شۆيجۇ ئاھالىسى ئايماق يامۇل ئالدىغا تىقما ـ تىقماق بولۇپ كېلىشىپ تىزلانغىنىچە:

— ليۇ بېي جانابلىرى، ئەگەر سىلى بۇ ئايماقنى قوللىرىغا ئالمايدىكەنلا، بىز خالايىق ئامان ـ ئېسەن، راھەت ـ ھالاۋەتتە ئۆتەلمەيمىز، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالدى.

گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيمۇ قايتا ـ قايتا تەۋسىيە ۋە نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ليۇ بېي ئاخىر شۆيجۇنى سوراش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشقا ماقۇل بولدى. سۇن چيەن بىلەن مى جۇنى ياردەمچى، چېن دېڭنى سەركار قىلىپ بەلگىلىدى؛ شياۋپېيدىكى لەشكەرلىرىنى شۆيجۇغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئەل ئەمىن ئېلانى چىقاردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، دەپنە ئىشلىرىنى ئادا ئەتتى. ليۇ بېي باشلىق ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلار، لەشكەرلەر قارىلىق كىيدى ۋە زور ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. ماتەم مۇراسىمى تۈگىگەندىن كېيىن، جەسەتنى خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىغا دەپنە قىلدى ھەمدە تاۋ چيەننىڭ قالدۇرغان ئىلتىماسىنى خانغا مەلۇم قىلدى.

ساۋ ساۋ جۈەنچېڭدا تۇرۇپ، تاۋ چيەننىڭ ئۆلگەنلىكىنى، ليۇ بېي شۆيجۇنىڭ ئايماق پاسبانى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قاتتىق غەزەپلىنىپ:

— مەن قىساسىمنى تېخى ئالمىسام، ئۇ بىرىم ئوقياچىلىك كۈچ سەرپ قىلماستىن شۆيجۇغا ئىگە بولۇۋالامدىكەن! مەن ئالدى بىلەن ليۇ بېينى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن تاۋ چيەننىڭ جەسىتىنى چەيلەپ، ئاتا قىساسىمنى ئالىمەن! — دېدى ـ دە، شۇئان ئەتىسى شۆيجۇغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى.

— بۇرۇنسىدا، — دېدى شۈن يۈي مەسلىھەت بېرىپ، — گاۋزۇ خاننىڭ گۇەنجۇڭنى قوغداپ تۇرالىشى، گۇاڭ ۋۇ خاننىڭ خېنېينى ئىگىلەپ تۇرالىشى ئۇلارنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ شۇ چاغدا پۈتۈن ئەلگە پۇختا ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقىدىن بولدى، تېگىش قىلسا ياۋنى يەڭگىلى ۋە ياكى چېكىنگەندە قاتتىق مۇداپىئە قىلغىلى بولاتتى، شۇڭلاشقا، گەرچە مۈشكۈلاتلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئاخىردا ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىدى. جانابلىرى يەنجۇنى باشقۇرۇۋاتىدىلا، خې بىلەن جى ئېلىمىزنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرى، يەنى ئۆتمۈشنىڭ گۇەنجۇڭى ۋە خېنېيىسى. ئەگەر بۈگۈن شۈيجۇنى ئالىدىغان بولساق، بۇ يەرگە كۆپ لەشكەر قالدۇرساق، لەشكەر يېتىشمەيدۇ، ئاز لەشكەر قالدۇرساق، لۈي بۇ بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ يەنجۇنى بېسىۋالىدۇ. ناۋادا شۈيجۇنى ئالالماي قالساق، ئۇنداقتا جانابلىرى نەدىن پاناھ تاپىدىلا؟ ھالا تاۋ چيەن ئۆلگەن بولسىمۇ، لىيۇ بېي ئۇ يەرنى ساقلاۋاتىدۇ. شۈيجۇ ئاھالىسى لىيۇ بېيغا بويسۇنغانىكەن، ئۇنداقتا لىيۇ بېي ئۈچۈن جان تىكىپ جەڭ قىلىدۇ. جانابلىرىنىڭ يەنجۇنى قولدىن بېرىپ، شۈيجۇنى ئالىمەن، دېيىشلىرى چوڭنى كىچىككە تېگىشىش، غولدىن كېچىپ شاخقا ئىنتىلىش، ئامانلىقنى خەۋپلىككە ئايلاندۇرۇپ قويۇش بولىدۇ. بۇنى ئوبدان مۇھاكىمە قىلىپ باقسىلا!

— بۇ يىل قەھەتچىلىك بولۇپ ئاشلىق يېتىشمەيۋاتىدۇ، لەشكەرلەر بىلەن بۇ يەرنى ساقلاپ يېتىۋېرىش ھامان ياخشى تەدبىر ئەمەس، — دېدى ساۋ ساۋ.

— كۈنچىقىش تەرەپكە — چېنغا يۈرۈش قىلىپ، لەشكەرلىرىمىزنى رۇنەن، يىڭچۈەنلەردە بېقىشىمىز كېرەك. سېرىق ياغلىقلىقلارنىڭ قالدۇقلىرىدىن خې يى، خۇاڭ شاۋلارنىڭ ئايماقلاردىن بۇلاپ ئالغان نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇنلىرى، ئاشلىقلىرى بار، يەنە كېلىپ بۇ قاراقچىلارنى

يوقاتماق ئاسان؛ بۇلارنى يوقىتىپ، ئۇلارنىڭ ئاشلىقلىرى بىلەن لەشكەرلىرىمىزنى تەمىنلىسەك، خان خۇش بولىدۇ، خەلق رازى بولىدۇ، تەڭرىمۇ راۋا كۆرىدۇ، — دەپ تەكلىپ بەردى شۇن يۈي.

ساۋ ساۋ بۇنى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆردى. جۇەنچېڭ قاتارلىق ئورۇنلارنى ساقلاشقا شيا خۇدۇن بىلەن ساۋ رېننى قالدۇرۇپ، ئۆزى لەشكەر باشلاپ ئالدى بىلەن چېن تەۋەسىگە، ئاندىن رۇەن، يىڭچۇەنلەرگە بېسىپ كەلدى. سېرىق ياغلىقلىقلاردىن خې يى، خۇاڭ شاۋلار ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى كەلگىنىنى ئۇقۇپ، لەشكەر تارتىپ قارشى چىقتى، بۇلار ياڭشەن دېگەن جايدا ئۇچراشتى. قاراقچىلارنىڭ لەشكەرلىرى ساندا كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئېغىز - بۇرۇن يالاشقان بۇزۇقلار بولغانلىقتىن، چېچىلاڭغۇ، رەتسىز ئىدى. ساۋ ساۋ كۈچلۈك ئېتىش ۋە ياۋنى توختىتىش بىلەن ديەن ۋېينى چىقىپ ئېلىشىشقا بۇيرۇدى. خې يى ئۆزىنىڭ ياردەمچى ئەمىر لەشكەرلىرىنى مەيدانغا چىقاردى. ئۈچ قەپەس ئېلىشىپلا، ديەن ۋېي ئۇنى يالمان بىلەن بىر سىلىپ ئات ئاستىغا يىقىتتى. ساۋ ساۋ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ ياڭشەندىن ئۆتۈپ قارارگاھ قۇردى. ئەتىسى، خۇاڭ شاۋ ئۆزى لەشكەر باشلاپ كەلدى. سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر سەركەردە پىيادە مەيدانغا چىقتى، ئۇ بېشىغا سېرىق ياغلىق تاڭغان، ئۇچىسىغا يېشىل كىيىم كىيگەن، قولىغا پولات گۈرزە تۇتقان ھالدا:

— مەن تەڭرىنىڭمۇ يولىنى توسىدىغان يەكسا خې مەن بولىمەن! كىم مېنىڭ بىلەن ئېلىشالايدۇ؟ — دەپ توۋلىدى.

بۇنى كۆرگەن ساۋ خۇڭ قاتتىق ۋارقىراپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشكىنىچە قىلىچىنى ئالدى - دە، پىيادە مەيدانغا چۈشتى. ئىككىسى سەپ ئالدىدىكى مەيداندا تۇتۇشۇپ كەتتى، 40 — 50 قەپەس ئېلىشقان بولسىمۇ، يېڭىش - يېڭىلىش بىر تەرەپ

بولمىدى. ساۋ خولۇك يالغاندىن يىغىلغەن بولۇپ قاچتى، خې مەن قوغلاپ كەلدى. ساۋ خولۇك ئۇشتۇمتۇتلا ئارقىغا ئۆرۈلۈپ خې مەننى چاپتى، ئارقىدىن يەنە بىر قىلىچ سىلىش بىلەن ئۇنى ئۆلتۈردى. لى دىيەن پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قاراقچىلار سېپىگە ئۇچقاندەك ئات سالدى. خولاڭ شاۋ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچە لى دىيەننىڭ قولىغا تىرىك چۈشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاراقچىلارنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ۋە ئاشلىق ـ تۈلۈك غەنىيمەت ئالدى. ئاجىزلىشىپ كەتكەن خې يى بىرنەچچە يۈز ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ گېپپۇغا قاراپ قاچتى. ئالدىراپ كېتىۋاتقىنىدا تاغ ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى، ئالدىدا كېلىۋاتقان بويى سەككىز چى، بېلى ئون ئۆرۈم كېلىدىغان، قولىدا چوڭ قىلىچ تۇتقان بىر پالۋان يولنى توسۇدى. خې يىمۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ قارشى چىقتى، ھېلىقى پالۋان بىر ئۇرۇش بىلەنلا خې يىنى تىرىك تۇتۇۋالدى، قالغانلىرى تەمتىرىشىپ ئالدىراپ ئاتتىن چۈشۈپ ئەل بولدى، پالۋان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى گېپپۇ قورغىنىغا ئەكىرىپ كەتتى.

دىيەن ۋېيگە كەلسەك، ئۇ خې يىنى قوغلاپ گېپپۇغا كەلگەندە، ھېلىقى پالۋان ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى.

— سەنمۇ سېرىق ياغلىقلىق قاراقچىلاردىنمۇ؟ — دەپ سورىدى دىيەن ۋېي.

— بىرنەچچە يۈز ئاتلىق سېرىق ياغلىقلىقلارنى قورغان ئىچىدە تۇتتۇم! — دەپ جاۋاب بەردى پالۋان.

— نېمە ئۇچۇن تاپشۇرمايسەن؟ — دېدى دىيەن ۋېي.

— ئەگەر قولۇمدىكى قىلىچنى يېڭەلىسەڭ ئاندىن تاپشۇرىمەن، — دېدى پالۋان.

دىيەن ۋېي غەزەپلىنىپ، قوش يالمىنىنى ئېلىپ ئېتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىسى ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئېلىشتى، يېڭىش – يېڭىلىش بىر تەرەپ بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئازغىنا دەم ئېلىۋېلىشقا قايتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ھېلىقى پالۋان يەنە كېلىپ جەڭگە ئۈندىدى. دىيەن ۋېيمۇ مەيدانغا چۈشتى. بۇلار زاۋال ۋاقتىغىچە ئېلىشىپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئېتى ھارغانلىقتىن، جەڭنى يەنە ۋاقتىنچە توختاتتى. دىيەن ۋېينىڭ قول ئاستىدىكىلىرى ئۈچقاندەك بېرىپ ئەھۋالنى ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ قاتتىق چۆچۈپ، ئالدىراپ سەركەردىلىرىنى باشلاپ ئۇنى كۆرۈشكە كەلدى. ئەتىسى پالۋان يەنە چىقىپ جەڭگە ئۈندىدى. ساۋ ساۋ بۇ پالۋاننىڭ ھەيۋەت – سالاپىتىنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە خۇشال بولمىدى ۋە دىيەن ۋېيگە يالغاندىن يېڭىلىشنى تاپىلىدى. دىيەن ۋېي بۇيرۇق بويىچە جەڭگە چىقتى؛ 30 قەپەس ئېلىشقاندىن كېيىن، دىيەن ۋېي يېڭىلگەن بولۇپ ئۆز سېپىگە قايتتى. پالۋان سەپ قوۋۇقى ئالدىغا كەلگەندە، ئوقيا بىلەن چېكىندۈرۈلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن ئالدىراپ بەش چاقىرىم ئارقىغا چېكىندى ۋە مەخپىي ئورا كولاش ئۈچۈن بۇيرۇق بەردى، ئىلمەك – ئوقۇرۇقچىلارنى مۆكتۈرۈپ قويدى. ئەتىسى دىيەن ۋېي بۇيرۇق بويىچە 100 دىن ئارتۇق ئاتلىق لەشكەر بىلەن جەڭگە چىقتى.

— ھە، يېڭىلگەن نوچى، يەنە كېلىشكە پېتىندىڭمۇ؟ — دېدى پالۋان كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئات چاپتۇرۇپ جەڭگە كىردى. دىيەن ۋېي ئانچە – مۇنچە ئېلىشىپلا، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچتى. پالۋان قوغلاپ كېلىۋەردى – دە، ئېھتىياتسىزلىقتىن، ئېتى بىلەنلا ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. ئىلمەك – ئوقۇرۇقچىلار ئۇنى ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ساۋ ساۋ بارگاھىدىن چىقىپ لەشكەرلىرىنى تۇۋلاپ قايتۇردى – دە، ئۆزى بەنتتىن بوشاتتى ۋە تېزلىكتە كىيىملەر ئالدۇرۇپ كىيگۈزۈپ، ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئىسمى – زاتىنى ۋە يۇرتىنى سورىدى.

— مەن چياۋگۇنىڭ چياۋشەن دېگەن يېرىدىن، ئىسمىم –

زاتىم شۈي چۇ، يەنە بىر ئىسمىم جۇڭ كاڭ. قاراقچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىرنەچچە يۈز قوۋم - قېرىنداشلىرىم بىلەن قورغان قۇرۇپ ئۆزىمىزنى مۇھاپىزەت قىلدۇق. بىر كۈنى قاراقچىلار كەلدى، مەن ئادەملەرگە نۇرغۇن تاش ھازىرلاشنى بۇيرۇدۇم، ئۆزۈم قاراقچىلارنى تاشبوران قىلدىم، ئاتقانلا تېشىم بوش كەتمىدى، قاراقچىلار چېكىندى، بىر كۈنى قاراقچىلار يەنە كەلدى، قورغاندا ئاشلىق يوق ئىدى. كالىغا گۈرۈچ تېگىشىشكە قاراقچىلار بىلەن كېلىشتۇق. گۈرۈچنى ئېپكېلىشتى، قاراقچىلار كالىلارنى قورغان سىرتىغا ھەيدەپ چىققاندا، كالىلارنىڭ ھەممىسى كەينىگە يېنىپ قاچتى، مەن كېتىۋاتقان كالىدىن ئىككىسىنىڭ قۇيرۇقىدىن تارتىپ بىرنەچچە يۈز قەدەم يەرگە كەينىچە سۆرەپ ئەپكەلدىم. قاراقچىلار ھەيران بولۇپ، كالىلارنى ئەكېتىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرنى ئامان ساقلاپ قالدۇق، — دەپ سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ بەردى پالۋان.

— مەن سىزنىڭ نام - شۆھرىتىڭىزنى خېلى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلىغانمەن، ئەل بولسىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— بۇ مېنىڭ ئارزۇيۇم، — دېدى شۈي چۇ ۋە ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يۈز قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ئەل بولدى. ساۋ ساۋ شۈي چۇنى قوشۇن ئەمىرى قىلىپ تەيىنلەپ، زور ئىلتىپاتلار كۆرسەتتى. كېيىن خې يى، خۇاڭ شاۋلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتى. شۇنىڭ بىلەن رۇنەن، يىڭچۇەنلەر تىنچىدى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بىلەن قايتتى، ساۋ رېن، شيا خۇدۇنلار ئىستىقبال قىلىپ كۆرۈشتى ۋە:

— ئايغاقچىلىرىمىزنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، يەنجۇدىكى شۆ لەن، لى فېڭلار لەشكەرلىرى بىلەن بۇلاڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىقىپ كېتىپ شەھەر بوش قاپتۇ، ئەگەر بۇ زەپەر قوچقان لەشكەرلىرىمىز بىلەن بارىدىغان بولساق، بىرلا ھە ـ ھۇ بىلەن شەھەرنى ئالغىلى بولىدۇ، — دېيىشتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن يەنجوغا كەلدى. بۇ شۈ لەن بىلەن لى فېڭ ئۇچۇن كۈتمىگەن ھادىسە بولدى. ئۇلار لەشكەر باشلاپ چىقىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر بولدى. شۈي چۇ:

— مەن بۇ ئىككىسىنى تۇتۇپ، دەسلەپكى كۆرۈشۈشىمىزنىڭ سوۋغىسى قىلىسام، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ساۋ ساۋ خۇشال بولۇپ جەڭگە چىقىشقا بۇيرۇق بەردى. لى فېڭ يالمىسىنى ئېلىپ مەيدانغا چۈشتى، ئىككى قەپەس ئېلىشىپلا شۈ چۇ لى فېڭنى چېپىپ ئات ئاستىغا چۈشۈردى. شۈ لەن ئالمان ـ تالمان ئۆز سېپىگە قاچتى، ئاسما كۆۋرۈك يېنىغا كەلگەندە لى ديەن توسۇۋالدى. شۈ لەن شەھەرگە كىرىشكە جۇرئەت قىلالماي، باشپاناھ ئىزدەپ لەشكەرلىرى بىلەن جۈيېيگە قاراپ ماڭدى. لۈي چيەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بىر ئوقيا بىلەن شۈ لەننى ئات ئۈستىدىن ئۇچۇرۇۋەتتى، لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسى پاتىپاراق بولۇپ چېچىلىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ يەنجۇنى قايتا ئالغاندىن كېيىن، چېڭ يۈي پۇياڭغا لەشكەر باشلاش تەكلىپىنى قويدى. ساۋ ساۋ شۈي چۇ بىلەن ديەن ۋېينى تۇرشاۋۇل لەشكەر بېشى، شيا خۇدۇن بىلەن شيا خۇيۈەننى سول قانات لەشكەر بېشى، لى ديەن بىلەن يۆ جىننى ئوڭ قانات لەشكەر بېشى قىلدى. ئۆزى بارگاھ قوشۇنىنى باشلاپ ماڭىدىغان بولدى. يۆ جىن بىلەن لۈي چيەننى ھىماتچى لەشكەر بېشى قىلدى. لەشكەر پۇياڭغا يېتىپ كەلگەندە، لۈي بۇ ئۆزى تىغ كۆتۈرۈپ چىقماقچى بولدى، بۇ چاغدا چېن گوڭ:

— جەڭگە چىقىش ياخشى بولماسمىكىن، سەركەردىلىرىمىز ھەممىسى يىغىلغاندا، ئاندىن چىقساق ياخشى بولار، — دەپ پىكىر بەردى.

— كىمدىن قورقۇتتىم، — دېدى لۇي بۇ چېن گۇڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپ ئالدىغا چىقتى. ئۆزى يالمىنىنى توغرا تۇتۇپ، تىل سېلىشقا باشلىدى. شۇي چۇ مەيدانغا چۈشتى، 20 رەددى بەدەل ئۆتۈلدى، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى. ساۋ ساۋ:

— لۇي بۇنى بىر ئادەم يېڭەلمەيدۇ! — دەپ ديەن ۋېينى ھەمدەملىشىشكە چىقاردى.

ئىككى سەردار لۇي بۇنى ئارىغا ئالدى؛ بۇ ۋاقىتتا سول تەرەپتىن شيا خۇدۇن، شيا خۇيۈەن، ئوڭ تەرەپتىن لى ديەن، يۆ جىنلار بىردەكلا كېلىپ، ئالتە سەردار بىراقلا لۇي بۇغا ئېتىلدى. لۇي بۇ تەڭ كېلەلمەي ئېتىنىڭ بېشىنى قايتۇرۇپ شەھەرگە ياندى. سېپىل ئۈستىدە تۇرغان تيەن شى لۇي بۇنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان ئاسما كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈۋېلىشنى بۇيرۇدى.

— قوۋۇقنى ئېچىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى لۇي بۇ.

— مەن ساۋ سەردارغا ئەل بولدۇم، — دېدى تيەن شى.

لۇي بۇ تىللىغان پېتى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ دىڭتاۋغا كەتتى. چېن گۇڭ كۈنچىقىش قوۋۇقنى دەرھال ئاچتۇرۇپ، لۇي بۇنىڭ ئۆيىدىكى قېرى - ياش ھەممىسىنى ئېلىپ شەھەردىن قورۇغداپ چىقتى. ئارقىدىن ساۋ ساۋ پۇياڭنى ئالدى، تيەن شىنىڭ بۇرۇنقى گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلدى. ليۇ يې:

— لۇي بۇ غەيۇر بىر ئارسلان، ھازىر هاردى، ئۇنىڭغا دەم بەرمەسلىك كېرەك، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ ليۇ يېلارنى پۇياڭنى ساقلاشقا قالدۇردى، ئۆزى لەشكەر باشلاپ لۇي بۇنى قوغلاپ دىڭتاۋغا كەلدى. بۇ چاغدا لۇي بۇ، جاڭ مياۋ، جاڭ چاۋلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە ئىدى، گاۋ شۇن، جاڭ لياۋ، زاڭ با، خۇ چېڭلار دېڭىز ياقىلىرىغا ئاشلىق ئالغىلى كېتىپ تېخى قايتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

كېلىشمىگەندى. ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى بىلەن دىڭتاۋغا يېتىپ كېلىپ، جەڭ قىلماستىنلا، لەشكەرلىرىنى 40 چاقىرىم چېكىندۇرۇپ قارارگاھ قۇردى. بۇ جىجۇن ئايمىقىدا بۇغداي پىشقان چاغ ئىدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئوزۇق توپلاش ئۈچۈن ئورمىغا سالدى. ئايغاقچىلار بۇ ئەھۋالنى لۈي بۇغا مەلۇم قىلدى، لۈي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى، ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا ئاز قالغاندا، سول تەرەپتىكى قېلىن ئورمانزارلىقنى كۆرۈپ، يوشۇرۇلغان لەشكەرلەر بولۇشى مۇمكىن، دەپ ۋەھىمىگە چۈشتى ـ دە، لەشكەرلىرىنىياندۇرۇپ كەتتى. ساۋ ساۋ لۈي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ قايتقىنىنى ئاڭلاپ، سەردارلىرىغا:

— لۈي بۇ ئورمانلىقتا مۆكتۈرۈلگەن لەشكەر بار دەپ گۇمان قىپتۇ، ئورمانلىقتا كۆپلەپ ئەلەم قادايلى، گۇمانى تېخىمۇ ئاشسۇن. قارارگاھنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى ئۇزۇن تۇغاننىڭ ئارقىسىدا سۇ يوق، ئۇ يەرگە خىل لەشكەرلەرنى مۆكتۈرۈپ قويايلى. ئەتە لۈي بۇ چوقۇم ئورمانلىقتا ئوت قويغىلى كېلىدۇ، شۇ چاغدا تۇغان ئارقىسىدىكىلەر چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ قويسۇن، شۇنىڭدىلا لۈي بۇنى تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن ناغرا ـ دۇمباق چېلىشقا 50 كىشى قالدۇرۇلدى، يېزىدىن تۇتۇپ كېلىنگەن ئەر ـ ئاياللار قارارگاھتا سۇرەن ـ چۇقان سېلىشقا قويۇلدى، تۇغان ئىچىگە خىللانغان نۇرغۇن لەشكەرلەر مۆكتۈرۈلدى.

لۈي بۇ قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى چېن گۇڭغا سۆزلەپ بەردى.

— ساۋ ساۋ نەيرەڭۋاز، مەككار. ياۋغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ، — دېدى چېن گۇڭ.

— ئوت بىلەن تېگىش قىلسام، مۆكتۈرۈلگەن لەشكەرلىرىنى يوقاتقىلى بولىدۇ، — دېدى لۈي بۇ.

ئەتىسى لۈي بۇ چېن گۇڭ بىلەن گاۋ شۇننى شەھەرنى

ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى لەشكەر باشلاپ چىقتى، يىراقتىن ئورمانلىقتىكى ئەلەملەرنى كۆرۈپ، لەشكەرلىرىنى ھە دەپ ئالغا ھەيدەپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئوت قويدى، قارىسا بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، قارارگاھقا تاشلىناي دەپ تۇرۇشىغا، ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ناغرا سادالىرى ياڭرىدى. بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرۇشىغا، توساتتىن قارارگاھ ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى. لۈي بۇ ئېتىنى دېۋىتىپ كېلىۋىدى، زەمبىرەك ئاۋازى بىلەن تەڭلا تۇغان ئىچىدىكى مۆكتۈرۈلگەن لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى چىقىپ كەلدى: شيا خۇدۇن، شيا خۇيۇەن، شۈي چۇ، ديەن ۋېي، لى ديەن، يۆ جىنلار ئات چاپتۇرۇپ چاپ - چاپقا چۈشتى، لۈي بۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئالدىراپ - تېنەپ قاچتى. لۈي بۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن چېڭ ليەننى يۆ جىن ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى بۇ جەڭدە يوقىتىلدى. قاچقان لەشكەرلەر كېلىپ چېن گۇڭغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى.

چېن گۇڭ:

— قۇرۇق شەھەرنى ساقلاش مۇشكۇل، ئۇنىڭدىن كۆرە تاشلاپ تېز كېتەيلى، — دېدى - دە، گاۋ شۇن بىلەن بىرلىكتە لۈي بۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ، دىڭتاۋنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى. ساۋ ساۋ زەپەر قۇچقان لەشكەرلىرى بىلەن يىمىرگۇچ كۇچ بولۇپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى. جاڭ چاۋ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، جاڭ مياۋ پاناھ تىلەپ يۈەن شۇنىڭ يېنىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۇتۇن خۇاشەن تېغىنىڭ كۇنچىقىش تەرىپى ساۋ ساۋنىڭ قولىغا ئۆتتى. ساۋ ساۋ پۇقرانى خاتىرجەم قىلىپ، سېپىل سوقۇشقا كىرىشتى. بۇ گەپ شۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى لۈي بۇغا كەلسەك، ئۇ كېتىۋېتىپ سەردارلىرىغا ئۇچراپ قالدى. چېن گۇڭمۇ تېپىلدى. لۈي بۇ:

— لەشكەرلىرىمىز ئاز بولسىمۇ، لېكىن ساۋ ساۋنى

يوقىتىشقا يېتىدۇ، — دەپ يەنە لەشكەر باشلىماقچى بولدى.

دەرھەقىقەت:

*يېڭىلىش ـ يېڭىش دېگەن سەردارغا دائىم بوپ تۇرۇر،*
*تىغ تۇتۇپ، ئات چاپتۇرۇپ قايتا كېلۇرنى كىم بىلۇر.*

لۇي بۇنىڭ يەڭگەن ياكى يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون ئۈچىنچى باب

## لى جۆڭنىڭ گۇسى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلغانلىقى
## ياڭ فېڭ بىلەن دۇڭ چېڭنىڭ خانىنى قۇتقۇزغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ دىڭتاۋدا لۈي بۇنى قاتتىق يەڭگەندىن كېيىن، لۈي بۇ يېڭىلگەن قالدۇق لەشكەرلىرىنى دېڭىز ياقىلىرىغا يىغدى. سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىشىپ، ساۋ ساۋ بىلەن يەنە بىر ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش مەسلىھەتىنى قىلىشتى.

— بۈگۈنكى كۈندە ساۋ ساۋ ناھايىتى كۈچىيىۋالدى، تۇتۇشۇشنىڭ پايدىسى يوق. ئالدى بىلەن ئۆزىمىزگە بىر پاناھ جاي تېپىپ، ئاندىن تۇتۇشساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېگەن مەس-لىھەتنى بەردى چېن گۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، يەنە يۈەن شاۋدىن پاناھ تىلىسەك قانداق؟ — دېدى لۈي بۇ.

— ئالدى بىلەن جىجۇغا كىشى ئەۋەتەيلى، تىڭ ـ تىڭلاپ كەلسۇن، ئاندىن بارايلى، — دېدى چېن گۇڭ.

لۈي بۇ بۇنى ماقۇل كۆردى.

يۈەن شاۋغا كېلىدىغان بولساق، ئۇ جىجۇدا ساۋ ساۋ بىلەن لۈي بۇنىڭ تىركىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. بۇ ۋەقە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇناسىۋىتى بىلەن يۈەن شاۋنىڭ مەسلىھەتچىسى شېن پېي كىرىپ:

— لۇي بۇ بولسا بىر چىلبۆرە، ئەگەر يەنجۈنى ئىلىۋالىدىغان بولسا، چوقۇم جىجۈنى ئىلىشقىمۇ ئۇرۇنىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ساۋ ساۋغا بولۇشۇپ، بۇ بالانى ئارىدىن يوقىتايلى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

شۇنىڭ بىلەن يۈەن شاۋ يەن لياڭنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن ساۋ ساۋغا بولۇشۇشقا ئەۋەتتى. ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئىلىشقانلىرىدىن كېيىن ئۇچقاندەك كېلىپ لۇي بۇغا مەلۇم قىلدى. لۇي بۇ قاتتىق چۆچۈپ چېن گۇڭ بىلەن كېڭەش قىلدى. چېن گۇڭ:

— ئاڭلىشىمچە لىيۇ بېي شۈيجۈنى يېڭىدىن قولغا ئاپتۇ، شۇ يەردىن پاناھ تىلەيلى، — دېدى.

لۇي بۇ بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، شۈيجۈغا قاراپ يولغا چىقتى. بۇ خەۋەر لىيۇ بېيغا ئاڭلاندى. لىيۇ بېي:

— لۇي بۇ زامانىمىزنىڭ جەسۇر قەھرىمانى، ئۇنى قارشى ئېلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— لۇي بۇ چىلبۆرە مىجەزلىك بىر مەخلۇق، ئۇنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ؛ ئۇ ئارىمىزغا كىرسە، بىزگە زىيانكەشلىك قىلماي قويمايدۇ، — دېدى مى جۇ.

— ئۆتكەندە ئەگەر لۇي بۇ يەنجۈغا تەگمىگەن بولسا، ئايمىقىمىز قانداق قىلىپ ئاپەتتىن قۇتۇلالايتتى؛ بۈگۈنكى كۈندە ئىلاجسىز قېلىپ پاناھ تىلەپ كەلگەن ئادەمدە قانداقسىگە باشقىچە نىيەت بولسۇن! — دېدى لىيۇ بېي.

— ئاغا! سىلى سەممىي، ياخشى نىيەتلىك ئادەم، شۇنداق بولسىمۇ، ئېھتىيات قىلماي بولمايدۇ، — دېدى جاڭ فېي.

لىيۇ بېي كۆپچىلىكنى باشلاپ شەھەردىن 30 چاقىرىم يەرگىچە چىقىپ، لۇي بۇنى ئىستىقبال قىلدى، بۇلار ئاتلىق

يانمۇيان بولۇپ شەھەرگە كىردى. ئايماق يامۇل دىۋانىدا رەسمىي سالام ـ سەھەت قىلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئولتۇرۇشتى. لۇي بۇ:

— مەن ۋەزىر ۋاڭ يۈن بىلەن پەنت ئىشلىتىپ دۇڭ جۇنى ئۆلتۈرگىنىمدىن كېيىن، يەنە لى جۆ بىلەن گۇ سىنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ، سەرگەردان بولغان ھالدا تۈڭگۈەنىنىڭ كۇنچىقىش تەرەپلىرىگە كېلىپ قالدىم، بەگلەرنىڭ تولىسى مېنى سىغدۇرمىدى. ئەلھال قاراقچى ساۋ ساۋ ناھەق شۈيجۇغا تەئەررۇز قىلدى، جانابلىرى تاۋ چيەننى قۇتۇلدۇرماق ئۈچۈن كۈچ چىقاردىلا، كەمىنىلىرى يەنجۇغا تېگىش قىلىپ ئۇنىڭ كۈچىنى بۆلدۇم؛ ئەپسۇسكى، ئويلانمىغان يەردىن ياۋنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ، لەشكەر ۋە سەركەردىلىرىمدىن ئايرىلىپ تالاپەتكە ئۇچرىدىم. ئەمدى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلماق نىيىتىدە ئۆزلىرىدىن پاناھ تىلەپ كەلدىم، جانابلىرى قانداق دەيدىلاكىن؟ — دېدى.

— مەرھۇم تاۋ چيەن يېقىندىن ۋاپات بولدى. شۈيجۇنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا كىشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كەمىنىلىرى ئايماق ئىشلىرىنى ۋاقتىنچە باشقۇرۇپ تۇردۇم. بەختكە يارىشا بۈگۈن جانابلىرى كېلىپ قالدىلا، بۇ ئىش ئۆزلىرىگە مۇناسىپ بولغانلىقىدىن ئۆزلىرىگە ئۆتۈنىمەن، — دەپ تامغىنى ئالدۇرۇپ كېلىپ لۇي بۇغا تۇتتى ليۇ بېي.

لۇي بۇ تامغىنى ئېلىشقا تەمشەلدىيۇ، ليۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ قەھر ـ غەزەپلىك چىرايىغا كۆزى چۈشتى ـ دە، ساختا كۈلكە بىلەن:

— كەمىنە لۇي بۇ ھەرقانچە باتۇر بولسامۇ ئايماق پاسىبانلىقى ھۆددىسىدىن قانداق قىلىپ چىقالايمەن؟! — دېدى.

ليۇ بېي يەنە ئۆتۈنۈۋىدى، چېن گۇڭ:

— «كۈچلۈك مېھمان ساھىبخاننى باسماس» دەپتىكەن،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جانابلىرى شەكلەنمىسىلە، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن لىۇ بېي توختاپ قالدى. مەرىكە ـ سورۇن هازىرلاپ لۇي بۇنى كۈتۈشتى، هۇجرىلارنى تەييارلاپ ئۇلارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئەتىسى لۇي بۇ لىۇ بېينى مېھمانغا چاقىردى، لىۇ بېي گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن بىللە باردى. مەي ئىچىپ يېرىم ـ ياتا تەڭشىلىپ قالغاندا، لۇي بۇ لىۇ بېينى ئىچكىرىكى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارمۇ بىللە كىردى. لۇي بۇ خوتۇنى ۋە قىزىنى چاقىرتىپ چىقىپ، لىۇ بېيغا تەزىم قىلدۇردى. لىۇ بېي قايتا ـ قايتا كۆڭۈلچانلىق ئىزهار قىلدى. لۇي بۇ:

— ئەزىز ئىنىم، رەت قىلمىغايلا، — دېدى.

جاڭ فېي بۇنى ئاڭلاپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— مېنىڭ ئاغام ئېسىلزادىلەردىن، ئاغامنى ئىنىم دەيدىغانغا سەن قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ! نوچى بولساڭ مەيدانغا چىق! سېنىڭ بىلەن 300 رەددى بەدەل ئېلىشىپ باقاي! — دەپ ۋارقىرىدى.

لىۇ بېي دەرهال توۋلاپ، ئۇنى توختىتىۋالدى. گۇەن يۈي جاڭ فېينى نەسىھەت قىلىپ چىقىرىۋەتتى. لىۇ بېي لۇي بۇغا:

— بۇ يارىماس ئىنىم ئىچكۈلۈكتىن كېيىن بىئەدەپلىك قىلىپ جۆيلۈپ قويدى، ئاغا، ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا، — دەپ ئۆزرىخاھلىق بىلدۈردى.

لۇي بۇ ئۈندىمىدى. بىرئازدىن كېيىن مەرىكىدىن تارقىلىشتى. لۇي بۇ لىۇ بېينى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققاندا، جاڭ فېي ئات ئۈستىدە نەيزىسىنى توغرىسىغا تۇتقان هالدا كېلىپ:

— لۇي بۇ، سېنىڭ بىلەن 300 قەپەس ئېلىشىپ كۆرەي دەپ كەلدىم! — دەپ توۋلىدى.

لىۇ بېي تېزلىكتە گۇەن يۈيگە نەسىھەت قىلىپ

توختىتىۋېلىشنى بۇيرۇدى. ئەتىسى لۇي بۇ لىيۇ بېي بىلەن خەيرلەشكىلى كېلىپ:

— جانابلىرى مېنى يات كۆرمەي قوبۇل قىلدىلا، ئەمما ئىنىلىرى مېنى سىغدۇرمايدىغان ئوخشايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنىلىرى باشقا بىرەرتە ئورۇندىن پاناھ تاپاي! — دېدى.

— سەركەردە جانابلىرى، ئەگەر سىلى كېتىپ قالسىلا مەن چوڭ ئەيىبلىك بولۇپ قالىمەن. بۇ يارىماس ئىنىمنىڭ قىلغان ئەدەپسىزلىكى ئۈچۈن باشقا بىر كۈنى ھۇزۇرلىرىغا بېرىپ ئەپۇ سوراي. بۇ يەرگە يېقىن شياۋپېي دېگەن بىر شەھەر بار، بۇرۇن مەن لەشكەرلىرىم بىلەن ئۇ يەردە تۇرغانىدىم. سەركەردە جانابلىرى ئۇ يەرنى كىچىك كۆرمىسىلە، ۋاقتىنچە شۇ يەردە تۇرسىلا قانداق؟ ئوزۇق - تۈلۈك، لەشكىرىي لاۋازىمەتلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى.

لۇي بۇ لىيۇ بېيغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شياۋپېيغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. لىيۇ بېي جاڭ فېينى ئەيىبلىدى. بۇ گەپ مەشەدە قالسۇن.

ئەمدى گەپنى ساۋ ساۋدىن ئاڭلاڭ. ئۇ خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرەپلىرىنى تىنچىتقاندىن كېيىن، خانغا مەلۇمات يوللىدى، خان ساۋ ساۋغا ئىزگۈلۈك ئورناتقۇچى سەركەردە ۋە فېي تىڭ بېگى دېگەن ئۇنۋان بەردى. بۇ كۈنلەردە لى جۆ باش چاۋۇشبېگى، گو سى بولسا ئۇلۇغ سەركەردە بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرى بىلگەنچە زورلۇق قىلىشىپ يۈرەتتى. ئوردىدا ھېچكىم بۇلارغا سۆز قىلمايتتى، ئەمىر لەشكەر ياڭ بياۋ، باش خەزىنىدار جۇ جۇەنلەر خانغا:

— ئەلھال ساۋ ساۋ 20 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەرگە، بىرنەچچە ئونلاپ مۇشاۋىر ۋە سەركەردىلەرگە ئىگە بوپتۇ، ئەگەر بۇ كىشىنىڭ خاندانلىق ئىشىغا ياردەم قىلىشىنى قولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلتۈرسەك، مەككار ـ پاسقلارنى يوقىتالايتتۇق، ئېلىمىز بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەتتى، — دەپ مەخپىي ئىلتىجا قىلدى.
شيەندى خان كۆز يېشى قىلغان هالدا:
— مەن ئۆزۈمدىن بىرى بۇ ئىككى ئوغرىنىڭ خورلىشىغا ئۇچراۋاتىمەن! بۇلار يوقىلىدىكەن، دەرۋەقە بەختكە ئېرىشكەن بولاتتۇق! — دېدى.
— كەمىنە ۋەزىرلىرى بىر پەنت ئويلىدىم، ئالدى بىلەن بۇ ئىككى ئوغرىنى ئۆزئارا ئۇرۇشقا سالايلى ـ دە، ئاندىن ساۋ ساۋغا لەشكەر تارتىپ كېلىپ، بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغرىلارنى تازىلاپ، ئوردىنى خاتىرجەم قىلىش پەرمانى بېرەيلى، — دېدى ياڭ بياۋ.
— بۇ قانداق پەنتكىن؟ — دەپ سورىدى شيەندى خان.
— ئاڭلىشىمچە گۇ سىنىڭ خوتۇنى ناهايىتى كۆنچى ئىكەن، كىشى ئارقىلىق گۇ سىنىڭ خوتۇنىنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ، ئىككى ئوغرىنىڭ ئارىسىنى بۇزساق، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى قىرىشىدۇ، — دېدى ياڭ بياۋ.
شۇنداق قىلىپ خان ياڭ بياۋغا مەخپىي پەرمان يېزىپ بەردى. ياڭ بياۋ ئۆز خوتۇنىنى يوشۇرۇنچە باشقا بىر ئىش باهانىسى بىلەن گۇ سىنىڭ دەرگاهىغا ئەۋەتتى. ئۇ ئېپىنى كەلتۈرۈپ:
— ئاڭلىشىمچە سەركەردە گۇ سى باش چاۋۇش لى جۆنىڭ خوتۇنى بىلەن ئېپىشىپ ئىرماش ـ چىرماش بولۇپ كېتىپتىمىش. ناۋادا باش چاۋۇش بىلىپ قالسا، سەركەردىنىڭ خېيىم ـ خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشى چوقۇم. شۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ بۇ ئالاقىسىنى قەتئىي ئۈزۈۋەتسىلە ئوبدان بولارمىكىن، — دېدى.
— شۇڭا كېچىلىرى پات ـ پات ئۆيگە قايتمايدىكەن ـ دە! بۇنچىلىك رەسۋا ئىشلارنى قىپتۇ ـ ھە! ئەگەر ئۆزلىرى بۇ

سۆزنى ماڭا ئېيتىپ قويمىغان بولسىلا، بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قالاركەنمەن، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئامال قىلىمەن، — دېدى گۇ سىنىڭ خوتۇنى ھەيران بولۇپ.

ياڭ بياۋنىڭ خوتۇنى كەتمەكچى بولۇپ خەيرلەشتى، گۇ سىنىڭ خوتۇنى قايتا ـ قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۇزىتىپ قويدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، گۇ سى يەنە لى جۆنىڭكىگە ئولتۇرۇشقا بارماقچى بولدى. بۇ چاغدا خوتۇنى:

— لى جۆنىڭ نىيىتىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىككى قوچقارنىڭ بېشى بىر قازاندا پىشمايدۇ، ناۋادا شاراب بىلەن زەھەرلەپ قويسا مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

گۇ سى بۇ سۆزگە قۇلاق سالمىدى، خوتۇنى قايتا ـ قايتا نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، بېرىش نىيىتىدىن ئىلاجىسىز ياندى. كەچ بولغاندا، لى جۆ ئادەملىرىدىن تاماق ئەۋەتتى. گۇ سىنىڭ خوتۇنى يوشۇرۇنچە زەھەر سېلىپ، ئاندىن كىرگۈزۈپ بەردى. گۇ سى كەلگەن تاماقنى يېمەكچى بولغاندا، خوتۇنى:

— سىرتتىن كەلگەن تاماق، يېيىشكە ئالدىرىمىسىلا! — دېدى ـ دە، ئالدى بىلەن تاماقنى ئىتقا بەردى، ئىت شۇئان ئۆلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ گۇ سى گۇمانسىراپ قالدى. بىر كۈنى خانغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، لى جۆ گۇ سىنى ئۆيىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئولتۇرۇش تەڭ كېچىدە تارقالدى، گۇ سى مەست ھالدا ئۆيىگە قايتتى ۋە تاسادىپەن قورسىقى ئاغرىپ قالدى. خوتۇنى:

— چوقۇم زەھەرلەندىلە، — دەپ دەرھال گەندە سۈيى ئىچكۈزدى، ئۇنى ئىچىپ قۇسقاندىن كېيىن ئاندىن ئارام ئالدى.

گۇ سى دەرغەزەپ بولۇپ: «مەن لى جۆ بىلەن ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىۋاتسام، بۇگۈن ئۇ ماڭا سەۋەبسىز زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى، ئەگەر مەن ئاۋۋال قول سالمىسام، ئۇنىڭ زەھەرلىك چاڭگىلىغا چۈشۈشۈم چوقۇم» دېدى ـ دە، مەخپىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يوسۇندا قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى تەقلەپ، لى جوگە تېگىش قىلماقچى بولدى. بۇ ئەھۋالنى ئاللىقاچان كىشىلەر لى جوگە يەتكۈزگەندى. لى جومۇ غەزەپلىنىپ: «مۇنداق قىلىشقا گۇ سىنىڭ نېمە ھەددىڭ؟» دېدى - دە، قول ئاستىدىكى لەشكەرلىرىنى باشلاپ، گۇ سىغا ئېتىلىپ كەلدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن بولۇپ بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر چاڭئەن شەھىرى تۆۋەنە قوچاقلاشما جەڭ باشلىۋەتتى ۋە بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئاھالىنى تالان - تاراج قىلىشتى. لى جونىڭ جىيەنى لى شىيەن لەشكەر تارتىپ كېلىپ ئوردىنى مۇھاسىرە قىلدى، ئېلىپ كەلگەن ئىككى مەپىنىڭ بىرىگە خاننى، يەنە بىرىگە خانىشنى ئولتۇرغۇزدى، جيا شۈي زولىڭنى خان مەپىسىنى كۆزىتىپ مېڭىشقا بۇيرۇدى؛ ئوردىنىڭ بارلىق ئىچكى مۇلازىملىرى پىيادە ماڭدى. ئۇلار خۇزەيمىن قوۋۇقىدىن چىقىۋاتقاندا گۇ سىنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قېلىپ كەلسە - كەلمەس ئوقيا ئېتىشقا باشلىدى، سانسىز ئوردا مۇلازىملىرى ئوقتا ئۆلدى. لى جو لەشكەرلىرى بىلەن ئارقىدىن كېلىپ چاپ - چاپقا چۈشتى، گۇ سىنىڭ لەشكەرلىرى چېكىندى، خان مەپىسى خەۋپ - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغىنى ھالدا شەھەردىن ئېلىپ چىقىلىپ خاننىڭ ياق دېگىنىگە قويماي لى جونىڭ قارارگاھىغا كەلتۈرۈلدى. گۇ سى لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئوردىغا بېسىپ كىرىپ، ئوردىنى تالان - تاراج قىلدى، ئوردا كېنىزەكلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتقۇن ھالىتىدە ئۆز قارارگاھىغا ئاپىرىۋېلىپ، ئوردىغا ئوت قويىۋەتتى. ئەتىسى گۇ سى لى جونىڭ خاننى بۇلاپ ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، لەشكەرلىرىنى باشلاپ لى جونىڭ قارارگاھىغا ئۇنى تۇتۇشقا كەلدى. خان بىلەن خانىش بۇ ئۇرۇشنىڭ دەھشىتىدىن قورقۇپ كېتىشتى.

كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىپ ئاھ ئۇرۇشقان:

*چىقتى خەن خاندانلىقىدىن نامى گۇۋاڭ ۋۇلۇق بىرى،*
*ئۆتتى 12 كىنەزخان شۇ زاماندىن ئىلگىرى.*
*يۇز بىرىپ يۇرتتا زاۋاللىق خۇەن بىلەن لىڭ دەۋرىدە،*
*ئىگىلەپ ئالدى ھوقۇق بۇزۇق ۋەزىرلەر ئاخىرى.*
*كەم ئەقىل خې جىن ئۇلۇغبەگ بولۇۋالدى ئۆزىچە،*
*چاقىرىپ يىغدى يېنىغا ھىيلىگەر — مەككارلىنى.*
*كەلدى يولۋاس خىرىسلىنىپ قوغلاندى بۆرە ئورنىغا،*
*تارقىلىپ كەتتى شىجۇ ئوغرىسىنىڭ پىتنەلىرى.*
*قىزغا ۋاڭ يۇن چىن ساداقەت بىلدۈرۈپ ئۆتتى شۇدەم،*
*دۇڭ بىلەن لۇيىنى قىلىپ زىت چىقتى كۆپ بۇيرۇقلىرى.*
*يوقىتىلسا باش قاراقچى تىنچ تاپاتتى ئەلۇ يۇرت،*
*كىم بىلىپتۇ لى بىلەن گاۋنىڭ بۇزۇلدى نىيىتى.*
*قىينىلىپ قالدى تىكەن ئىچرە بۇ ئەل قىلغاي نىچۇك،*
*قەھەتچىلىك، ئۇرۇشتا قالدى ئالتە ئوردىنىڭ غېمى.*
*رىزقىدىن رىشتى ئۈزۈلدى ئەلۇ يۇرتنىڭ بى تامام،*
*بۆلۈشۈپ ئالدى بۇ ئەلنى ئەزىمەت - باتۇرلىرى.*
*بولدى ئىخلاسمەن كىيىن خان بولغۇچىلار ھەر زامان،*
*قوغدىلىشى ھەق ئىدى چىڭ ئەل ۋەتەن تۇپراقلىرى.*
*لەختە - لەختە ئېزىلىپ ئەل باغرى ھەم قاتتى بېشى،*
*ئاھ چېكىپ ھەسرەتتە ئاقتى تاغۇ دەشت قان ياشلىرى.*
*ئاشۇ تارىخ دەۋرى توشتى دەرد - ئەلەمگە قاپلىنىپ،*
*كونىلار ھەم يېڭىلارنىڭ كۆككە يەتتى زارلىرى.*
*تاج - تەختنى چىڭ تۇرۇپ جەڭلەر بىلەن ئالماق كېرەك،*
*«چىڭ تۇتۇش تىغ سېپىنى» ئەلنىڭ ساۋاق ئىبرەتلىرى.*

گۇ سى لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، لى جۆمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ جەڭگە كىردى. جەڭدە گۇ سى لەشكەرلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، ۋاقىتلىق ئارقىغا چېكىندى. لى جۆ خان بىلەن خانىشنى مەپە بىلەن مېيۋۇغا يۆتكەش ئۇچۇن جىيەنى لى شيەنىڭ كۆزىتىشىدە يولغا سالدى، خاننىڭ ئىچكى مۇلازىملىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ

قويدى، ئوزۇق ـ تۈلۈك يېتەرلىك بېرىلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇلازىملارنىڭ ھەممىسىدە ئاچلىق ئىپادىسى كۆرۈلدى. ئاخىر خان ئەتراپىدىكىلەرگە بىرنى ئۈچۈن بەش خو گۈرۈچ، بەش ئۆكۈز سوراپ لى جۆگە كىشى ئەۋەتتى. لى جۆ بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ھالدا:

— ئەتىگەنلىك، كەچلىك تاماقلىرى بېرىلىۋاتسا، يەنە نېمىدەپ ئارتۇقچە ئاشلىق سورايدىكەن؟ — دېدى ۋە سېسىغان گۆش، بۇزۇلغان ئاشلىق ئەۋەتىپ بەردى. بۇ نەرسىلەر سېسىپ كەتكەنلىكتىن يېگىلى بولمىدى. خان خاپا بولۇپ:

— ھەي مۇناپىق ئوغرى، بۇ قەدەر خورلامسەن! — دەپ تىللىدى.

بۇ چاغدا ياساۋۇلبەگ ياڭ چى دەرھال:

— لى جۆ رەھىمسىز، زالىم. ئىش بۇ يەرگە يەتكەنىكەن، ئالىيلىرى سەۋر قىلغاچ تۇرسىلا، تىغقا ئۆزنى ئۇرغان ياخشى ئەمەس، — دېدى ئىلتىجا بىلەن.

خان بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمەي، كۆز يېشى قىلدى.

بۇ چاغدا تۇيۇقسىزلا خىزمەتچىلىرى كىرىپ:

— بىر توپ لەشكەر قوراللىرىنى پارقىرىتىپ، ناغرا سادالىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، خان ئالىيلىرىنى قايغۇدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

خان خەۋەر ئالدۇرۇپ قارىسا، گو سى ئىكەن. خاننىڭ كۆڭلى يەنە غەش بولدى. قورغان سىرتىدا سۈرەن ـ چۇقان ئاڭلانماقتا ئىدى، گو سىغا قارشى لى جۆ لەشكەر باشلاپ چىقىپ، قامچىسىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئاغزىنى بۇزۇپ:

— مەن ساڭا يامانلىق قىلمىغانىدىم، نېمە ئۈچۈن ماڭا سۇيىقەست قىلىسەن؟ — دېدى.

— سەن ئىسيانچى ئوغرى تۇرساڭ، نېمىشقا سېنى ئۆلتۈرمەيدىكەنمەن! — دېدى گو سى.

— خاننى بۇ يەردە قوغداۋاتسام، قانداق قىلىپ مەن ئىسيانچى ئوغرى بولىدىكەنمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى لى جۆ.

— سەن خاننى قوغدىمىدىڭ، بەلكى بۇلاپ ئەپچىقىشۋالدىڭ! — دېدى گۇ سى.

— بەس، ئارتۇق سۆزنىڭ ھاجىتى يوق، لەشكەر ئىشلەتمەستىن، ئىككىمىز ئېلىشىپ كۆرەيلى، كىم ئۇتىدىكەن، خاننى شۇ ئېلىپ كېتىۋەرسۇن، — دېدى لى جۆ ۋە ئىككىسى سەپ ئالدىدا ئېلىشىپ كەتتى. ئون رەددى بەدەل ئۆتتى، تەڭ كېلىشىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ياڭ بياۋ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— ھاي سەركەردىلەر، بىرئاز سەۋر قىلىڭلار! كەمىنەڭلەر ئىككىيلەڭنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ھەممە ئەمەلدارلارنى تەكلىپ قىلدىم، — دېدى.

لى جۆ بىلەن گۇ سى ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى. ياڭ بياۋ بىلەن جۇ جۈن 60 تىن ئارتۇق ئوردا بەگلىرىنى يىغىپ سۇلھى ئۈچۈن ئالدى بىلەن گۇ سىنىڭ قارارگاھىغا باردى. گۇ سى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى نازارەت ئاستىغا ئالدى. بەگلەر:

— بىز بىر ساۋابلىق ئىش ئۈچۈن كېلىۋىدۇق، نېمە ئۈچۈن بىزگە مۇنداق مۇئامىلىدە بولىدىلا؟ — دەپ سورىدى گۇ سىدىن.

— لى جۆ خاننى بۇلاپ كەتتى، مەن جانابىي ۋەزىرلەرنى ئەپقالالمامدىكەنمەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى گۇ سى.

— بىرىڭلار خاننى، بىرىڭلار ۋەزىرلەرنى تۇتۇۋېلىشتىكى مەقسىتىڭلار نېمە؟ — دەپ سورىدى ياڭ بياۋ.

گۇ سى دەرغەزەپ بولۇپ، ياڭ بياۋنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خەنجىرىنى سۇغاردى. كەپتاۋۇل ياڭ مى كۆپ ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن، گۇ سى ياڭ بياۋ بىلەن جۇ جۈننى قويۇۋېتىپ، قالغانلارنىڭ بارىنى ئۆز قارارگاھىدا ئەپقالدى. ياڭ بياۋ جۇ جۈنگە قاراپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— خاندانلىقنىڭ ۋەزىرى بولۇپ تۇرۇپ، خاننى قۇتۇلدۇرالمىدۇق، دۇنياغا بىكار تۇغۇلۇپتۇق! — دېدى ۋە قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى ۋە يەرگە يىقىلىپ ھوشىدىن كېتىشتى. جۇ جۈن ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن كېسەل بولۇپ قېلىپ، شۇ كېسەلدە ۋاپات بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن لى جۆ بىلەن گۇ سى 50 كۈندىن ئارتۇق ھەر كۈنى دېگۈدەك جەڭ قىلىشتى. سانسىز ئادەملەر بۇ ئۇرۇشتا ھالاك بولۇشتى.

ئەمدى گەپنى لى جۆدىن ئاڭلاڭ. لى جۆ ئادەتتە بىدئەتلىك بولغان سېھىرگەرلىك ئىشلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە جادۇگەر كەمپىرگە لەشكەرگە روھ چاقىرىپ بېرىش ئۈچۈن داپ چالدۇرۇپ ئەپسۇن ئوقۇتاتتى. جيا شۆي بۇ ھەقتە بىرنەچچە قېتىم پىكىر بەرگەن بولسىمۇ، لى جۆ قۇلاق سالمىدى. ياساۋۇلبەگ ياڭ چى خانغا مەخپىي ھالدا:

— مېنىڭچە جيا شۆي گەرچە لى جۆگە ئىشىنىدىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەتتە خاننى ئۇنتۇمىغان. ئالىيلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىر مەسلىھەت قىلغايلا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

بۇلار دەل سۆزلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە جيا شۆي كېلىپ قالدى. خان خىزمەتچىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ، جيا شۆيگە قاراپ:

— ئەي ۋەزىر! خەن خاندانلىقىغا ئىچلىرىنى ئاغرىتىپ، قۇتۇلدۇرۇپ قويسىلا نېمە بولار؟ — دەپ خىتاب قىلدى يىغلاپ تۇرۇپ.

— بۇ ۋەزىرلىرىنىڭ ئارزۇسى، ئالىيلىرى ھازىرچە سۈكۈت قىلسىلا، كەمىنىلىرى بۇنىڭ چارىسىنى كۆرۈرمەن، — دېدى جيا شۆي تىز پۈكۈپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

خان كۆز يېشىنى توختىتىپ تەشەككۈر بىلدۈردى. بىر پەستىن كېيىن، لى جۆ قىلىچىنى يېنىغا ئاسقان ھالدا كۆرۈشكىلى كەلدى، بۇنى كۆرگەن خاننىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. لى جۆ خانغا:

— گۇ سى ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ۋەزىرلەرنى قامىۋالدى ۋە جانابىي ئالىيلىرىنى بۇلاپ كەتمەكچىدى، كەمىنىلىرى بولمىغىنىمدا ئالىيلىرىنىمۇ تۇتۇپ كېتەتتى، — دېدى.

خان قول قوشتۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۇردى، لى جۇ چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا خۇاڭ فۇلى كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشتى. خان خۇاڭ فۇلىنىڭ سۆزمەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇستىگە لى جۇ بىلەن يۇرتداش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇنى ئىككى تەرەپنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. خۇاڭ فۇلى پەرمانغا بىنائەن گۇ سىنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ ئۇنى سۆلھىگە ئۈندىدى.

— ئەگەر لى جۇ خاننى چىقىرىپ بەرسە، مەن ۋەزىرلەرنى قويۇۋېتىمەن، — دېدى گۇ سى.

خۇاڭ فۇلى كېلىپ لى جۇ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— بۈگۈن خان مېنى شىلياڭلىق بولغانلىقىم، ئۆزلىرى بىلەن يۇرتداش ئىكەنلىكىم سەۋەبىدىن، ئىككىلىرىنى ياخشى خوپ قىلىپ قويۇشقا ئالاھىدە پەرمان بىلەن ئەۋەتتى. گۇ سى پەرمانغا ماقۇل بولدى، ئۆزلىرى نېمە دەيدىلا؟ — دېدى.

— لۈي بۇنى يوقىتىشتا چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىم، خاندانلىق ئىشلىرىغا تۆت يىل ياردەم قىلىپ نۇرغۇن نەتىجە ياراتقانلىقىم پۈتۈن ئەلگە ئايان. گۇ سى بىر مۇناپىق تۇرسا، ئۇنىڭ ۋەزىرلەرنى قامىۋېلىپ ماڭا يېنىشقا نېمە ھەددىكەن. ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئانت ئىچىمەن! جانابلىرى قاراپ تۇرسىلا، مېنىڭ چارە - تەدبىرلىرىم ۋە لەشكەرلىرىم گۇ سىنى يېڭەلمەمدىكەن؟ — دەپ جاۋاب بەردى لى جۇ.

— يېڭەلىشىۋاتىدىلا، ئۆتمۈشتە شيا سۇلالىسىدە يوچۇڭ بەگلىكىنىڭ ۋاڭى خۇ يى ئۆزىنىڭ كاماندازلىق ماھارىتىگە سۆيۈنۈپ، پالاكەتتى ھەققىدە ئويلانماي، ئاخىر مۇنقەرز بولغانىكەن. بۇ يېقىندا ۋەزىر ئەزەم دۇڭ جۇنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى

جانابلىرى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردىلە، لۈي بۇ مەرھۇم ۋەزىرنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ تۇرۇپ، ئەكسىچە سۇيىقەست قىلدى، ئاقىۋەت ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىشى پايتەخت قوۋۇقىغا ئېسىلدى. دېمەك، كۈچ - زوراۋانلىق بىلەن ئىش قىلىش ياخشى ئەمەس. جانابلىرى ئۇلۇغ سەركەردە بولۇپ، يالمانلىق تۇغ ۋە كەلىمە تاياق تۇتۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان، ئەۋلاد ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەممىسى كۆزگە كۆرۈنگەن ئورۇنغا ئېرىشكەن تۇرسا، پادىشاھلىقنىڭ سىلىگە بەرگەن ئىلتىپاتى ئازمۇ، بۇگۈنكى كۈندە گۇ سى ۋەزىرلەرنى بۇلاپ كەتتى، سىلى خاننى بولىۋالدىلا، مۇنداق بولغاندا كىمنىڭ يېنىك، كىمنىڭ ئېغىر بولغان بولىدۇ؟ — دېدى خۇاڭ فۇلى.

دەرغەزەپ بولغان لى جۆ قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ:

— خان سېنى ماڭا ھاقارەت قىل دەپ ئەۋەتتىمۇ؟ ھەممىدىن ئاۋۋال سېنىڭ بېشىڭنى ئالىمەن! — دەپ توۋلىدى.

— ئەلىھال گۇ سى يوقىتىلغىنى يوق. خان ئەلچىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويساق، ئۇ چاغدا گۇ سىنىڭ لەشكەر تارتىپ چىقىشىغا باھانە تېپىپ بەرگەن بولىمىز، باشقا بەگلەرمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى چەۋەندازبېگى ياڭ فېڭ.

جيا شۈيمۇ خېلى كۈچەپ نەسىھەت قىلدى، شۇنىڭ بىلەن لى جۆنىڭ ئاچچىقى سەل ياندى. جيا شۈي خۇاڭ فۇلىنى تالاغا ئېلىپ ماڭدى. خۇاڭ فۇلى:

— لى جۆ پەرمانغا بويسۇنمىدى، ئۇ خاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى خان بولماقچى! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ياساۋۇلبەگ خۇ مياۋ دەرھال توسۇپ:

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئۆزلىرىگە پايدىسى يوق، — دېدى.

— خۇ مياۋ، سىز ئوردا ۋەزىرى، نېمە ئۈچۈن قاراقچىغا يان باسىسىز؟ «خان خورلىنىدىكەن، ۋەزىر ئۆلۈشى كېرەك». لى جۆ مېنى ئۆلتۈرىدىكەن، بۇ مېنىڭ تېگىشلىك قىسمىتىمدۇر!

— دېدى ۋە يەنە توۋلاپ تۇرۇپ تىنماي تىللىدى. خان بۇ ۋەقەنى ئۇقۇپ، خۇاڭ فۇلىغا شىلياڭلىغا تېز قايتىش ئۇچۇن پەرمان بەردى.

لى جۆ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى شىلياڭلىقلار بولۇپ، كۆپرەك تاڭغۇت لەشكەرلىرىنىڭ ياردىمىگە سۆيۈنەتتى. خۇاڭ فۇلى شىلياڭلىقلار ئارىسىدا: «لى جۆ ئىسيان كۆتۈرمەكچى، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر قاراقچى بولىدۇ، ئاقىۋەت بالاغا يولۇقىدۇ» دېگەن سۆزنى تارقاتتى. نۇرغۇنلىغان شىلياڭلىقلار خۇاڭ فۇلىنىڭ سۆزىگە ئىشەندى، لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى بوشىشىپ كەتتى. لى جۆ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، باتۇر ۋاڭ چاڭنى خۇاڭ فۇلىنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ۋاڭ چاڭ خۇاڭ فۇلىنىڭ سادىق مەرد كىشى ئىكەنلىكىنى بىلگىنى ئۈچۈن، قوغلىمايلا، قايتىپ كېلىپ:
— خۇاڭ فۇلى نەگە كەتتىكىن بىلەلمىدىم، — دەپ مەلۇمات بەردى.
ئۇنىڭ ئۇستىگە جيا شۈي مەخپىي يوسۇندا تاڭغۇتلارغا:
— خان سىلەرنىڭ سادىق مەرد ئىكەنلىكىڭلارنى ۋە ئۆزۈن ۋاقىت ئۇرۇش قىلىپ جاپا چەككەنلىكىڭلارنى بىلىپ، يۇرتۇڭلارغا قايتىشقا مەخپىي پەرمان بەردى ۋە كېيىن چوڭ ئىنئاملار بېرىشكە ۋەدە قىلدى، — دېدى.
تاڭغۇتلار بۇ كۈنلەر لى جۆنىڭ ئۆزلىرىگە ئۇنۋان ۋە ئىنئاملار بەرمىگەنلىكىدىن نارازى بولۇشۇپ تۇرغان پەيتلەر بولغاچقا، جيا شۈينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەممىسى دېگۈدەك لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كېتىشتى. جيا شۈي يەنە خانغا مەخپىي يوسۇندا:
— لى جۆ تەمەخور ۋە پاراسەتسىز، بۈگۈنكى كۈندە لەشكەرلىرى تارقىلىپ دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى، بۇنىڭغا

چوڭ ئۇنۋان بېرىپ ئالداش لازىم، — دەپ ئۆز پىكرىنى بايان قىلدى.

خان پەرمان چىقىرىپ، لى جۆنى باش چاۋۇش قىلىپ تەيىنلىدى. لى جۆ خۇشال بولۇپ:

— بۇ جادۇگەر كەمپىرنىڭ روھ چاقىرىپ قىلغان دۇئا ـ تەلىپىنىڭ كۈچىدۇر، — دەپ جادۇگەر كەمپىرگە چوڭ ئىنئام بەردى، ئەمما لەشكەر ۋە سەركەردىلىرىگە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. چەۋەندازبېگى ياڭ فىڭ قاتتىق غەزەپلىنىپ سۇڭ گوغا:

— بىز جېنىمىزنى پىدا قىلىپ، ۋۇجۇدىمىزنى ئوقيا، تاش ـ بورانلارغا قالقان قىلىپ جەڭ قىلدۇق، خىزمىتىمىز جادۇگەر كەمپىرچىلىك ئەمەسمىكەن؟ — دېدى.

— نېمىشقا بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ خاننى قۇتۇلدۇرمايمىز؟ — دېدى سۇڭ گو.

— ئانداق بولسا، سىز قارارگاھقا ئوت قويۇش بىلەن بەلگە بېرىڭ. مەن لەشكەر تارتىپ سىرتتىن بولۇشاي، — دېدى ياڭ فىڭ.

ئىككىيلەن شۇ كېچىسى خۇپىيانە ۋاقىتىدا ئىش باشلاشقا ۋەدىلەشتى. ئويلانمىغان يەردىن سىر پاش بولۇپ قېلىپ، بۇ خەۋەر لى جۆگە يەتكۈزۈلدى. لى جۆ دەرغەزەپ بولۇپ، ئالدى بىلەن سۇڭ گونى تۇتقۇزۇپ كېلىپ ئۆلتۈردى. ياڭ فىڭ لەشكەرلىرى بىلەن سىرتتا بەلگە ئوت يېقىشنى كۈتۈپ تۇرغاندا، لى جۆ لەشكەر باشلاپ چىقتى ـ دە، ياڭ فىڭغا دۇچ كەلدى، قارارگاھ ئىچىدىلا سوقۇشۇش باشلاندى، سوقۇشۇش تۆت سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى ياڭ فىڭ غەلىبە قىلالماي، تېز ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ پاناھ ئىزدەپ شىئەنگە كەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ لى جۆنىڭ لەشكىرىي قۇۋۋىتى بارغانسىرى ئاجىزلاشتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە گو سىنىڭ ئۈزلۈكسىز تېگىش قىلىشى بىلەن، كۆپ لەشكىرى قىرىلىپ كەتتى. ئەنە شۇنداق

بىر ۋەزىيەتتە تۇرغاندا، توساتتىن ئادەملەر:

— جاڭ جى چوڭ قوشۇن باشلاپ شەنشىدىن يېتىپ كەپتۇ، ئىككىلىرىنى ياخشى خوپ قىلىدىكەن؛ كىمكى بويسۇنمىسا، لەشكەر تارتىپ دەككىسىنى بېرىمەن دەپتۇ، — دېگەن خەۋەرنى ئېلىپ كىرىشتى. لى جۆ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئالدى بىلەن جاڭ جى قوشۇنغا ئادەم ئەۋەتىپ سۈلھى نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. گۇ سىمۇ ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر بولدى. جاڭ جى خانغا خۇڭنۇڭغا كۆچۈشنى ئىلتىجا قىلدى.

— مەن ئۈزۈندىن بېرى كۇنچىقىش پايتەختىنى سېغىنغاندىم. مۇشۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قايتىپ كېتەلىسەك، تولىمۇ بەختلىك بولاتتۇق! — دېدى خان ۋە خۇش بولۇپ جاڭ جىنى قىران چەۋەنداز سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەپ پەرمان چىقاردى. جاڭ جى ھەممە ئەمەلدارلارنى ئوزۇق - تۈلۈك، شاراب - گۆشلەر بىلەن تەمىنلىدى. گۇ سى ۋەزىرلەرنى نەزەربەنتلىكتىن بوشاتتى. لى جۆ يول ھازىرلىقى كۆرۈپ خاننى كۇنچىقىش سەپىرىگە چىقاردى. بىرنەچچە يۈز كونا قورۇقچى لەشكەر قوراللىق كۆزىتىپ ماڭدى.

خاننىڭ مەپىسى شىنفېڭدىن ئۆتۈپ بالىڭغا يېتىپ كەلگەن ۋاقىت كۈز پەسلى بولۇپ، بىردىنلا كۇنپېتىش تەرەپتىن شامال كۆتۈرۈلدى. توساتتىن سۈرەن - چۇقان ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بىرنەچچە يۈز لەشكەر كۆۋرۈككە كېلىپ خان مەپىسىنى توسۇدى ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— كىم ئۇ كېلىۋاتقان؟ — دەپ سورىدى.

ياساۋۇلبەگ ياڭ چى ئېتىنى دىۋىتىپ كۆۋرۈككە كېلىپ:

— خان بۇ يەردىن ئۆتمەكتە، كىم ئۇ توسۇشقا پېتىنغان؟ — دېدى.

— بىز سەركەردە گۇ سىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سۇخەنچىلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇ كۆۋرۈكنى ساقلاۋاتىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

خان ھەزرەتلىرى كەلگەن بولسا، ئۆز كـۆزـىمىز بىــــلەن كـۆرۈپ ئاندىن ئىشىنىمىز، — دېدى ئىككى سەركەردە چىقىپ.

ياڭ چى خان مەپىسىنىڭ ئۈنچە - مارجان پەردىسىنى ئېچىپ قايرىدى.

— مانا مەن، نېمىشقا يول بەرمەيسىلەر؟ — دەپ خىتاب قىلدى خان.

ھەممە «ياشىسۇن خانىمىز!» دەپ توۋلاپ يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ تۇرۇشتى، خان ئۆتۈپ كەتتى. ئىككى سەركەردە قايتىپ بېرىپ، خان ئۆتۈپ كەتتى، دەپ گۇ سىغا مەلۇمات بەردى. گۇ سى:

— مەن جاڭ جىــــنــى ئـالداپ، خـانـنــى مـېـيۇۋغـا ئەپكېتىشۇالماقچىدىم، سەنلەر نېمىشقا ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قويۇۋېتىسەن؟ — دەپ ئىككى سەركەردىنى ئۆلتۈردى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ خاننى قوغلاپ ماڭدى. خان ئەمدى خۇايىن ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئارقىدىن جاھاننى زىلزىلىـــگە كەلتۈرگەن سۈرەن - چۇقان چىقىپ كەتتى.

— ھاي مەپىنى توختىتىڭلار، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. خان يىغلىغان ھالدا:

— بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا ئۇچرىدۇق، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ۋەزىرلىرىگە.

ھەممىنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. قاراقچىلار قوشۇنى بارغانسېرى يېقىنلاشماقتا ئىدى. ئۇشتۇمتۇتلا ناغرا سادالىرى ئاڭلىنىپ تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر سەركەردە ئالدىدا «بۈيۈك خەن سەركەردىسى ياڭ فېڭ» دېگەن سۆز يېزىلغان چوڭ ئەلەم كۆتۈرگەن 1000 دىن ئارتۇق لەشكەرنى باشلاپ چاپ - چاپ قىلىپ چىقىپ كەلدى. ياڭ فېڭ ئەسلىدە لى جۆ تەرىپىدىن يېڭىلگەندىن كېيىن، لەشكەرلىرىنى باشلاپ جۇڭنەن تېغـــى ئېتىكىگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغانىدى؛ بۈگۈن خاننىڭ يېتىپ

كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۇنى قوغداش ئۇچۇن ئالايىتەن كەلگەنىدى. ئۇ كېلىش بىلەنلا سەپ تۈزدى. گۇ سىنىڭ سەركەردىسى سۇي يۇڭ مەيدانغا چۇشۇپ، ياڭ فېڭنى «ئىسيانچى ئوغرى» دەپ تىللىدى. ياڭ فېڭ دەرغەزەپ بولۇپ بۇرۇلۇپ ئۆز سېپىگە قاراپ:

— شۇي خۇاڭ، قېنى سىز؟ — دېيىشىگىلا، يوغان ئايپالتا تۇتقان بىر سەركەردە چاپقۇر تورۇق ئېتىنى ئوينىتىپ تۇپتوغرا سۇي يۇڭغا ئېتىلدى، ئىككى ئات بىر - بىرىگە روبىرو بولدى، بىر زەربىسىلا سۇي يۇڭ ئۆلتۇرۇلۇپ ئاتتىن غۇلىتىلدى. ياڭ فېڭ ۋاقىتنى غەنىيمەت بىلىپ چاپ - چاپقا چۇشتى. گۇ سى لەشكەرلىرى يېڭىلىپ يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگە چېكىندى. ياڭ فېڭ لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ خاننى زىيارەت قىلغىلى كەلدى.

— مېنى خالاس قىلدىڭىز ۋە زور ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتتىڭىز! — دېدى خان ھال سوراپ.

ياڭ فېڭ بېشىنى ئېگىپ تەزىم قىلىپ، مىننەتدارلىق بىلدۇردى.

— بايا ياۋ سەركەردىسىنى ئۆلتۇرگەن كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى خان.

ياڭ فېڭ ئۇ سەركەردىنى خان مەيسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ھۆرمەت بىلەن:

— بۇ كىشى خېدۇڭنىڭ ياڭجۇن ئايمىقىدىن، ئىسىم - زاتى شۇي خۇاڭ، يەنە بىر ئىسمى گوڭ مىڭ بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى.

خان شۇي خۇاڭدىن ھال سورىدى، شۇنداق قىلىپ ياڭ فېڭ خاننى خۇايىنغىچە قوغداپ باردى. سەركەردە دۇەن ۋېي خانغا كىيىم - كېچەك ۋە ئوزۇق - تۈلۈك تەقدىم قىلدى. شۇ كېچىسى خان ياڭ فېڭنىڭ قارارگاھىدا قوندى.

www.uyghurkitap.com

گۇ سى بىر مەيدان جەڭدە ئۇتتۇرۇپ، ئەتىسى يەنە لەشكەر باشلاپ جەڭگە كەلدى. شۇي خۇاڭ ئېلىشىشقا چىقتى: گۇ سىنىڭ چوڭ قوشۇنى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ مۇھاسىرە قىلدى، خان بىلەن ياڭ فېڭنى قاپ ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. تازا بىر تەڭقىسلىق ۋاقتىدا، توساتتىن كۈنچېقىش تۆۋەن تەرەپتىن چوڭ بىر سۈرەن - چۇقان كۆتۈرۈلدى - دە، بىر سەركەردە لەشكەر باشلاپ، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ چاپ - چاپقا ئۆتتى، قاراقچىلار پىتىراپ قېچىشتى. شۇي خۇاڭ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ياۋغا تاشلاندى، گۇ سى قوشۇنلىرىنىڭ ۋەتۆەرىكى چېقىپ كەتتى. ھېلىقى كىشى كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كىشى خاننىڭ تۇغقىنى دۇڭ چېڭ ئىدى. خان كۆز يېشى قىلىپ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. دۇڭ چېڭ:

— جانابىي ئالىيلىرى غەم قىلمىسىلا، كەمىنىلىرى سەركەردە ياڭ فېڭ بىلەن بىرلىكتە بۇ ئىككى ئوغرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئەلنى تىنچلاندۇرۇشقا ئانت ئىچىمەن، — دېدى.

خان كۈنچېقىش پايتەختكە تېزرەك يېتىۋالايلى دەپ پەرمان بەردى. خان خۇڭنۇڭغا قاراپ كېچىلەپ يولغا چىقتى.

گۇ سى يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ قايتىپ كېلىۋېتىپ لى جۆ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ياڭ فېڭ بىلەن دۇڭ چېڭ خاننى قۇتۇلدۇرۇپ خۇڭنۇڭغا ئېلىپ كەتتى، ئەگەر خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنچېقىش تەرىپىگە مەھكەم ئورۇنلىشىۋالسا، ئەلگە ئېلان چىقىرىپ، بەگلەرنىڭ ھەممىسىنى بىزگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز، — دېدى گۇ سى.

— جاڭ جى لەشكەرلىرى بىلەن چاڭئەننى ئىگىلەپ ياتسۇن، يەڭگىللىك بىلەن لەشكەر تارتىپ چىقمىسۇن، ئىككىمىز

مۇشۇنداق ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، لەشكەرلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ خۇڭنۇڭغا بېرىپ، خەن خاننى ئۆلتۈرۈپ، ئەلنى تەڭ بۆلۈۋالساق بولامدۇ! — دېدى لى جۆ.

گۇ سى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. ئىككىسى لەشكەرلىرىنى بىرلەشتۈردى، يول بويى تالان ـ تاراج قىلىپ، قەدىمى يەتكەنلا جاينى قۇرۇتۇپ تاشلىدى. ياڭ فېڭ، دۇڭ چېڭلار قاراقچى لەشكەرلىرىنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئۇلار بىلەن دۇڭجيەندە قاتتىق ئېلىشتى. لى جۆ بىلەن گۇ سى:

— بىز كۆپ، قارشى تەرەپنىڭ سانى ئاز، قوچاقلاشما جەڭ قىلغاندىلا يېڭەلەيمىز، — دەپ كېڭەش قىلىشتى.

شۇنىڭ بىلەن لى جۆ سولدىن، گۇ سى ئوڭدىن پۈتۈن تاغ ـ دالانى قاپلاپ بېسىپ كەلدى. ياڭ فېڭ، دۇڭ چېڭلار جان پىدالىق بىلەن ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا خان ۋە خانىشنى قوغداپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى؛ مەنسەپدارلار، ئوردا مۇلازىملىرى، دەستۇرلارنى ۋە خان ئىشلىتىدىغان جاھازىلارنى پۈتۈنلەي تاشلىدى. گۇ سى لەشكەرلىرى بىلەن خۇڭنۇڭغا كىرىپ بۇلاڭچىلىققا كىرىشىپ كەتتى. دۇڭ چېڭ، ياڭ فېڭلار خاننى قوغداپ شەنشىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ماڭدى، لى جۆ بىلەن گۇ سى لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ قوغلاپ ماڭدى.

دۇڭ چېڭ، ياڭ فېڭلار بىر تەرەپتىن لى جۆ، گۇ سىلارغا سۈلھى تەلەپ قىلىپ ئەلچى ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن سابىق بەي بۇنىڭ ئەمىر لەشكەرلىرى خەن شيەن، لى لې، خۇ سەيلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى جىددىي ھەمدەمگە چاقىرىپ، مەخپىي پەرمان بىلەن خېدۇڭغا چاپارمەنلەر ئەۋەتتى. لى لې ئەسلىدە تاغقا جايلىشىۋالغان قاراقچىلاردىن بولۇپ، بۈگۈن ئىلاجسىز چاقىرتىلغانىدى. بۇ ئۈچەيلەن خاننىڭ ھەمدەملىك سورىغانلىقى، گۇناھلىرىدىن كېچىپ ئۇنۋانلار ئىلتىپات قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

ئەلۋەتتە كېلەتتى؛ شۇنداق قىلىپ، بۇلار كېلىپ دۇڭ چېك بىلەن بىرلىشىپ، خۇڭنۇڭغا تېگىش قىلماقچى بولدى. بۇ ۋاقىتلاردا لى جۆ بىلەن گۇ سى بارغانلىكى يېرىدە ئاھالىنى بۇلاپ ـ تالاپ، قىرى ـ ئاجىزلارنى ئۆلتۈردى، ساغلام كىشىلەرنى لەشكەرلىككە تۇتتى؛ ياۋغا دۇچ كەلگەندە «پىدائىيلار قوشۇنى» دەپ نام بەرگەن خەلق لەشكەرلىرىنى ئالدىغا سېلىشۋالدى، شۇنداق قىلىپ قاراقچىلارنىڭ كۈچى ئىنتايىن زورايدى. لى لېي لەشكەرلىرى ۋېيياڭغا يېتىپ كەلگەندە، گۇ سى لەشكەرلىرىگە كىيىم ـ كېچەك ۋە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى يوللارغا تاشلاپ قويۇشقا ئەمىر بەردى. لى لېي لەشكەرلىرى يوللاردىكى تولۇپ تاشقان كىيىم ـ كېچەكلەرنى كۆرۈپ، بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ يىغىشقا كىرىشىپ كەتتى، ئۇلارنىڭ تەرتىپ ۋە رەتلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. بۇ چاغدا لى جۆ، گۇ سىلار تۆت تەرەپلەپ قوچاقلاشما جەڭگە كىرىشتى، لى لېي لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ياڭ فېڭ، دۇڭ چېڭلار مۇقابىل كېلەلمەي خاننى قوغداپ يۇقىرى تەرەپكە قاچتى. قاراقچىلار ئارقىدىن قوغلاپ ماڭدى. لى لېي:

— ئەھۋال بەك جىددىي، خان ئاتلىنىپ ئالدىن ماڭسىلا! — دېدى.

— مەن بەگ ـ سىپاھلىرىمنى تاشلاپ كېتەلمەيمەن، — دېدى خان.

ھەممە بەگ ـ سىپاھلار يىغا ـ زار قىلىشىپ خاننى ئەگىشىپ ماڭدى. خۇ سەي ئۇرۇش مالىمانى ئىچىدە ئۆلدى. دۇڭ چېڭ، ياڭ فېڭلار ئاسىيلارنىڭ جىددىي قوغلاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، خاننىڭ مەپىدىن چۈشۈپ خۇاڭخې دەرياسى ياقىسىغا پىيادە بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى. لى لېلار بىر دانە كېمە تېپىپ كېلىشتى. بۇ كۈنلەردە ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىدى، خان بىلەن خانىش يۆلەپ دەريا ياقىسىغا ئېلىپ كېلىنىدى،

قىرغاق ئېگىز ۋە تىك بولغانلىقى ئۈچۈن كېمىگە چۈشۈشكە مۇمكىن بولماي قالدى، ئارقا تەرەپتىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار يېقىنلىشىپ قالدى. ياك فېك:

— ئاتلارنىڭ چۇلۋۇرلىرىنى يېشىڭلار، ئاندىن بىر - بىرىگە ئۇلاپ، خاننىڭ بېلىگە باغلاپ، كېمىگە چۈشۈرۈڭلار، — دېدى.

ئادەملەر ئارىسىدىن خاننىڭ تاغىسى فۇ دې ئون نەچچە توپ ئاق شايى قولتۇقلاپ چىقىپ:

— لەشكەر ماللىرىنى ئېچىدە بۇ شايىلارنى تېپىۋالغانىدىم، بۇنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ ئىشلىتەيلى، — دېدى.

سەپەردىكى قوشۇنلار لەشكەربېشى شاڭ خۇڭ شايىلارنى ئۇلاپ، ئۇنى خان بىلەن خانىشىنىڭ بېلىگە باغلاپ، كۆپچىلىككە ئاۋۋال خاننى پەسكە ساڭگىلىتىپ كېمىگە چۈشۈرۈشنى بۇيرۇدى. لى لې شەمشەر تۇتۇپ كېمىنىڭ بېشىدا تۇردى. خانىشىنىڭ ئاكىسى فۇ دې خانىشنى يۆلەپ كېمىگە چىقاردى. قىرغاقتا كېمىگە چىقالماي قالغانلار كېمە ئارغامچىسىغا ئېسىلىۋالغانىدى، لى لې بۇلارنى چېپىپ سۇغا تاشلىدى. خاننى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن باشقىلارنى ئۆتكۈزۈش باشلاندى، كېمە تالاشقان، كېمىگە ئېسىلىشقانلارنىڭ بارماقلىرى چېپىلدى، يىغا - زار ئاۋازلىرى پەلەكتىن ئاشتى.

دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ بولغۇچە خاننىڭ ئەتراپىدا ئون نەچچىلا كىشى قالغانىدى. ياڭ فېك بىر دانە كالا هارۋىسىنى تېپىپ كەلدى - دە، خاننى ئولتۇرغۇزۇپ داياڭغا كىردى، كېچىسى كاھىش بىلەن يېپىلغان بىر ئۆيدە قوندى، قورساقلار ئاچ ئىدى، يېزىلىق بىر بوۋاي تېرىقتىن تاماق قىلىپ خان بىلەن خانىشقا ئېلىپ كىردى، لېكىن بۇ تاماق ئۇلارنىڭ گېلىدىن ئۆتمىدى. ئەتىسى پەرمان بىلەن لى لې يۇقىرىغا يۇرۇش قىلىش سەركەردىسى، خەن شيەن كۇنچىقىشقا يۇرۇش قىلىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەندى. خان ئالغا قاراپ راۋان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دەل بۇ ۋاقىتتا ئەمىر ياڭ بياۋ، ئوردا مىراخورىبېگى خەن رۇڭ خاننى ئىزدەپ يېتىپ كەلدى. بۇلار خان ھارۋىسى ئالدىغا يىقىلىپ، يىغلىغان ھالدا كۆرۈشتى. خان بىلەن خانىشمۇ يىغا - زار قىلدى. خەن رۇڭ:

— لى جۆ، گۇ سى ئىككى مۇناپىق، ئازغىنا بولسىمۇ كەمىنىلىرىنىڭ تىلىنى ئالدۇ، مەن جىنىمدىن كېچىپ بولسىمۇ، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇش ھەققىدە بۇ ئىككى مۇناپىققا سۆز قىلىپ كۆرەي، جانابىي ئالىيلىرى مۇبارەك تەنلىرىنى ئاسرىسىلا، — دەپ ئىلتىجا قىلدى - دە، كېتىپ قالدى.

لى لې خاننىڭ قارارگاھتا ۋاقىتلىق دەم ئېلىشىنى ئىلتىجا قىلدى. ياڭ بياۋ خانغا ئەنيى ناھىيىسىنى پايتەخت قىلىشقا مەسلىھەت بەردى. خان ئەنيىگە يېتىپ باردى. بۇ يەردە تۈزۈكرەك ئۆي - ئىمارەتمۇ بولمىغاچقا، خان بىلەن خانىش بىر كەپىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ كەپىنىڭ ئىشىكلىرىمۇ يوق ئىدى، ئەتراپى بولسا چىتلار بىلەن توسۇلغانىدى. خان ئۆز ۋەزىرلىرى بىلەن ئەنە شۇ كەپىدە مەسلىھەت - كېڭەش ئېلىپ باردى، سەركەردىلەر لەشكەرلىرى بىلەن قاشا سىرتىدا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىشتى. لى لې باشلىقلار ھوقۇقىنى ئىگىلىۋېلىپ ئۆز بىشىمچىلىق قىلىشقا باشلىدى، مەنسەپدارلاردىن بىرەرتىسى تەئەررۇز قىلسا خاننىڭ ئالدىدىلا تىللىغا ئۇچرىدى ياكى كالتەكلەندى؛ خاننىڭ ئىچىملىك ۋە يېمەكلىكلىرى ئۇچۇن ئەتەيلەپ دۇغ مەي ۋە قاتتىق - قۇرۇق يېمەكلىكلەر ئەكېلىپ بەردى. بۇنى خان نائىلاج زورىغا قوبۇل قىلدى. لى لې، خەن شيەنلەر بىرلىشىپ ئۆز نامىدىن لۇكچەكلەر، سېھىرگەرلەر، جادۇگەرلەر ۋە چاپارمەنلەر بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشىنى مەلۇم قىلىپ، لەشكەربېگى، تەپتىشبېگى قاتارلىق مەنسەپلەرگە قويدى. تامغا - مۆھۈر ئويۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن، بىگىز بىلەن ئاندا - مۇندا جىجىلىغان، ھېچ مۇقامدا يوق تامغا -

مۆھۈرلەر ياسىتىلىپ تارقىتىپ بېرىلدى.

لى جۆ، گۇ سى، بۇ ئىككى مۇناپىق خەن رۇڭنىڭ سۆزىگە كىرىپ بەگ ـ سىپاھلار ۋە ئوردا خادىملىرىنى قويۇۋەتتى. بۇ يىل قەھەتچىلىك بولۇپ كېتىپ، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى چىلان ۋە كۆكتات يەپ ھايات كەچۈردى، ھەممە جاي ئاچلىقتىن ئۆلگەنلەر جەسىتى بىلەن تولدى. خېنبېي ئايمىقىنىڭ ھاكىمى جاڭ ياڭ گۇرۇچ، گۆش تەقدىم قىلدى. خېدۇڭ ئايمىقىنىڭ ھاكىمى ۋاڭ يى تاۋار ـ دۇردۇن تەقدىم قىلدى، بۇ ياردەملەر خانغا بىرئاز ئارام بېغىشلىدى. دۇڭ چېڭ ۋە ياڭ فېڭلار مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپتىن لوياڭ ئوردىسىنى ياساشقا ئادەم ئەۋەتمەكچى، بىر تەرەپتىن خاننى كۇنچىقىش پايتەختكە كۆچۈرمەكچى بولدى. لى لې بۇنىڭغا كۆنمىدى، دۇڭ چېڭ لى لېغا قاراپ:

— لوياڭ خاننىڭ ئەسلى پايتەختى، ئەنيى بولسا كىچىككىنە بىر يەر، خان بۇ يەرگە سىغامدۇ؟ بۇگۈنكى كۈندە خاننىڭ لوياڭغا قايتىشى ئورۇنلۇق ئىش، — دېدى.

— سىلەر خان بىلەن كېتىۋېرىڭلار، مەن بۇ يەردە قالىمەن، — دېدى لى لې.

دۇڭ چېڭ، ياڭ فېڭلار خاننى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى. لى لې يوشۇرۇن ئادەم ئەۋەتىپ، لى جۆ، گۇ سىلار بىلەن بىرلىكتە خاننى بۇلاش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈردى. دۇڭ چېڭ، ياڭ فېڭ، خەن شيەنلەر بۇ سۇيىقەستتىن خەۋەر تېپىپ، لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېچىلەپ خاننى قوغداپ جىگۇەنگە قاراپ ماڭدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان لى لې لى جۆ ۋە گۇ سىلارنى كۈتمەستىنلا ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن ئارقىدىن قوغلىدى. ئۇ سۈبھى بىلەن جىشەن تېغىنىڭ تۈۋىگە قوغلاپ كەلدى ۋە:

— خان مەيسىنى توختىتىڭلار! لى لې، گۇ سى مانا بۇ يەردە! — دەپ توۋلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان شيەندى خانىنىڭ يۈرىكى تىترەپ كەتتى. تاغنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئوت ئەلەڭگىلىرى يېنىشقا باشلىدى. دەرھەقىقەت:

*ئۆچلىشىپ كەتكەنىدى ئىككى مۇناپىق ئىلگىرى،*
*دوست بولۇپ بىرلەشتى ئەمدى ئۈچ مۇناپىق ھەممىسى.*

خەن خاندانلىقىنىڭ خانى شيەندىنىڭ بۇ پالاكەتتىن قانداق قۇتۇلغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ خاننى شۈيجۈغا كۆچۈرگەنلىكى لۈي بۇنىڭ تۈندە شۈيجۈغا تەگكەنلىكى

ئەلقىسسە، لى لې لەشكەر باشلاپ يالغاندىن ئۆزىنى لى جۆ ۋە گو سى قىلىپ كۆرسىتىپ، خاننى قوغلاپ كەلگەنلىكتىن خان قاتتىق قورقۇپ كەتتى. ياڭ فېڭ:

— لى لې، — دېدى - دە، شۈي خۇاڭنى ئېلىشىشقا ئاتلاندۇردى.

ئۇ تەرەپتىن لى لې ئۆزى مەيدانغا چۈشتى، ئىككى ئات روبىرو بولدى، بىر زەربىتىلا شۈي خۇاڭ لى لېنى ئات ئاستىغا پالتىلاپ تاشلىدى، قالدۇقلىرىنى قىرغىن قىلىپ تارىتىۋەتتى - دە، خاننى قوغداپ جىگۇەندىن ئۆتۈپ كەتتى. ھاكىم جاڭ ياڭ بۇلارنى ئاشلىق، رەخت - گەزلىمىلەر بىلەن جىداۋدا كۈتۈۋالدى. خان جاڭ ياڭنى باش چاۋۇش قىلىپ تەيىنلىدى. جاڭ ياڭ خان بىلەن خەيرلىشىپ ئورۇنلىشىۋېلىش ئۈچۈن يېۋاڭغا كېتىپ قالدى. خان لوياڭغا كىرىپ ئوردىنىڭ كۆيۈپ تۈگىگەنلىكىنى، كوچىلارنىڭ ۋەيران بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە يەرنىڭ قومۇشزارلىققا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئوردا ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان تام خارابىلىرىنى كۆرۈپ، ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا بىر سارايچە قۇرۇش ئۈچۈن ياڭ فېڭغا ئەمىر قىلدى. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى ئازغان - تىكەنلەر

ئىچىدە تۇرۇپ، خاننى تەبرىكلىدى. خان يىلنامە شىنىڭ پىكىنى (مىلادى 194 — 195 ـ يىلى) جىنئەن ئەن (مىلادى 196 — 219 ـ يىل) گە ئۆزگەرتىش ھەققىدە يارلىق چىقاردى. بۇ يىلى زور قەھەتچىلىك بولۇپ كەتكىنى ئۈچۈن، لوياڭدا بىرنەچچە يۈز ئۆيلۈكلا كىشى قالغانىدى. ئۇلار ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز قالغانلىقتىن شەھەردىن چىقىپ دەرەخ قوۋزاقلىرىنى سويۇپ، ئوت يىلتىزلىرىنى كولاپ ئوزۇقلىناتتى. ياساۋۇلبەگ دەرىجىسىدىن تۆۋەن بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئوزۇق تېپىش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىشقا مەجبۇر ئىدى. ئاچارچىلىقتىن خارابە تاملىقلار ئارىسىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس ئىدى. خەن خاندانلىقىنىڭ ھېچقايسى دەۋرى مۇشۇنداق زەئىپلەشكەن ھالەتكە چۈشۈپ باقمىغانىدى. كېيىن ئادەملەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىپ ھەسرەت چېكىشكەن:

*ئاق يىلاننىڭ قانلىرى ماڭداڭدا ئاقتى شارقىراپ،*
*سۇردى دەۋران قىيقىرىپ تۇغ ھەر تەرەپكە تاراپ.*
*ئاغدۇرۇپ چىن بۇغىسى خاننى تېپىپ روناق ئۆزى،*
*بۇزدى چۇ ئارغىمىقى ئەل پاسىلىن قىلدى خاراب.*
*ئالدى ئەۋج پىسقى ـ پاسات، خاننىڭ ئىدى ھالى زەئىپ،*
*قوزغىدى مالىمان زەئىپ ئەلدە قاراقچى يامراپ.*
*كۆرگىنىمدە ئىككى پايتەختنىڭ خارابە ھالىنى،*
*تاش يۈرەك ئىنسانمۇ ھەتتا چەككىسىدۇر ئىزتىراپ.*

ئەمىر ياڭ بياۋ خانغا مۇراجىئەت قىلىپ:

— بۇنىڭدىن بۇرۇن ئالىيلىرىنىڭ چۈشۈرگەن يارلىقىنى ھېلىغىچە ئەۋەتمىگەنىدىم. ھالا ساۋ ساۋ خۇاشەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدە كۈچلۈك لەشكەر ۋە كۆپ سەركەردىگە ئىگە بوپتۇ. خانلىقىمىزغا ھەمدەملەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۇنى ئوردىغا چاقىرتساقمىكىن، — دېدى.

— چاقىرتىش يارلىقىنى بۇرۇنلا چۈشۈرگەنىدىم، يەنە ئىلتىجا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق ئىدىغۇ؟ ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىڭ، — دەپ جاۋاب بەردى خان.

ياڭ بياۋ پەرمانىنى ئالغاندىن كېيىن، ساۋ ساۋنى چاقىرىشقا خۇاشەننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە ئەلچى ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ خۇاشەننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدە تۇرۇپ، خاننىڭ لوياڭغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇشاۋىرلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. مۇشاۋىرلاردىن شۇن يۈي:

— ئۆتمۈشتە چىن بەگلىكىنىڭ ۋېنۋاڭى جۇۋ بەگلىكىنىڭ شياڭۋاڭىنى تەكلىپ قىلىپ قوبۇل قىلغىنىدىن كېيىن، ھەممە بەگلەر ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانىدى؛ خەن خاندانلىقىنىڭ گاۋزۇ خانى مەرھۇم خان يىدىنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن پۈتۈن ئەلنى ئۆزىگە جەلپ قىلغانىدى. ھالا بۈگۈن خان قاچاق سۆپىتىدە ياشاۋاتقان بىر زاماندا، سەركەردە جانابلىرى دەسلەپ ساداقەت لەشكىرى باشلاپ چىقسىلا، ئەلنىڭ ئارزۇ ـ ئۈمىدىگە لايىق خاننىڭ خىزمىتىدە بولسىلا، كارامەت ئەقىللىق ئىش قىلغان بولىدىلا، ئەگەر بۇ ئىشقا ۋاقتىدا كىرىشىلمەيدىكەن، باشقىلار بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈۋالىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ئۇ لەشكەرلىرى بىلەن سەپەرگە ھازىرلىق قىلىپ تۇرغان پەيتتە، خاننىڭ چاقىرىق يارلىقى بىلەن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىندى. ساۋ ساۋ يارلىقنى ئالغاندىن كېيىن، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا سەپەرگە ئاتلاندى.

خان لوياڭدا ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولالمىدى، يىقىلىپ خاراب بولغان سېپىللارنى قايتىدىن ياساشقا قۇدرىتى يەتمىدى. لى جۆ، گو سىلارنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىۋاتقان خەۋەرلىرى كېلىپ قالدى. خان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ

كەتتى ۋە ياڭ فېڭدىن:
— خۋاشەننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە ئەۋەتكەن ئەلچىمىز تېخى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپلا، لى جۆ بىلەن گۇ سىنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ قالدى، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.
— كەمىنىلەر ئاسىيلار بىلەن هايات ـ مامات جېڭى قىلىپ، ئالىيلىرىنى قوغداشقا تەييارمىز! — دېدى ياڭ فېڭ بىلەن خەن شيەن.
— سېپىل مۇستەهكەم ئەمەس، لەشكەرلىرىمىز ئاز، ئەگەر ئۇرۇشتا يېڭەلمىسەك، قانداق قىلغۇلۇق؟ ئۇنىڭدىن كۆرە پاناھ ئۈچۈن خاننى هازىرچە خۋاشەن تېغىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە كۆچۈرەيلى! — دەپ مەسلىھەت بەردى دۈڭ چېڭ.
بۇ پىكىر خانغا ماقۇل كەلدى، خان شۇ كۈنىلا خۋاشەن تېغىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە سەپەر قىلدى. ئات بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋەزىر ـ ۋۇزرالارنىڭ ھەممىسى خان مەپىسىگە ئەگىشىپ پىيادە مېڭىشتى. لوياڭدىن چىقىپ بىر ئوق يېتىم يول ماڭغاندا، چاڭ ـ توزانلىرى بىلەن قۇياش نۇرىنى توسۇغان، داقا ـ دۇمباق ساداسى بىلەن ئەتراپىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ھەددى ـ ھېسابسىز لەشكەر كۆرۈندى. خان بىلەن خانىش قورقانلىقتىن تىترەپ گەپ قىلالماي قالدى. ئەنە شۇ پەيتتە بىر ئاتلىق ئۇچقاندەك يېتىپ كەلدى. بۇ خۋاشەن تېغىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىگە ئەۋەتىلگەن ئەلچى ئىدى. ئۇ خان مەپىسى ئالدىغا كېلىپ تەزىم بىلەن:
— سەركەردە ساۋ ساۋ يارلىق بويىچە بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن خۋاشەن تېغىنىڭ كۆنچىقىش تەرىپىدىن چىقتى. يولدا لى جۆ، گۇ سىلارنىڭ لوياڭغا تەئەررۇز قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، 10 نەپەر ئالىي سەركەردە ۋە 5 تۇمەن خىل لەشكەر بىلەن شيا خۇدۇننى ھەزرىتى ئالىيلىرىنى قوغداش ئۈچۈن تۇرشاۋۇل قىلىپ ئەۋەتتى، — دەپ مەلۇمات بەردى. بۇنى ئاڭلىغان خان

خاتىرجەم بولدى. بىر پەستىن كېيىن، شيا خۇدۇن، شۈي چۇ، دىيەن ۋېيلار خان ھۇزۇرىغا كېلىپ لەشكەرچە سالام بېرىپ كۆرۈشتى. خان بۇلاردىن ھال ـ ئەھۋال سوراپ بولۇشىغا، توساتتىن يەنە كۈنچىقىش تەرەپتىن بىر توپ لەشكەر كېلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى. خان سۈرۈشتە قىلىش ئۈچۈن شيا خۇدۇننى بۇيرۇدى. شيا خۇدۇن قايتىپ كىرىپ:

— كەلگەنلەر ساۋ ساۋنىڭ پىيادە لەشكەرلىرى ئىكەن، — دەپ مەلۇمات بەردى.

بىردەمدىن كېيىن، ساۋ خۇڭ، لى دىيەن، يۆ جىنلەر كېلىپ خان بىلەن كۆرۈشتى، ئىسىملىرىنى مەلۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ساۋ خۇڭ:

— كەمىنىلىرىنىڭ ئاغىسى ئاسىيلارنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، شيا خۇدۇن يالغۇزلۇق قىلىپ قىيىنچىلىققا ئۇچراپ قالمىسۇن، دەپ بولۇشۇشقا كەمىنىلىرىنى تېز يېتىپ بار دەپ ئەۋەتتى، — دەپ مەلۇمات بەردى.

— سەركەردە ساۋ ساۋ خاندانلىقنىڭ ھەقىقىي خادىمى ئىكەن! — دېدى خان ۋە دەرھال ئالغا يۈرۈشكە پەرمان بەردى.

دەل شۇ چاغدا ئايغاقچىلار:

— لى جۆ، گۇ سىلار لەشكەر تارتىپ ئۇدۇل كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خەۋەر قىلدى.

خان ئىككى تەرەپتىن چىقىپ ئېلىشىش ئۈچۈن شيا خۇدۇنگە بۇيرۇق بەردى. شيا خۇدۇن بىلەن ساۋ خۇڭ ئىككى قانات بولۇپ ئايرىلدى، ئاتلىقلار ئالدىدا، پىيادىلەر ئارقىدا ماڭغىنىچە قاتتىق تېگىش قىلدى. لى جۆ، گۇ سىلارنىڭ ئاسىي قوشۇنلىرى قاتتىق يېڭىلدى، 1 تۈمەندىن ئارتۇق كاللا كېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن خان لوياڭدىكى قەدىمكى ئوردىسىغا قايتىشقا تەكلىپ قىلىندى. شياخۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن شەھەر تېشىغا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى ساۋ ساۋ نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇنى بىلەن يېتىپ كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قارارگاھلىرىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشۈپ، تەختپايىسى ئاستىدا يۈكۈندى. خان ساۋ ساۋنى تۇرۇشقا ئىلتىپات قىلىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى.

— كەمىنىلىرى ھەزرىتى ئالىيلىرىنىڭ ئىلتىپاتىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىم ئۈچۈن ھەرئان بۇنى قايتۇرۇشنى ئويلار ئىدىم، ئەلھال لى جۆ، گو سى — بۇ ئىككى مۇناپىقنىڭ جىنايى ياۋۇزلۇقلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز بولۇپ كەتتى. كەمىنىلىرىنىڭ 20 تۈمەندىن ئارتۇق خىل لەشكىرىم بار، ئاسىيلارنى جازالاش قولۇمدىن كېلىدۇ، نۇسرەت قازىنىشىم چوقۇم. ھەزرىتى ئالىيلىرى مۇبارەك تەنلىرىنى ياخشى ئاسرىغايلا، بۇنىسى خاندانلىق ئۈچۈن مۇھىمدۇر، — دەپ مۇراجىئەتتە بولدى ساۋ ساۋ.

شۇنىڭ بىلەن خان ساۋ ساۋغا كەلىمە تاياق، يالمانلىق تۇغ تۇتتۇش ھوقۇقى بېرىپ، ئۇنى مۇپەتتىش لەشكەربېشى، باش ۋەزىر قىلىپ تەيىنلىدى.

لى جۆ بىلەن گو سى ساۋ ساۋنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، تېز ئېلىشىشقا كېڭەش قىلىشتى. جيا شۈي:

— بولماسمىكىن، ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى خىل، سەركەردىلىرى جەسۇر. ئۇنىڭدىن كۆرە ئەل بولۇپ، ئۆز گۇناھىمىزنى تىلىسەك ئوبدان بولارمىكىن، — دەپ پىكىر بەردى.

— سەن لەشكەرلىرىمنىڭ روھىنى چۈشكۈنلۈككە ئۇچراتماقچىمۇ تېخى! — دېدى لى جۆ غەزەپلىنىپ ۋە شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ جيا شۈينى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، باشقا سەركەردىلەر ناھايىتى تەسلىكتە تىلىۋالدى. شۇ كۈنى كېچىسى جيا شۈي تەنھا ئۆزى يۇرتىغا قايتتى. ئەتىسى لى جۆ لەشكەرلىرى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشىشقا كەلدى. ساۋ

ساۋ ئالدى بىلەن شۈي چۇ، ساۋ رېن، دىيەن ۋېيلارنى 300 ئاتلىق بىلەن لى جۈنىڭ سېپىگە ئۇچ قېتىم باستۇرۇپ كىرىشكە بۇيرۇپ، ئاندىن سەپ تۈزدى. سەپ ئىچىدىن لى جۈنىڭ جىيەنلىرى لى شيەن، لى بيې ئاتلىنىپ سەپ ئالدىغا چىقتى، ئۇلار تېخى ئاغزىنى ئېچىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا، شۈي چۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئالدى بىلەن لى شيەننى چېپىپ تاشلىدى؛ لى بيې قورققانلىقىدىن ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. شۈي چۇ بۇنىمۇ ئۆلتۈرۈپ، ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئۆز سېپىگە قايتتى. ساۋ ساۋ شۈي چۇنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— باركاللا، ئوغلۇم! سىز مېنىڭ فەن كۇەيىمسىز* ! — دېدى ۋە شۇئان شيا خۇدۇننى سول تەرەپتىن، ساۋ رېننى ئوڭ تەرەپتىن لەشكەر باشلاپ چىقىشقا بۇيرۇپ، ئۆزى بارگاھ قوشۇنى بىلەن بۆسۈپ بارماقچى بولدى. بىرىنچى ناغرا چېلىنىش بىلەن تەڭ ئۇچ قوشۇن بىراقلا ئالغا ئېتىلدى. ئاساسىي قوشۇنلار بەرداشلىق بېرەلمەي قاتتىق يېڭىلىپ بەدەر تىكىۋەتتى. ساۋ ساۋ ئۆزى شەمشىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئارقا قىسىمدا كۆزىتىپ ماڭدى، ئاسىيلارنى كېچىلەپ قوغلاپ، ئارام بەرمەستىن قىرغىن قىلدى، ئىنتايىن كۆپ ئادەم قىرىلدى، ئەل بولغانلار ھەددى ـ ھېسابسىز بولدى. لى جۆ بىلەن گۇ سى ھودۇقۇپ ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان ئىتقا ئوخشاش كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ جېنىنى ئەپقاچتى؛ ھېچبىر يەردىن پاناھ تاپالماي، تاغ ئىچىنى ماكان تۇتۇپ غەلىيانچى بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ لوياڭ شەھىرىنىڭ تېشىغا ئورۇنلاشتى. ياڭ فېڭ بىلەن خەن شيەن:

— بۈگۈن ساۋ ساۋ چوڭ ئەجىر كۆرسەتتى، مۇھىم ھوقۇقلارنى ئىگىلىۋېلىشى چوقۇم، ئەمدى بىز بۇ يەرگە

---

* فەن كۇەي — خەن خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى ليۇ باڭنىڭ باتۇر سەركەردىسى.

سىغمايمىز، — دەپ كېڭەش قىلىشتى ـ دە، لى جۆ، گۇ سىلارنى قوغلاپ قىرغىن قىلىمىز، دەپ خاندىن ئىجازەت ئالدى، ئاندىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ ماكان ئىزدەپ دالىياڭغا ماڭدى.

خان بىر كۈنى ساۋ ساۋنىڭ قارارگاھىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئۇنى كېڭەش ئۈچۈن سارايغا چاقىرتتى. ساۋ ساۋ خان ئەلچىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئۆز ھۇزۇرىغا تەكلىپ قىلىپ كۆرۈشتى. ئۇ كەلگەن كىشىنىڭ قاش ـ كۆزى جايىدا، روھى كۆتۈرەڭگۈ، كەيپى چاغ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: «ھازىر كۈنچىقىش پايتەخت قەھەتچىلىكتە، مەنسەپدارلار، لەشكەرلەر ۋە پۇقرالارنىڭ رەڭگىدىن ئاچارچىلىق چىقىپ تۇرىدۇ، ئەجەبا! يالغۇز بۇ ئادەملا سېمىز ـ ھە؟!» دەپ ئويلىدى ـ دە:

— جانابلىرىنىڭ رەڭگىرويى ناھايىتى ياخشى تۇرۇپتۇ، نېمە ئىستېمال قىلىۋاتىدىلاكىن؟ — دەپ سورىدى.

— باشقا بىر تەدبىرىم يوق، 30 يىلدىن بېرى تۇزسىز تاماق بىلەن كېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى كەلگەن كىشى.

ساۋ ساۋ بېشىنى لىڭشىتىپ تەستىقلىدى ۋە يەنە:

— جانابلىرى قانداق ۋەزىپىدە؟ — دەپ سورىدى.

— پەقىر ئەقىدىمەن، پاك دىل كىشى دەپ خاندانلىققا تونۇشتۇرۇلغان، بۇرۇن يۈەن شاۋ، جاڭ ياڭلارنىڭ خىزمىتىدە ئىدىم، ئەلھال خاقانىمىزنىڭ پايتەختكە قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئالاھىدە زىيارەت ئۈچۈن كېلىۋىدىم، كېڭەشچىبەگلىك مەنسىپىگە تەيىنلەندىم. ئۆزۈم جىيىننىڭ دىڭتاۋ دېگەن يېرىدىن، ئىسمىم ـ زاتىم دۇڭ جاۋ، يەنە بىر ئىسمىم گوڭ رېن بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇزۇندىن بېرى ناملىرىنى غايىبانە ئاڭلىغانىدىم، بۇ يەردە كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ، — دېدى ساۋ ساۋ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋە مېھمان شەرىپىگە بارگاھتا مەرىكە ـ سورۇن راسلاتتى ھەم شۇن يۈيىنى چاقىرتىپ كۆرۈشتۈردى. ئۇشتۇمتۇتلا

ئادەملەر:

— بىر توپ لەشكەر كۆنچىقىش تەرەپكە كېتىپ بارىدۇ، كىملەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق، — دەپ مەلۇمات بەردى. ساۋ ساۋ تېزدىن ئۇقۇپ بېقىشقا كىشى بۇيرۇدى.

— بۇلار لى جۈنىڭ كونا سەركەردىسى ياڭ فېڭ بىلەن بېي بۇنىڭ ئەمىر لەشكىرى خەن شيەن ئىكەن. جانابلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشلىرى بىلەن پاناھ ئىزدەپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ دالياڭغا كېتىۋاتسا كېرەك، — دېدى دۇڭ جاۋ.

— مەندىن گۇمانلانغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۇلار تەدبىرسىز مەخلۇقلار، جانابلىرى ئەندىشە قىلمىسىلا! — دېدى دۇڭ جاۋ.

— لى جۆ بىلەن گو سى دېگەن بۇ ئىككى مۇناپىق مۇشۇ كېتىشىدە نەگە بارار؟ — دەپ يەنە سوئال قويدى ساۋ ساۋ.

— يولۋاس پۇت - قولىدىن، قۇش قانىتىدىن ئايرىلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا جانابلىرىنىڭ قولىغا چۈشىدۇ، خاۋاتىرلىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق، — دېدى دۇڭ جاۋ.

ساۋ ساۋ دۇڭ جاۋنىڭ گېپىنى ياقتۇرۇپ خاندانلىق ئىشلىرىنى سورۇشتە قىلدى.

— جانابلىرى، — دېدى دۇڭ جاۋ، — ئىختىلالنى بېسىقتۇرۇش، خانىمىزغا يارەم بېرىش ئۈچۈن پىدائىي لەشكەر باشلاپ چىقتىلا، بۇ بەش باش بەگ* نىڭ يەتكۈزگەن خىزمىتى بىلەن باراۋەر. ئەمما، ھەرقايسى سەركەردىلەر باشقا نىيەتلەردە بولۇۋاتىدۇ، ھالا بۇ كۆندە بويسۇنۇپ كېتىشى ناتايىن، شۇڭلاشقا ھازىرچە بۇ يەردە تۇرۇش ناقولاي بولارمىكىن، ئەڭ ياخشى تەدبىر خاننى شۈيچاڭغا يۆتكەشتىن ئىبارەت. چۈنكى خان ئۇ يەردە - بۇ يەردە سەرگەردانلىق ھايات كەچۈرۈپ، يېڭىدىن پايتەختكە

* بەش باش بەگ — جۇنچيۇ دەۋرىدىكى كۈچلۈك بەش بەگ بولۇپ، ئۇلار: چى بەگلىكىنىڭ خۇەن گوڭ، جىن بەگلىكىنىڭ ۋېن گوڭ، چىن بەگلىكىنىڭ مۇگوڭ، سوڭ بەگلىكىنىڭ شياڭ گوڭ ۋە چۇ بەگلىكىنىڭ جۇاڭ ۋاڭ بېگىدىن ئىبارەت ئىدى.

قايتىپ كەلدى، يىراق ــ يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىر كۈن بولسىمۇ ئامانلىقنى تىلەيدۇ؛ بۈگۈن خاننى يەنە كۆچۈرسە، كۆپچىلىك رازى بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما، جانابلىرى يەۋقۇلئاددە ئىش كۆرۈپ، يەۋقۇلئاددە ئەجىر ــ تۆھپە كۆرسەتتىلە. بۇ ھەقتە سەركەردە ئۆزلىرى بىر قارارغا كەلسىلە.

— بۇ مېنىڭ ئەسلى مۇددىئايىم، بىراق ياڭ فېڭ دالياڭدا، ۋەزىرلەر ئوردىدا بولۇپ ئۆزگىرىش قىلىپ قويماسمۇ؟ — دېدى ساۋ ساۋ دۇڭ جاۋنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۇ ئاسان ئىش، ئالدى بىلەن ياڭ فېڭغا خەت يېزىپ ئۇنى خاتىرجەم قىلسىلا. پايتەختتە ئوزۇق ــ تۈلۈكنىڭ يوقلۇقىدىن خاننى شۈيچاڭغا يۆتكەشنىڭ لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندا يېقىندىكى لۇياڭدىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىشكە بولىدىغانلىقىنى، يۇقرانىڭ دەككە ــ دۈككىگە چۈشۈپ قالمايدىغانلىقىنى ۋەزىرلەرگە ئوچۇق ئېلان قىلسىلا، ۋەزىرلەر بۇنى ئاڭلىغان ھامان خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆرۈشىدۇ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى دۇڭ جاۋ.

ساۋ ساۋ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. دۇڭ جاۋ خەيرلىشىپ چىقىپ كەتمەكچى بولغىنىدا، ساۋ ساۋ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— بىرەر ئىش ۋۇجۇدقا چىقسا، بۇنى جانابلىرىنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن بولدى دەپ قارايمەن، — دېدى.

دۇڭ جاۋ رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، ساۋ ساۋ پايتەختنى كۆچۈرۈش ھەققىدە مەسلىھەتچىلەر بىلەن مەخپىي كېڭەش ئېلىپ باردى. بۇ چاغدا ئوردا رەسەتچىگى ۋاڭ لى خان جەمەتچىگى لىيۇ ئەيگە:

— مەن يۇلتۇزلارغا قارىغانىدىم، ئۆتكەن باھاردا زۆھرە يۇلتۇزى نەشرە يۇلتۇزىغا تەرەپ يۇلتۇزىدا تەئەررۇز قىلدى ۋە دېنىپ يۇلتۇزى مۇشتىرى يۇلتۇزىدىن ئۆتۈپ، ئەكسىچە ھەرىكەت

قىلىپ، تيەنگۇەن يۇلتۇزىدا زۆھرە يۇلتۇزى بىلەن، يەنى ئالتۇن ئوت بىلەن ئۇچراشتى. شۇڭلاشقا، يېڭى بىر خاننىڭ چىقىشى مۇقەررەر. مېنىڭ قارىشىمچە، بۈيۈك خەن خانلىقىنىڭ رىزقى تامام بولۇپ، جىن، ۋېي زېمىنىدا چوقۇم باش كۆتۈرۈپ چىققۇچى بولىدۇ، — دېدى ۋە يەنە خانغا يوشۇرۇنچە مەلۇمات بېرىپ، تەقدىر - قىسمەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بەش ئاناسىر دائىم روناق تېپىۋەرمەيدۇ. ئوتنىڭ ئورنىنى تۇپراق ئالىدۇ. خەن خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ جاھانغا ئىگە بولغۇچى ۋېي نەۋەسىدىن چىقىدۇ، — دېدى.

ساۋ ساۋ بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ لىغا كىشى ئەۋەتىپ: «جانابلىرىنىڭ خانغا ساداقەتلىرى مەلۇم. ئەمما ئىلاھىيەت قانۇنلىرى سىرلىق ۋە چوڭقۇردۇر، ئارتۇق سۆز قىلمىسىلا!» دەپ ئېيتقۇزدى. ساۋ ساۋ بۇ ئىشنى شۈن يۈيگە ئېيتتى. شۈن يۈي:

— خەن خاندانلىقى ئوت بىلەن كامال تاپقانىدى، ئەمما، جانابلىرىنىڭ تەقدىرى تۇپىغا مەنسۇپتۇر. پايتەخت شۈيچاڭمۇ تۇپىغا مەنسۇپ بولغانلىقتىن، ئۇ يەرگە بېرىلىدىكەن، چوقۇم راۋاج تاپقىلى بولىدۇ. چۈنكى ئوت تۇپا ھاسىل قىلىدۇ. تۇپىدىن دەرەخلەر كۆكىرىدۇ. بۇ دۈڭ جاۋ، ۋاڭ لىلار ئېيتقاندەك، بىر كۈنى چوقۇم ياشنىغۇچىلار چىقىدۇ، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ كۆچۈشكە قەتئىي بەل باغلىدى. ئەتىسى خان ھۇزۇرىغا كىرىپ:

— كۈنچىقىش پايتەخت ئۇزۇندىن بېرى قەھەتچىلىكتە قېلىپ خاراب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلاھ قىلىش مۇمكىن ئەمەس؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئاشلىق توشۇش بەك قىيىن. شۈيچاڭ لوياڭغا يېقىن، شەھەر كەڭتاشا، ئوردا - قەسىرلەر يېتىپ ئاشىدۇ، پۇل - خىراجەتتىن تامام تەمىنلەپ كېتەلەيدۇ، كەمىنىلىرى شۈيچاڭغا كۆچۈرۈشنى خالايمەن، ئالىيلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

قوبۇل قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

خان بويسۇنماسلىقتا ئىلاجسىز قالدى، ۋەزىرلەرمۇ ساۋ ساۋنىڭ كۈچىدىن قورققانلىقىدىن باشقا كېڭەش بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، بەلگىلەنگەن كۈنى خان سەپەرگە چىقتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوغداپ ماڭدى، ۋەزىر - ۋۇزرالار ئەگەشتى.

ئازغىنا يول مېڭىلىپ بىر ئېگىز تۆپىلىككە كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت چۇقان كۆتۈرۈلدى ـ دە، شۇئان ياڭ فېڭ بىلەن خەن شيەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ يول توسۇپ چىقىپ كەلدى. شۈي خۇاڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ساۋ ساۋ، خاننى نەگە ئېلىپ كەتمەكچىسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

ساۋ ساۋ ئاتلىق ئالدىغا چىقىپ، شۈي خۇاڭنىڭ ھەيۋەت - سالاپىتىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە ماختىدى ۋە شۈي خۇاڭ بىلەن ئېلىشىشقا شۈي چۈنى چىقاردى. قىلىچ، پالتا بىر - بىرىگە مۇقابىل بولۇپ، 50 نەچچە رەددى بەدەل ئېلىشتىسىمۇ، تەڭ كېلىشىپ قالدى. ساۋ ساۋ جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى، ئاندىن ئۇ مەسلىھەتچىلىرىنى يىغىپ:

— ياڭ فېڭ، خەن شيەن تىلغا ئېلىشقىمۇ ئەرزىمەيدۇ؛ شۈي خۇاڭ راستىلا قالتىس پالۋان ئىكەن، ئۇنى كۈچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل - ئىدراك، چارە - تەدبىر بىلەن ئەل قىلىش لازىم، — دېدى.

— جانابىي تەقسىر، غەم يېمىسىلە، مېنىڭ شۈي خۇاڭ بىلەن تونۇشلۇقۇم بار. بۈگۈن كېچە ئاددىي لەشكەرچە ياسىنىپ، يوشۇرۇنچە ئۇنىڭ ياتىقىغا بېرىپ، ئۇنى سۆزگە كىرگۈزىمەن، ئۇنىڭ چىن نىيىتى بىلەن ئەل بولۇشقا كاپالەت بېرىمەن، — دېدى سەپەر ئۇستىدىكى مىرزا مەن چوڭ.

ساۋ ساۋ خۇشال بولۇپ، ئۇنى بۇ خىزمەتنى ئورۇنداشقا

بۇيرۇدى.

شۇ كېچىسى مەن چۇڭ ئاددىي لەشكەرچە ياسىنىپ، قارشى تەرەپ قوشۇنىدىكىلەرگە ئارىلىشىپ، شۇي خۇاڭنىڭ چېدىر بارگاھىغا كەلدى ۋە شۇي خۇاڭنىڭ قۇياق كىيىپ يېنىپ تۇرغان شام ئالدىدا ئولتۇرغىنىنى كۆردى ـ دە، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلىپ تۇرۇپ:

— قەدىناس دوستۇم، ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى يەنە شۇنداق يۈرۈپسىز؟ — دېدى.

شۇي خۇاڭ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا تازا زەن سېلىپ قاراپ:

— سىز شەنياڭلىق مەن چۇڭ ئەمەسمۇ؟! قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ھازىر سەركەردە ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ مىرزىسى، بۈگۈن مەيداندا سىز قەدىناس دوستۇمنى كۆرۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆلۈم خەۋپىگە قارىماستىن سىز بىلەن سۆزلەشكىلى كەلدىم، — دېدى مەن چۇڭ.

شۇي خۇاڭ مەن چۇڭنى ئولتۇرغۇزۇپ ئاندىن نېمە ۋەجىدىن كەلگەنلىكىنى سورىدى.

— سىز ئېلىمىزدىكى نادىر پالۋانلاردىن بولىسىز، نېمە ئۈچۈن ياڭ فېڭ، خەن شيەنلەرگە ئوخشاش كىشىلەرنىڭ خىزمىتىدە يۈرىسىز؟ سەركەردە ساۋ ساۋ دەۋرىمىزنىڭ قەھرىمانى، ئۇنىڭ دانىشمەن، باتۇرلارنى ياخشى كۆرۈشى پۈتۈن ئەلگە مەشھۇر؛ بۈگۈن مەيداندا جانابىڭىزنىڭ غەيرەت ـ جاسارىتىڭىزنى كۆرۈپ ئاغزىدىن چۈشۈرمىدى، شۇڭلاشقا قاتتىق جەڭلەرنى قىلىشقا كۆڭلۈك سەركەردە چىقارماستىن، سىزنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن مېنى ئالاھىدە ھۇزۇرىڭىزغا ئەۋەتتى. جانابىڭىز زۇلمەتنى تاشلاپ يورۇقلۇققا چىقىشىڭىز، بىرلىكتە ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىشىڭىز لازىم ئەمەسمۇ؟ — دېدى مەن چۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۈي خۇاڭ خېلى ئۇزۇن مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، بىر ئاھ چېكىۋېتىپ:
— ياڭ فېڭ، خەن شيەنلەرنىڭ بىرەرتە ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان كىشىلەر ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم، بىرگە يۈرگەنلىكىمگە ئۇزۇن بولغانلىقىدىن ئۇلارنى تاشلاپ كېتەلمىدىم، — دېدى.
— «ياخشى قۇشلار دەرەخنى تاللاپ قونار، ئاقىللار خوجايىن تاللاپ ئىش قىلار» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟! ئەمدى خىزمىتىنى قىلىدىغان خوجايىن يېنىڭىزدىن سۈركىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ تۇيماي قالسىڭىز، ئەزىمەت ھېسابلانمايسىز، — دېدى مەن چۇڭ.
— جانابىڭىزنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىمەن، — دېدى شۈي خۇاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىپ.
— نېمە ئۈچۈن ياڭ فېڭ، خەن شيەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۆرۈشۈش سوۋغىسى قىلمايسىز؟ — دېدى مەن چۇڭ.
— خىزمەتچىنىڭ خوجايىننى ئۆلتۈرۈشى چوڭ نامەردلىك بولىدۇ، ئەسلا مۇنداق قىلمايمەن، — دېدى شۈي خۇاڭ.
— جانابىڭىز مەردلىك ئەھلىدىنسىز! — دېدى مەن چۇڭ. شۇنداق قىلىپ شۈي خۇاڭ بىرنەچچە ئون خاس يىگىتنى ئېلىپ ساۋ ساۋغا قوشۇلۇش ئۈچۈن مەن چۇڭ بىلەن كېچىلەپ يولغا چىقتى. بۇ ئىشنى ئادەملەر ئاللىقاچان ياڭ فېڭغا مەلۇم قىلغانلىقتىن، دەرغەزەپ بولغان ياڭ فېڭ 1000 دەك ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىپ:
— ئەي مۇناپىق شۈي خۇاڭ، توختا! — دەپ ۋارقىرىدى.
تازا قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋاقىتتا، تۇساتتىن توپ ئاۋازىنىڭ ئاڭلىنىشى بىلەنلا، تاغنىڭ ئاستى - ئۈستىنى ئوتقاش نۇرى يورۇتۇۋەتتى، يوشۇرۇن قويۇلغان لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن چىقىپ كەلدى. ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدا

ئىدى، ئۇ:

— مەن بۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغىلى ئۈزۈن بولدى، قېچىپ قۇتۇلىمەن دېمەڭلار! — دەپ توۋلىدى. ياڭ فېڭ چۆچۈپ كېتىپ، لەشكەرلىرىنى دەرھال قايتۇرۇپ بولغۇچىلىك، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قورشاپ بولدى. بۇ چاغدا خەن شيەن لەشكەر باشلاپ بولۇشۇشقا كېلىپ قالدى، ئىككى قوشۇن قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى، ياڭ فېڭ قېچىپ قۇتۇلدى. ساۋ ساۋ قارشى قوشۇننىڭ پاتىپاراقتا قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ چاپ - چاپقا ئۆتتى. ياڭ فېڭ، خەن شيەن قوشۇنلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئەل بولدى. ياڭ فېڭ، خەن شيەن ئىككىسى يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يۈەن شۇدىن پاناھ تىلەشكە كەتتى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىپ قارارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، مەن چۇڭ شۇي خۇاڭنى باشلاپ كېلىپ كۆرۈشتۈردى. ساۋ ساۋ خۇشاللىقىدىن ياخشى كۈتۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بىلەن خاننى شۈيچاڭغا ئېلىپ كەلدى، ساراي - ھەرەملەر بىنا قىلغۇزدى، ئەجدادلار ئىبادەتخانىلىرى، خاندانلىق مەھكىمىلىرى، شەھەر قورغانلىرى، خەزىنە - ئامبارلار ياساتتى؛ دۇڭ چېڭ باشلىق 13 كىشىگە بەگلىك مەرتىۋە بەردى. ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەنلەرنى تارتۇقلاش، گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەرنى جازالاش ئىشلىرى ساۋ ساۋنىڭ رايى بىلەن بولىدىغان بولدى. ساۋ ساۋ ئۆزىنى ئۇلۇغ سەركەردە، ۋۇ پىڭ بېگى دەۋالدى. شۇن يۈي ياساۋۇلبېگى، ۋەزىر، شۇن يۇ لەشكىري ئىشلار مۇشاۋىرى، گوجيا باش ئەمىر لەشكەر، ليۇ يې مېمار - ئاشلىق ئىشلىرى ئامبىلى، ماۋ جى، رېن جۈنلەر ئەمىر - ھەرەسلىككە تەيىنلىنىپ، پۇل - پىچەك ۋە ئاشلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بولدى، چېڭ يۈي دۇڭپىڭ بەگلىكىگە، فەن چېڭ، دوڭ جاۋلار لوياڭ ئامباللىقىغا، مەن چۇڭ شۈيچاڭ ئامباللىقىغا تەيىنلەندى، شيا خۇدۇن، شيا خۇيۈەن، ساۋ رېن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ساۋ خۇڭلار سەركەردە قىلىپ تەيىنلەندى. لۈي چيەن لى دىيەن، يۈ جىن، يۈي جىن، شۈي خۇاڭلار لەشكەربېشىلىققا، شۈي چۇ، دىيەن ۋېيلار سەر لەشكەر قىلىپ تەيىنلەندى؛ باشقا سەركەردە ـ سەرۋازلارمۇ مەنسەپ ـ مەرتىۋىگە قويۇلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، چوڭ ھوقۇق تامامەن ساۋ ساۋ قولىغا ئۆتتى: ئوردىدىكى ئىشلار ئاۋۋال ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىنغاندىن كېيىن ئاندىن خانغا مەلۇم قىلىنىدىغان بولدى.

ساۋ ساۋ زور ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقا دىۋاندا مەسلىھەتچىلەرگە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ كېڭەش ئۇيۇشتۇردى ۋە:

— لىيۇ بېي لەشكەرلىرىنى شۈيجۇغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئايماقنى قولىغا ئالدى؛ بۇ يېقىندا لۈي بۇ جەڭدە يېڭىلىپ، لىيۇ بېيغا قوشۇلدى، لىيۇ بېي لۈي بۇنى شياۋپېي شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇ ئىككىسى بىرلىشىپ لەشكىرى تەئەررۇز ياساشلىرى مۇمكىن، بۇ ئىچكى ئاپەت بولىدۇ. بۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەرقايسىلىرىدا بىرەر ياخشى تەدبىر بارمىكىن؟ — دېدى.

— ماڭا تاللانغان 5 تۈمەن لەشكەر بېرىلىدىغان بولسا، لىيۇ بېي، لۈي بۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىپ، باش ۋەزىر جانابلىرىغا تەقدىم قىلىمەن، — دېدى شۈي چۇ.

— سەركەردە، سىزنىڭ باتۇرلۇقىڭىزدا گەپ يوق، بىراق پاراسەت بىلەن پەنت ئىشلىتىشتىن خەۋىرىڭىز يوق. ھازىر پايتەخت شۈيچاڭ يېڭىدىن بەر قارار بولدى، ھە دېسىلا لەشكەر تارتىۋېرىشقا بولمايدۇ، پېقىرنىڭ بىر پەنتى بار، بۇ «ئىككى يولۋاسنىڭ يەم تالىشىشى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەلھال لىيۇ بېي گەرچە شۈيجۇنى ئىلكىگە ئالغان بولسىمۇ، تېخى خان يارلىقىنى ئالغىنى يوق. شۇڭلاشقا باش ۋەزىر جانابلىرى خانغا ئىلتىجا قىلىپ لىيۇ

بېيىنى شۈيجۇ پاسىبانى قىلىش يارلىقى ئېلىپ بېرۇرلەر؛ يەنە لۈي بۇنى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە مەخپىي بۇيرۇق بېرۇرلەر. ئەگەر ئىش ئوڭدىن چىقسا، ليۇ بېي كۆچلۈك بىر پالۋاننىڭ ياردىمىدىن مەھرۇم قالىدۇ؛ قالغان ئىشنى ئاستا توغرىلاشقا مۇمكىن بولىدۇ؛ ئىش ئەگەر چەپتىن چىقسا، لۈي بۇ چوقۇم ليۇ بېينى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدۇ، مانا بۇ «ئىككى يولۋاسنىڭ يەم تالىشىشى» بولىدۇ، — دېدى شۈن يۈي.

بۇ سۆزنى ساۋ ساۋ ماقۇل كۆرۈپ، دەرھال خانغا مەلۇم قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاندىن ليۇبېينىڭ كۈنچىقىش تەرەپنى بويسۇندۇرغۇچى سەركەردە، يىچىڭ بېگى ۋە شۈيجۇ پاسىبانى قىلىپ تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە يارلىق ئېلىپ، شۈيجۇغا ئەلچى ئەۋەتتى، يارلىققا قوشۇپ مەخپىي خەتمۇ ئەۋەتتى.

ئەمدى ليۇ بېيغا كەلسەك، ئۇ شۈيجۇدا تۇرۇپ، خاننىڭ شۈيچاڭغا كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ تەبرىكنامە يازماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، خاندىن ئەلچى كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى، ليۇ بېي شەھەردىن چىقىپ ئۇنى ئىستىقبال قىلدى ۋە شەھەرگە باشلاپ كىرىپ، تەزىم بىلەن يارلىقنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، ئەلچى شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزدى.

— بەگ جانابلىرىنىڭ بۇ ئىلتىپاتلارغا نائىل بولۇشلىرى سەركەردە ساۋ ساۋنىڭ خانغا تونۇشتۇرۇشى ۋە چىقارغان كۈچىنىڭ نەتىجىسىدۇر، — دېدى ئەلچى.

ليۇ بېي مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ئەلچى مەخپىي مەكتۇپنى چىقىرىپ ليۇ بېيغا سۇندى. ليۇ بېي خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— بۇ ئىشنى كېڭىشىپ كۆرەيلى، — دەپ جاۋاب بەردى.

مەرىكە - سورۇن تارقالغاندىن كېيىن، ئەلچىنى ئۆتەڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى. ليۇ بېي كېچىلەپ كىشىلىرىنى يىغىپ بۇ ئىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزدى. جاڭ فېي:

— لۈي بۇ مەردلىكتە چىڭ تۇرمايدىغان نېمە، ئۆلتۈرۈلسە نېمە دەخلىسى بولاتتى! — دېدى.

— ئۇ ئاجىز ۋاقتىدا مەندىن پاناھ تىلىدى، ئەگەر ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىكەنمەن، نا مەردلىك قىلغان بولىمەن، — دېدى لىيۇ بېي.

— ياخشى ئادەم بولۇش قىيىن! — دېدى جاڭ فېي.

لىيۇ بېي زادى كۆنمىدى.

ئەتىسى لۈي بۇ لىيۇ بېينى تەبرىكلەش ئۈچۈن كېلىپ قالدى. لىيۇ بېي تەكلىپ قىلغۇزۇپ كۆرۈشتى.

— جانابلىرىنىڭ خان ئىلتىپاتىغا نائىل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تەبرىكلىگىلى كەلدىم، — دېدى لۈي بۇ.

لىيۇ بېي تەشەككۇر بىلدۈردى. بۇ ۋاقىتتا قولىدا شەمشەر تۇتقان ھالدا جاڭ فېي كىرىپ لۈي بۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. لىيۇ بېي ئالدىراپ - تەمتىرەپ توسۇۋالدى. لۈي بۇ قاتتىق چۆچۈگەن ۋە ھەيران بولغان ھالدا:

— جاڭ فېي، نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچىسىز؟ — دېدى.

— ساۋ ساۋ سىزنى نامەرد ئادەم دەپ ئاغامغا ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، — دېدى جاڭ فېي.

لىيۇ بېي قايتا - قايتا توۋلاپ جاڭ فېينى قايتۇردى ۋە لۈي بۇنى يېتەكلەپ ئارقا دېۋانغا باشلاپ كىرىپ، ۋەقەنى راستى بىلەن سۆزلەپ بېرىپ، ساۋ ساۋنىڭ ئەۋەتكەن مەخپىي خېتىنى لۈي بۇغا كۆرسەتتى. لۈي بۇ خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، كۆزىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزغان ھالدا:

— ساۋ ساۋ جانابلىرى بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىنى بۇزماقچى، — دېدى.

— ئاغا! سىلى غەم يېمىسىلە، مەن ئەسلا بۇنداق نامەردلىكنى قىلمايمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئانت ئىچىمەن، — دېدى لىيۇ بېي.

لۇي بۇ قايتا ـ قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈردى. لۇي بۇ زاۋالغىچە ليۇ بېيغا مېھمان بولۇپ كەچتە قايتىپ كەتتى. گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي:

— ئاغا، نېمە ئۈچۈن لۇي بۇنى ئۆلتۈرمەيلا؟ — دەپ سوئال قويۇشتى.

— ساۋ ساۋ لۇي بۇ بىلەن بىزنىڭ بىرلىشىپ ئۆزىگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىشىمىزدىن قورقۇپ، بۇ تەدبىر بىلەن بىرىمىزنى ـ بىرىمىزگە سېلىپ، ئۆزى ئوتتۇرىدىن پايدىلانماقچى، ئىش مۇنداق ئىكەن، بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ھىيلىسىگە كىرىمىز؟! — دەپ چۈشەندۈردى ليۇ بېي.

گۇەن يۈي بېشى بىلەن تەستىق ئىشارىسىنى بىلدۈردى.

— مەن بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرۈپ كېيىنكى ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالىمەن، — دېدى جاڭ فېي.

— بۇ مەرد يىگىتنىڭ ئىشى ئەمەس، — دېدى ليۇ بېي.

ئەتىسى ليۇ بېي خان ئەلچىسىنى پايتەختكە ئۇزاتتى ۋە خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۈر ئىزھار قىلىپ، ساۋ ساۋغا خەت يازدى، خەتتە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ئاستا ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئەلچى قايتىپ بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشكىنىدىن كېيىن، ليۇ بېينىڭ لۇي بۇنى ئۆلتۈرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ساۋ ساۋ شۈن يۈيدىن:

— بۇ تەدبىرىمىز ئەمەلگە ئاشمىدى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— يەنە بىر پەنت بار، بۇ «يولۋاسقا بۆرە ئالدۇرۇش» دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى شۈن يۈي.

— بۇ قانداق پەنت؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— ليۇ بېي نەنياڭ ئايمىقىغا تەئەررۇز قىلىش ھەققىدە خانغا مەلۇمات يازدى، دەپ مەخپىي يوسۇندا يۈەن شۇغا كىشى ئەۋەتسەك، يۈەن شۇ ئاڭلىغان ھامان غەزەپلىنىپ ليۇ بېيغا

تېگىدۇ؛ يۈەن شۈنى جازالاش توغرىسىدا جانابلىرى لىۋ بېيغا ئوچۇق پەرمان بەرگۈزسىلە، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنى يۈتىدۇ، بۇ چاغدا چوقۇم لۇي بۇدا گۇمان تۇغۇلىدۇ. مانا بۇ «يولۋاسقا بۆرە ئالدۇرۇش» پەنتى دېيىلىدۇ، — دېدى شۈن يۈي.

ساۋ ساۋ خۇشال بولۇپ، ئالدى بىلەن يۈەن شۇغا كىشى ئەۋەتتى؛ كېيىن خان نامىدىن پەرمان چىقىرىپ، شۈيجۇغا كىشى ئەۋەتتى.

لىۋ بېي شۈيجۇدا تۇرۇپ خاندىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىدى - دە، شەھەردىن چىقىپ ئىستىقبال قىلدى؛ پەرماننى تاپشۇرۇۋېلىپ ئېچىپ قارىسا، يۈەن شۇغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدىكى پەرمان ئىكەن، پەرماننى قوبۇل قىلىپ ئەلچىنى قايتۇردى.

— بۇ يەنە ساۋ ساۋنىڭ ھىيلىسى، — دېدى مى جۇ.

— گەرچە ھىيلە بولسىمۇ، خاننىڭ پەرمانى ئىكەن، خىلاپلىق قىلىپ بولماس، — دېدى لىۋ بېي ۋە لەشكەرلىرىنى تەقلەپ كۆرسىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدىلا يولغا چىقماق بولدى.

— ئالدى بىلەن شەھەرنى قوغدايدىغان كىشى بەلگىلىشىمىز كېرەك، — دەپ مەسلىھەت بەردى سۈن چيەن.

لىۋ بېي گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا قاراپ:

— ئۇكىلىرىم، قايسىڭلار شەھەرنى ساقلاشقا تۇرىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— كەمىنە ئىنىلىرى شەھەرنى ساقلاشنى ئىستەيمەن، — دېدى گۈەن يۈي.

— سىز دائىم ماڭا مەسلىھەت بېرىشكە لازىم بولىسىز، قالسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى لىۋ بېي.

— كەمىنە ئىنىلىرى شەھەرنى ساقلىسام قانداق؟ — دېدى جاڭ فېي.

— سىز بۇ شەھەرنى ساقلىيالمايسىز، بىرىنچىدىن، سىز

مەي ـ شاراب ئىچكەندىن كېيىن تەرسا بولۇۋالىسىز ـ دە، لەشكەرلەرنى قامچىلايسىز، كالتەكلەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، ئىشتا ناھايىتى يەڭگىل ھەم كىشىنىڭ تىلىنى ئالمايسىز، شۇڭلاشقا سىزنى قويۇشقا كۆڭلۈم تىنمايدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

— كەمىنە ئىنىلىرى بۈگۈندىن ئېتىبارەن مەي ـ شاراب ئىچمەي، لەشكەرلەرنى ئۇرماي، باشقا كىشىلەرنىڭ سۆز ـ مەسلىھەتلىرىنى قوبۇل تۇتاي، — دېدى جاڭ فېي.

— گەپ ئېغىزدىلا قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى مى جۇ.

— ئاغام بىلەن بىللە يۈرگىنىمگە خېلى ئۇزۇن يىللار بولدى، — دېدى جاڭ فېي غەزەپلىنىپ، — لەۋزىمگە تۇرمىغان يېرىم يوق، سىز نېمىشقا مېنى كەمسىتىسىز؟!

— ئىنىم، شۇنداقتىمۇ مەن سىزدىن خاتىرجەم بولالمايمەن، چېن دېڭ سىزگە ھەمدەمدە بولسۇن، شارابنى ئازراق ئىستېمال قىلسۇن، زىنھار بىر پالاكەت رۇي بەرمىسۇن، — دەپ جېكىدى ليۇ بېي.

چېن دېڭ مەقبۇل تۇتتى. شۇنداق قىلىپ ليۇ بېي ئىشلارنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ 3 تۈمەن لەشكەر باشلاپ شۈيجۇدىن نەنياڭغا ئاتلاندى.

ئەمدى گەپنى يۈەن شۇدىن ئاڭلاڭ. يۈەن شۇ ليۇ بېينىڭ خانغا مەلۇمات يېزىپ ئۆز قارىمىقىدىكى ئايماق، ناھىيىلەرنى بېسىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قەھرى ـ غەزەپكە كەلدى ۋە:

— سەن بورىچى، چىگە كەش توقۇغۇچى پەس، بۈگۈنكى كۈندە چوڭ ئايماقنى ئىگىلەپ بەگلەر بىلەن تەڭ بولۇۋالدىڭ؛ مەن ساڭا جازا يۈرۈشى قىلماقچىدىم، ئەكسىچە سەن مېنىڭ پېيىمگە چۈشۈپسەن! مانا بۇ مېنىڭ قاتتىق نەپرىتىمنى قوزغايدۇ! — دېدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئالىي سەركەردىسى جى لىڭنى 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن شۈيجۇغا قىرغىن قىلىشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋەتتى. ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى شۇيىيدە بىر - بىرىگە ئۇچراشتى. لىۇ بېينىڭ لەشكىرى ئاز بولغانلىقتىن، تاغ باغرىدىكى سۇ بويىغا قارارگاھ قۇردى.

جى لىڭ خۇاشەننىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدىن بولۇپ، 30 جىڭ ئېغىرلىقتىكى ئۈچ تىغلىق قىلىچ تۇتاتتى، شۇ كۈنى ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ سەپ ئالدىغا چىقىپ:

— ھەي سەھرالىق لىۇ بېي! تەۋەيىمىزگە كىرىشكە قانداق پېتىندىڭ! — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

— مەن خانىڭ پەرمانى بويىچە بۇزۇق ئەمەلدارلارنى جازالاشقا كەلدىم، سەن بۈگۈن قارشى چىقتىڭ، گۇناھىڭ ئەپۇ قىلغۇسىز دۇر، — دەپ رەددىيە قايتۇردى لىۇ بېي.

جى لىڭ غەزەپلىنىپ، ئات سۈرۈپ قىلىچىنى ئوينىتاقان پېتى تۇپتوغرا لىۇ بېيغا ئېتىلدى. گۇەن يۈي:

— ھەي بەدرەك! كۈچۈم بار دېمە! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جى لىڭ بىلەن تۇتۇشقىلى تۇردى. ئۇلار 30 رەددى بەدەل ئېلىشتى، بۇلار بىر - بىرىگە تەڭ كېلىشىپ قالدى، جى لىڭ:

— بىرئاز دەم ئالايلى! — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن گۇەن يۈي ئېتىنىڭ بېشىنى ئۇرۇپلا ئۆز سېپىگە قايتتى ۋە سەپ ئالدىدا ساقلاپ تۇردى. جى لىڭ ياردەمچى سەركەردىسى شۈن جېڭنى مەيدانغا چىقاردى.

— جى لىڭنىڭ ئۆزى كەلسۇن، ئۇنىڭ بىلەن مەردلىك سىنىششىمەن! — دېدى گۇەن يۈي.

— سەن نامسىز پەس سەركەردىلەردىن سەن، سەركەردە جى لىڭنىڭ تەڭدىشى ئەمەس، — دېدى شۈن جېڭ.

غەزەپلەنگەن گۇەن يۈي ئېتىنى تۇپتوغرا شۈن جېڭغا قويدى - دە، بىر زەرب بىلەنلا شۈن جېڭنى ئات ئاستىغا غۇلاتتى. لىۇ بېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ چاپ - چاپقا چۈشتى. جى لىڭ

قاتتىق يىڭىلىپ، خۇەيىىن دەرياسى ئاغزىغا چېكىنىدى، ئاندىن مۇداپىئە تەرتىپاتى ئېلىپ، جەڭگە چىقماي يېتىۋالدى؛ بۇ تەرەپنىڭ قارارگاھىغا ئوغرىلىقچە پاراكەندىچىلىك سېلىشقا لەشكەر چىقارغان بولسىمۇ، ھەممىسىنى شۇيجۇ لەشكەرلىرى قىرىپ، قايتۇرۇپ تۇردى. شۇنداق قىلىپ ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە تاقابىل بولۇپ تۇرۇشتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. جاڭ فېي ليۇ بېي سەپەرگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى قىلىشقا چېن دېڭنى قويۇپ، زور لەشكەر ئىشلىرىنى ئۆزى بېجىردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەممە بەگ - سىپاھلارغا مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ بەردى، ھەممەيلەن كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ فېي:

— ئاغام يولغا چىقىش ۋاقتىدا، بىرەرتە پالاكەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىچكۈلۈك بىلەن ئازراق شۇغۇللىنىشنى ئەمىر قىلغانىدى. بۈگۈن ھەممىمىز قانغۇچە بىر ئىچەيلى، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىمىز مەي ئىچىشنى توختىتايلى - دە، شەھەرنى ساقلاشقا ماڭا ياردەم بېرىڭلار، بۈگۈن ھەممىڭلار تويغۇچە ئىچىڭلار! — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ مەنسەپدارلارغا مەي تۇتۇشقا كىرىشتى. ساۋ باۋنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ساۋ باۋ:

— مەن ئەزەلدىن مەي ئىچىشنى بىلمەيمەن، — دەپ ئەپۇ سورىدى.

— مەردان — جەڭ ئەھلى مەي ئىچىشنى بىلمەمدىكەن؟ بىر قەدەھ ئىچكۈزىمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى جاڭ فېي.

ساۋ باۋ قورققىنىدىن بىر قەدەھ ئىچتى. جاڭ فېي ھەممە مەنسەپدارلارغا ھاراق تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى ھاراق

قويۇپ ئارقىمۇئارقا بىرنەچچە ئون جام ئىچىۋەتتى ـ دە، مەست بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ مەنسەپدارلارغا هاراق تۇتتى. نۆۋەت يەنە ساۋ باۋغا كەلگەندە، ساۋ باۋ:

— راستتىن ئىچەلمەيمەن، — دەپ ئۆزرە ئېيتتى.

— بايىلا ئىچتىڭىزغۇ، يەنە نېمە قايتۇرىسىز؟! — دەپ تۇرۇۋالدى جاڭ فېي.

ساۋ باۋ تەكرار ئۆزرە ئېيتىپ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. جاڭ فېي مەست بولۇپ قالغانلىقىدىن خاپا بولۇپ:

— سىز مېنىڭ بۇيرۇقىمغا ئىتائەت قىلمىدىڭىز، 100 كالتەك ئۇرۇلۇشىڭىز كېرەك، — دېدى ـ دە، لەشكەر چاقىردى.

— جانابىي ليۇ بېي كېتىش ۋاقتىدا، سىزگە نېمىدەپ تاپشۇرغانىدى؟ — دېدى چېن دېڭ.

— سىز مۇلكىي مەمۇر، ئۆز ئىشىڭىزنى بىلىڭ، مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن! — دەپ سىلكىپ تاشلىدى جاڭ فېي.

— جانابىي جاڭ فېي! كۈيئوغلۇمنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭ! — دەپ ئىلتىماس قىلدى ئىلاجسىز قالغان ساۋ باۋ.

— كۈيئوغلىڭىز كىم بولىدۇ؟

— لۈي بۇ.

— مەن ئەسلىدە سىزنى ئۇرماقچى ئەمەس ئىدىم، لۈي بۇنى هىمايە قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەتەيگە سىزنى ئۇرىمەن! سىزنى ئۇرغىنىم لۈي بۇنى ئۇرغىنىم! — دېدى جاڭ فېي تېخىمۇ غەزەپلىنىپ.

باشقىلار نەسىھەت قىلىپ توختىتىۋالالمىدى. ساۋ باۋغا 50 كالتەك ئۇرۇلغاندا كۆپچىلىك مىڭ تەسلىكتە تىلىۋالدى. مەرىكە ـ سورۇندىن كېيىن ساۋ باۋ ئۆيىگە قايتىپ، جاڭ فېيغا

قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكتىن لۇي بۇغا بىر پارچە خەت يېزىپ چاپارمەن ئارقىلىق كېچىلەپ شياۋپېيغا ئەۋەتتى، خەتتە جاڭ فېينىڭ ئەدەپسىزلىكى، ئۆكتەملىكى بايان قىلىندى، خەتتە يەنە: ليۇ بېي هازىر خۇەينەندە، بۇگۇن كېچە جاڭ فېينىڭ مەست ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، لەشكەر باشلاپ شۈيجۇغا هۇجۇم قىلىش لازىم، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك كېرەك، دەپمۇ تەكىتلەنگەنىدى.

لۇي بۇ خەتنى كۆرۈپ چېن گۇڭنى كېڭەشكە چاقىردى. چېن گۇڭ:

— شياۋپېي ئۇزۇن تۇرىدىغان جاي ئەمەس، بۇگۇن شۈيجۇغا كىرىشكە پۇرسەت بار ئىكەن، ئەگەر ئالمىساق كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمىز، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

لۇي بۇ ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان جابدۇنۇپ 500 ئاتلىق لەشكەر بىلەن ئاۋۋال مېڭىپ كەتتى؛ چوڭ قوشۇننى چېن گۇڭ بىلەن گاۋ شۇن بىر ۋىراقىي باشلاپ كېلىدىغان بولدى. شياۋپېيدىن شۈيجۇغا 40 — 50 چاقىرىم كېلەتتى، ئاتلانسىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لۇي بۇنىڭ سېپىل تۈۋگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتى باش توخۇ ۋاقتى بولۇپ، سۈپسۈزۈك ئايدىڭ ئىدى، سېپىلدىكىلەر ئۇيقۇدا سەزمەيلا قالدى. لۇي بۇ شەھەر قوۋۇقىغا كېلىپ:

— ليۇ بېي خانابلىرى مۇهىم ئىش بىلەن كىشى ئەۋەتتى، — دەپ چاقىردى.

سېپىلدا ساۋ باۋنىڭ لەشكەرلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ساۋ باۋغا مەلۇم قىلدى. ساۋ باۋ سېپىلغا چىقىپ قارىدى ـ دە، قوۋۇقنى ئېچىش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى. لۇي بۇنىڭ بەرگەن بەلگىسى بىلەن لەشكەرلىرى بىردىنلا سۈرەن ـ چۇقان سېلىشىپ، شەھەرگە بېسىپ كىردى، چۇقان شەھەرنى زىلزىلىگە كەلتۇرۇۋەتتى. جاڭ فېي ئۆز ئۆيىدە مەست ياتاتتى،

ئەتراپىدىكىلەر ئالدىراشلىق بىلەن ئۇنى ئويغاتتى ۋە:
— لۇي بۇ سىپىل قوۋۇقىنى ئالداش ئۇسۇلى بىلەن ئاچتۇرۇپ، چاپ - چاپ قىلىپ بېسىپ كىردى! — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

جاڭ فېي دەرغەزەپ بولۇپ ئالدىراپ - تېنەپ جابدۇندى - دە، ئۇزۇن ساپلىق نەيزىسىنى ئېلىپ، تېخى ئەمدىگىنە دەرۋازىدىن چىقىپ ئاتلىنىپ تۇرۇشىغا لۇي بۇ لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىپ قېلىپ، دوقۇرۇشۇپ قالدى. جاڭ فېي تېخىچىلا مەست بولغانلىقى ئۈچۈن كۆچەپ جەڭ قىلالمىدى. لۇي بۇمۇ جاڭ فېينى پالۋانى زەربەدەس دەپ بىلگىنى ئۈچۈن ئېلىشىشقا تولىمۇ مەجبۇر قىلمىدى. 18 ئاتلىق يەنلىك پالۋانلار جاڭ فېينى قوغداپ ئېلىشا - ئېلىشا كۆنچىقىش قوۋۇقتىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى، لىيۇ بېينىڭ بالا - چاقىلىرى ئۆيىدە قالدى، ئۇلارغا قاراشقىمۇ ئىمكان بولمىدى.

ساۋ باۋ جاڭ فېينىڭ پەقەت ئون نەچچە ئادەمنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا، مەست هالدا چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قالدى - دە، 100 چە لەشكىرى بىلەن قوغلاپ كەلدى. جاڭ فېي ساۋ باۋنى كۆرۈپ ئىنتايىن غەزەپلىنىپ ساۋ باۋغا قارشى ئات سۈرۈپ ئېتىلدى. ئۈچ زەرب بىلەنلا ساۋ باۋ يېڭىلىپ قاچتى. جاڭ فېي دەريا ياقىسىغىچە قوغلاپ كېلىپ بىر نەيزە ئېتىۋىدى، نەيزە ئارقا تەرەپتىن يۈرىكىگە تېگىپ ساۋ باۋ ئېتى بىلەن سۇغا چۈشۈپ ئۆلدى. جاڭ فېي شەهەر تېشىغا چىقىپ لەشكەرلىرىنى چاقىردى. شەهەردىن چىققانلارنىڭ هەممىسى جاڭ فېي بىلەن بىللە خۇەينەنگە ماڭدى، لۇي بۇ شەهەرگە كىرىپ، پۇقرالارنى ئەل ئەمىن قىلدى ۋە 100 لەشكەرنى لىيۇ بېينىڭ ئائىلىسىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويۇپ، باشقىلارنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

جاڭ فېي بىرنەچچە ئون لەشكىرى بىلەن توپتوغرا شۈيىيگە

كېلىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتى ۋە ساۋ باۋنىڭ لۇي بۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن شۇيجۇغا شەبىخۇن* ياسىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، بۇنى ئاڭلاپ كۆپچىلىكنىڭ رەڭگى ئۆچتى. ليۇ بېي ئاھ چەككەن هالدا:

— قولغا كەلگەندە تولا خوش بولۇپ كېتىش يارىمايدۇ، قولدىن كەتكەندە قايغۇرۇشمۇ يارىمايدۇ! — دېدى.

— يەڭگىمىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى گۇەن يۈي.

— شەھەردە قېپقالدى، — دەپ جاۋاب بەردى جاڭ فېي.

ليۇ بېي ئىندىمەي جىم بولۇپ قالدى، گۇەن يۈي:

— شەھەرنى ساقلاشقا قالغان ۋاقتىڭىزدا نېمىدېگەنىدىڭىز؟ ئاغىمىز سىزگە نېمىدەپ تاپىلىغانىدى؟ بۈگۈن شەھەر قولدىن كېتىپتۇ، يەڭگىمىز قېپقاپتۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق! — دەپ ئەيىبلىدى يەرنى تېپىپ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان جاڭ فېي ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى، خىجالەتچىلىكتە چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن شەمشىرىنى قولىغا ئالدى. دەرھەقىقەت:

*مەي ئىچىپ بولغاندا كەيىپ تۇتالمىدى ئۆزىنى ئۇ،*
*تىغ كۆتۈردى پۇشمان قىلىپ ئۆلتۈرمەككە ئۆزىنى ئۇ.*

جاڭ فېي هاياتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

---

* شەبىخۇن — كېچىلىك هۇجۇم.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئون بەشىنچى باب

## تەيشى سىنىڭ كىچىك دوكەر بىلەن قاتتىق ئېلىشقانلىقى
## سۇن سىپىنىڭ يەن بەيخۇ بىلەن دەھشەتلىك تۇتۇشقانلىقى

ئەلقىسسە، جاڭ فىبى يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەك بولغىنىدا، ليۇ بېي ئۇنى قۇچاقلىدى ــ دە، شەمشەرنى تارتىۋېلىپ يەرگە تاشلىۋەتتى ۋە:

— قەدىمكىلەر: «ئاغا ــ ئىنىلەر قول بىلەن پۇتقا ئوخشايدۇ، خوتۇن بىلەن ئوغۇل كىيىمگە ئوخشايدۇ. كىيىم يىرتىلسا، ئۇنى يامىغىلى بولىدۇ؛ قول ــ پۇت سۇنسا ئۇلىغىلى بولمايدۇ» دەپتىكەن، بىز ئۈچىمىز شاپتۇللۇقتا — تەڭ تۇغۇلمىغان بولساقمۇ، بىر ۋاقىتتا ئاغا ــ ئىنى بولۇپ ئەھدىلەشكەنىدۇق، بۈگۈن يۇرت ــ سۇدىن ۋە بالا ــ چاقىلاردىن ئايرىلدۇق، بۇنىڭغىمۇ چىدىغىلى بولار، ئەمما يېرىم يولدا سىز ئىنىمىزدىن ئايرىلىشقا قانداق چىدايمىز؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە، شەھەر بۇرۇندىن تارتىپ بىزنىڭ ئەمەس ئىدى؛ بالا ــ چاقىلار قېپقالغان بولسىمۇ، مېنىڭچە لۈي بۇ ئۇلارغا چوقۇم زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، ئاستا چارىسىنى كۆرۈپ خالاس قىلارمىز، ئەزىز ئىنىم، ئەندەك خاتالىق ئۈچۈن هاياتىڭىزنى كېچىشىڭىزنىڭ زادىلا هاجىتى يوق! — دېدى ــ دە، هۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى.

گۇەن يۇي بىلەن جاڭ فېيمۇ تەسىرلىنىپ يىغلىۋەتتى.

ئەمدى يۇەن شۇغا كەلسەك، يۇەن شۇ لۇي بۇنىڭ شۇيجۇغا تەگكەنلىكىنى ئاڭلاپ، كېچىلەپ لۇي بۇغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، ئەگەر ئۇ ليۇ بېيغا ئىككى تەرەپلەپ تېگىش قىلىشقا ئۇنىسا، ئۇنىــڭغا 5 تــۇمــەن خو ئاشلىق، 500 ئات، 1 تۇمەن سەر ئالتۇن ـ كۈمۈش، 1000 توپ تاۋار ـ دۇردۇن بېرىشكە ۋەدە قىلدى. لۇي بۇ خۇشال بولۇپ، ليۇ بېيغا كەينى تەرەپتىن تېگىش قىلىش ئۈچۈن 5 تۇمەن لەشكەر بىلەن ساۋ شۇننى ئەۋەتتى. ليۇ بېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، هاۋانىــڭ تۇتۇق ۋە يامغۇرلۇق بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، لەشكەرلىرىنى شۇيىيدىن چېكىندۇردى ۋە كۇنچىقىش تەرەپتىكى گۇاڭلىڭنى بېسىۋېلىش كويىدا بولدى. گاۋ شۇن لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگەندە ليۇ بېي كېتىپ قالغانىدى. گاۋ شۇن جى لىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىۋېدى، جى لىڭ:

— جانابىڭىز هازىرچە قايتىپ تۇرۇڭ، مەن جانابىي تەقسىر بىلەن كۆرۈشۈپ كېڭەشەي، — دەپ جاۋاب بەردى.

گاۋ شۇن جى لىڭ بىلەن خەيرلىشــــپ، ئۇ يەردىن لەشكەرلىرى بىلەن قايتىپ كېلىپ، لۇي بۇغا جى لىڭ بىلەن قىلىشقان سۆزلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى، لۇي بۇ بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا، يۇەن شۇنىڭ ئەۋەتكەن خېتى كېلىپ قالدى. خەتتە: «گاۋ شۇن گەرچە كەلگەن بولسىمۇ، ليۇ بېي يوقىتىلغىنى يوق. ليۇ بېي تۇتۇلغاندىن كېيىن ۋەدە قىلغان نەرسىلەرنى ئەۋەتىپ بېرىمەن» دېيىــــلگەنــــدى. لۇي بۇ غەزەپلىنىپ، يۇەن شۇ لەۋزىدە تۇرمىدى، دەپ تىللىــدى ۋە ئۇنىڭغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى. چېن گۇڭ:

— بولمايدۇ، شۇ چۈن بولسا يۇەن شۇنىڭ قولــــدا، لەشكىرى كۆپ، ئاشلىقى مول، ياۋغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ليۇ بېينى تەكلىپ قىلىپ، شىياۋپېينى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىرەيلى ـ دە، ئۆزىمىزگە قانات ـ قۇيرۇق قىلىۋالايلى. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە، لىۋ بېيىنى تۇرشاۋۇل قىلساق، ئالدى بىلەن يۈەن شۈنى، ئارقىسىدىن يۈەن شاۋنى يوقاتساق ئەلدە ھۆكۈم سۈرمەيمىزمۇ! — دەپ كېڭەش بەردى.

لۈي بۇ بۇنى ماقۇل كۆردى ۋە لىۋ بېيىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن خەت يېزىپ كىشى ئەۋەتتى.

لىۋ بېي لەشكەرلىرىنى باشلاپ كۆنچىقىش تەرەپتىكى گۇاڭلىڭنى ئېلىشقا كېتىۋاتقان ۋاقتىدا، يۈەن شۇ لىۋ بېينىڭ قارارگاھىغا بېسىپ كىردى، لىۋ بېي لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، لۈي بۇنىڭ ئەلچىسىگە ئۇچراپ قالدى، ئەلچى لۈي بۇنىڭ خېتىنى تاپشۇردى، لىۋ بېي خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. لېكىن گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي:

— لۈي بۇ نامەرد ئادەم، ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى.

— لۈي بۇ ماڭا ياخشى نىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتسا، گۇمانلىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى لىۋ بېي ۋە شۈيجۇغا قاراپ راۋان بولدى. لىۋ بۇ لىۋ بېي شۈبھىلەنمىسۇن دەپ، ئالدى بىلەن، بالا ـ چاقىلىرىنى كىشىلىرى ئارقىلىق ئەۋەتىپ بەردى. گەن، مى خېنىملار لىۋ بېينى كۆرۈپ، لۈي بۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قاراۋۇل قويۇپ، ئادەملەرنى كىرگۈزمەي، ئۆزلىرىنى مۇھاپىزەت قىلغانلىقىنى ھەم دائىم خىزمەتكارلار ئارقىلىق كېرەكلىك نەرسىلەرنى بېرىپ ھېچ نەرسىنى ئۆكسۈتمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتى. لىۋ بېي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا:

— بالا ـ چاقىلارغا لۈي بۇنىڭ زىيان يەتكۈزمەسلىكىنى بىلەتتىم، — دېدى ۋە شەھەرگە كىرىپ لۈي بۇغا مىننەتدارلىق بىلدۈرمەكچى بولدى، جاڭ فېي لۈي بۇغا ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن

بىرگە كىرىشكە ئۇنىماي، ئىككى يەڭگىسىنى ئېلىپ شياۋپېيغا كەتتى. ليۇ بېي لۇي بۇ بىلەن كۆرۈشۈپ تەشەككۇر بايان قىلدى.

— مەن شەھەرنى تارتىۋېلىش نىيىتىدە ئەمەس ئىدىم؛ ئىنىلىرى جاڭ فېي ئىچكىۋازلىقتا بېرىلىپ ئادەم ئۆلتۈرمەك بولغىنى ئۈچۈن بىرەر پالاكەت يۈز بەرمىسۇن دەپ، شەھەرنى ساقلاشقا كەلدىم، — دېدى لۇي بۇ.

— مېنىڭ ئۆزۈمدىن بېرى شەھەرنى ئۆزلىرىگە ئۆتۈنۈپ بېرىش نىيىتىم بار ئىدى، — دېدى ليۇ بېي.

لۇي بۇ يالغان - ياۋىداقتىن شەھەرنى ليۇ بېيغا ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ليۇ بېي ئەسلا قوبۇل قىلماي، شياۋپېيغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. ليۇ بېي گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينىڭ غەزەپلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھازىرچە ئېغىر كۆرمەي بۇ جايدا ئۆزىمىزنى پاناھلاپ تۇرۇپ، تەقدىر - قىسمەتنى كۈتەيلى، تەقدىرگە قارشى كۈچىنىش بىھۇدە ئىش، — دەپ تەسەللى بەردى.

لۇي بۇ ئوزۇق - تۈلۈك، تاۋار - گەزلىمىلەر ئەۋەتىپ بەردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇلار ئىناق بولۇپ ئۆتۈشتى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى گەپنى يۈەن شۇدىن ئاڭلاڭ. يۈەن شۇ ئۆزىنىڭ سەركەردە - سەرۋازلىرىغا شۇچۈندە كاتتا مەرىكە بېرىۋاتاتتى، ئادەملەر سۈن سېنىڭ لۇجياڭ ھاكىمى لۇ كاڭ ئۈستىگە قىلغان يۈرۈشىدە زەپەر قۇچۇپ قايتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. يۈەن شۇ سۈن سېنى چاقىرتتى، سۈن سې دىۋان پايىسىدە تۇرۇپ يۈەن شۇغا سالام بەردى. يۈەن شۇ سۈن سېدىن ھال - ئەھۋال سوراپ بولغاندىن كېيىن، يېنىدىكىلەرگە مەرىكە - سورۇن تەييارلاشنى بۇيرۇدى. سۈن سې ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، چاڭجياڭنىڭ

www.uyghurkitap.com

تۆۋەن تەرىپىگە قايتىپ باردى، شۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە ئىستىقامەت قىلىپ، بىلىم ئەھلىلىرىنى ئىززەتلەپ ئۆتتى؛ كېيىنچە ئۇنىڭ ئاتا جەمەت تاغىسى دەنياڭ ھاكىمى ۋۇ جىڭ بىلەن تاۋ چيەننىڭ ئارىسى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، سۇن سې ئانىسى ۋە بالا - چاقىلىرىنى چۈيئاغا كۆچۈردى، ئۆزى كېلىپ يۈەن شۇغا قوشۇلدى. يۈەن شۇ سۇن سېنى ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە: «مېنىڭ سۇن سېدەك ئوغلۇم بولسا، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق ئىدى!» دەيتتى. شۇڭلاشقا يۈەن شۇ سۇن سېگە ئىشىنىپ ئۇنى ئادالەت لەشكەرلىرىبېشى قىلىپ بەلگىلىدى، ئۇ جىڭشيەننىڭ ھاكىمى زۇلاڭغا قارشى قىلغان لەشكىرىي يۈرۈشىدە نۇسرەت قازاندى. يۈەن شۇ سۇن سېنىڭ جەسۇرلۇقىنى كۆرۈپ، ئۇنى لۇ كاڭغا تېگىش قىلىشقا ئەۋەتتى، ھالا يەنە نۇسرەت قازىنىپ قايتىپ كەلدى.

ئەنە شۇ كۈنى مەرىكە - سورۇن تارقىغاندىن كېيىن، سۇن سې ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كەلدى ۋە يۈەن شۇنىڭ مەرىكە - سورۇندىكى مۇئامىلىدە كۆرسەتكەن مەغرۇر قىياپىتى ئېسىگە كېلىپ، كۆڭلى بۇزۇلدى - دە، ھويلىغا چىقىپ، ئاي يورۇقىدا ئاستا مېڭىپ سەيلە قىلدى. ئاتىسى سۇن جيەننىڭ قەھرىمانلىقى يادىغا كېلىپ، مەن ئەجەبا بۇ كۈنگە قالدىم دەپ ئىختىيارسىز ھۆركىرەپ يىغلاپ تاشلىدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىز بىرەيلەن سىرتتىن كىرىپ كەلدى ۋە قاتتىق كۈلگەن ھالدا:

— سۇن سې، نېمە بولدىڭىز؟ ئاتىڭىز ھايات ۋاقتىدا، مېنى كۆپ ئىشلىرىغا ئىشلەتكەنىدى. جانابىڭىزنىڭ ھەل قىلالمىغان ئىشىڭىز بولسا، نېمىشقا مەندىن سورىمايسىز، يىغلاپمۇ يۈرگۈلۈكمۇ؟ — دېدى.

سۇن سې قارىسا، بۇ ئادەم دەنياڭدىكى گۇنجاڭلىق جۇ جى ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى جۇن لى ئىدى. ئۇ سۇن جيەننىڭ قول ئاستىدىكى كونا بەگلىرىدىن ئىدى. سۇن سې يىغىسىنى

توختىتىۋېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن:
— ئاتامنىڭ ئارزۇسىنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتقانلىقىمدىن يىغلاۋاتىمەن، — دېدى.
— جانابىڭىز نېمە ئۈچۈن تاغام ۋۇجىڭنى خالاس قىلىمەن دېگەن باھانە بىلەن يۈەن شۈدىن لەشكەر ئېلىپ جاڭدۇڭغا ئۆتتۈپ، ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماي، ھەممىشە باشقىلارغا باغلىنىپ قېلىۋېرىسىز؟ — دېدى جۇ جى.
دەل كېڭەش ئۈستىگە يەنە بىر كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇ:
— ھەرقايسىلىرىنىڭ كېڭىشىنى ئۇقتۇم، قول ئاستىمدا تاللانغان 100 نەپەر كۈچلۈك يىگىتىم بار. سۈن سې ئۈچۈن بىر كىشىلىك كۈچ چىقىرىشقا ھازىرمەن، — دېدى.
سۈن سې قارىسا، بۇ ئادەم يۈەن شۇنىڭ مەسلىھەتچىسى، رۇنەندىكى شياڭلىق لۈي فەن ئىكەن، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى خېڭ ئىدى. سۈن سې ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن كېڭەشتى. لۈي فەن:
— يۈەن شۇ لەشكەر بەرگىلى ئۇنىماسمىكىن! — دېدى.
— مەرھۇم ئاتامنىڭ بوغۇندىن - بوغۇنغا مىراس بولۇپ قالغان پادىشاھلىق ئەڭگۈشترى — خاننىڭ قاشتاش تامغىسى بار، شۇنى رەنىگە قويىمەن، — دېدى سۈن سې.
— يۈەن شۇ ئۇزۇندىن بېرى بۇنىڭغا ئىگە بولسام دەپ ئىزدەۋاتاتتى، ئەگەر رەنگە قويۇلسا، چوقۇم لەشكەر چىقىرىدۇ، — دېدى لۈي فەن.
ئۈچەيلەن كېڭەش بىلەن شۇنداق قىلىش قارارىغا كېلىشتى.
سۈن سې ئەتىسى يۈەن شۇ ھۇزۇرىغا كىرىپ تەزىم قىلدى ۋە يىغلاپ تۇرۇپ:
— ئاتا قىساسىنى ئالالمىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھازىر ئانامنىڭ تاغىسى ۋۇجىڭنى ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى ليۇ ياۋ

www.uyghurkitap.com

قىستاۋېتىپتۇ؛ پېقىرنىڭ ئاتام باشلىق بالا ـ چاقىلىرىم چۈيئادا ئولتۇرۇشلۇق، كەلگۈسىدە، چوقۇم زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. بىرنەچچە مىڭ لەشكەر بەرسىلە، كەمىنە سۈن سې دەريادىن ئۆتۈپ، بېشىغا كۈن چۈشكەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمنى خالاس قىلسام. بۇنىڭغا جانابلىرىنى ئىشەنمەي تۇرارمىكىن، دەپ مەرھۇم ئاتامدىن قالغان قاشتاش تامغىنى رەنىگە قويماق بولۇپ ئېلىپ كەلدىم، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

يۈەن شۇ تامغىنىڭ ئېتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى دەرھال قولىغا ئېلىپ كۆردى ۋە ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ:

— ماڭا سىزنىڭ قاشتاش تامغىڭىز كېرەك ئەمەس، هازىرچە بۇ يەردە قالسۇن، مەن سىزگە 3000 لەشكەر، 500 ئات بېرەي. تىنچلىق ئورنىتىپ بولغىنىڭىزدىن كېيىن تېز قايتىپ كېلۇرسىز، مەرتىۋىڭىز كاتتا هوقۇقتا ئېرىشىشىڭىزگە تۆۋەنلىك قىلىپ قالىدۇ، مەن سىزنى خاننىڭ قۇربەگلىكىگە، قاراقچىلارنى يوقىتىش سەركەردىلىكىگە تەيىنلەشكە سايە قىلىمەن، تېزلىكتە لەشكەر تارتىپ يولغا چىققايسىز! — دېدى.

سۈن سې تەزىم بىلەن مىننەتدارلىق بىلدۈردى، جۇ جى، لۈي فەن، كونا سەركەردىلەردىن چېڭ پو، خۇاڭ گەي، خان داڭلار بىلەن لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ياخشى كۈن تاللاپ يولغا راۋان بولدى. لياڭغا يېتىپ كەلگەندە، بىر توپ لەشكەرگە دوقۇرۇشۇپ قالدى، قوشۇننىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان كېلىشكەن، چىرايلىق بىر يىگىت سۈن سېنى كۆرۈپ ئاتتىن چۈشۈپ تەزىم قىلدى، بۇ كىشى لۇجياڭنىڭ شۇچېڭ دېگەن يېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتى جۇ يۈي، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ جىن ئىدى. سۈن جيەن دۇڭجوغا قارشى يۈرۈش قىلغان ۋاقتىدا، ئۇ ئۆيىنى شۇچېڭغا كۆچۈرۈپ كەتكەندى، جۇ يۈي بىلەن سۈن سې قۇرداش بولۇپ، مۇناسىۋىتى يېقىن ئىدى هەم ئۇلار ئاكا ـ ئۇكا بولۇشقانىدى. سۈن سې جۇ يۈيدىن ئىككى ئايلىق چوڭ

بولغانلىقىدىن جۇ يۈي سۇن سېنى ئاكىسى قاتارىدا كۆرەتتى. جۇ يۈينىڭ تاغىسى جۇ شاڭ دىيەنياڭنىڭ ھاكىمى ئىدى. جۇ يۈي تاغىسىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتقىنىدا بۇ يەردە سۇن سېگە ئۇچراپ قالدى. سۇن سې جۇ يۈينى كۆرۈپ تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، ئۆزىنىڭ دەرد ـ ھەسرىتىنى تۆكتى. جۇ يۈي:

— ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن بارلىق كۈچۈمنى ئايىمايمەن، — دېدى.

— جانابىڭىز بىلەن بىللە بولسام، ئۇلۇغ ئىشلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، — دېدى سۇن سې ۋە ئۇنى جۇ جى، لۇي فەنلەر بىلەن كۆرۈشتۇردى.

— ئاكا! ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلماقچى بولۇپسىز، جاڭدۇڭدىكى ئىككى «جاڭ» نى بىلەمسىز؟ — دېدى جۇ يۈي سۇن سېگە.

— «ئىككى جاڭ» دېگىنىڭىز كىملەر؟ — دەپ سورىدى سۇن سې.

— بىرى پېڭچېڭدىكى جاڭ جاۋ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى بۇ، يەنە بىرى گۇاڭلىڭدىكى جاڭ خۇڭ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى زى گاڭ. بۇ ئىككىسى زور ئىستىدات ئەھلىلىرىدىن. قالايمىقانچىلىقتىن ئۆزلىرىنى يوشۇرۇپ بۇ يەرلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇلارنى تەكلىپ قىلمايسىز؟ — دېدى جۇ يۈي.

سۇن سې خۇش بولۇپ، تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن كىشى ئەۋەتتى، لېكىن ئۇلار رەت قىلىپ كەلمىدى. سۇن سې شەخسەن ئۆزى بۇلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تولا ئىلتىماس قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇلار ماقۇل بولۇشتى. سۇن سې شۇئان جاڭ جاۋغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، ئۇنى باش مىرزا، قوشۇمچە باقاۋۇل، جاڭ خۇڭنى مۇشاۋىر لەشكەربېشى قىلدى، ئاندىن ليۇ ياۋغا ھۇجۇم قىلىش كېڭىشى ئۆتكۈزدى.

لىۋياۋغا كەلسەك، ئۇ جىبك لى دەپمۇ ئاتىلاتتى، ئۇنىڭ يۇرتى دوڭلەيدىكى مۇپىڭ ئىدى، ئۇ نەسەب جەھەتتىن خەن خاندانلىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئەمىر لىيۇ چۆڭنىڭ جىيەنى، يەنجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى لىيۇ دەيىنىڭ ئىنىسى ئىدى؛ ئۇ تېگىدە ياڭجۇ ئايمىقىنىڭ بېگى بولۇپ شۇچۇندا تۇرۇشلۇق بولسىمۇ، يەن شۇ تەرىپىدىن جياڭدۇڭغا قوغلانغاچقا، چۈيئاغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. ئۇ سۇن سېنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال سەركەردىلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. سەركەردىلىرىدىن جاڭ يىڭ:

— مەن بىر توپ لەشكەر بىلەن نيۇجۇدا تۇرۇۋالسام، 100 تۈمەن لەشكەر بولغاندىمۇ، يېقىن كېلەلمەيدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇا ـ تۇرمايلا، ئارىدىن بىر كىشى:

— مەن تۇرشاۋۇل قوشۇننى باشلاپ بېرىشنى خالايمەن! — دەپ توۋلىدى.

بۇ كىشى دۇڭلەيدىكى خۇاڭشيەنلىك تەيشى سى ئىدى. تەيشى سى بېيخەينى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغاندىن كېيىن، كېلىپ لىيۇ ياۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، بۇنىڭ خىزمىتىدە قالغانىدى. بۇ كۈنى سۇن سېنىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، تۇرشاۋۇل قوشۇن باشلاپ چىقىشقا رازىلىق بىلدۈرگەنىدى. لىيۇ ياۋ:

— سىز ھېلى ياش، سىزنى ئالىي سەركەردە قىلىشقا بولمايدۇ، ھازىرچە مېنىڭ يېنىمدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇڭ، — دېدى.

تەيشى سى پەرىشان بولۇپ چىقىپ كەتتى. جاڭ يىڭ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ نيۇجۇغا كەلدى ۋە 10 تۈمەن جىڭدىن ئارتۇق ئاشلىق توپلاپ ساڭلارغا قاچىلاتقۇزدى. سۇن سې يېتىپ كەلگەندە، جاڭ يىڭ تىغ كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىككى قوشۇن نيۇجۇ ساھىلىدا ئۇچراشتى. سۇن سې ئاتلىنىپ چىقىۋىدى، جاڭ يىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىدى، خۇاڭ گەي چىقىپ جاڭ يىڭ بىلەن

تۇتۇشۇپ كەتتى. بىرنەچچە رەددى بەدەل ئۆتۈۋىدى، ئۇشتۇمتۇتلا جاڭ يىڭنىڭ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولۇپ كەتتى، بۇ چاغدا كىشىلەر قارارگاھقا ئوت قويۇلۇپتۇ، دەپ خەۋەر قىلىشتى. جاڭ يىڭ ئالدىراپ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈردى. سۇن سې لەشكەرلىرى بىلەن ئالغا بېسىپ كېلىپ، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چاپ - چاپقا چۈشتى. جاڭ يىڭ نيۇجۇنى تاشلاپ تاغ ئىچىگە قاچتى. بايا قارارگاھنىڭ ئارقىسىدىن ئوت قويغۇچىلار ئىككى جەسۇر سەركەردە ئىدى: بۇلارنىڭ بىرى — جيۇجياڭنىڭ شۇچۇن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىسىم - زاتى جياڭ چىن، يەنە بىر ئىسمى گۇڭ يى ئىدى، يەنە بىرى — جيۇجياڭنىڭ شياسەي دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىسىم - زاتى جۇ تەي، يەنە بىر ئىسمى يۇ پىڭ ئىدى. بۇ ئىككى ئەزىمەت زامانىنىڭ پاراكەندىچىلىكى يۈزىسىدىن، ئادەم توپلاپ ياڭزىجياڭ دەرياسىدا بۇلاڭچىلىق بىلەن جان بېقىۋاتاتتى؛ سۇن سېنىڭ جياڭدۇڭدىن چىققان ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى، دانىشمەن، پالۋانلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئۇزۇندىن بېرى ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا 300 دىن ئارتۇق ئادىمى بىلەن سۇن سېگە قوشۇلۇش ئۈچۈن ئالايىتەن كەلگەنىدى. سۇن سې ناھايىتى خۇش بولۇپ، ھەر ئىككىسىنى ئالدىنقى قوشۇن لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلىدى. نيۇجۇدىكى ئاشلىق - تۈلۈك، قورال - ياراغ، ئەل بولغان 4000 دىن ئارتۇق لەشكەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆتكۈزۈۋالدى، ئاندىن كېيىن شىنتىڭغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

يېڭىلگەن جاڭ يىڭ قايتىپ كېلىپ ليۇ ياۋ بىلەن كۆرۈشكەندە، ليۇ ياۋ غەزەپلىنىپ ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بۇ چاغدا مەسلىھەتچىلەردىن زې رۇڭ، شۆ لى تىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ياۋغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرى بىلەن لىڭلىڭ شەھىرىگە ئەۋەتىلدى. ليۇ ياۋنىڭ ئۆزى لەشكەر باشلاپ شىنتىڭ داۋىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قارارگاھ قۇردى، سۇن سې داۋاننىڭ

يۇقىرى تەرىپىگە قارارگاھ قۇردى. سۇن سى يەرلىك كىشىلەردىن:

— يېقىنراق تاغلاردا خەن خاندانلىقىنىڭ خانى گۇاڭ ۋۇ ئۈچۈن سېلىنغان ئىبادەتخانا بارمۇ؟ — دەپ سورۇشتۇردى.

— داۋان ئۈستىدە ئىبادەتخانا بار، — دېدى يەرلىك ئادەملەر.

— بۈگۈن كېچە چۈشۈمدە گۇاڭ ۋۇ خان مېنى كۆرۈشۈشكە چاقىردى، چىقىپ دۇئا تەلەپ قىلىپ چۈشىمەن، — دېدى سۇن سى.

— بولماسمىكىن، داۋاننىڭ تۆۋەن تەرىپى لىۋ ياۋنىڭ قارارگاھى، ئەگەر يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەر بولسا، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى باش مىرزا جاڭ جاۋ.

— ئۇلۇغلار ماڭا يار بولىدۇ، نېمىدىن قورقىمەن!؟ — دېدى سۇن سى ۋە جابدۇنۇپ نەيزە بىلەن ئاتقا مىندى، چېڭ پۇ، خۇاڭ گەي، خەن داڭ، جياڭ چىن، جۇ تەي باشلىق جەمئىي 13 ئاتلىق قارارگاھتىن چىقتى، داۋان ئېشىپ، ئىبادەتخانىغا بارغاندىن كېيىن خۇشبۇي كۆجە - ئىسرىق سالدى، دۇئا - تىلاۋەتتىن كېيىن، سۇن سى ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر مەن سۇن سى جياڭدۇڭدا ئىگىلىك تىكلەپ، مەرھۇم ئاتامنىڭ ئىشلىرىنى گۈللەندۈرەلىسەم، ئىبادەتخانىنى قايتىدىن ياسىتىپ، ھەر ۋاقىت دۇئا - تىلاۋەت ئۆتكۈزۈپ تۇرىمەن، — دەپ تىلاۋەت قىلدى.

دۇئادىن كېيىن ئىبادەتخانىدىن چىقتى ۋە ئاتقا مىنىپ سەركەردىلىرىگە:

— داۋاندىن ئېشىپ لىۋ ياۋنىڭ قارارگاھىغا قاراپ باقاي! — دېدى.

سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى بولماسمىكىن دەپ ئۇنى

توسۇدى، سۇن سى ئۇنىماستىن داۋانغا چىقىپ تۆۋەن تەرەپتىكى سەھرا، ئورمانلارغا قارىدى. پايلاقچىلار بۇنى ئاللىقاچان ليۇ ياۋغا خەۋەر قىلغانىدى، ليۇ ياۋ:

— بۇ سۇن سىنىڭ ياۋنى ئازدۇرۇش تەدبىرى، قوغلاش يارىمايدۇ، — دېدى.

— مۇشۇ پەيتتە سۇن سېنى تۇتماي قايسى ۋاقىتتىنىي كۈتمەكچىدۇق، — دېدى تەيشى سى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋە ليۇ ياۋنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتمەستىنلا جابدۇنۇپ نەيزە ئېلىپ ئاتلاندى، ئۇ قارارگاھىدىن چىقىۋېتىپ:

— جىگىرى بارلار ماڭا ئەگەشسۇن! — دەپ توۋلىدى.

سەركەردىلەر قوزغالمىدى. پەقەت بىر گىنە ياش سەركەردە:

— تەيشى سى چىن باتۇر ئىكەن! مەن ھەمدەملىشەي! — دەپ ئېتىنى قامچىلاپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەتتىي. باشقا سەركەردىلەر كۈلۈشكىنىچە قالدى.

سۇن سى خېلىغىچە قاراپ، ئەمدىگىنە ئېتىنى قايتۇرۇپ داۋاندىن چۈشۈۋاتاتتى، داۋان ئۈستىدىن:

— سۇن سى، قاچما! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

سۇن سى ئارقىغا بۇرۇلۇپ قارىسا، ئىككى ئاتلىقنىڭ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. سۇن سى 13 ئاتلىقنى قاتار سەپ قىلىپ تىزدى ۋە نەيزىسىنى ئېگىرنىڭ ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇپ داۋان تۈۋىدە كۈتۈپ تۇردى، تەيشى سى:

— سۇن سى دېگەن قايسىڭلار؟ — دەپ توۋلىدى.

— ئۆزۈڭ كىم؟ — دەپ سورىدى سۇن سى.

— مەن دۇڭلەيلىك تەيشى سى بولىمەن، مەخسۇس سۇن سېنى تۇتقىلى كەلدىم، — دېدى تەيشى سى.

— مانا مەن، ئىككىڭلار كەلسەڭلەرمۇ قورقمايمەن، ئەگەر سەنلەردىن قورقسام، سۇن سى بولماي قالاي! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ھەممىڭلەر كەلسەڭلەرمۇ قورقمايمەن! — دېدى تەيشى سى ۋە نەيزىسىنى ئوينىتىپ توپتوغرا سۇن سىگە ئات قويدى. سۇن سىمۇ تىغ كۆتۈرۈپ ئېتىلدى، ئىككى ئات بىر - بىرىگە روبىرو كەلدى، ئارىدا 50 رەددى بەدەل ئۆتۈلدى، يېڭىش - يېڭىلىش ئايرىلمىدى. چېلىڭ پۇ قاتارلىقلار كۆڭۈللىرىدە ئاپىرىن ئوقۇشتى. تەيشى سى سۇن سىنىڭ نەيزىۋازلىق ماھارىتى ئۇستۇن بولۇپ، ھېچ چاندۇرمايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، يالغاندىن يېڭىلىپ قاچقان تەرزگە كىرىۋېلىپ سۇن سىنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. تەيشى سى كونا يول بىلەن داۋانغا چىقماستىن، ئايلىنىپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى. سۇن سى قوغلاپ كېلىپ:

— قاچقان نوچى ئەمەس! — دەپ توۋلىدى.

تەيشى سى كۆڭلىدە «بۇ يەردە ئېلىشسام، ئۇنىڭ 12 ئادىمى بار. مەن يالغۇز، ئۇنى تۇتۇۋالغان ھالەتتىمۇ، ئادەملىرى قۇتقۇلدۇرۇپ كېتىدۇ. يەنە بىرئاز قوغلىسۇن، قېچىپ كېتەلمەيدىغان يەرگە بارغاندا، ئاندىن قول سالاي» دەپ ئويلىدى - دە، ئېلىشا - ئېلىشا قېچىۋەردى. سۇن سى رەقىبىنى قولدىن بەرگۈسى كەلمەي تاكى بىر تۈزلەڭ يەرگە بارغۇچە قوغلاپ باردى. تەيشى سى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ يەنە ئېلىشتى ۋە يەنە 50 رەددى بەدەل ئۆتتى، بۇ چاغدا، سۇن سى بىر نەيزە ئۇرۇۋېدى، تەيشى سى ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، سۇن سىنىڭ نەيزىسىنى قىسىۋالدى - دە، ئۆز نەيزىسىنى سۇن سىگە سانجىدى، سۇن سىمۇ ئۇستىلىق بىلەن نەيزە زەربىسىدىن ئۆزىنى ئېچقېچىپ، تەيشى سىنىڭ نەيزىسىنىمۇ قىسىۋالدى. ھەر ئىككىسى تەڭلا كۈچەپ نەيزىلىرىنى تارتىشىۋىدى، ئاتلىرىدىن يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئاتلىرىنىڭ قايان كېتىپ قالغانلىقلىرىنىمۇ كۆرەلمەي قېلىشتى. ئىككىلىسى نەيزىلىرىنى تاشلاپ ياقا سىقىشىپ مۇشتلىشىپ كەتتى، ئۇستىلىرىدىكى جەڭ كىيىملىرى

تىتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتتى. سۇن سې چاققانلىق قىلىپ تەيشى سىنىڭ دۇمبىسىدىكى قىسقا يالمانىنى سۇغۇرۇۋالدى، تەيشى سىمۇ سۇن سېنىڭ دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋالدى. سۇن سې يالمىنى بىلەن بىر سېلىۋىدى، تەيشى سى دۇبۇلغىنى قالقان قىلىۋالدى. ئەنە شۇنداق جىددىي بىر پەيتتە ئارقىدىن سۇرەن - چۇقان ئاڭلاندى. بۇ ليۇ ياۋنىڭ ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرلىرى بولۇپ، 1000 دىن ئارتۇقراق ئىدى. سۇن سې ئالاقزادە بولۇپ تۇرۇشىغا چېڭ پۇ باشلىق 12 ئاتلىقمۇ چېپىپ يېتىپ كەلدى. سۇن سې بىلەن تەيشى سى بىر - بىرىنى قويۇپ بېرىشتى. تەيشى سى ئۆز لەشكەرلىرى ئىچىدىن ئات ۋە نەيزە ئېلىپ قايتىدىن كەلدى. سۇن سېنىڭ ئېتىنى چېڭ پۇ تۇتۇۋېلىپ يېتىلەپ كەلگەنىدى، سۇن سېمۇ نەيزىسىنى ئېلىپ ئاتلاندى. ليۇ ياۋنىڭ 1000 دىن ئارتۇق لەشكىرى بىلەن چېڭ پۇ باشلىق 12 ئاتلىق قۇچاقلاشما جەڭگە چۇشۇپ كەتتى، ئۇلار چاپ - چاپ بىلەن شىڭتىڭ داۋىنىنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلدى. «چاپ - چاپ!» دېگەن ئاۋازلار يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ جۇ يۈي لەشكەر باشلاپ كەلدى. ليۇ ياۋ ئۆزى چوڭ قوشۇن بىلەن داۋاندىن چاپ - چاپ قىلىپ چۇشۇپ كەلدى، زاۋال ۋاقتى بولاي دېگەندە شىددەتلىك بوران چىقىپ، قاتتىق يامغۇر ياغدى، شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى.

ئەتىسى سۇن سې ليۇ ياۋنىڭ قارارگاھى ئالدىغا لەشكەر باشلاپ كەلدى، ليۇ ياۋمۇ لەشكەر باشلاپ چىقتى. سۇن سې ئۆز قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، تەيشى سىنىڭ يالمىنىنى نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا ئىلىۋېلىپ، لەشكەرلىرىگە: «ئەگەر تەيشى سى تېز قاچمىغان بولسا، نەيزىدە ئۆلگەن بولاتتى!» دەپ توۋلاتقۇزدى. تەيشى سىمۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، سۇن سېنىڭ دۇبۇلغىسىنى نەيزىسىگە ئىلىۋېلىپ سەپ ئالدىدا پۇلاڭلىتىپ لەشكەرلىرىگە: «سۇن سېنىڭ بېشى مانا بۇ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

يەردە! » دەپ تووۋلانغۇزدى. ھەر ئىككى قوشۇن سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈردى، بىر تەرەپ ئۆزىنى يەڭدۈق دېسە، يەنە بىر تەرەپ ئۆزىنى كۈچلۈك دەپ تووۋلاشتى. ئەنە شۇ چاغدا تەيشى سى ئاتلىق مەيدانغا چۈشۈپ، سۈن سىينى يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ ئېلىشىشقا چاقىردى. سۈن سى جەڭگە تەمشىلىۋىدى، چېك پۇ:

— تەقسىر! سىلى جۈۋۈمىسىلا، مەن تۇتۇپ كېلىمەن، — دېدى ـ دە، مەيدانغا چۈشتى.

— سەن مېنىڭ تەڭدىشىم ئەمەس، سۈن سى كەلسۇن! — دېدى تەيشى سى.

چېك پۇ دەرغەزەپ بولۇپ نەيزىسىنى ئوينىتىپ تەيشى سىغا ئېتىلدى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، ئارىدا 30 رەددى بەدەل ئۆتۈلۈۋىدى، لىيۇ ياۋ جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى.

— مەن بۇ ئوغرى سەركەردىنى تۇتاي دەۋاتسام، نېمە ئۈچۈن قوشۇننى يىغدىلا؟ — دېدى تەيشى سى.

— كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، خېۋېرگە قارىغاندا، جۇ يۈي لەشكەر باشلاپ چۈيئاغا تېگىپتۇ، يەنە لۇجياڭنىڭ سۆزى دېگەن يېرىدىن بولغان چېن ۋۇ، يەنە بىر ئىسمى زى لېي دېگەن ئادەم جۇ يۈيگە بولۇشۇپ شەھەرگە كىرگۈزۈپتۇ. مېنىڭ ئۆيۈم ۋە ئىگىلىكىم قولدىن كېتىپتۇ. ئەمدى بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇش يارىمايدۇ، مولىڭغا بېرىپ شۆ لى، زې رۇڭلارنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چۈيئاغا ھەمدەمگە بارايلى، — دېدى لىيۇ ياۋ.

تەيشى سى لىيۇ ياۋ قوشۇنى بىلەن چېكىندى. سۈن سى قوغلىماي، ئۆز قوشۇننى يىغىۋالدى. باش مىرزا جاڭ جاۋ:

— ياۋ لەشكەرلىرى جۇ يۈينىڭ چۈيئانى ئېلىشى بىلەن جەڭ قىلىشقا رايى بارماي كېتىشتى، بۈگۈن كېچە ياۋ قارارگاھىغا تېگىش قىلىشنىڭ ياخشى پەيتى، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

سۈن سى ماقۇل بولدى. بۇ كېچىسى سۈن سى لەشكەرلىرى بەش تارامغا بۆلۈنۈپ، تۇيۇقسىز يېرىپ باردى. لىيۇ ياۋ

لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، ھەر تەرەپكە پىتىراپ قاچتى. تەيشى سى يالغۇز توسۇيالماي، بىرنەچچە ئون ئاتلىقنى باشلاپ كېچىلەپ جىڭشيەن ناھىيىسىگە قاچتى.

سۇن سې يەنە چېن ۋۇنىڭ ياردىمىگە ئىگە بولدى. چېن ۋۇنىڭ بويى يەتتە چى بولۇپ، چىرايى سېرىق، كۆزى قىزىل، ئەپت ـ بەشىرىسى غەلىتە بىر ئادەم ئىدى. سۇن سې بۇ ئادەمنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپ، لەشكەربېشىلىقىقا، تۇرشاۋۇللۇققا تەيىنلەپ، شۆ لىگە سالدى. چېن ۋۇ بىرنەچچە ئون ئاتلىق بىلەن ياۋ سېپىگە بۆسۈپ كىرىپ، 50 تىن ئارتۇق كىشىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. شۆ لى قوۋۇقنى تاقىۋېلىپ چىقىپ ئېلىشىشقا پېتىنالمىدى. سۇن سې ھەدەپ شەھەر سېپىلىغا تېگىش قىلىۋاتقىنىدا، توساتتىن ليۇ ياۋنىڭ زې رۇڭ بىلەن قوشۇلۇپ نيۇجۇنى ئېلىشقا كېتىشكەنلىكلىرى ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. دەرغەزەپ بولغان سۇن سې شەخسەن ئۆزى نيۇجۇغا لەشكەر تارتتى. ليۇ ياۋ، زې رۇڭ ئىككىسى ئاتلىنىپ جەڭگە چىقتى.

— مەن بۇگۈن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدىم، نېمە ئۈچۈن ئەل بولمايسىلەر؟ — دېدى سۇن سې.

ليۇ ياۋنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان بىر ئادەم نەيزىسىنى ئوينىتىپ ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا چۈشتى، بۇ سەركەردە يۈي مى ئىدى؛ سۇن سې ئۈچ رەددى بەدەل ئېلىشماستىنلا يۈي مىنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ، ئېتىنى قايتۇرۇپ ئۆز سېپىگە قايتتى. ليۇ ياۋنىڭ سەركەردىلىرىدىن فەن نېڭ يۈي مىنىڭ تۇتۇپ كېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نەيزىسىنى ئوينىتىپ قوغلاپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا نەيزىسىنى سۇن سېنىڭ دۈمبىسىگە سالاي دەپ تەمشىلىشىگە، سۇن سېنىڭ سېپىدىكى لەشكەرلەر:

— ئارقىڭىزدا قەستلىگۈچى بار، دىققەت! — دەپ توۋلاپ كېتىشتى.

سۇن سې ئارقىغا ئۆرۈلۈپ، فەن نېڭنىڭ ئېتى يېتىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى ـ دە، قاتتىق بىر تووْلىنىۋىدى، ئاۋازى گۈلدۈرماممىدەك چىقىپ كەتتى. فەن نېك قورقۇپ كېتىپ ئاتتىن ئوڭدىسىغا يىقىلىپ بېشى يېرىلىپ ئۆلدى. سۈن سې نىشان تۇغىنىڭ ئاستىغا كېلىپ، قولتۇقىغا قىسىۋالغان يۈي مىتى تاشلىدى، قارىسا ئۇ سىقىلىپ ئۆلۈپتۇ. هايت ـ هۇيت دېگۈچە بىر سەركەردىنى قىسىپ، يەنە بىر سەركەردىنى ۋارقىراپ ئۆلتۈرۈپ قويدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئادەملەر سۈن سېنى «كىچىك دوكەر» دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى ليۇ ياۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، ئادەملىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سۈن سېگە ئەل بولدى. بۇ جەڭدە سۈن سې 1 تۈمەندىن ئارتۇق كاللىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. لىيۇ ياۋ بىلەن زې رۇڭ لىيۇ بياۋدىن پاناھ تىلەپ يۈيجاڭغا كەتتى. سۈن سې لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ، قايتىدىن مولىڭغا تېگىش قىلدى، شەخسەن ئۆزى شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ، شۈي لىنى ئەل بولۇشقا چاقىردى. سېپىلدىن ئوغرىلىقچە ئېتىلغان ئوق سۈن سېنىڭ سول پۇتىغا تېگىپ، ئۇنى ئاتتىن يىقىتتى. سەركەردىلىرى ئۇنى تېزلىكتە قۇتقۇلدۇرۇۋېلىپ، قارارگاھقا ئاپىرىپ قويدى. ئاندىن ئوقنى تارتىۋېلىپ، شىپابەخش دورىلار بىلەن مايلاپ قويۇشتى. سۈن سې سەركەردىلىرىگە:

— مېنى يالغاندىن ئوق زەربىسى بىلەن ئۆلدى دەپ جاكارلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

قوشۇندا ماتەم تۇتۇلدى، ھەممە بىردەك قوزغىلىشتى. شۆ لى سۈن سېنىڭ ئۆلگەن خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كېچىچە شەھەردىكى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شىرمەت سەركەردىلىرىدىن بولغان جاڭ يىڭ، چېن خېڭلار بىلەن شەھەردىن چىقىپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى. توساتتىن يوشۇرۇپ قويۇلغان لەشكەرلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن بىراقلا چىقىپ كەلدى. سۈن سې ئالدىغا چىقىپ:

— يىگىت سۈن سې مانا بۇ يەردە! — دەپ ۋارقىرىدى.

لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قورقۇشىدا نەيزە ـ قىلىچلىرىنى تاشلاپ يەرگە تىزلاندى. سۇن سې بىرمۇ ئادەمنى ئۆلتۈرمەڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى. جاڭ يىڭ ئارقىغا قېچىۋىدى، چېن ۋۇ بىر نەيزە سانجىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. چېن خېڭ جاڭ چىنىڭ ئوقىدا ئۆلدى. شۆ لى لەشكەرلەر مالىمانى ئىچىدە ئۆلدى. سۇن سې مولىڭغا كىرىپ ئاھالىنى ئەمىن قىلدى؛ تەيشى سىنى تۇتۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى جىڭشيەن ناھىيىسىگە يۆتكىدى.

تەيشى سىغا كەلسەك، ئۇ 2000 دىن ئارتۇق لەشكەر توپلاپ ھەم بۇرۇنقى قىسىملىرىغا قوشۇپ ليۇ ياۋنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا كەلمەكچى بولۇپ تۇراتتى. سۇن سې جۇ يۈي بىلەن تەيشى سىنى تىرىك تۇتۇش تەدبىرى ئۈستىدە كېڭەشتى. جۇ يۈي شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن تېگىش قىلىپ، پەقەت كۇنچىقىش قوۋۇقنى چىقىپ كېتىش ئۈچۈن بوش قويۇشقا؛ شەھەردىن 25 چاقىرىم يىراقلىقتا ئۈچ تەرەپكە لەشكەر مۆكتۈرۈپ قويۇشقا؛ تەيشى سىنىڭ ئۆزى ۋە ئېتى ھارغىن ھالدا بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەندە قولغا چۈشۈرۈشكە بۇيرۇق بەردى. تەيشى سىنىڭ توپلىغان لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى تاغلىقلار ئىدى، تەرتىپنى بىلمەيتتى، جىڭشيەن ناھىيىسىنىڭ سېپىلى ئانچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. شۇ كېچىسى، سۇن سې چېن ۋۇنى كالتە كىيىم كىيىپ خەنجەر بىلەن سېپىلغا چىقىپ ئوت قويۇشقا بۇيرۇدى. تەيشى سى سېپىلغا تۇتاشقان ئوت يانغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاتلىنىپ كۇنچىقىش قوۋۇقتىن قاچتى، ئارقىدىن سۇن سې لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ ماڭدى. تەيشى سى قېچىۋەردى، قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەر 30 چاقىرىم يەرگىچە قوغلاپ كېلىپ، ئاندىن كېيىن توختاپ قالدى، تەيشى سى 50 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ، ئېتىمۇ ھاردى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا قومۇشلۇقتىن سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى، تەيشى سى قاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئىككى **تەرەپتىن** تاشلانغان سالغا ئۇنىڭ ئېتىنى يىقىتتى، ئۆزىنى

تىرنىك تۇتۇۋېلىپ، قارارگاھقا ئېلىپ كېلىشتى، سۈن سې تەيشى سىنىلىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى بىلىپ، شەخسەن ئۆزى چىقىپ لەشكەرلىرىنى تۇۋلاپ تارقىتىۋەتتى ـ دە، ئۆز قولى بىلەن تەيشى سىنى بەنتتىن بوشاتتى ۋە تەيشى سىنگە ئۆز كىيىمىنى كىيگۈزۈپ، بارگاھقا باشلاپ كىردى ۋە ئۇنىڭغا:

— جانابىڭىز ھەقىقىي يىگىتسىز، لىيۇ ياۋغا ئوخشاش پەمسىز تەنتەكلەر سىزدىن ئالىي سەركەردە سۈپىتىدە لايىقىدا پايدىلانمىغانلىقى ئۈچۈن، مانا مۇشۇنداق يېڭىلىشكە ئۇچرىدىڭىز، — دېدى.

تەيشى سى سۈن سېنىلىڭ بۇ قەدەر قەدىرلىگىنىنى كۆرۈپ شۈئان ئەل بولدى.

سۈن سې تەيشى سىنىلىڭ قولىنى تۇتقىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— شېنتىڭدا ئېلىشقان ۋاقتىمىزدا، جانابىڭىز ئەگەر مېنى تۇتۇۋالغان بولسىڭىز، زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزەمتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى تەيشى سىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

سۈن سې قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە بارگاھقا باشلاپ كىرىپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزدى ۋە كاتتا مەرىكە ـ سورۇن تەييارلىتىپ، ئۇنى ياخشى كۈتتى. تەيشى سى:

— لىيۇ ياۋ يېڭىدىن يېڭىلدى، لەشكەرلەر ھازىر خىلمۇخىل ئويدا، مەن قالدۇق لەشكەرلەرنى يىغىپ كېلىپ جانابلىرىغا ھەمدەملەشسەم دەيمەن. بىلمىدىم، ماڭا ئىشەنچلىرى قانداقكىن؟ — دېدى.

— بۇمۇ مېنىلىڭ ئارزۇيۇم، ئەمىسە بۈگۈن ۋەدىلىشەيلى، ئەتە چۈشتە جانابىڭىز قايتىپ كېلەرسىز، — دېدى سۈن سې ئورنىدىن تۇرۇپ مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ.

تەيشى سى ۋەدە قىلىپ چىقىپ كەتتى.

— تەيشى سىمۇ شۇ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ، — دېيىشتى سەركەردىلەر.

— تەيشى سى ئىناۋەت، ۋىجدان ئەھلى، مەندىن يۈز ئۆرۈمەيدۇ، — دېدى سۇن سى.

كۆپچىلىك ئىشەنمىدى. ئەتىسى چۈش ۋاقتىنى بەلگىلەش ئۈچۈن قارارگاھ ئالدىغا خادا تىكىلدى. دەل چۈش ۋاقتىدا 1000 دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن تەيشى سى قارارگاھ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. سۇن سى بەك خۇرسەن بولدى، كۆپچىلىكمۇ سۇن سىنىڭ ئادەم تونۇيدىغانلىقىغا قايىل بولدى. شۇنداق قىلىپ سۇن سى توپلانغان بىر نەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن جياڭدۇڭغا چۈشتى، ئاھالىنى ئەمىن قىلىپ خەلقتىن ھال سورىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر سۇن سىگە قوشۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ جياڭدۇڭ خەلقى سۇن سىنى «سۇن ئەزىمەت» دەپ ئاتىنىشىدىغان بولدى. سۇن ئەزىمەت لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىسا، ياۋ لەشكەرلىرى قورققىنىدىن يۈرەكلىرى پوكۇلداپ قاچىدىغان بولدى. سۇن سى لەشكەرلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەن جايدا بىرەرمۇ ئادەم تالانماس، ئىت ۋە توخۇلارمۇ ئۈركۈتۈلمەس ئىدى، ئاھالە مەمنۇن بولغانلىقى ئۈچۈن، كالا ۋە مەي ئېلىپ كېلىپ لەشكەرلەرگە ھەدىيە قىلىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە سۇن سى ئالتۇن - كۈمۈش، تاۋار - دۇردۇن ئىنئام بەردى. شۇنداق قىلىپ خۇشاللىق سادالىرى ھەممە يەرنى قاپلىدى. ليۇ ياۋنىڭ كونا لەشكەرلىرىدىن قالىمەن دېگەنلەر ئېلىنىپ قېلىندى. قېلىشنى خالىمىغانلارغا ئىنئام بېرىلىپ يۇرتلىرىغا ئىشلەشكە قايتۇرۇلدى. پۈتۈن چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكىلەر سۇن سىگە ئاپىرىن ئوقۇشتى، ئۇنىڭ لەشكىرىي كۈچى ئۇلغايدى. سۇن سى ئانىسى، تاغىسى ۋە ئىنىلىرىنى چۈيئاغا قايتۇرۇپ كەلدى. ئىنىلىرىدىن سۇن چۈەننى جۇتەي بىلەن شۈەنچېڭ شەھىرىنى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن ۋۇجۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايمىقىنى ئېلىشقا تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا يەن بەيخۇ دېگەن ئۆزىنى «كۈنچىقىشتىكى ۋۇ بەگلىكىنىڭ دې ۋاڭى» دەپ جاكارلاپ، ۋۇجۇن ئايمىقىدا تۇراتتى. ۋۇچېڭ، جياشىڭ قاتارلىق جايلارنى ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردىلىرى ساقلايتتى. سۈن سې لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان يەن بەيخۇ ئۇلارنى فېڭچياۋ كۆۋرۈكىدە توسۇۋېلىش ئۈچۈن ئىنىسى يەن يۈينى لەشكەر باشلاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. يەن يۈي فېڭچياۋ كۆۋرۈكىدە قىلىچىنى ئېگىزلىگە كۆندىلەڭ قويۇپ قاراپ تۇردى. بۇ ئەھۋال بارگاھ قوشۇنغا مەلۇم قىلىندى. سۈن سې ئۆزى مەيدانغا چۈشمەكچى بولدى.

— باش سەركەردە، ئۈچ قوشۇننىڭ تەقدىرى سىلىگە باغلىق، قاراقچى ـ ياۋغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. ئۆزلىرىنى ئايىسىلا، — دېدى جاڭ خۇڭ مەسلىھەت بېرىپ.

— ئۇستازىمنىڭ سۆزى، — دېدى سۈن سې رەھمەت ئېيتىپ، — بىباھا مەسلىھەتتۇر، ئەمما تاشبوران ئوقلىرىغا قارشى ئۆزۈم چىقىپ بەرمىسەم، سەركەردە ـ لەشكەرلەر گېپىمگە كىرمەسمىكىن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەن داڭنى چىقىپ ئېلىشىشقا بۇيرۇدى. خەن داڭ كۆۋرۈككە يېتىپ بارغۇچە، جياڭ چىن، چېن ۋۇلار ئاللىقاچان بىر كىچىك كېمە بىلەن دەريا بويلاپ كۆۋرۈككە يېتىپ كەلدى، ئوقيالىرى بىلەن قىرغاقتىكى لەشكەرلەرنى يىقىتىپ، ئىككىيلەن قىرغاققا ئۇچقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ چاپ ـ چاپقا كىرىشىپ كەتتى. يەن يۈي چېكىنىپ قاچتى. خەن داڭ لەشكەر باشلاپ تاچاڭمېن قوۋۇقىغىچە چاپ ـ چاپ قىلىپ باردى. قاراقچىلار چېكىنىپ شەھەرگە كىرىۋالدى. سۈن سې لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ سۇ ۋە قۇرۇقلۇقتىن باراۋەر ئىلگىرىلەپ،

ۋۇچېڭ شەھىرىنى قامال قىلدى. قامال ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بولسىمۇ، جەڭ قىلىشقا ھېچكىم چىقمىدى. سۈن سې لەشكەرلىرىنى چاڭمېن قوۋۇقىنىڭ تېشىغا باشلاپ كېلىپ، ئەل بولۇش يارلىقىنى ئېلان قىلدى. بولۇڭلار، دەپ سېپىل ئۈستىدىكى بىر مۇئاۋىن سەركەردە سول قولى بىلەن بىر لىمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئوڭ قولى بىلەن سېپىل ئاستىدىكىلەرنى ئىشارە قىلغىنىچە ئاغزىنى بۇزغانىدى، تەيشى سى دەررۇ كامانىنى قولىغا ئېلىپ ئوقياسىنى بەتلىدى ـ دە، سەركەردە ـ لەشكەرلەرگە قاراپ:

— بۇ بەتبەختىنىڭ سول قولىنى ئوقيارىم بىلەن بەنت قىلىشىمنى قاراڭلار! — دېدى ـ دە، كامانىنى بوشاتتى، دېگەندەك ئوق بېرىپ ئۇنىڭ سول قولىنى تېشىپ ئۆتۈپ لىمغا مىخلىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن سېپىل ئۈستىدىكى ۋە ئاستىدىكىلەر بارىكاللا دەۋەتتى. ھېلىقى مىخلانغان كىشىنى ئەتراپىدىكىلەر سېپىل ئاستىغا ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. يەن بەيخۇ ئىنتايىن چۆچۈگەن ھالدا:

— قارشى تەرەپ قوشۇنىدا مۇنداق ئادەملەر تۇرسا، قانداق تەڭ كېلەلەيمىز! — دېدى ـ دە، سۇلھى توغرۇلۇق كېڭەش قىلدى. ئەتىسى ئۇ يەن يۈينى سۈن سې ھوزۇرىغا سۇلھى ئۈمىدى بىلەن چىقاردى. سۈن سې يەن يۈينى ئۆز بارگاھىغا تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلدى. ئىچكۈلۈك تازا قىزىپ تەڭشەلگەندە، سۈن سې يەن يۈيگە قاراپ:

— ئاغىڭىزنىڭ نىيىتى قانداقكىن؟ — دەپ سورىدى.

— سەركەردە جانابلىرى بىلەن جياڭدۇڭنى تەڭ بۆلۈشسەك دېگەن نىيەتتە، — دېدى يەن يۈي.

— ھۇ، نەسلى پەس مۇناپىقلار، تېخى مەن بىلەن تەڭ بولماقچىمۇ! — دېدى سۈن سې دەرغەزەپ بولۇپ ۋە يەن يۈينى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. يەن يۈيمۇ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ

ئورنىدىن تۇرۇشىغا سۇن سې ئېتىلىپ بېرىپ، شەمشەر تىقتى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى كېسىۋېلىپ شەھەرگە ئەۋەتتى. يەن بەيخۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، شەھەرنى تاشلاپ قاچتى.

سۇن سې لەشكەر تارتىپ قوغلىدى، خۇاڭ گەي جياشىڭنى، تەيشى سى ۋۇچېڭنى ئالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئايماق تىنچىدى. يەن بەيخۇ يول بويى بۇلاڭچىلىق قىلىپ يۈيخاڭغا كەلگىنىدە، يەرلىكلەردىن لىڭ ساۋ دېگەن كىشى يېزا خەلقىگە باشچىلىق قىلىپ يەن بەيخۇ بىلەن ئېلىشتى، يەن بەيخۇ يېڭىلىپ خۇيجىغا قاچتى. لىڭ ساۋ ئاتا ـ بالا ئىككىسى سۇن سېنى كۈتۈۋالدى. سۇن سې بۇلارنى سەپەر لەشكەربېشى قىلىپ تەيىنلىدى، ئاندىن لەشكەرلىرىنى باشلاپ دەريادىن ئۆتتى، يەن بەيخۇ قاراقچىلارنى توپلاپ شىجىن كېچىككە ئورۇنلاشتۇرغانىدى، چېڭ پۇ بىلەن ئېلىشىپ يېڭىلگەندىن كېيىن، كېچىلەپ خۇيجىغا يېتىپ باردى.

خۇيجى ھاكىمى ۋاڭ لاڭ يەن بەيخۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ چىقماق بولۇۋىدى، ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— بولماسمىكىن، سۇن سېنىڭ قوشۇنى ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان قوشۇن، يەن بەيخۇنىڭ قوشۇنى زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلغۇچى قوشۇن. يەن بەيخۇنى تۇتۇپ سۇن سېگە سوۋغا قىلغان تۈزۈك، — دېدى.

بۇ ئادەم خۇيجىنىڭ يۈيياۋ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىسمى ـ زاتى يۈي فەن، يەنە بىر ئىسمى جۇڭ شياڭ ئىدى، ئەلھال ئۇ ئايماق مەنسەپدارلىرىدىن ئىدى. ۋاڭ لاڭ غەزەپلىنىپ ئۇنى سىلكىۋەتتى، يۈي فەن ئاھ چەككەن پېتى چىقىپ كەتتى. ۋاڭ لاڭ لەشكەر باشلاپ چىقىپ، يەن بەيخۇغا قوشۇلۇپ، لەشكەرلىرىنى شەنيىن دالاسىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئىككى قوشۇن سەپ تارتىپ سەپراس بولدى. سۇن سې ئاتلىنىپ چىقىپ ۋاڭ لاڭغا قاراپ:

— مەن ھەق ـ ئادالەت ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ چىقىپ جىجياڭنى تىنچىتىشقا كەلسەم، سەن نېمە ئۈچۈن قاراقچىلارغا يانتاياق بولىسەن؟! — دېدى.

— سەن ئاچكۆز ئىكەنسەن! ۋۇجۈن ئايمىقىنى ئىگىلەپ بولۇپ، يەنە كۈچ بىلەن يەرلىرىمنى قوشۇۋېلىش ئۈچۈن تەۋەيىمگە بېسىپ كىردىڭ! بۈگۈن مەن مەخسۇس يەن بەيخۇ ئۈچۈن قىساس ئالماقچىمەن! — دېدى ۋاڭ لاڭ ئاغزىنى بۇزۇپ.

سۇن سې دەرغەزەپ بولۇپ ئېلىشىشقا چىقماقچى بولۇپ تۇرغاندا تەيشى سى ئاللىقاچان مەيدانغا چۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ لاڭمۇ ئات دېۋىتىپ كېلىپ قىلىچىنى ئويناتقىنىچە مەيدانغا چۈشتى ـ دە، تەيشى سى بىلەن ئېلىشىپ كەتتى، بىرنەچچە رەددى بەدەل ئۆتمەيلا ۋاڭ لاڭنىڭ سەركەردىلىرىدىن جۇ شىن بولۇشۇش ئۈچۈن جەڭگە ئېتىلىپ چىقتى، سۇن سېنىڭ سېپىدىن خۇاڭ گەي ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ جۇشىن بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپتىن چېلىنغان ناغرا ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، ئارىدا ناھايىتى قاتتىق ئېلىشىش بولدى. تۇرغۇن باشلار كېسىلدى، بىردىنلا ۋاڭ لاڭنىڭ سېپىنىڭ ئارقىسى بۇزۇلدى، بىر توپ لەشكەر ئارقىدىن كېلىپ تەگكەنىدى، ۋاڭ لاڭ قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال ئېتىنى قايتۇرۇپ ئېتىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئارقىدىن كەلگەن بۇ قوشۇن ئەسلىدە جۇ يۈي بىلەن چېن پۇنىڭ باشچىلىقىدا يان تەرەپتىن بۆسۈپ چىقىپ چاپ ـ چاپ قىلىپ كەلگەن لەشكەرلەر ئىدى. شۇنداق قىلىپ ۋاڭ لاڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەپتىن قىسماققا ئېلىندى. ۋاڭ لاڭ ئاجىزلىق قىلىپ كۆپ لەشكەرگە تەڭ كېلەلمىدى. نىھايەت يەن بەيخۇ، جۇ شىنلار بىلەن زورغا بىر قانلىق يول ئېچىپ، قېچىپ شەھەرگە كىرىۋالدى ـ دە، ئاسما كۆۋرۈكنى كۆتۈرۈۋېتىپ شەھەر قوۋۇقىنى مەھكەم تاقىۋالدى. سۇن سې لەشكەرلىرى قوغلىغان پېتى سېپىل ئاستىغا كېلىپ، لەشكەرلىرىنى ئايرىپ تۆت

قوۋۇقنىڭ ھەممىسىگە تېگىش قىلدى. سۇن سې لەشكەرلىرىنىڭ شىددەتلىك تېگىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋاڭ لاڭ شەھەر ئىچىدە تۇرۇپ، لەشكەر باشلاپ چىقىپ يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم دەپ بىر ئېلىشىپ كۆرمەكچى بولدى، لېكىن يەن بەيخۇ:

— سۇن سېنىڭ لەشكەرلىرى بەك نۇرغۇن، جانابلىرى شەھەرنى قاتتىق ساقلاپ، چىقماي تۇرۇۋەرسىلە، بىر ئايغا قالماي قارشى تەرەپنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى تۈگەيدۇ ـ دە، ئۆزلۈكىدىن قايتىدۇ، ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلساق، ئېلىشماستىنلا يەڭگىلى بولىدۇ، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى.

ۋاڭ لاڭ مەسلىھەت بويىچە، خۇيجى شەھىرىنى قاتتىق ساقلاپ جەڭگە چىقمىدى. سۇن سې شەھەرگە بىرنەچچە كۈن ئۇدا تېگىش قىلغان بولسىمۇ، شەھەرنى ئالالمىدى، ئاخىر سەركەردىلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ۋاڭ لاڭ شەھەرنى قاتتىق ساقلاپ يېتىۋالدى، — دېدى سۇن جىڭ، — قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەھەرنى ئېلىش قىيىن. خۇيجى شەھىرىنىڭ ئاشلىق ـ پۇللىرىنىڭ تولىسى چادۇدا ساقلىنىدۇ؛ ئۇ بۇ يەردىن بىرنەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتا، شۇڭا لەشكەر بىلەن ئاۋۋال ئۇ يەرنى ئىگىلىسەك، ئۇ «ھازىرلىقى يوق يەرگە تېگىش قىلىش، ئۇلارنىڭ كۈتمىگەن يېرىدىن چىقىش» بولىدۇ.

سۇن سې بۇ تەدبىرگە ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ:

— تاغا، سىزنىڭ تەدبىر، پاراسىتىڭىز بىلەن قاراقچىلارنى يوق قىلىش ھېچ گەپ ئەمەس! — دېدى ـ دە، قوۋۇقلارغا ئوت قويدۇردى، ئەلەم كۆتۈرتۈپ، يالغاندىن چوقان كۆتۈرۈپ چىقىدىغان كۆز بويىغۇچى لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، مۇھاسىرىدىكى لەشكەرلىرىنى كېچىلەپ تۆۋەن تەرەپكە يۆتكىدى.

— تەقسىر، چوڭ قوشۇننى يۆتكىسەك، ۋاڭ لاڭ چوقۇم



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شەھەردىن چىقىپ بىزنى قوغلايدۇ، تۇيۇقسىز زەربە بېرىش قوشۇنىنى ئىشلەتسەك، ئاندىن يەڭگىلى بولىدۇ، — دېدى جۇ يۈي كىرىپ.

— ھازىرلىق كۆرۈپ قويدۇم، شەھەرنى بۈگۈن كېچە ئالىمىز، — دېدى سۈن سې، ئاندىن لەشكەرلەرگە يولغا چىقىش بۇيرۇقى بەردى.

ۋاڭ لاڭ سۈن سې لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنگىنىنى ئاڭلاپ، ئادەملىرىنى ئېلىپ كۆزەت راۋىقىغا چىقىپ قارىدى؛ ئۇ سېپىل ئاستىدىكى ئىس - تۈتەكلەرنى، تۇغلارنىڭ رەتلىك لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككىلىنىپ گۇمانغا چۈشتى.

— سۈن سې تاشلاپ كېتىش ھىيلىسى بىلەن بىزنى ئالدىماقچى. لەشكەر باشلاپ چىقىپ تېگىش قىلايلى! — دېدى جۇ شىن.

— سۈن سې بۇ يۈرۈشىدە چادۇنى ئېلىشقا ماڭغان بولمىسۇن يەنە؟ مەن لەشكەرلىرىمنى چىقىراي، سەركەردە جۇ شىن بىلەن ئارقىدىن قوغلايلى! — دېدى يەن بەيخۇ.

— چادۇ مېنىڭ ئاشلىق ساقلاۋاتقان جايىم، ھەقىقەتەن ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سىز لەشكەر بىلەن ئالدىن ھەرىكەت قىلىڭ، مەن ئارقىڭىزدىن يېتىپ بارىمەن، — دېدى ۋاڭ لاڭ.

يەن بەيخۇ بىلەن جۇ شىن 5000 لەشكەر ئېلىپ شەھەردىن چىققان پېتى قوغلاپ ماڭدى. خۇپتەنگە ئاز قالغان ۋاقىتتا، شەھەردىن يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگە كەلگەندى، بىردىنلا دەرەخزارلىق ئىچىدىن ناغرا ساداسى چىقىش بىلەن تەڭ ئوتقاشلار ئەتراپنى يورۇتۇۋەتتى. يەن بەيخۇ قورقۇپ، ئېتىنى قايتۇرۇپ قاچماقچى بولۇۋىدى، بىر سەركەردە ئالدىنى توسۇۋىدى، ئوت يورۇقىدا قارىسا، بۇ سۈن سې ئىكەن، جۇ شىن قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋىدى، سۈن سې ئۇنى بىر نەيزە بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قالدى لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەل بولدى. يەن بەيخۇ كۈچەپ تۇرۇپ بىر قانلىق يول ئېچىپ، يۇيخاڭ تەرەپكە قاچتى. ۋاڭ لاڭ بولسا تۇرشاۋۇل لەشكەرلەرنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شەھەرگە كىرىشكە پېتىنالماي، ئادەملىرى بىلەن ياقا يۇرتقا قاچتى. سۇن سې لەشكەرلىرىنى يەنە قايتۇرۇپ، شەھەرنى ئالدى، ئاھالىنى ئەمىن قىلدى. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتمەيلا، بىر ئادەم يەن بەيخۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كېلىپ سۇن سېگە تەقدىم قىلدى. بۇ ئادەمنىڭ بويى سەككىز چى، يۈزى كەڭ، ئاغزى يوغان ئادەم ئىدى، ئۇ خۇيجىنىڭ يۇيياۋ دېگەن يېرىدىن كەپتۇ. ئۇنىڭ ئىسمى ــ زاتى دۇڭ شى، يەنە بىر ئىسمى يۈەن دەي ئىكەن. سۇن سې خۇرسەن بولۇپ دۇڭ شىنى ئايرىم بىر قىسىمغا ئەمىر لەشكەر قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن كۈنچىقىش تەرەپنىڭ ھەممىسى تىنچىدى، بۇ يەرنى ساقلاش ۋە ئىدارە قىلىشقا سۇن سې تاغىسى سۇن تىڭنى قالدۇردى، ۋۇجۈن ئايمىقىغا جۇجىنى ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى، ئۆزى لەشكەرلىرىنى ئېلىپ جياڭدۇڭغا قايتتى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. شىۈەنچېڭ شەھىرىنى سۇن چۈەن بىلەن جۇ تەي ساقلاۋاتقاندا، تۇيۇقسىزلا تاغدىكى قاراقچىلار قوزغىلىپ تۆش ــ تۆشتىن چاپ ــ چاپ قىلىپ كەلدى. بۇ تۈن كېچە بولۇپ تەييارلىقسىز تۇرغان چاغ ئىدى، شۇڭا جۇ تەي سۇن چۈەننى كۆتۈرۈپ ئاتقا مىندۈردى. بۇ چاغدا بىرنەچچە ئون قاراقچى قوللىرىدىكى قىلىچ بىلەن چاپماقچى بولۇپ كېلىشتى. جۇ تەي يالىڭاچلىنىپ، پىيادە يۈرۈپ قاراقچىلار بىلەن قىلىچلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئون نەچچىسىنى قىلىچلاپ تاشلىدى. بۇ چاغدا بىر قاراقچى ئات چاپتۇرۇپ نەيزىسىنى ئويناتقان پېتى تۈپتوغرا جۇ تەيگە ئېتىلدى، جۇ تەي ئۇنىڭ نەيزىسىنى

تۇتۇۋېلىپ، ئۆزىنى ئاتتىن سۆرەپ يىقىتىۋېتىپ، ئات ۋە نەيزىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، چاپ - چاپ قىلىپ بىر قانلىق يول ئاچتى - دە، سۇن چۇەننى قۇتقۇزۇپ چىقتى. قالغان قاراقچىلار يېقىن كېلەلمەي قېچىپ كېتىشتى. جۇ تەيىنىڭ ئەزايى - بەدىنى 12 يەردىن يارىلانغىنى ئۈچۈن، يارىنىڭ ئېغىرلىرى ئىششىپ قاتتىق دەرد قىلىپ، هاياتى تەهلىكىدە قالدى. سۇن سې بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن چۆچۈپ كەتتى. بارگاھتا تۇرغان دۇڭ شى:

— مەن دېگىز قاراقچىلىرىغا يولۇقۇپ قېلىپ، بەدىنىم بىرنەچچە يەردىن يارىلانغانىدى، خۇيجى ئايمىقىدىكى مەنسەپدارلاردىن يۈي فەن بىر تېۋىپ تونۇشتۇردى، ئۇ تېۋىپ مېنى يېرىم ئايدىلا ساقايتقانىدى، — دېدى.

— يۈي فەن دېگىنىڭىز يۈي جۇڭشياڭ دېگەن كىشىمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇن سې.

— بەللى، دەل شۇ كىشى، — دەپ جاۋاب بەردى دۇڭ شى.

— بۇ زات دانىشمەنلەردىن، ئۇنى خىزمەتكە تەكلىپ قىلىمەن، — دېدى سۇن سې.

شۇنىڭ بىلەن يۈي فەننى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن جاڭ جاۋ بىلەن دۇڭ شىغا بۇيرۇق بەردى. يۈي فەن كەلگەندىن كېيىن، سۇن سې ئالاھىدە هۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە ئايماق مۇپەتتىشلىكىگە تەكلىپ قىلىپ، تېۋىپكە بولغان ئېهتىياجىنى سۆزلەپ بەردى.

— جانابلىرى سۇرۇشتۇرگەن تېۋىپ پېي بەگلىكىنىڭ جياۋ جۈن ئايمىقىدىن بولىدۇ. ئىسمى - زاتى خۇا تو، يەنە بىر ئىسمى يۈەن خۇا. ئۇ زامانىمىزنىڭ دانىشمەن تېۋىپى، باشلاپ كېلىپ كۆرۈشتۇرەي، — دېدى يۈي فەن.

بىردەمدىلا ئۇ تېۋىپنى باشلاپ كەلدى. سۇن سى نەزەر سالدى، بۇ ئادەم قىزىل يۈزلۈك، ئاپئاق چاچلىق، گويا تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەن قىياپەتلىك بىر ئادەم ئىكەن. سۇن سى تېۋىپنى ئۇلۇغ بىر مېھمان سۈپىتىدە كۈتتى ۋە جۇ تەينىڭ جاراھىتىنى كۆرۈپ بېرىشنى ئۆتۈندى. خۇا تو جاراھەتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ:

— بۇنى ساقايتماق ئاسان، — دېدى - دە، دورا سۈرۈپ ئەملەپ قويدى، جۇ تەي بىر ئايدىلا سەللىمازا ساقايدى. سۇن سى ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ، خۇا توغا كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى، ئاندىن لەشكەر تارتىپ تاغلىق قاراقچىلارنى تامامەن قىرىپ تاشلىدى. جياڭنەندىكى ياڭزىجياڭ دەرياسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تىنچلىق ئورنىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇن سى ھەممە ئېغىز - قورۇللارنى ساقلاشقا سەركەردە - لەشكەرلەر تەيىنلىدى؛ بىر تەرەپتىن خانغا مەلۇمات يازدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ساۋ ساۋ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت ئورناتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن بولسا يۈەن شۇدىن قاشتېشى تامغىنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ۋە ئالاقە ئەۋەتتى.

يۈەن شۇنىڭ خان بولۇش نىيىتى بولغاچقا، سۇن سىگە خەتنىڭ جاۋابىنى بېرىپ تامغىنى ئەنە - مانا دەپ ئەۋەتىپ بەرمىدى؛ يۈەن شۇ باش مىرزا ياڭ داجياڭ، تۇتۇقلاردىن جاڭ شۇن، جى لىڭ، چياۋ رۇي، ئالىي سەركەردىلەردىن لېي بو، چېن لەن باشلىق ئوتتۇز نەچچە كىشىنى جىددىي كېڭەشكە چاقىرىپ:

— سۇن سى مېنىڭ لەشكەرلىرىم بىلەن ئىش باشلىغاندى، ئەلھال جياڭدۇڭغا ئىگە بولدى؛ مېنىڭ كۆرسەتكەن ياخشىلىقىمغا ھېچ نەرسە قايتۇرماستىن، ئەكسىچە، مەندىن قاشتېشى تامغىنى

سورىتىپتۇ، بۇ ئۇنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئەدەپسىزلىكى، بۇنىڭغا قانداق چارە قوللانماق كېرەك؟ — دېدى.

— سۇن سې بىلەن ئارىلىقىمىزدا چاڭجياڭ دەرياسى بار، ئۇ بولسا خىل لەشكەر ۋە مول ئوزۇق - تۈلۈككە ئىگە، ھازىرچە ئۇنىڭغا تەگكىلى بولمايدۇ. بۈگۈن ئالدى بىلەن ليۇ بېيىنى جازالاپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىزگە سەۋەبسىز تېگىش قىلغانلىقىنىڭ ئۆچىنى ئالايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن سۇن سېگە تېگىش قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز، بۇ ھەقتە مېنىڭ بىر پەنتىم بار، ئۇنى ئىشلەتسەك ليۇ بېيىنى بىرقانچە كۈندىلا تىرىك تۇتۇۋالغىلى بولىدۇ، — دېدى باش مىرزا ياڭ داجياڭ.

دەرھەقىقەت:

*يولۋاس بىلەن يىلپىزنى دەپ بارماي جياڭدۇڭغا،*
*ئەجدەر بىلەن ئىلىشماققا كەلدى شۈيجۈنگە.*

بۇ پەنتىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئون ئالتىنچى باب

## لۈي بۇنىڭ قارارگاھ قوۋۇقىدا يالمانغا ئوق ئاتقانلىقى
## ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يۈيشۈيدە يېڭىلگەنلىكى

ئەلقىسسە، ياڭ داجياڭ لىيۇ بېيغا تېگىش قىلىش پەنتىنى تەقدىم قىلماق بولغاندا، يۈەن شۇ:

— ئۇ قانداق پەنت؟ — دەپ سورىدى.

— لەشكەرلىرى بىلەن شياۋپېيغا ئورۇنلاشقان لىيۇ بېينى ئالماق ئاسان بولسىمۇ، بىراق لۈي بۇ شۈيجۇنى ئىگىلەپ ياتماقتا، ئالدىنقى قېتىمدا لۈي بۇغا ۋەدە قىلىنغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۈردۈن، ئاشلىق ـ تۇلۇك ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى ھازىرغا قەدەر بەرمىدۇق، شۇڭلاشقا لۈي بۇنىڭ لىيۇ بېيغا ھەمدەم بولۇش ئېھتىمالى بار. ئەمدى ئاشلىقنى ئەۋەتىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، لەشكەر تەۋرەتمەسلىكىنى قولغا كەلتۈرسەك، لىيۇ بېينى تۇتقىلى بولىدۇ. ئالدى بىلەن لىيۇ بېينى تۇتۇپ، ئارقىدىن لۈي بۇنى جايلىساق، شۈيجۇ قولغا كېلىدۇ، — دېدى ياڭ داجياڭ.

يۈەن شۇ بۇنى ئاڭلاپ خۇرسەن بولدى، ئۇ خۇشاللىقىدا 20 تۈمەن خو تېرىق ھازىرلاپ، مەخپىي ئالاقە بىلەن خەن يىننى لۈي بۇ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. لۈي بۇ بۇنى كۆرۈپ بەك خۇرسەن بولۇش بىلەن خەن يىننى ئوبدان كۈتۈۋالدى. خەن يىن

قايتىپ بېرىپ، ئەھۋالنى يۈەن شۇغا مەلۇم قىلدى. يۈەن شۇ جى لىڭنى ئۇلۇغ سەركەردە، لىبې بۇ، چېن لەننى ياردەمچى سەركەردە قىلدى ۋە ئۇلارنى بىرنەچچە تۈمەن لەشكەر بىلەن شياۋپېيغا تېگىشكە ئەۋەتتى. ليۇ بېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆپچىلىكنى كېڭەشكە چاقىردى. جاڭ فېي ئېلىشىش تەرەپدارى بولدى.

— شياۋپېيدا ئاشلىق - تۈلۈك كەم، لەشكەر ئاز، ياۋغا قانداق قارشى تۇرغىلى بولىدۇ؟ لۈي بۇغا خەت يېزىپ ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى مەلۇم قىلايلى! — دېدى سۈن چيەن.

— ئۇ خۇمپەر كېلىشكە ئۇنامدۇ! — دېدى جاڭ فېي.

— سۈن چيەننىڭ سۆزى دۇرۇس، — دېدى ليۇ بېي.

شۇئان خەت يېزىپ لۈي بۇغا ئەۋەتتى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

سەركەردە جانابلىرى، كەمىنە ليۇ بېيغا ئىچ ئاغرىتىپ، شياۋپېيدا تۇرۇشقا بۇيرۇغانىدىلە، بۇ مەرھەمەتلىرى ئۈچۈن كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن. ئەلھال يۈەن شۇ شەخسىي ئۆچىنى ئېلىش ئۈچۈن جى لىڭنى لەشكەر بىلەن ناھىيىمىزگە ئەۋەتىپتۇ، ئىنقىراز مىنۇتلىرى ئىچىدە قالدىم، جانابلىرىدىن باشقا خالاسكارىم يوق. ئازراق بولسىمۇ قوشۇن ئەۋەتىپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قويسىلا، بەختكە يار بولاتتىم!

لۈي بۇ بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن، چېن گۇڭنى كېڭەشكە چاقىرىپ:

— ئاۋۋالقى دورەم يۈەن شۇنىڭ ماڭا ئاشلىق ئەۋەتىپ خەت يېزىشى ليۇ بېينى قۇتقۇزماسلىقىم ئۈچۈن ئىدى. بۇگۈن ليۇ بېي ھەمدەملىك سوراپتۇ. مېنىڭچە، ليۇ بېينىڭ لەشكەر بىلەن شياۋپېيدا تۇرۇشى بىز ئۈچۈن زەرەرسىز؛ ئەگەر يۈەن شۇ ليۇ بېينى ئۇجۇقتۇرۇۋېلىپ يۇقىرى تەرەپتە تەيشەندىكى سەركەردىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن بىرلىشىپ پىيىمگە چۈشسە، ئۇ چاغدا ياستۇققا خاتىرجەم باش قويالمايمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، ليۇ بېيىنى قۇتقۇزۇشىمىز لازىم، — دېدى ـ دە، لەشكەرلىرىنى تەخلەپ سەپەرگە ھازىرلاندى.

جى لىڭ لەشكەرلىرى بىلەن توپتوغرا شياۋپېي ناھىيىسىنىڭ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرىپىگە كېلىپ قارارگاھ قۇردى. قادالغان تۇغلار تاغ ـ دەريالارغا چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىنىمۇ توسۇۋالدى؛ كەچلىك گۈلخان ـ ئوتقاشلار ئەتراپنى كۈندۈزدىكىدەك يورۇتۇۋەتتى، ناغرا سادالىرى يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈردى. ناھىيىدە لىيۇ بېيىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 5000 دىن ئارتۇقراق ئادىمى بار ئىدى. نائىلاج شەھەردىن چىقىپ قارارگاھ قۇرۇپ سەپ تۈزدى. بۇ ۋاقىتتا تۇيۇقسىزلا شەھەردىن بىر چاقىرىم نېرى كۈنپېتىش تۆۋەن تەرەپتە لۈي بۇنىڭ لەشكەر تارتىپ كېلىپ قارارگاھ قۇرغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى. جى لىڭ لۈي بۇنىڭ لىيۇ بېيىنى قۇتقۇزۇشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ، لۈي بۇنى لەۋزىدە تۇرمىغانلىق بىلەن ئەيىبلەپ تېز مەكتۇپ ئەۋەتتى. لۈي بۇ مەكتۇپنى كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن شۇنداق بىر تەدبىر قوللىنايكى، نە يۈەن شۇ، نە لىيۇ بېي مېنىڭدىن ئاغرىنمىسۇن، — دېدى ـ دە، جى لىڭ بىلەن لىيۇ بېي قارارگاھلىرىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئىككىيلەننى مەرىكە ـ سورۇنغا چاقىردى. لىيۇ بېي لۈي بۇنىڭ تەكلىپ قىلغىنىنى ئاڭلاپ بارماق بولۇۋېدى، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار:

— ئاغا، بېرىشقا بولمايدۇ، لۈي بۇدا باشقا بۇزۇق غەرەز بولۇشى چوقۇم، — دېيىشتى.

— مەن لۈي بۇغا كۆپ ياخشىلىقلار قىلدىم، ماڭا زىيانكەشلىك قىلماسلىقى چوقۇم، — دېدى لىيۇ بېي ۋە دەرھال يولغا ئاتلاندى، گۈەن يۈي، جاڭ فېيلارمۇ بىللە

ماڭدى. بۇلار لۇي بۇنىڭ قارارگاھىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. لۇي بۇ:

— مەن بۇگۈن جانابلىرىنى خەتەردىن قۇتقۇزغىلى كەلدىم. كېيىن مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يەتكەنلىرىدە ئۇنتۇپ قالمىغايلا، — دېدى.

ليۇ بېي تەشەككۇر بىلدۈردى، لۇي بۇ ليۇ بېينى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېي شەمشەر تۇتقان ھالدا ليۇ بېينىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرۇشتى. ئادەملەر جى لىڭنىڭ كەلگىنىنى مەلۇم قىلىشۇدى، ليۇ بېي چۆچۈپ كېتىپ، ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا تەمشەلدى. لۇي بۇ:

— مەن ئىككىڭلارنى ئاتايىن كېڭەشكە چاقىردىم، گۇمان قىلماڭ، — دېدى.

ليۇ بېي ئۇنىڭ قانداق غەرەزدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي، دەككە ـ دۈككىدە قالدى. جى لىڭ ئاتتىن چۈشۈپ قارارگاھقا كىرىپ كەلدى ۋە ليۇ بېينىڭ تۆردە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ـ دە، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا قايتتى، ئەتراپىدىكىلەر تۇتۇپ قالالمىدى. لۇي بۇ بېرىپ جى لىڭنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك تۇتۇپ قايتۇرۇپ كەلدى.

— سەركەردە، مېنى ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭلە؟ — دېدى جى لىڭ.

— ياق، — دېدى لۇي بۇ.

— يە بولىسا چوڭ قۇلاقنى ئۆلتۈرمەمدىلا؟

— ياق.

— ئەمىسە نېمە قىلماقچى؟ — دېدى جى لىڭ.

— ليۇ بېي مېنىڭ بۇرادىرىم، بۇگۈن سىزنىڭ مۇھاسىرىڭىز ئىچىدە قاپتۇ، شۇڭا ئۇنى قۇتقۇزغىلى كەلدىم.

— ئۇنداق بولسا مېنى ئۆلتۈرىدىكەنلا ـ دە؟

— ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس. مەن پۈتۈن ھاياتىمدا ئۇرۇشقاقلىقنى خالىماي كەلدىم، بەلكى ئۇرۇشقانلارنى ئاجرىتىپ قويدۇم. بۈگۈن مەن ھەر ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلماقچىمەن، — دېدى لۈي بۇ.

— مۇرەسسەنىڭ ئۇسۇلى قانداقكىن؟

— مەندە بىر ئۇسۇل بار، ئۇنى تەڭرى ھەل قىلىدۇ، — دېدى ـ دە، جى لىڭنى سۆرىگەن پېتى بارگاھقا ئېلىپ كىرىپ ليۇ بېي بىلەن كۆرۈشتۈردى. ھەر ئىككىيلەن شۈبھىدە قالدى. لۈي بۇ جى لىڭنى سول تەرىپىگە، ليۇ بېينى ئوڭ تەرىپىگە ئولتۇرغۇزۇپ مەرىكە ـ سورۇن تۈزدى.

قەدەھلەر بىرقانچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، لۈي بۇ:

— مېنىڭ يۈز ـ خاتىرەم ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىڭلارنى قايتۇرۇڭلار! — دېدى.

ليۇ بېي بۇنىڭغا ئۈندىمىدى.

— مەن تەقسىرىمنىڭ ئەمرى بويىچە 10 تۈمەن لەشكەر بىلەن مەخسۇس ليۇ بېينى تۇتقىلى كەلسەم، قانداقسىگە لەشكەرلىرىمنى قايتۇرىدىكەنمەن؟ — دېدى جى لىڭ.

جاڭ فېي بۇ سۆزنى ئاڭلاپ غەزەپ بىلەن شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ توۋلىغان ھالدا:

— بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ئاز بولسىمۇ، سەنلەرگە ئوخشاش خۇمپەرلەرنى ئويۇنچۇق قاتارىدا ھېسابلايمىز. 100 تۈمەنلەپ لەشكەر تارتقان سېرىق ياغلىقلىقلارغا قارىغاندا سەنلەر نېمە؟ ئاغامغا زىيانكەشلىك قىلىشقا پېتىنىپ باقە قېنى! — دېدى.

— قېنى، سەركەردە لۈي بۇ رايىغا قاراپ باقايلى، بولمىغاندا ئۆز قارارگاھلىرىمىزغا قايتىپ، ئاندىن ئېلىشساقمۇ كېچىكمەيمىز، — دېدى گۇەن يۈي دەرھال جاڭ فېينى توختىتىۋېلىپ.

— مەن ئىككى تەرەپنى مۇرەسسە قىلىمەن، ئېلىشقۇزمايمەن، — دېدى لۆي بۇ.

بۇ تەرەپتە جې لىڭ ئۇنىمسا، ئۇ تەرەپتە جاڭ فېي ئېلىشمىز دەپ تۇرۇۋالدى. غەزەپلەنگەن لۆي بۇ:

— يالمىنىمنى ئەكېلىپ بېرىڭلار! — دېدى خىزمەتكارلىرىغا قاراپ.

ئۇ يالمىنىنى قولىغا ئالدى، جې لىڭ بىلەن ليۇ بېي قورقۇپ تاتىرىپ كەتتى.

— مەن ئىككى تەرەپنى ئۇرۇشماسقا ئۈندەيمەن، قېنى تەقدىر نېمە دەيدۇ؟ — دېدى لۆي بۇ ۋە خىزمەتكارلىرىغا ئۆزىنىڭ يالمىنىنى قارارگاھ دەرۋازىسىدىن يىراق بىر يەرگە قاداشقا بۇيرۇدى. ئاندىن جې لىڭ بىلەن ليۇ بېيغا قاراپ، قارارگاھ قوۋۇقى بارگاھتىن 150 قەدەم يىراقلىقتا، ئەگەر ئاتقان ئوقۇم يالمانىڭ كىچىك ئاچمىقىغا تەگسە، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىڭلارنى قايتۇرىسىلەر؛ ئەگەر تەگكۈزەلمىسەم، قارارگاھىڭلارغا قايتىپ ئېلىشىشقا ھازىرلىق قىلىڭلار. قايسى تەرەپ سۆزۈمگە كىرمەيدىكەن، كۈچ بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، — دېدى.

جې لىڭ ئۆز كۆڭلىدە «يالمان 150 قەدەم يىراقلىقتا تۇرسا، قانداقمۇ تەگكۈزسۇن؟ ماقۇل دەي - دە، تەگمىگەندىن كېيىن ئېلىشمايمەنمۇ!» دېگەن ئوي بىلەن دەرھال ماقۇل بولدى. ليۇ بېينىڭ ياق دەيدىغان يېرى قالمىغانىدى. لۆي بۇ بۇلارنى ئولتۇرغۇزۇپ يەنە بىر قەدەھتىن مەي بىلەن مېھمان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوق بىلەن يانى ئالدۇرۇپ كەلدى. ليۇ بېي كۆڭلىدە: «ئىلاھىم! نىشانغا تەگكۈز» دەپ تىلىدى. لۆي بۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، يېڭىنى تۈردى - دە، يانىڭ كىرىچىنى تولۇق تارتىپ تۇرۇپ «تەگ» دەپ ۋارقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەيھات:

*كېرىلدى يا كىرىچى كۆكتىكى ئۈزگەن ئايدەك،*
*ئېتىلدى ئوق ۋىژىلداپ خۇددى كۆچكەن يۇلتۇزدەك.*

ئېتىلغان ئوق بېرىپ دەل يالماننىڭ ئاچىمىقىغا تەگدى. بارگاھتىكى بارلىق سەركەردە ـ لەشكەر باشلىقلىرى بىردەكلا: «ئاپىرىن! بارىكاللا!» دەپ ۋارقىرىۋېتىشتى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتكەن:

*بۇ ئالەمدە تېپىلماس لۇي بۇ كەبى پالۋان،*
*يەككە بارگاھ ئالدىدا يەشتى خەۋپنى شۇ ئان.*
*كۇننى ئېتىپ چۈشۈرەر خۇ يىغا* بېتىپ ئالدى،*
*مايمۇن ئاتقان يۇي جىنى** قويدى ئارتىدا ھامان.*
*يولۋاس پەي كىرىچلىك يا جىرىڭ قىلىپ سازلانسا،*
*نىشانغا بېرىپ تەگدى پەي ئوق ئۇچۇپ دەل شۇئان.*
*قاپلان قۇيرۇق يالماننى تېشىپ ئۆتكەچكە يا ـ ئوق،*
*10 تۈمەن مەرد لەشكەرمۇ جەڭدىن قۇتۇلدى ئامان.*

ئوقنىڭ يالماننىڭ كىچىك ئاچىمىقىغا تەگكەنلىكىنى كۆرگەن لۇي بۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ، يانى يەرگە تاشلىدى ـ دە، جى لىڭ بىلەن ليۇ بېينىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— تەڭرىنىڭ بۇ ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇشى ئۈچۈن قىلغان بۇيرۇقى! — دېدى ۋە لەشكىرىگە قاراپ، — شاراب ئەكېلىڭلار! ھەر بىرەيلەنگە چوڭ مۇڭگۈز كاسىدا بىردىن شاراب بېرىڭلار! — دېدى.

لیۇ بېي ئىچىدە شۈكرى ئېيتتى. جى لىڭ بىرئاز شۈك

* خۇيى — ئەپسانىلەردىكى ئۇستا كاماندار بولۇپ، ئوقيارى بىلەن كۇننى ئېتىپ چۈشۈرۈش قابىلىيىتىگە ئىگە بىر پالۋان ئىكەنمىش.
** يۇي جى — ئەسلا ئۆزىگە ئوق تەگكۈزمەس مايمۇننى ئاتقان جەنگو دەۋرىدىكى كاماندار.

بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن لۇي بۇغا قاراپ:
— جانابىي سەركەردىنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلماسقا نە ھەددىم؛ بىراق كەمىنە جى لىڭلىرى قايتقىنىمدىن كېيىن تەقسىرىمنى قانداق ئىشەندۈرىمەن؟ — دېدى.
— بۇ توغرۇلۇق مەن خەت يازىمەن، — دېدى لۇي بۇ.
مەيخورلۇق يەنە بىردەم داۋام قىلغاندىن كېيىن، جى لىڭ خەتنى ئېلىپ ئالدىدىن قايتتى. لۇي بۇ ليۇ بېيغا قاراپ:
— ئەگەردە مەن بولمىسام، جانابلىرى خەتەردە قالغان بولاتتىلا! — دېدى.
ليۇ بېي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن قايتتى. ئەتىسى ئۈچ تەرەپ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ قايتىشتى.
ليۇ بېينىڭ شياۋپېيغا، لۇي بۇنىڭ شۈيجۇغا قايتقانلىقى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى جى لىڭدىن ئاڭلاڭ. جى لىڭ خۇەينەنگە قايتىپ كېلىپ، يۈەن شۇ بىلەن كۆرۈشتى، ئۇنىڭغا لۇي بۇنىڭ قارارگاھ قوۋۇقىدا يالمانغا ئوق ئېتىپ مۇرەسسە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى، ئاندىن لۇي بۇنىڭ خېتىنى سۇندى.
— لۇي بۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئاشلىقلىرىمنى ئېلىپ، ئەكسىچە بالىلارنى ئويناتقاندەك، بىزنى ئەخمەق قىلىپ، ليۇ بېيغا يان بېسىپتۇ. ليۇ بېينى ئەل قىلىش ھەم لۇي بۇنى جازالاش ئۈچۈن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن شەخسەن ئۆزۈم يۈرۈش قىلىمەن! — دېدى غەزەپلەنگەن يۈەن شۇ.
— تەقسىرىم! بۇ ئىشقا ئۇنچىۋالا قىلىش كەتمەيدۇ. لۇي بۇ ئاجايىپ كاتتا پالۋان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۈيجۇ ئۇنىڭ قولىدا؛ ئەگەر لۇي بۇ بىلەن ليۇ بېي بىرلىشىۋالسا، يوقاتماق مۇشكۇل بولۇپ قالىدۇ. ئاڭلىشىمچە لۇي بۇنىڭ يەن جەمەت خوتۇنىدىن تۇغۇلغان بويىغا يەتكەن بىر قىزى بار ئىمىش، لۇي بۇغا ئەلچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر تارقىتىش ئادرېسى

ئەۋەتىپ ئوغۇللىرىغا چېتىپ قويساق دەيمەن. ئەگەر لۇي بۇ قىزىنى جانابلىرىغا كېلىنلىككە بەرسە ليۇ بېيىنى ئۆلتۈرۈشى چوقۇم. مانا بۇ «يات كىشىگە ئىككى تۇغقان ئارىسىدا كۈن يوق» دېگەن تەدبىر شۇ، — دەپ كېڭەش بەردى جى لىڭ.

يۈەن شۇ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان سوۋغا - سالاملار بىلەن خەن يىننى شۈيجۇغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. خەن يىن شۈيجۇغا كەلگەندىن كېيىن لۇي بۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆز خوجايىنىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت - ئىخلاسىنى ئىزھار قىلدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئۈچۈن لۇي بۇنىڭ قىزىنى كېلىنلىككە سورىغانلىقىنى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەڭگۈگە «چىن - جىن دوستلۇقى»* ئورنىتىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. لۇي بۇ ئىچكىرىكى ھەرەمگە يەنى يەن جەمەت خوتۇنى بىلەن كېڭەشىشكە كىرىپ كەتتى. لۇي بۇنىڭ ئىككى خوتۇنى، بىر توقالى بار ئىدى، بۇ لۇي بۇنىڭ چوڭ خوتۇنى ئىدى. كېيىن ئۇ يەنە دياۋ چەننى توقاللىققا ئالدى؛ شياۋپېيدا تۇرغان ۋاقتىدا ساۋ باۋنىڭ قىزىنى ئىككىنچى خوتۇنلۇققا ئالدى. بۇ خوتۇنى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەي ۋە تۇغمايلا ۋاپات بولدى، دياۋ چەنمۇ تۇغمىدى، پەقەت يەن جەمەتلىك خوتۇنىلا بىر قىز تۇغقانلىقى ئۈچۈن لۇي بۇ قىزىغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، خوتۇنى ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ لۇي بۇغا:

— ئاڭلىشىمچە يۈەن شۇ ئۇزاقتىن بېرى خۋەينەنگە ھۆكۈمدارلىق قىلارمىش، لەشكەرلىرى، ئاشلىق - تۈلۈكى مول ئىمىش، ئۇزۇنغا قالماي خان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇلۇغ ئىشلىرى ئەمەلگە ئاشسا، قىزىمنىڭ خانىش بولۇش ئېھتىمالى بار. بىراق ئۇ كىشىنىڭ نەچچە ئوغلى بارىكىن؟ — دېدى.

---

* چۇنچيۇ دەۋرىدە چىن ۋە جىن ئىككى بەگلىكنىڭ پادىشاھلىرى نىكاھ يولى بىلەن دوستلۇقنى مۇستەھكەملىگەندى، كېيىنكىلەر قۇدا چۈشۈشنى چىن - جىن دوستلۇقى دەپ ئاتىشىدىغان بولدى.

— پەقەت بىرلا ئوغلى بار ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا بېرەيلى، قىزىمىز خانىش بولالمىغان تەقدىردىمۇ، شۇيجۇيىمىزدىن غەم قىلمايمىز، — دېدى خوتۇنى.

شۇنىڭ بىلەن لۇي بۇمۇ قەتئىي قارارغا كېلىپ، خەن يىننى ئوبدان كۈتۈپ، قۇدا بولۇشقا ۋەدە بەردى. خەن يىن قايتىپ بۇنى يۈەن شۇغا مەلۇم قىلدى. يۈەن شۇ دەرھال رەسمىي سوۋغا - سالام، تويلۇقلار ھازىرلاپ خەن يىننى يەنە شۇيجۇغا ئەۋەتتى. لۇي بۇ سوۋغا - تۇھپىلەر ۋە تويلۇقلارنى قوبۇل قىلىپ، خەن يىن شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن تۈزۈپ سارايغا ئورۇنلاشتۇردى.

ئەتىسى چېن گۇڭ سارايغا بېرىپ خەن يىننى زىيارەت قىلدى. سالام - سەھەتتىن كېيىن ئورۇن ئېلىشتى. چېن گۇڭ ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ خەن يىندىن:

— لىيۇ بېيىنىڭ بېشىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈەن شۇ بىلەن لۇي بۇنى قۇدىلاشتۇرۇش تەدبىرىنى كىم تەكلىپ قىلدى؟ — دەپ سورىدى.

— جانابىي چېن گۇڭ! زىنھار پاش قىلىپ قويمىسىلا! — دېدى خەن يىن چۆچۈپ كېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن پاش قىلمايمەن، بىراق ئىش سوزۇلغانسېرى، باشقىلار ئۇقۇپ قالسا، ئىشىمىز ئوتتۇرىسىغا شامال كىرىپ قالارمىكىن، — دېدى چېن گۇڭ.

— ئۇنداق بولسا، قانداق قىلىمىز؟ جانابلىرى يول كۆرسەتسىلە! — دېدى خەن يىن.

— مەن ئۆزۈمگە قالماي توينى قىلىۋېتىش ۋە قىزىنى ئەۋەتىپ بېرىش ئۈچۈن لۇي بۇغا پىكىر بەرسەم قانداق؟

— ئەگەر ئۇنداق بولسا، جانابىي يۈەن شۇ ئۆزلىرىدىن تولىمۇ مىننەتدار بولىدۇ، — دېدى خەن يىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ ۋە تەشەككۈر بايان قىلدى. چېن گۇڭ خەن يىن بىلەن خەيرلىشىپ چىقىپ كېتىپ، لۇي بۇ بىلەن كۆرۈشۈپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— جانابلىرى قىزلىرىنى يۈەن شۇغا كېلىنلىككە بەرمەك بولۇپتىلا، بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. بىراق تويي قاچان بولىدىكىن؟ — دەپ سورىدى.

— بۇنى كېڭىشىپرەك بىر نېمە دېسەك بولارمىكىن، — دېدى لۈي بۇ.

— قەدىمكىلەر تويلۇقنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن، تويىنىڭ ۋاقتىنى خانلارنىڭكى بىر يىل، بەگلەرنىڭكى يېرىم يىل، سىپاھلارنىڭكى بىر پەسىل، ئاددىي خەلقنىڭكىنى بىر ئاي قىلىپ بەلگىلەيتتى، — دېدى چېن گۇڭ.

— يۈەن شۇغا تەڭرى دۆلەت تامغىسىنى ئاتا قىلدى، ئۇزۇنغا قالماي خان بولۇشى مۇمكىن. بۈگۈن خانلار قاتارىغا كىرگۈزسەك قانداق؟ — دېدى لۈي بۇ.

— بولمايدۇ، — دېدى چېن گۇڭ.

— ئۇنداق بولسا بەگلەر قاتارىغا كىرگۈزىمىزمۇ؟

— بۇمۇ بولمايدۇ.

— ئەمىسە سىپاھلار قاتارىغا كىرگۈزىمىزمۇ؟

— بۇمۇ بولمايدۇ، — دېدى چېن گۇڭ.

— جانابلىرى مېنى ئاددىي خەلق قاتارىغا قويماقچىمۇ؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ لۈي بۇ.

— ئۇنداق ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، جانابلىرىنىڭ پىكرى قانداقكىن؟

— ھازىر ئەلدىكى بەگلەر، — دېدى چېن گۇڭ، — بىر-بىرىدىن مەردلىك تالاشماقتا؛ بۈگۈن جانابلىرى بىلەن يۈەن شۇنىڭ قۇدىلاشقانلىقىنى بەگلەر ئاڭلىسا ھەسەت قىلماي قالامدۇ؟ ئەگەر توي ۋاقتى ئۇزۇنغا سوزۇلسا، ئۇنداقتا ئۇلار بىزنىڭ تاللىغان ياخشى سائەت - ياخشى كۈنلىرىمىزدە ئارا يولغا يوشۇرۇن لەشكەر قويۇپ بۇلىسا قانداق قىلىمىز؟ بۈگۈنكى تەدبىر شۇكى، قىزنى بەرمەيمەن دېسەك، بولدى بولسۇن؛ قىزنى

بىرىشكە ۋەدە قىلغان ئىكەنمىز، باشقا بەگلەر ئاڭلاپ بولغۇچە، قىزنى شۇچۇنغا ئەۋەتىپ بېرەيلى، ئاللاھ دە ھەرەمگە ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن ـ دە، ئۇنىڭدىن كېيىن ياخشى بىر ۋاقىتنى بەلگىلەپ توينى قىلىۋېتەيلى. مۇشۇنداق قىلساق ئىش پۇختا بولىدۇ.

— جانابلىرىنىڭ سۆزى توغرا، — دېدى لۈي بۇ ۋە شۇئان ئىچكىرىگە كىرىپ ئەھۋالنى خوتۇنىغا سۆزلەپ بەردى. كېچىچە قىزىنى ياساپ ـ جابدۇپ، ئات ـ مەپىلەر تەييارلىتىپ، سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۇينى خەن يىن بىلەن قىزىنى ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بۇلار ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ساز ـ ناغرا سادالىرى بىلەن شەھەردىن ئۆزىتىپ قويۇلدى.

بۇ ۋاقىتتا چېن دېڭنىڭ ئاتىسى چېن گۇي قېرىپ قالغانلىقتىن ئۆيىدە دەم ئېلىۋاتاتتى، ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ سورۇشتۇردى، ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ناغرىنىڭ نېمە ۋەجىدىن چېلىنغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەپ بەردى.

— بۇ «يات كىشىگە ئىككى تۇغقان ئارىسىدا كۈن يوق» دېگەن تەدبىر. لىيۇ بېي خەتەردە! — دېدى ئۇ ۋە ئاغرىق بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن لۈي بۇ ئالدىغا كۆرۈشكىلى كەلدى.

— تۆرەم، نېمە ئۈچۈن قەدەم تەشرىپ قىلىپ كېلىپ قالدىلا؟ — دەپ سورىدى لۈي بۇ.

— سەركەردە جانابلىرىغا ئۆلۈم كېلىپ قاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، تەزىيە بىلدۈرگىلى كەلدىم، — دېدى چېن گۇي.

— نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيدىلا؟ — دېدى لۈي بۇ ھەيران بولۇپ.

— ئالدىنقى دورەم يۈەن شۇ سىلىگە ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن ئەۋەتىپ لىيۇ بېينى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى؛ جانابلىرى يالمانغا ئوق ئېتىش يولى بىلەن مۇرەسسە قىلىپ

www.uyghurkitap.com

قويدىلا؛ ئەلھال يەنە تۇيۇقسىز كېلىپ قۇدا بوپتۇ؛ بۇنىڭدىن مەقسەت، جانابلىرىنىڭ قىزلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئارقىدىنلا لىۋ بېيىغا تېگىش قىلىپ، شياۋپېينى ئالماقچى، شياۋپېينىڭ ئىنقىرازى — شۈيجۇنىڭ خەتىرى دېگەن سۆز. شۇنداق قىلىپ يەن شۇ يەنە ئاشلىق ياكى لەشكەر ئارىيەت سوراپ كېلىشى مۇمكىن، جانابلىرى ماقۇل بولسىلا ئۇنى ئادا قىلىمەن دەپ ئۆزلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدىلا ھەم باشقىلارنىڭ نارازى قىلىدىلا؛ ئەگەر قوبۇل قىلمىسىلا، قۇدا بولۇشتىن كېچىپ لەشكەر كۆچى بىلەن جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈەن شۇنىڭ خان بولۇش نىيىتى بار ئىمىش، بۇ ئاسىيلىق قىلىشتىن ئىبارەت. ئەگەر ئۇ ئاسىيلىق قىلسا، جانابلىرى ئاسىينىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنى بولۇپ قالىدىلا، ئۇنداقتا ئەل - خالايىق سىلىنى سىغدۇرمايدۇ، — دېدى چېن گوي.

— چېن گۇڭ مېنى ئاداشتۇرۇپتۇ! — دېدى ھەيران بولغان ھالدا لۈي بۇ ۋە جاڭ لياۋغا لەشكەر باشلاپ بېرىپ قىزىنى قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە جىددىي بۇيرۇق بەردى. جاڭ لياۋ 30 چاقىرىم نېرىغىچە قوغلاپ بېرىپ، قىزنى تارتىپ ئەكەلدى؛ خەن يىننىمۇ تۇتۇپ كېلىپ قاماققا ئالدى ۋە يۈەن شۇغا ئەۋەتىپ، قىزى تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقىنى، تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، قىزىنى ئۆزى ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. چېن گوي يەنە خەن يىننى پايتەخت شۈيچاڭغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلغان بولسىمۇ، لۈي بۇ بىر قارارغا كېلەلمەي ئىككىلىنىپ قالدى.

تۇيۇقسىزلا ئادەم كېلىپ:

— لىۋ بېي شياۋپېيدا لەشكەر توپلاۋاتىدۇ، نېمە مەقسىتى بارلىقى مەلۇم ئەمەس، — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بۇ سەركەردىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى، ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق! — دېدى لۈي بۇ.

دەل بۇ سۆزنىڭ ئۈستىگە سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۇي كىرىپ كەلدى ۋە:

— ئىككىمىز جانابلىرىنىڭ ئەمرى بويىچە ئات ئالغىلى خۋاشەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە بېرىشۇدۇق، 300 دىن ئارتۇقراق ياخشى ئات ئېلىپ، شياۋپېي تەۋەسىگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، ئاتنىڭ تەڭدىن تولىسىنى قاراقچىلار بۇلاپ كەتتى، سۇرۇشتۇرۇپ كۆرسەك، ليۇ بېينىڭ ئىنىسى جاڭ فېي قاراقچىلارچە ياسىنىپ ئاتلىرىمىزنى بۇلاپتۇ، — دەپ لۇي بۇغا مەلۇمات بەردى.

لۇي بۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىنتايىــــن غەزەپلەندى ۋە لەشكەرلىرىنى تەخلەپ، جاڭ فېي بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن شياۋپېيغا يۈرۈش قىلدى. ليۇ بېي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق چۆچۈپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ لەشكەر باشلاپ چىقتى ۋە ئاتلىق سەپ يېرىپ چىقىپ:

— ئاغا! نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە لەشكەر تارتىپ كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى.

— قارارگاھ قوۋۇقى ئالدىدا يالمانغا ئوق ئېتىپ سېنى چوڭ مۈشكۈللۈكتىن قۇتۇلدۇرغىنىم ئۈچۈن ئاتلىرىمنى بۇلىدىڭمۇ؟ — دېدى لۇي بۇ ئاغزىنى بۇزۇپ.

— كەمىنىلىرىدە ئات كەمچىل بولغانلىقتىن ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئات ئالدۇردۇم، ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىنى تارتىۋېلىشقا مېنىڭ نېمە ھەددىم، — دېدى ليۇ بېي.

— سەن ئىنىڭ جاڭ فېيغا 150 دانە ياخشى ئېتىمنى بۇلىتىپ ئەمدى تانماقچىمۇ سەن؟

— سېنىڭ قاۋۇل ئارغىماقلىرىڭنى مەن ئالدىم، قانداق قىلماقچىسەن؟ — دېدى جاڭ فېي قۇراللىق چىقىپ.

— ھەي پىت كۆز ئوغرى! سەن ھەمىشە مېنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن! — دەپ تىللىدى لۇي بۇ.

— مەن سېنىڭ ئاتلىرىڭنى تارتىۋالغىنىمغا مۇنچىــــۋالا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلسەن، ئاكامنىڭ شەھىرى شۈيجۈنى ئېلىۋالغىنىڭنى ئەجەب ئاغزىڭغا ئالمايسەنا! — دېدى جاڭ فېي.

لۈي بۇ يالمىنىنى ئوينىتىپ جاڭ فېيغا ئېتىلدى، جاڭ فېيمۇ نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا 100 دىن ئارتۇق شىددەتلىك رەددى بەدەل ئۆتكەن بولسىمۇ، تەڭ كېلىشىپ قالدى. ليۇ بېي جاڭ فېينى بىرەر پالاكەتكە قالمىسۇن دېگەن ئەندىشىدە، جاڭ چالدۇرۇپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. لۈي بۇ شەھەرنى تۆت تەرەپتىن قامال قىلدى. ليۇ بېي جاڭ فېينى چاقىرتىۋېلىپ:

— ھەممىسى سىزنىڭ چاتىقىڭىز، ئۇنىڭ ئېتىنى تارتىۋالمىسىڭىز بىزگە بۇ بالا يوق! ئاتلار ھازىر نەدە؟ — دەپ ئەيىبلىدى.

— ئىبادەتخانىلاردا ئامانەت قويۇقلۇق، — دېدى جاڭ فېي.

ليۇ بېي شەھەردىن لۈي بۇ قارارگاھىغا كىشى ئەۋەتىپ، ئاتلارنى قايتۇرۇپ بەرسەم، شۇنىڭ بىلەن جەڭگى - جېدەلنى توختاتساق، دەپ تەكلىپ قويدى. لۈي بۇنىڭ بۇنىڭغا ئۇنىغۇسى بولسىمۇ، لېكىن چېن گۇڭ:

— ليۇ بېي بۈگۈن ئۆلتۈرۈلمەيدىكەن، كەلگۈسىدە چوقۇم بىزگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

لۈي بۇ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، ليۇ بېينىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى - دە، شەھەرگە تېخىمۇ جىددىي تېگىش قىلدى.

ليۇ بېي مى جۇ، سۇن چيەنلەردىن مەسلىھەت سورىدى.

— ساۋ ساۋ لۈي بۇغا ئۆچ، بىز شەھەرنى تاشلاپ شۈيچاڭغا بېرىپ، ساۋ ساۋدىن پاناھ تىلەيلى ۋە ئۇنىڭدىن لەشكەر سوراپ لۈي بۇنى يوقىتايلى، بۇ ئەڭ ياخشى تەدبىر، — دېدى سۇن چيەن.

— قامالنى بۆسۈپ ئۆتۈشكە كىم ئاۋۋال چىقىدۇ؟ — دېدى ليۇ بېي.

— كەمىنە ئىنىڭىز، — دېدى جاڭ فېي، — ئۆلگۈچە ئېلىشىشقا رازىمەن.

ليۇ بېي ئالدىغا جاڭ فېينى سېلىپ، ئارقىغا گۈەن يۈينى قويۇپ، ئۆزى ئوتتۇرىدا بالا ـ ۋاقىلىرىنى قوغداپ ماڭماقچى بولدى. ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە، ئاي يورۇقىدىن پايدىلىنىپ، يۇقىرى قوۋۇق بىلەن يولغا چىقىپ، سۇڭ شيەن، ۋېي شۇيلارغا دوقۇرشۇپ قالدى. جاڭ فېي بىر پەس چاپ ـ چاپ قىلىپ ئۇلارنى چېكىندۇردى ـ دە، قامالدىن چىقىپ كېتىشتى. ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەن جاڭ لياۋنى گۈەن يۈي توسۇۋالدى. لۈي بۇ ليۇ بېينىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ قوغلىمىدى، شەھەرگە كىرىپ خەلقنى ئەمىن قىلدى. شياۋپېينى ساقلاشقا گاۋ شۇنغا بۇيرۇق بېرىپ، ئۆزى شۈيجۇغا قايتىپ كەتتى.

ليۇ بېي شۈيچاڭغا كەلگەندىن كېيىن، قارارگاھنى شەھەر تېشىغا قۇرۇپ، ئالدى بىلەن سۈن چيەننى ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. سۈن چيەن ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ، لۈي بۇ تەرىپىدىن قوغلانغانلىقىنى، بۇ يەرگە پاناھ تىلەپ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى. ساۋ ساۋ:

— ليۇ بېي مېنىڭ بۇرادىرىم، — دېدى ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن شەھەرگە تەكلىپ قىلدى. ئەتىسى ليۇ بېي گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى شەھەر تېشىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى سۈن چيەن بىلەن مى جۇنى ئېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈشكە كىردى. ساۋ ساۋ ئۇلارنى قىممەتلىك مېھمان سۈپىتىدە كۈتتى. ليۇ بېي لۈي بۇ ئۈستىدىن شىكايەت قىلدى. ساۋ ساۋ:

— لۈي بۇ نامەردلەردىن، مەن ئېزىز ئىنىم ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنى يوقىتىمەن، — دېدى.

ليۇ بېي مىننەتدارلىق بىلدۈردى. ساۋ ساۋ مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، كەچ بولغاندا ئۇزىتىپ قويدى. شۇن يۈي كىرىپ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ليۇ بېي ئەزىمەتتۇر، بالدۇرراق جايلىشۋەتمىسەك، كەلگۈسىدە چوقۇم بالا تېرىيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىۋىدى، ساۋ ساۋ جاۋاب بەرمىدى، شۇن يۈي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گوجيا كىرىپ كەلدى.

— شۇن يۈي مېنى ليۇ بېينى ئۆلتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى، قانداق قىلسام بولار؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بولمايدۇ، جانابلىرى ھەق - ئادالەت لەشكىرى تارتىپ، ئەل ئۈستىدىكى زۇلۇم - ستەمنى يوقىتىش ئۈچۈن بەل باغلاپ چىقتىلا ۋە ۋاپادارلىق نامىدىن ئەزىمەتلەرنى چاقىرىۋاتىدىلا، ئۇلارنىڭ كەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىدىلا. ھازىر ليۇ بېي ئەلدە ئەزىمەت دەپ تونۇلغان ئادەم، ئىلاجىسىزلىقتىن پاناھ تىلەپ كەلگەندە، ئۆلتۈرۈۋەتسەك، بۇ، ياخشىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش بولىدۇ. ئەلدىكى ئەقىل - پاراسەتلىك زاتلار بۇنى ئاڭلىسا، بىزدىن گۇمانلىنىپ كەلمەيدۇ. ئۇنداقتا جانابلىرى ئەلنى كىم بىلەن تىنچىتىدىلا؟ بىر ئادەمنى ئوتتۇرىدىن يوقىتىپ، پۈتۈن ئەلنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويۇش يارىمايدۇ، بۇنداق جىددىي پەيتلەردە، ئوبدان مۇلاھىزە قىلىشلىرى لازىم، — دەپ مەسلىھەت بەردى گو جيا.

— جانابلىرىنىڭ سۆزلىرى دەل مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى سۆزلەر بولدى، — دېدى ساۋ ساۋ تولىمۇ خۇشال بولۇپ.

ئەتىسى ئۇ خانغا ليۇ بېينى يۈيجۇ ئايمىقىنىڭ پاسىبانلىقىغا قويۇشنى سايە قىلىپ مۇراجىئەت يازدى.

— ليۇ بېي باشقىلاردىن كەم قالىدىغان كىشى ئەمەس، ھەر ھالدا بۇرۇنراق جايلىشۋەتكەن تۈزۈك بولارمىكىن، — دەپ كېڭەش بەردى چېڭ يۈي.

— ھازىر ئەزىمەتلەرنى ئىشقا سالىدىغان ۋاقىت، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى قالدۇرۇش يارىمايدۇ. بۇ ھەقتە گو جيا بىلەن مېنىڭ قارىشىم ئوخشاش، — دېدى

ساۋ ساۋ.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېڭ يۈيىنىڭ سۆزىنى مەقبۇل كۆرمەي، لىۇ بېيغا 3000 لەشكەر بىلەن 1 تۈمەن خو ئاشلىق بېرىپ، خىزمىتىنى تاپشۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يۈيجۇغا بېرىشقا، شياۋپېيغا لەشكەر كىرگۈزۈپ، بۇرۇنقى تاراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ لۈي بۇغا تېگىش قىلىشقا بۇيرۇق بەردى. لىۇ بېي يۈيجۇغا يېتىپ كەلگىنىدىن كېيىن، ساۋ ساۋ بىلەن كېلىشىش ئۈچۈن كىشى ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ لۈي بۇغا قارشى لەشكەر تارتماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ئۇشتۇمتۇتلا سەييارە پايلاقچىلار جاڭ جىنىڭ گۇەنجۇڭدىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ نەنياڭغا تېگىش قىلغانلىقىنى، غايىب ئوق تېگىپ ئۆلگەنلىكىنى، جاڭ جىنىڭ جىيەنى جاڭ شيۇنىڭ لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، جيا شۈيىنىڭ مۇشاۋىرلىقىدا، لىۇ بياۋ بىلەن بىرلىشىپ، لەشكەرلىرىنى ۋەنچېڭ شەھىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، پايتەختكە تەئەررۇز قىلىپ خانىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلدى. ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ، جازالاش ئۈچۈن لەشكەر تارتماقچى بولدى، ئەمما لۈي بۇنىڭ شۇيچاڭغا تەئەررۇز قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، شۈن يۈيدىن مەسلىھەت سورىدى.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، لۈي بۇ پاراسەتسىز مەخلۇق، پايدا كۆرسىلا خۇرسەن بولىدۇ؛ جانابلىرى شۈيجۇغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇنىڭغا چوڭ ئەمەل بەرسىلە، سوۋغا ـ سالاملار ئەۋەتسىلە ھەمدە لىۇ بېي بىلەن ياخشى خوپ بولۇشقا بۇيرۇق بەرسىلە؛ لۈي بۇ خۇرسەن بولىدۇ ـ دە، باشقا چوڭ تامادا بولمايدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى شۈن يۈي.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ساۋ ساۋ، شۇئان سەرلەشكەر ۋاڭ زېنى ئەلچى قىلىپ لۈي بۇغا بېرىلگەن ئۇنۋان ـ مەنسەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە يارىشىش ھەققىدىكى مەكتۇپلار بىلەن شۈيجۇغا يولغا سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن 15 تۇمەن لەشكەر بىلەن ئۆزى جاڭ شيۇغا قارشى يۈرۈش قىلدى. لەشكەرلەرنى ئۈچ تارامغا بۆلدى، شيا خۇدۇننى تۇرشاۋۇل قىلدى. لەشكەرلەر يۈيشۈي دەرياسىغا كېلىپ قارارگاھ قۇردى.

— ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى بەك نۇرغۇن، قارشىلاشقىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە لەشكەرلىرىمىز بىلەن ئەل بولغىنىمىز تۈزۈك، — دەپ مەسلىھەت بەردى مۇشاۋىر جيا شۈي جاڭ شيۇغا.

جاڭ شيۇ قوبۇل كۆرۈپ، ئەل بولۇش ھەققىدە سۆزلىشىش ئۈچۈن جيا شۈينى ساۋ ساۋغا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋ جيا شۈينىڭ سۆزمەنلىكىنى كۆرۈپ، ياخشى كۆرۈپ قالدى - دە، ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىش ئىستىكىنى بىلدۈردى.

— كەمىنىلىرى ئۆتمۈشتە لى جۆگە خىزمەت قىلىپ ئەلنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغانىدىم. ئەلھال جاڭ شيۇغا خىزمەت قىلىۋاتىمەن. جاڭ شيۇ سۆزۈمگە قۇلاق سالىدۇ، ئۇنى تاشلاشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ، — دېدى جيا شۈي ۋە خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى جاڭ شيۇنى باشلاپ كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتۈردى، ساۋ ساۋ ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسەتتى. جاڭ شيۇ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ۋەنچېڭغا باشلاپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى، قالغان لەشكەرلەرنى شەھەر تېشىغا ئورۇنلاشتۇردى، لەشكەرلەر چۇشكۈنى ئون نەچچە چاقىرىم يەرگىچە سوزۇلدى. بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى، ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك ساۋ ساۋ شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن ئۆتكۈزۈپ بەردى.

بىر كۈنى ساۋ ساۋ مەست بولۇپ قالدى ۋە ياتىقىغا كىرىپ خىزمەتكارلىرىدىن:

— بۇ شەھەردە شەھۋانە ئاياللار بارمىكىن؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

ساۋ ساۋنىڭ جىيەنى ساۋ ئەنمىن ساۋ ساۋنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە، پىچىرلاپ:

— كەمىنە جىيەنلىرى كىچە قارارگاھىمىز يېنىدا ناھايىتى سەتەڭ بىر ئايالنــــى كۆرۈپ قالدىم، سۈرۈشتۈرسەم، جاڭ شيۇنىڭ تاغىسى جاڭ جىنىڭ ئايالى ئىكەن، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ ئەنمىننى 50 نەپەر ساۋۇتلۇق لەشكەر بىلەن مەزكۇر ئايالنى ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. بىر پەس ئۆتمەستىنلا، ئۇلار ئايالنى قوشۇن ئىچىگە ئېلىپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ قارىغۇدەك بولسا، دەرۋەقە سەتەڭ ئايال ئىكەن. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ ئىسىم ـ زاتىنى سورىدى. ئايال:

— جاڭ جىنىڭ ئايالى بولىمەن، زۇ ئۇرۇقدىنمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

— خېنىم، مېنى تونۇمدىلا؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر، ئۆزۈڭدىن بېرى جانابلىرىنىــــڭ ئۇلۇغ ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بۈگۈن دىدارلىرىنــى كۆرۈش نېسىپ بولدى.

— خېنىم، مەن ئۆزلىرىنى دەپ جاڭ شيۇنىــــڭ ئەل بولۇشىنى قوبۇل قىلدىم، بولمىسا ئۇرۇق ـ ئەۋلادىدىن تارتىپ قۇرۇتۇۋېتەتتىم.

— يېڭى ھايات بەخش ئەتكەن ئىلتىپاتلىرىغا مىڭ رەھمەت.

— خېنىم، بەخت تەلىيىمگە بۈگۈن ئۆزلىرى بىلەن دىدارى مۇلاقەت بولدۇم. بۇ كېچە بىر ياستۇقتا باش قويۇشنى خالايمەن، مېنىڭ بىلەن بىللە پايتەختكە قايتىــــپ، دۆلەتمەن تۇرمۇش كەچۈرسىلە. بۇنىڭغا قانداق دەيدىلا؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

ئايال رەھمەت ـ تەشەككۇر ئىزھار قىلدى ۋە شۇ كېچىسى بارگاھتا قونۇپ قالدى.

— شەھەردە ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسەك جاڭ شيۇ گۇمانلىنىدۇ ھەم باشقىلارنىڭ مىش ـ مىش گېپىگە قالارمىزمىكىن، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايال.

— ئۇنداق بولسا، ئەتە ئىككىمىز قارارگاھقا كېتەيلى، — دېدى ساۋ ساۋ.

ئەتىسى شەھەر تېشىغا كۆچتى ۋە ديەن ۋېينى چاقىرىپ بارگاھ سىرتىدا قارانچۇقلۇق قىلىشقا بۇيرۇدى ھەم:

— چاقىرمىغان ئادەملەرنى كەلسە - كەلمەس كىرگۈزمەڭلار، — دەپ بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئىچكى - تاشقى ئالاقە ئۈزۈلدى، ساۋ ساۋ بۇ ئايال بىلەن كۈن بويى ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا ئىچىدە ئۆتتى، ۋاقتى - قەرەلدە قايتىشنى خالىمىدى.

جاڭ شيۇنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئەھۋالنى يوشۇرۇنچە جاڭ شيۇغا مەلۇم قىلدى. غەزەپلەنگەن جاڭ شيۇ:

— ئوغرى ساۋ ساۋ مېنى شۇنچىۋالا بوزەك قىلامدۇ! — دېدى - دە، جيا شۈينى چاقىرىپ مەسلىھەتلەشتى. جيا شۈي:

— بۇ سىر پاش بولۇپ قالمىسۇن. ئەتە ساۋ ساۋ بارگاھىدىن خىزمەتكە چىققان ۋاقتىدا مۇنداق - مۇنداق قىلىش كېرەك، — دەپ يول كۆرسەتتى جيا شۈي.

ئەتىسى ساۋ ساۋ بارگاھىدا ئولتۇرغاندا، جاڭ شيۇ كىرىپ:

— يېڭى ئەل بولغان لەشكەرلەر ئىچىدە قاچاقلار كۆپىيىپ كەتتى، لەشكەرلەرنى بارگاھقا يۆتكىسەم، — دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ساۋ ساۋ رۇخسەت بەردى. جاڭ شيۇ لەشكەرلىرىنى يۆتكەپ تۆت ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئىشنى تېز باشلىماقچى بولدى. ئەمما ديەن ۋېي جەسۇر بولغانلىقتىن تېز يېقىنلىشىپ بېرىش قىيىن ئىدى. شۇڭلاشقا جاڭ شيۇ ياندىش سەركەردىسى خۇ چېئېردىن مەسلىھەت ئالدى. خۇ چېئېر 500 جىڭ نەرسىنى كۆتۈرەلەيدىغان، كۈنىگە 700 چاقىرىم يول باسالايدىغان قالتىس ئادەم ئىدى.

— دیەن ۋېینىڭ دەھشەتلىك نەرسىسى قوش قوْیوْچ یالمىنى. تەقسىر، ئەته ئوْنى چىللاپ كېلىپ ئوْنىڭغا مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكوْزوْپ بەرسىلە، مەست بولغوْچە مەي ئىچكوْزسىلە، مەست هالىتى بىلەن قایتسوْن، ئەته شوْ چاغدا، مەن ئوْنىڭ ئادەملىرى ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، چادىرىغا بارىمەن ـ دە، ئالدى بىلەن یالمىنىنى ئوغرىلایمەن، شوْنىڭ بىلەن بوْنىڭ قورقوْنچلوْق یېرى قالمایدوْ، — دەپ جاڭ شیوْغا ئەقىل كۆرسەتتى خوْ چېئېر.

جاڭ شیوْ خوْرسەن بولوْپ، هەرقایسى قارارگاهلارغا ئوقیا، ساۋوْتلوْق لەشكەر هازىرلاشقا ئالدى بىلەن بوْیرۇق بەردى. ۋاقتى كەلگەندە، جیا شوْي دیەن ۋېینى قارارگاهقا مەرىكە ـ سورۇنغا تەكلىپ قىلىپ كېلىپ، ئوبدان كوْتتى، كەچ بولغاندا، ئوْ مەست هالدا قایتتى. خوْ چېئېر باشقىلارغا ئارىلىشىپ، توپتوغرا چوڭ قارارگاهقا كىرىپ كەتتى. بوْ ئاخشىمى ساۋ ساۋ هېلىقى ئایال بىلەن مەي ـ شاراب ئىچىشىپ ئولتوْراتتى، توْیوْقسىزدىن چادىر تېشىدا ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چوْروْڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلاندى؛ ساۋ ساۋ خەۋەر ئېلىشقا كىشى چىقارتىۋىدى، قایتىپ كىرىپ جاڭ شیوْ قوشوْنىنىڭ كەچلىك قارانچوْقلىرى ئىكەن، دەپ مەلوْم قىلدى، ساۋ ساۋ گوْمانلانمىدى. ئەل یاتقوْ ۋاقتىدا ئوْشتوْمتوْتلا قارارگاه ئىچىدىن سوْرەن ـ چوْقان كۆتۈرۈلدى، كىشىلەر ئوت ـ چۆپ هارۋىلىرىغا ئوت كېتىپ قالدى، دەپ مەلوْم قىلىشتى. ساۋ ساۋ:

— لەشكەرلەر بار، ئوتتىن چۆچۈشمىسوْن! — دەپ بوْیرۇق قىلدى.

بىردەم ئۆتمەي، هەممە تەرەپتىن یانغىن چىقتى، ساۋ ساۋ ئاندىنلا ئالدىراپ قالدى، ئوْ دەرهال دیەن ۋېینى چاقىردى. دیەن ۋېي مەستلىكتە ئوْخلاپ چوْش كۆروۋاتاتتى، ئوْ ناغرا ۋە چاپ ـ چاپ ئاۋازلىرىدىن ئویغىنىپ كەتتى، ئورنىدىن توْروْپ قوش

يالمىنىنى ئىزدەپ تاپالمىدى. بۇ ۋاقىتىدا ياۋ لەشكەرلىرى قاراگاھ قوۋۇقىغا يېتىپ كېلىشكەنىدى، دىيەن ۋېي ئالدىراپ ـ تېنەپ پىيادە لەشكەرلەرنىڭ يان قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇشىغا، ئۇزۇن ساپلىق نەيزە كۆتۈرگەن سانسىز لەشكەرلەرنىڭ قاراگاھقا كىرىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. دىيەن ۋېي جاسارەت بىلەن ئالغا ئېتىلىپ 20 دىن ئارتۇق كىشىنى قىلىچلاپ تاشلىدى. ئاتلىق لەشكەرلەرنى ئەمدىگىنە چېكىندۇرۇپ تۇرۇشىغا، پىيادىلەر يېتىپ كەلدى، ئىككى تەرەپتىكى نەيزىلەر قومۇشتەك سانجاق ـ سانجاق ئىدى، دىيەن ۋېي قۇياق ـ قالقانسىز بولغاچقا، بەدىنى نەچچە ئون يەردىن جاراھەتلەندى، شۇنداق بولسىمۇ يەنە جان تىكىپ ئېلىشتى، قىلىچ گاللىشىپ كېرەككە كەلمىگەندىن كېيىن، قىلىچنى تاشلىدى ـ دە، ئىككى قولى بىلەن ئىككى لەشكەرنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ياۋغا قارشى ئېتىلدى، سەككىز ـ توققۇز كىشىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ياۋ توپى ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەي، يىراقتىن تۇرۇپ يامغۇردەك ئوق ياغدۇردى. ئۇ قوۋۇقنى زادى قولدىن بەرمىدى. قاراگاھنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بۆسۈپ كىرگەن ياۋ لەشكەرلىرى دىيەن ۋېينىڭ دۈمبىسىگە بىر نەيزە تىقتى، ئۇ بىرنەچچە قېتىم قاتتىق توۋلىۋېتىپ، قانسىراپ ئۆلدى. دىيەن ۋېي ئۆلۈپ خېلىغىچە ئالدى قوۋۇقتىن بىرەر ئادەممۇ كىرىشكە پېتىنالمىدى.

ئەمدى ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ دىيەن ۋېينىڭ قوۋۇقنى توسۇۋالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئارقا ئىشىكتىن ئاتلىق قاچتى، پەقەت ساۋ ئەنمىنلا ئۇنىڭغا پىيادە ھەمراھ بولدى. ساۋ ساۋنىڭ ئوڭ بىلىكىگە ئوق تەگدى، ئېتىغىمۇ ئۈچ يەردىن ئوق تەگدى، بەختكە يارىشا بۇ ئات پەرغانىنىڭ ياخشى ئاتلىرىدىن بولغاچقا، چاپقۇر ۋە ئاغرىققا چىداشلىق بىرەلەيتتى. ساۋ ساۋ ئەمدىگىنە يۈيشۈي دەرياسى بويىغا يەتكەندە، ياۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ، ساۋ ئەنمىننى قىيما ـ چىيما قىلىپ تاشلىدى.

ساۋ ساۋ ئارىدىن بۆسۈپ چىقىپ سۇغا ئات سالدى، ئەمدىگىنە نېرىقى قىرغاققا يېتىپ چىققاندا، ياۋ لەشكىرىنىڭ بىر تال ئوقى كېلىپ ئاتنىڭ كۆزىگە تەگدى ـ دە، ئات يىقىلدى. ساۋ ساۋنىڭ چوڭ ئوغلى ساۋ ئاڭ ئۆز ئاستىدىكى ئاتنى ئاتىسىغا بەردى، ساۋ ساۋ ئاتقا مىنىپ تىكىۋەتتى. ساۋ ئاڭ يامغۇردەك ئېتىلىۋاتقان ئوق ئىچىدە ئۆلدى. ساۋ ساۋ قېچىپ قۇتۇلدى ۋە يول ئۈستىدە سەركەردىلەرگە ئۇچراپ، قالدى ـ قاتتى لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. بۇ ۋاقىتتا شيا خۇدۇن چىڭجۇ لەشكەرلىرى بىلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېزا ئاھالىسىنى تالان ـ تاراج قىلدى؛ ياۋنى تىنچىتقۇچى لەشكەر بېشى يۈي جىن ئۆز قوشۇنى بىلەن يولنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغان لەشكەرلەرنى ئۆلتۈردى ۋە يېزا ئاھالىسىنى ئەمىن قىلدى. چىڭجۇ لەشكەرلىرى قايتىپ كېلىۋېتىپ ساۋ ساۋغا ئۇچراپ قالدى ـ دە، يىغلاشقان ھالدا يەر قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يۈي جىن ئىسيان كۆتۈردى، چىڭجۇ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ قىر ـ چاپ قىلدى، دەپ شىكايەت قىلدى. ساۋ ساۋ ئاڭلاپ ھەيران بولدى. بىر پەستىن كېيىن، شيا خۇدۇن، شۈي چۇ، لى ديەن، يۈي جىنلارنىڭ ھەممىسى يېتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ:

— يۈي جىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ، لەشكەرلەرنى تەقلەپ يۈرۈش قىلىش كېرەك، — دېدى.

يۈي جىن ساۋ ساۋلارنىڭ يېتىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ، سەپنى توختىتىپ، قارارگاھ قۇردى.

— چىڭجۇ لەشكەرلىرى سەركەردە جانابلىرىنى ئىسيان كۆتۈردى، دەپ سۆز تارتىپتۇ، بۇگۈن باش ۋەزىر يېتىپ كەلدى، ۋەقەنى بېرىپ سۆزلىمەستىن، نېمە ئۈچۈن ئالدى بىلەن قارارگاھ قۇردىلا؟ — دەپ سورىدى بىرى.

— ھازىر ياۋ لەشكىرى ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇزۇنغا قالماي يېتىپ كېلىدۇ؛ ئەگەر ئالدىن ھازىرلىق

كۆرمىسەك، ياۋغا قانداق قارشى تۇرالايمىز؟ دەۋالىشىش كېچىك ئىش، ياۋنى چېكىندۈرۈش چوڭ ئىش، — دېدى يۈي جىن.

بۇلار قارارگاھنى قۇرۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا، جاڭ شيۇنىڭ لەشكەرلىرى ئىككى يول بويلاپ چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى. يۈي جىن ئۆزى باش بولۇپ قارارگاھتىن چىقىپ ياۋغا ئېتىلدى. جاڭ شيۇ لەشكەرلىرىنى تېز قايتۇردى. باشقا سەركەردىلەر يۈي جىننىڭ ئىلگىرىلىگىنىنى كۆرۈپ، ھەممىسى لەشكەر باشلاپ تېگىش قىلدى، جاڭ شيۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، تاكى 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق يەرگىچە قوغلاپ قىرغىن قىلىندى. جاڭ شيۇ ئاجىزلاپ قالغىنى ئۈچۈن يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ليۇ بياۋدىن پاناھ تىلەشكە كەتتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى يىغىپ سەركەردىلىرىنى ئىدىتلاپ كۆردى. يۈي جىن ساۋ ساۋ ھۇزۇرىغا كىرىپ، چىڭجۇ لەشكەرلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلىپ، خەلقنىڭ قاتتىق نارازىلىقىغا سەۋەب بولغانلىقىنى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى.

— ماڭا مەلۇم قىلماستىن نېمىشقا ئاۋۋال قارارگاھ قۇرىسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

يۈي جىن يەنە يۇقىرىقىدەك جاۋاب بەردى.

— سەركەردە، سىز ئالدىراش ـ جىددىي پەيتلەردە لەشكەرلەرنى تەرتىپلىك تۇتۇپ، قورغاننى چىڭ مۇداپىئە قىلدىڭىز، بۆھتان چاپلاشلارغا قارىماي، ۋەزىپىنى ئوبدان ئادا قىلدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن يېڭىلىشنى يېڭىشكە ئايلاندۇردىڭىز، قەدىمدىن بۇيانقى ئاتاقلىق سەركەردىلەرمۇ بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلالىغان ئەمەس، — دەپ ماختىدى ساۋ ساۋ ۋە بىر قوللۇق ئالتۇن ئەسۋاب ئىنئام قىلىپ، يىشۇ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى؛ لەشكىرىي تەرتىپنى چىڭ تۇتمىغان شيا خۇدۇننى ئەيىبلىدى، يەنە ماتەم مۇراسىمى ئېچىپ، ديەن ۋېيگە ئۆزى ھازا ئاچتى ۋە سەركەردىلىرىگە قاراپ:

— مەن چوڭ ئوغلۇم، سۆيۈملۈك جىيەنىمدىن ئايرىلغىنىم ئۈچۈن ئېچىنمايمەن؛ پەقەت دىيەن ۋېي ئۈچۈنلا يىغلايمەن، — دېدى.

جامائەت ھەسرەت چېكىپ تەسىرلەندى. ئەتىسى لەشكەرلەرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى.

ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى شۇيچاڭغا قايتۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. ۋاڭ زې يارلىق بىلەن شۇيجۇغا يېتىپ كەلگەندە، لۇي بۇ ئىستىقبالغا چىقتى ۋە مەھكىمىگە باشلاپ كىردى، يارلىقنى ئېچىپ ئوقۇۋېدى، ئۇنىڭدا: لۇي بۇ كۈنچىقىش تەرەپنى تىنچىتىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەندى ھەم ئالاھىدە تامغا ئەۋەتىلدى، دېيىلىپتۇ. ئۇنىڭغا يەنە ساۋ ساۋنىڭ خۇسۇسىي مەكتۇپى تاپشۇرۇلدى. ۋاڭ زې لۇي بۇنىڭ ئالدىدا، ساۋ ساۋنىڭ لۇي بۇغا بولغان ھۆرمەت ئىخلاسىنى سۆزلەپ كەتتى. بۇنى ئاڭلاپ لۇي بۇ خوش بولۇپ كەتتى. بۇ چاغدا تۇساتتىن ئادەملەر يۈەن شۇدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى، لۇي بۇ كىرىشكە ئىجازەت بەردى.

— جانابىي يۈەن شۇ قاچانلا بولمىسۇن خان بولۇپ، ۋەلىئەھدىنى تەخت ۋارىسى قىلماقچى، شۇڭلاشقا كىچىك خانىشنى تېزرەك خۇەينەنگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدى، — دېدى ئەلچى.

— مۇناپىق ئوغرىنىڭ مۇنداق قىلىشىغا نېمە ھەددىكەن! — دېدى لۇي بۇ دەرغەزەپ بولۇپ، ئاندىن ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ خەن يىننىڭ بويىنىغا تاقاق كىيگۈزۈش بىلەن پايتەختكە بېرىپ تەشەككۇر بايان قىلىش ئۈچۈن چېن دېڭنى تەيىنلىدى، خەن يىننى ۋاڭ زېغا قوشۇپ شۇيچاڭغا يولغا سالدى ۋە ساۋ ساۋغا يازغان جاۋاب خېتىدە رەسمىي شۇيجۇ پاسىبانى بولۇش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. ساۋ ساۋ لۇي بۇنىڭ يۈەن شۇ بىلەن قىلىدىغان تويىنى رەت قىلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى، ئاندىن خەن يىننى جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرگۈزدى.

www.uyghurkitap.com

— لۈي بۇ چىلبۆره، باتۇرلۇقى بار، ئەمما پاراسەتسىز، تۇتۇرۇقسىز بىر نېمە، شۇڭا، ئۇنى بۇرۇنراق جايلىۋەتكەن تۈزۈك، — دېدىچېن دېڭ ساۋ ساۋغا مەخپىي مەسلىھەت بېرىپ.

— مەن لۈي بۇنىڭ قارا نىيىتىنى، ئۇزۇن بىقىپ بولماسلىقىنى ئەزەلدىن بىلىمەن، جانابلىرى ۋە ئاتىلىرىنىڭ ياردىمى بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلەلمەيتتىم. ئۇنى يوقىتىشقا بىر ئامال قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى ساۋ ساۋ.

— ئەگەر باش ۋەزىر جانابلىرى بىرەرتە ھەرىكەت باشلايدىكەنلا، مەن ئىچكى تەرەپتىن بولۇشىمەن، — دېدى چېن دېڭ.

ساۋ ساۋ خۇشال بولۇپ چېن گۈيگا يىلىغا 2000 دادەن ئاشلىق مائاش ئالىدىغان مەنسەپ ـ مەرتىۋە بەردى. چېن دېڭنى گۇاڭلىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىدى، چېن دېڭ خەيرلەشكەن ۋاقتىدا، ساۋ ساۋ چېن دېڭنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— كۈنچىقىش تەرەپنىڭ ئىشىنى جانابلىرىغا ھاۋالە قىلدىم، — دېدى.

چېن دېڭ بېشىنى لىڭشىتىپ قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ شۈيجۇغا قايتىپ كېلىپ لۈي بۇ بىلەن كۆرۈشتى. لۈي بۇ ئىشلارنى سورىدى، چېن دېڭ ئاتىسىغا مەرتىۋە بېرىلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ھاكىم بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. لۈي بۇ دەرغەزەپ بولۇپ:

— سىز ماڭا شۈيجۇ پاسىبانلىقىنى سورىماستىن، ئۆزىڭىز ئۈچۈن مەرتىۋە ـ مەنسەپلەر ئېلىپسىز! سىزنىڭ ئاتىڭىز مېنى ساۋ ساۋ ھەزرەت بىلەن بىرلىشىشكە ئۈندەپ، يۈەن شۇ بىلەن بولىدىغان تويىمىزنى بۇزغۇزدى. بۈگۈن مەن تىلەكلىرىمنىڭ بىرىگىمۇ ئىگە بولالمىدىم؛ ۋەھالەنكى سىز ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئەتىۋارلىق مەرتىۋىلەرگە ئىگە بولۇپسىزلەر، دېمەك، مەن سىز

ئاتا ـ بالا ئىككىڭىزلار تەرىپىدىن سېتىلغان بولدۇم! — دېدى ھەم شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەك بولدى.

چىن دىڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنچىۋالا ئەقىلسىز ئۆزلىرى! — دېدى.

— مەن قانداقسىگە ئەقىلسىز ئىكەنمەن؟

— مەن ساۋ ساۋ ھەزرەت بىلەن كۆرۈشكىنىمدە، سەركەردە جانابلىرىنى بېقىش يولۋاس بېقىشقا ئوخشاش، تويغۇچە گۆش بىلەن بېقىش لازىم، ئەگەر تويدۇرۇلمىسا، ئادەم يەيدۇ دېسەم، ساۋ ساۋ ھەزرەت كۈلۈپ كېتىپ: «ئۆزلىرىنىڭ دېگىنىدەك ئەمەس، مېنىڭ لۈي بۇغا تۇتقان مۇئامىلەم — بۈركۈت باققانغا ئوخشاشتۇر، تۈلكە ـ توشقانلار تېخى تۈگىتىلگىنىي يوق، شۇڭلاشقا توق باققىلى بولمايدۇ، ئاچ بولسا ئالغۇر بولىدۇ، توق بولسا قېچىپ كېتىدۇ» دېدى، مەن يەنە «تۈلكە ـ توشقانلار كىم؟» دەپ سورىسام، ساۋ ساۋ ھەزرەت: «خۇەيىنەندىكى يۈەن شۇ، جياڭدۇڭدىكى سۇن سې، جىجۇدىكى يۈەن شاۋ، جىڭشياڭدىكى ليۇ بياۋ، يىجۇدىكى ليۇ جاڭ، خەنجۇڭدىكى جاڭ لۇلارنىڭ ھەممىسى تۈلكە ـ توشقانلار» دەپ جاۋاب بەردى، — دېدى.

لۈي بۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ شەمشىرىنى تاشلاپ كۈلۈۋەتتى ۋە:

— ساۋ ساۋ ھەزرەت مېنى بىلىدىكەن! — دېدى.

دەل سۆزلىشىپ تۇرغاندا، ئايغاقچىلار يۈەن شۇ قوشۇنلىرىنىڭ شۈيجۇنى ئېلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. لۈي بۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى. دەرھەقىقەت:

*چىن بىلەن جىندەك ئىتتىپاقلاشماي ۋۇ يۇ قىلدى جېدەل،*
*توي سەۋەبچى بولدى ئاخىر چىقتى لەشكەر شۇ مەھەل.*

كېيىنكى ئىشلارنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئون يەتتىنچى باب

## يۈەن شۈنىڭ يەتتە تارام بولۇپ لەشكەر تارتقانلىقى
## ساۋ ساۋنىڭ ئۈچ پالۋان بىلەن بىرلەشكەنلىكى

ئەلقىسسە، يەر ـ زېمىنى كەڭ، ئاشلىق ـ تۆلۈكى مول خۇەينەندە تۇرغان يۈەن شۇ قولىدا سۈن سې ئامانەت قويغان قاشتېشى تامغا بولغانلىقىدىن خان بولۇش كويىغا چۈشۈپ قالدى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ بەگ ـ سىپاھلىرىنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېڭەشتە ئۇ:

— بۇرۇنىسىدا گاۋ زۇ خان سىشاڭدا* بىر مەھەللە ئاقساقىلى بولغانىدى، كېيىن پۈتۈن ئەلنى ئىلكىگە ئالدى؛ بۇ خاندانلىق بۈگۈنگە قەدەر 400 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ شان ـ شەۋكەتتىن قالدى، ھازىر ئەلدە تەپرىقىچىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. مېنىڭ ئۇرۇق ـ ئەجدادىم ئىچىدىن تۆت ئەۋلادىنىڭ ئۈچى گۇڭ بولۇپ كەلدى، ئەل تامام بويسۇنىدۇ؛ مەن تەڭرى ئىرادىسىگە بويسۇنۇپ، ئەلنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنىنى قاندۇرۇش نىيىتىدە تەختكە چىقماقچىمەن. ھەرقايسىڭىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىزلەر؟ — دېدى.

— بولماسمىكىن، بۇرۇنىسىدا خۇجى** پەزىلەت ئىگىسى ئىدى، ئۇ نۇرغۇن ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسەتكەنىدى، ۋېن ۋاڭ

* شەندۇڭدىكى بىر دەريانىڭ نامى.
** جۇ خاندانلىقىنىڭ ھۆكۈمرانى.

دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇ ئەلنىڭ ئۇچتىن ئىككى قىسمىنى ئىلكىگە ئالغان بولسىمۇ، يەنە يىن خاندانلىقىغا ھۆرمەت قىلىپ بويسۇنۇپ كەلگەنىدى. جانابلىرىنىڭ نەسەپلىرى دۆلەتمەن بەگزادىلەردىن بولسىمۇ، جۇ خاندانلىقىدەك دەۋرى - دەۋران سۈرگەن ئەمەس؛ خەن خاندانلىقى ئاجىز بولسىمۇ، يىن خاندانلىقىنىڭ كېيىنكى خانى جۇدەك زالىم ئەمەس. بۇ نىيەتتىن كەچسىلە، — دېدى دىۋان مىرزىسى يەن شياڭ.

— بىز يۇەن جەمەتلەرنىڭ تېگىمىز چېن ئۇرۇقىدىن، — دېدى يۇەن شۇ غەزەپكە كېلىپ، — چېن ئۇلۇغ شۇننىڭ* ئەۋلادى. تۇپراق ئوتقا ۋارىسلىق قىلىدۇ، تەقدىر - قىسمەتتە شۇنداق پۈتۈلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەمچىلەر تەبىرىچە: «خەن خاندانلىقىنىڭ ئورنىنى ئېگىزلىكتىكى يول ئىگىلەيدۇ». مېنىڭ يەنە بىر ئىسمىم گوڭ لۇ، ئۇنىڭ مەنىسى چوڭ يول، بۇ رەمدىكىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندە دۆلەتنىڭ مىراسى قاشتاش تامغا بار. مەگەر خان بولمىسام، تەڭرى يولىنى تۇتمىغان بولىمەن. مېنىڭ قارارىم قارار، بۇ ھەقتە ئارتۇق سۆز قىلغانلار ئۆلۈمگە مەھكۇم!

شۇنداق قىلىپ خاندانلىق يىل نامىسىنى جوڭشى دەپ ئېلان قىلدى، دىۋان ۋازارەتنىنىڭ بەگ - سىپاھلىرىنى تەيىن قىلدى، ئاندىن ئەجدىھا ۋە سۇمۇرغ سۈرەتلىرى نەقىش قىلغان شاھانە مەپىگە ئولتۇرۇپ، شەھەرنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن تەرەپلىرىگە چىقىپ، نەزىر - چىراغلار ئۆتكۈزدى، فېن فاڭ قىزىنى خانىش قىلدى، ئوغلىنى ۋەلىئەھد قىلىپ بەلگىلىدى، ۋەلىئەھدگە لۈي بۇنىڭ قىزىنى كىچىك خانىش قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنى ئەكېلىشكە ئەلچى ئەۋەتمەك بولۇپ تۇرغىنىدا لۈي بۇنىڭ خەن يىننى شۈيچاڭغا ئەۋەتىپ بەرگەنلىكى، ساۋ ساۋنىڭ ئۇنى

* جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان خانلىرىدىن بىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە ئۇچۇر كەلدى، يۈەن شۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى؛ شۇنىڭ بىلەن جاڭ شۈننى ئۇلۇغ سەركەردىلىككە بەلگىلەپ، 20 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن يەتتە تارامغا بۆلۈپ شۈيجۇغا ماڭغۇزدى: بىرىنچى تارام — بارگاھ قوشۇنلىرىغا ئۇلۇغ سەركەردە جاڭ شۈن، ئىككىنچى تارام — چەپ قول قوشۇنلىرىغا ئالىي سەركەردە چياۋ رۇي، ئۈچىنچى تارام — ئوڭ قول قوشۇنلىرىغا ئالىي سەركەردە چېن جى، تۆتىنچى تارام — چەپ قول قوشۇنىغا ياردەمچى سەركەردە لىي بو، بەشىنچى تارام — ئوڭ قول قوشۇنىغا ياردەمچى سەركەردە چېن لەن، ئالتىنچى تارام — سول قول قوشۇنىغا ئەل بولغان سەركەردە خەن شىيەن، يەتتىنچى تارام — ئوڭ قول قوشۇنىغا ئەل بولغان سەركەردە ياڭ فېڭلار تەيىنلەندى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز قارمىقىدىكى پالۋانلارنى ئېلىپ بەلگىلەنگەن كۈندە يولغا چىقىشتى. يەن شۇ يەنجۇ ئايماقبېگى جىن شاڭنى ئەمىرلىككە تەيىنلەپ ئۇنىڭغا يەتتە تارام قوشۇننىڭ مەتلۇبات ئىشلىرىنى نازارەت قىلىشنى بۇيرۇدى، جىن شاڭ بۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. يەتتە تارام قوشۇننىڭ مەتلۇبات ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا جى لىڭنى بەلگىلىدى ھەم ھەممە قوشۇنغا ھەمدەم بولۇش مەسئۇلىيىتىنى يۈكلىدى. يەن شۇ ئۆزى 3 تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى ۋە لى فېڭ، لياڭ گاڭ، يۆ جيۇلارنى ھەيدەكچى بەگلىككە تەيىنلەپ، ئۇلارغا يەتتە تارام قوشۇنغا بولۇشۇشنى تاپشۇردى.

لۈي بۇ ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق جاڭ شۈننىڭ شۈيجۇنى ئېلىشقا، چياۋ رۇينىڭ شياۋپېينى ئېلىشقا، چېن جىنىڭ يىدۇنى ئېلىشقا، لىي بونىڭ لاڭيانى ئېلىشقا، جاڭ لەننىڭ جىيشىنى ئېلىشقا، خەن شىيەننىڭ شياۋپېينى ئېلىشقا، ياڭ فېڭنىڭ جۈنشەننى ئېلىشقا يەتتە تارام بويىچە چوڭ يولنى بويلاپ، لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كۈنىگە 50 چاقىرىم يول

بېسىپ، يول بويى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقاندىن كېيىن شۇ زامات مەسلىھەتچىلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى. چېن گوڭ ۋە چېن گۇي ئاتا ـ بالا ئىككىسى كېڭەشكە كېلىشتى. چېن گوڭ:

— شۈيجۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەت چېن گۇي — ئاتا ـ بالا ئىككىسى تاپقان بالايىئاپەت، ئۇلار ئۇردىغا خۇشامەت قىلىپ، ئىنئامغا، مەرتىۋىگە ئىگە بولدى، ھالا بۈگۈنكى كۈندە جانابلىرىنى بۇ بالا ـ قازاغا قويدى. بۇ ئىككىيلەننىڭ بېشى ئېلىنىپ يۈەن شۇغا تۇتۇلسا، ئۇستىمىزگە كېلىۋاتقان لەشكەرلەر ئۆزلۈكىدىن قايتىدۇ، — دېدى.

لۈي بۇ بۇ سۆزنى ماقۇل كۆرۈپ، چېن گۇي بىلەن چېن دېڭنى تۇتقۇزدى.

— مۇنچىۋالا قورققان بارمۇ؟ مەن بۇ يەتتە تارام بولۇپ كېلىۋاتقان قوشۇننى چىرىگەن يەتتە دۆۋە ئوتقىلا ئوخشىتىمەن، بۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى! — دېدى چېن دېڭ قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— ئەگەر ياۋنى يوقىتىدىغان ياخشى تەدبىرىڭىز بولسا، قېنىڭىزدىن كېچىمەن، — دېدى لۈي بۇ.

— ئەگەر سەركەردە جانابلىرى مېنىڭ سۆزۈم بويىچە ئىش قىلىدىغان بولسىلا، شۈيجۇنى قوغداشتا غەم قىلىشقا ھاجەت قالمايدۇ.

— قېنى ئەمىسە سۆزلەپ بېقىڭ!

— يۈەن شۇنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، قاغا ـ قۇزغۇنلار توپى، بىر ـ بىرىگە ئىشەشلىرى يوق؛ بىزمۇ مۇنتىزىم لەشكەر بىلەن مۇداپىئە قىلىپ كۈتمىگەن تەرىپىدىن تېگىش قىلساق، نۇسرەت قازانماي قالمايمىز. مېنىڭدە بىر تەدبىر بار، بۇ تەدبىرنى كۆرسەك، شۈيجۇنى ساقلاپ قالماي بەلكى يۈەن شۇنى تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قانداق تەدبىر؟

— خەن شيەن بىلەن ياڭ فېڭ خەن خاندانلىقىنىڭ كونا بەگلىرىدىن بولىدۇ، ساۋ ساۋدىن قورقۇپ كېتىپ قېلىشقان بارار جايلىرى بولمىغاچقا ۋاقىتىنچە يۈەن شۇغا بويسۇنغان؛ يۈەن شۇ بۇلارغا ئىلتىپات كۆرسەتمىدى، شۇڭلاشقا بۇلارمۇ يۈەن شۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا خۇشتار ئەمەس. ئۇلارغا كىچىككىنە بىر خەت يېزىپ ئالاقە باغلىساق، ئۇلار ئىچكى تەرەپتىن، ليۇ بېي تاشقى تەرەپتىن بولۇشسا، يۈەن شۇنى تىرىك تۇتقىلى بولىدۇ.

— ئەمىسە خەن شيەن بىلەن ياڭ فېڭغا خەتنى ئۆزىڭىز ئاپىرىسىز!

چېن دېڭ ماقۇل بولدى. شۇنىڭ بىلەن لۈي بۇ پايتەخت شۈيچاڭغا مەلۇمات، يۈيجۇغا ئالاقە يازدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئاتلىق بىلەن شياۋپېي يولىدا خەن شيەننى كۈتۈش ئۈچۈن چېن دېڭنى يولغا سالدى. خەن شيەن لەشكىرى بىلەن يېتىپ كېلىپ، قارارگاھ قۇرغاندىن كېيىن، چېن دېڭ كىرىپ كۆرۈشتى.

— سىز لۈي بۇنىڭ ئادىمى تۇرۇپ، بۇ يەرگە نېمىشقا كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى خەن شيەن.

— مەن بۈيۈك خەن خاندانلىقىنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرىدىنمەن، — دەپ كۈلدى چېن دېڭ، — قانداقسىگە لۈي بۇنىڭ ئادىمى بولىدىكەنمەن؟ سەركەردە جانابلىرى ئەسلىدە خەن خاندانلىقىنىڭ مەنسەپدارى ئىدىلە، بۈگۈن مۇناپىقنىڭ مەنسەپدارى بولۇپ قالدىلا، ئۆتمۈشتە گۇەنجۇڭدا خاننى قوغداپ كۆرسەتكەن چوڭ ئەجىر - خىزمەتلىرىنى مۇشۇنىڭ بىلەن يۇيۇۋېتىدىغان بولدىلا. بۇ ئۆزلىرىگە مۇناسىپ ئەمەس. شۇنىڭدەك، يۈەن شۇ تولىمۇ گۇمانخور ئادەم، كەلگۈسىدە جانابلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشى چوقۇم. ئەمدىلىكتە ئۇنى

بۇرۇنراق يوقىتىشقا قەدەم قويۇلمايدىكەن، كېيىنكى پۇشايمان پايدا بەرمەيدۇ.

— مەن خەن خاندانلىقىنىڭ خىزمىتىگە قايتىشنى ئويلايتتىم، بىراق ھېچبىر يول يوق تۇرىدۇ، — دېدى خەن شىيەن ئاھ ئۇرۇپ.

چېن دېڭ لۈي بۇنىڭ مەكتۇپىنى چىقىرىپ خەن شىيەنگە سۇندى. خەن شىيەن خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن:

— ۋاقىپ بولدۇم، جانابىڭىز بېرى تۇرۇڭ، مەن ياڭ فېڭ سەركەردە بىلەن كەينىگە قارىتىپ نەيزە ئۇرىمەن. ئوت قويۇپ بەلگە بېرىمىز، قويۇلغان ئوتنى كۆرگەن ھامان لۈي بۇ بەگ لەشكىرى بىلەن بولۇشسا بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

چېن دېڭ خەن شىيەن بىلەن خەيرلەشتى ـ دە، تېز قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى لۈي بۇغا مەلۇم قىلدى.

لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى بەش تارامغا بۆلدى، يەنى — گاۋ شۇننى چياۋ رۇيگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن شياۋپېيغا؛ چې گۇڭنى چېن جىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن يىدۇغا؛ جاڭ لياۋ، زاڭ باالارنى لېي بوغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن لاڭياغا؛ سۇڭ شيەن، ۋېي شۇيلەرنى چېن لەنگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن جېشىغا لەشكەر تارتىپ بېرىشقا تەيىنلىدى؛ ئۆزى بىر قوشۇن بىلەن جاڭ شۇنگە قارشى چوڭ يول بويلاپ يۈرۈش قىلدى. ھەرقايسى تارامغا بۆلۈنگەنلەر 1 تۈمەندىن لەشكەر ئالدى، قالغانلار شەھەرنى قوغداشقا قالدۇرۇلدى. لۈي بۇ شەھەردىن 30 چاقىرىم نېرىغا چىقىپ قارارگاھ قۇردى، جاڭ شۇن قوشۇنى يېتىپ كەلگەندىن كېيىن لۈي بۇغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملىدى ـ دە، ئارقىغا چېكىنىپ، قارارگاھ قۇرۇپ، تۆت تەرەپتىن كېلىدىغان لەشكەرلەرنىڭ ھەمدەملىكىنى كۈتتى. خەن شىيەن بىلەن ياڭ فېڭ لۈي بۇ لەشكەرلىرىنىڭ قارارگاھقا باستۇرۇپ كىرىشىگە بولۇشۇش ئۈچۈن شۇ كېچىسى ئەلياتقۇ ۋاقتىدا ھەر تەرەپكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەشكەر چىقىرىپ ئوت قويدۇردى. جاڭ شۈن لەشكەرلىرى پاتىپاراقتا چۈشتى. لۈي بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چاپ ـ چاپقا ئۆتتى، جاڭ شۈن يېڭىلىپ قاچتى. لۈي بۇ تاڭ ئاتقۇچە قوغلاپ، ھەمدەمگە كەلگەن جى لىڭغا دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئىككى قوشۇن بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشماقچى بولۇپ تۇرغاندا، خەن شيەن بىلەن ياڭ فېڭ ئىككى تەرەپتىن بۆسۈپ كېلىپ قالدى. جى لىڭ قاتتىق يېڭىلىپ قاچتى. لۈي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن قوغلاپ قىرغىن قىلدى. ئەنە شۇ چاغدا تاغنىڭ ئارقىسىدىن بىر قوشۇن چىقىپ كەلدى، نىشان تۇغى ئاستىدا ئەجدىھا، سۇمۇرغ، قۇياش، ئاي سۈرەتلىك تۇغلار، تۆت يەتتەكەن سۈرىتى، بەش تەرەپ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغلار، زەر يوسۇن تايىقى، كۈمۈش رەڭلىك تەبەر، سېرىق تەبەرلىك ئاق قوتاز قۇيرۇقى جالالىق تۇغ تۇتقان بىر توپ قوشۇن كۆرۈندى، لەشكەرلەرنىڭ ھەل بېرىلگەن سېرىق شايى كۆنلۈكى ئاستىدا زەر قۇياق كىيىپ، بېغىشىغا ئىككى قىلىچ ئېلىۋالغان يۈەن شۇ سەپ ئالدىدا تۇرۇپ لۈي بۇنى:

— ھۇ ئىگىسىگە يانغان قۇل! — دەپ تىللىدى.

لۈي بۇ غەزەپلىنىپ يالمىنىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىغا چىقتى. يۈەن شۇنىڭ سەركەردىلىرىدىن لى فېڭ نەيزىسىنى ئېلىپ قارشى چىقتى. ئۈچ زەرب ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، لۈي بۇ ئۇنىڭ قولىنى يارىلاندۇردى، لى فېڭ قورالىنى تاشلاپ قاچتى، لۈي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن چاپ ـ چاپقا چۈشتى، يۈەن شۇ لەشكەرلىرى پاتىپاراق بولدى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئارقىدىن قوغلىدى، ئۇرغۇنلىغان ياراغ ـ جابدۇقلار، كىيىم ـ ساۋۇتلار، ئات ـ ئۇلاغلارنى غەنىيمەت ئالدى. يۈەن شۇ يېڭىلگەن لەشكەرلىرى بىلەن بىرنەچچە چاقىرىم مېڭىۋىدى، تاغنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ قوشۇن چىقىپ، ماڭار يولىنى توسۇۋالدى. ھەممىنىڭ ئالدىدا پالۋان گۈەن يۈي تۇراتتى.

— ھەي مۇناپىق ئوغرى، ئەمدى ئۆلمەي نەگە بارىسەن! ؟ — دەپ

توۋلىدى گۆەن يۈي.

يۈەن شۇ ئالدىراپ - تەمتىرەپ قاچتى، قالدۇق لەشكەرلىرىمۇ ھەر تەرەپكە قېچىشتى. گۆەن يۈي بىر پەس قاتتىق قىرغىن قىلدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەن شۇ يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ خۈەينەنگە قاچتى. نۇسرەت قۇچقان لۇي بۇ، گۆەن يۈي، ياڭ فېڭ ۋە خەن شيەنلەرنى لەشكەرلىرى بىلەن شۈيجۇغا ئېلىپ كىردى ۋە چوڭ مەرىكە - سورۇن راسلاپ، مېھمان قىلدى، لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسىنى تارتۇقلىدى، ئەتىسى گۆەن يۈي خەيرلىشىپ قايتىپ كەتتى. لۇي بۇ خەن شيەننى يەدۇ پاسىبانلىقىغا، ياڭ فېڭنى لاڭيا پاسىبانلىقىغا سايە قىلىپ، ئىككىيلەننى شۈيجۇدا ئەپقېلىش توغرىسىدا كېڭەش تۈزدى. بۇ ۋاقىتتا چېن گۈي:

— بولمايدۇ، خەن شيەن بىلەن ياڭ فېڭ خۇاشەننىڭ كۇنچىقىش تەرىپىدە تۇرىدۇ، بىر يىلغا بارماي ئۇ يەرنىڭ شەھەر - قورغانلىرى پۈتۈنلەي سەركەردە جانابلىرىغا قارايدىغان بولىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

لۇي بۇ بۇنى ماقۇل كۆرۈپ، بۇ ئىككى سەركەردىنى ۋاقىتلىق يەدۇ بىلەن لاڭياغا ئورۇنلىشىپ بۇيرۇق كۈتۈڭلار، دەپ ئۇزاتتى.

— نېمە ئۈچۈن بۇ ئىككىيلەننى شۈيجۇدا قالدۇرۇپ، لۇي بۇنىڭ يىلتىزىنى قىردۇرمايمىز؟ — دەپ ئاستا سورىدى چېن دېڭ ئاتىسىدىن.

— ئەگەر بۇ ئىككىيلەن لۇي بۇغا قول - چوماق بولۇپ قالسا، يولۋاسقا چىش - تىرناق چىقىرىپ بەرگەنلىك بولىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى چېن گۈي.

چېن دېڭ ئاتىسىنىڭ يۈكسەك پاراسىتىگە قايىل قالدى.

يۈەن شۇ يېڭىلىپ خۈەينەنگە قايتقىنىدىن كېيىن، قىساس ئېلىش ئۈچۈن لەشكىرىي ياردەم سوراپ جياڭدۇڭدىكى سۈن سېگە

ئەلچى ئەۋەتتى. سۈن سې غەزەپلىنىپ:

— سەن مېنىڭ تامغامنى سوقۇۋالدىڭ، ئاستىرتىن ئۆزۈڭ خان بولۇۋېلىپ، خەن خاندانلىقىغا يۈز ئۆرۈدۈڭ، مانا بۇ زور خىيانەت! مەن جازالاش ئۈچۈن لەشكىرىي يۈرۈش قىلىمەن دەۋاتسام، قانداق قىلىپ ئەكسىچە سەن مۇناپىق ئوغرىغا بولۇشىدىكەنمەن! — دېدى - دە، يۈەن شۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپ ئالاقە قايتۇردى. ئەلچى خەتنى ئەپكېلىپ يۈەن شۇغا تاپشۇردى. يۈەن شۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي ئاغزىدىن ئانىسىنىڭ سۈتى كەتمىگەن شۇمتەك! مۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىڭ! ساڭا ئاۋۋال يۈرۈش قىلىمەن، — دېدى.

باش مىرزا ياڭ داجياڭ مىلڭ تەسلىكتە ئۇنى بۇ پەيلىدىن ياندۇردى.

ئەمدى گەپنى بۇياقتىن ئاڭلاڭ. سۈن سې رەددىيە خېتى يازغاندىن كېيىن، يۈەن شۇ لەشكەرلىرىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن مۇداپىئە كۆرۈش نىيىتىدە، دەريا كېچىكىنى ساقلاشقا لەشكەر قويدى. بۇ ۋاقىتتا ساۋ ساۋدىن ئەلچى كېلىپ، سۈن سېنىڭ خۇيجى ھاكىملىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىدىن ئۇچۇر بەردى ۋە يۈەن شۇغا جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇقنى تاپشۇردى. سۈن سې كېڭەش ئۆتكۈزۈپ يۈرۈش باشلىماقچى بولۇۋېدى، باش مىرزا جاڭ جاۋ:

— يۈەن شۇ ئەمدىلا يېڭىلگەن بولسىمۇ، لېكىن لەشكىرى كۆپ، ئاشلىقى مول، سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ؛ ئۇنىڭدىن كۆرە ساۋ ساۋنى تۆۋەن تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا ئۈندەپ خەت يازايلى، بىز ئارقا تەرەپتىن بولۇشايلى، ئىككى قوشۇن ئۆزئارا ھەمدەملەشسە، يۈەن شۇ چوقۇم يېڭىلىدۇ، ناۋادا بىز بىرەرتە پالاكەتكە يولۇقۇپ قالساق، ساۋ ساۋنىڭ ياردىمىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى.

سۈن سې بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۆز رايىنى

بىلدۈرۈش ئۈچۈن ساۋ ساۋغا ئەلچى ئەۋەتتى.

ساۋ ساۋ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتقاندىن كېيىن، ديەن ۋېينى يادلاپ هازا ئېچىپ ماتەم تۇتتى؛ ديەن ۋېينىڭ ئوغلى ديەن مەنگە كەپتاۋۇللۇق مەنسەپ بېرىپ ئۆز سارىيىدا تەربىيە قىلدى.

ئەنە شۇ ۋاقىتلاردا سۈن سېدىن ئەلچى، خەت كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى، ساۋ ساۋ خەتنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇرۇشىغا، يەنە ئاشلىق يېتىشمىگەنلىكى يۈزىسىدىن يۈەن شۇ چېنلىيۇنى تالان ـ تاراج قىپتۇ، دېگەن خەۋەر كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىز پەيتىدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلماقچى بولۇپ، تۆۋەن تەرەپكە لەشكىرىي يۈرۈش باشلىدى. پايتەخت شۈيچاڭنى ساقلاشقا ساۋ رېننى قالدۇردى، قالغانلارنىڭ هەممىسىنى — يەنى ئاتلىق پىيادە بولۇپ 17 تۈمەن لەشكەر، ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە ياراغ ـ جابدۇق توشۇيدىغان 1000 دىن ئارتۇق هارۋىنى يولغا سالدى. يەنە بىر تەرەپتىن بىرلىشىپ تۇتۇش قىلىش ئۈچۈن سۈن سې، ليۇ بېي، لۈي بۇلارغا كىشى ئەۋەتتى. لەشكەرلەر يۈيجۇ تەۋەسىگە يېتىپ كەلگەندە، ليۇ بېي لەشكەرلىرى بىلەن ئىستىقبال قىلىپ چىقتى، ساۋ ساۋ قارارگاهقا تەكلىپ قىلدى. سالام ـ سەهەتتىن كېيىن، ليۇ بېي ساۋ ساۋغا ئىككى دانە كاللا تەقدىم قىلدى.

— بۇ كىملەرنىڭ كاللىسى؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— خەن شيەن بىلەن ياڭ فېڭنىڭ كاللىسى.

— قانداق قىلىپ ئالدىلا؟

— لۈي بۇ بۇ ئىككىسىنى يىدۇ بىلەن لاڭيادا ۋاقتىنچە تۇرۇشقا بۇيرۇغانىكەن، ئەمما بۇ ئىككىسى ئاهالىنى تالان ـ تاراج قىلىپ هەممە كىشىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى؛ شۇڭلاشقا كەمىنىلىرى يالغاندىن كېچەش بار دەپ مەرىكە ـ سورۇنغا چاقىردىم، مەيخورلۇق قىلىۋاتقان ۋاقتىدا قەدەه چېقىش بەلگىسى بىلەن ئىنىلىرىم گۈەن يۈي، جاڭ فېيلارغا ئۆلتۈرگۈزدۈم، ئادەملىرىنىڭ هەممىسى ئەل بولدى. بۇگۈن قىلمىش ـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

گۇناھىمنى سورىغىلى كەلدىم، — دېدى لىۇ بېي.

— جانابلىرىنىڭ ئەل ئۈچۈن زىيانكەشلەرنى يوقىتىپ تاشلاشلىرى يەتكۈزگەن زور خىزمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ. نېمىشقا بۇنى جىنايەت دەيدىلا؟ — دېدى ساۋ ساۋ ۋە لىۇ بېيغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بۇلار لەشكەرلىرىنى قوشۇپ شۈيجۇ تەۋەسىگە يېتىپ كېلىشتى. لۈي بۇ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ساۋ ساۋ ياخشى سۆزلەر بىلەن ھال - ئەھۋال سوراپ، ئۇنى سول قول سەركەردە قىلىپ تەيىنلىدى ۋە پايتەختكە قايتقاندىن كېيىن تامغا ئەۋەتىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى، لۈي بۇ ناھايىتى خۇرسەن بولدى. شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ لۈي بۇ قوشۇنىنى سولغا، لىۇ بېي قوشۇنىنى ئوڭغا قويۇپ، ئۆزى ئوتتۇرىدىكى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ماڭدى. شياخۇدۇن بىلەن يۈي جىننى تۇرشاۋۇل قىلدى.

يۈەن شۇ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئالىي سەركەردە چياۋ رۇينى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن تۇرشاۋۇل قىلىپ چىقاردى. ئىككى تەرەپنىڭ قوشۇنى شۈچۈن پاسىلىدا ئۇچراشتى. چياۋ رۇي دەسلەپ مەيدانغا چۈشۈپ شيا خۇدۇن بىلەن ئېلىشتى. ئۈچ رەددى بەدەل ئۆتمەستىنلا شيا خۇدۇن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. يۈەن شۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ، شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. تۇيۇقسىزدىن سۈن سېنىڭ كېمىلىرى بىلەن دەريا ئارقىلىق كۆنپېتىش تەرەپتىن، لۈي بۇنىڭ ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن كۈنچىقىش تەرەپتىن، لىۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ قوشۇنلىرى بىلەن تۆۋەن تەرەپتىن، ساۋ ساۋنىڭ 17 تۈمەن لەشكەر بىلەن ئۈستۈن تەرەپتىن تېگىش قىلىۋاتقانلىقى خەۋەر قىلىندى. يۈەن شۇ قاتتىق چۆچۈپ، دەرھال قەلەمدار - ئەلەمدار، بەگ - سىپاھلىرىنى كېڭەشكە چاقىردى.

— شۈچۈندە سۇ ۋە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ئۇدا بىرنەچچە يىل داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، خەلقنىڭ ھەممىسىدە ئاشلىق

كەم، — دېدى ياڭ داجياڭ، — ئەگەر يەنە لەشكىرىي ھەرىكەت قىلىپ، خەلقنى پاراكەندە قىلساق، ئاھالىنىڭ نارازىلىقىغا ئۇچرايمىز. ئۇ چاغدا لەشكەرلىرىمىزنىڭ ياۋغا تاقابىل تۇرمىقى قىيىن بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە لەشكەرلىرىمىزنى شۇچۇندە قالدۇرۇپ، جەڭگە چىققىنىمىز تۈزۈك. قارشى تەرەپنىڭ لەشكىرىي تەمىناتى تۈگىگەندە، جەزمەن بىرەر ئۆزگىرىش بولىدۇ. جانابىي ئالىيلىرى ھازىرچە ئوردىدىكى خاس يىگىتلىرى بىلەن خۇەيخې دەرياسىنىڭ ئۇ يېقىغا ئۆتۈپ كەتسىلە. بىرىنچىدىن، ئۇ تەرەپ ئۆزلىرىگە تونۇشلۇق؛ ئىككىنچىدىن، ۋاقىتلىق پاناھ يەردە تۇرۇپ تۇرغان بولىدىلا!

يۈەن شۇ بۇ مەسلىھەتنى خوپ كۆرۈپ، لى فېڭ، يۆ جيۇ، لياڭ گاڭ، چېن جىلەرگە 10 تۈمەن لەشكەر بۆلۈپ بېرىش بىلەن ئۇلارنى شۇچۇننى قاتتىق ساقلاشقا قالدۇردى؛ باشقا سەركەردە - لەشكەرلەرنى ۋە خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈش، لەئەل - جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ساۋ ساۋنىڭ 17 تۈمەن لەشكىرى ئۇچۇن، كۈنىگە ئىنتايىن نۇرغۇن ئوزۇق - تۈلۈك كېتەتتى. بۇ ئايماق - دىيارلاردا قەھەتچىلىك يىللىرى بولغاچقا، لەشكەرلەرنى تەمىنلەش قىيىن ئىدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى تېز تۇتۇشقا ھەيدىدى، ئەمما لى فېڭلار قوۋۇقنى بەند قىلىۋېلىپ، زادىلا چىقمىدى. شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىرەر ئاي تۇرۇپ قالغاچقا، ئاشلىق - تۈلۈكى تۈگەي دەپ قالدى، سۇن سېگە خەت يېزىپ 10 تۈمەن خو ئاشلىق قەرز ئالدى. بۇ ئاشلىقمۇ تارقىتىشقا يەتمەي قالدى. تەمىنات مەمۇرى رېن جۇن قارمىقىدىكى ئامبار ئەمەلدارى ۋاڭ خۇ ساۋ ساۋ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— لەشكەر كۆپ، ئاشلىق ئاز، قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— كىچىك كۆرە بىلەن تارقىتىپ بۇ ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ تۇرۇڭلار! — دېدى ساۋ ساۋ.
— لەشكەرلەر نارازىلىق بىلدۈرسە قانداق قىلىمىز؟
— ئۆزۈم چارە كۆرىمەن!
ۋاڭ خۇ بۇيرۇقنى بىنائەن كىچىك كۆرە بىلەن ئاشلىق تاراتتى، ساۋ ساۋ ھەممە قارارگاھلارغا ئاستىرتىن قويغان كىشىلىرى ئارقىلىق لەشكەرلەر ئارىسىدا باش ۋەزىر كۆپچىلىكنى ئالداپ ئەخمەق قىلدى، دېگەن نارازىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى ـ دە، ۋاڭ خۇنى مەخپىي ھالدا چاقىرتىپ كىرىپ:
— مەن كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن سىلىدىن بىرنەرسە ئۆتنە ئالماقچىمەن، بېخىللىق قىلماي بەرسىلە، — دېدى.
— باش ۋەزىر جانابلىرى، نېمە ئۆتنە ئالماقچى؟
— سىلىنىڭ باشلىرىنى ئۆتنە ئېلىپ، ئەھلى ـ خالايىققا سازايى قىلماقچىمەن.
— مېنىڭ ھېچ ئەيىبىم يوققۇ! — دېدى ۋاڭ خۇ چۆچۈپ كېتىپ.
— سىلىدە ئەيىب يوقلۇقىنى بىلىمەن. ئەگەر سىلىنى ئۆلتۈرمىسەم، لەشكەرلەر ئىسيان كۆتۈرىدۇ، سىلى ئۆلگەنلىرىدىن كېيىن، بالا ـ چاقىلىرىنى ئۆزۈم تەمىنلەيمەن، بۇنىڭدىن غەم قىلمىسىلا! — دېدى ساۋ ساۋ.
ۋاڭ خۇ يەنە سۆزلىمەكچى بولۇۋېدى، ساۋ ساۋ ئۇنى جاللاتلىرىغا دەرۋازا تېشىغا ئاچىقتۇرۇپ ئۆلتۈرگۈزدى ۋە ئۇنىڭ بېشىنى ئۇزۇن خادىغا ئېسىپ: «ۋاڭ خۇ كىچىك كۆرە بىلەن ئاشلىق تارقىتىپ، خاندانلىق ئاشلىقىغا خىيانەت قىلغىنى ئۈچۈن قانۇن بويىچە جازالاندى!» دەپ جار سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئەھلى ـ خالايىقنىڭ نارازىلىقى بېسىلدى.
ئەتىسى ساۋ ساۋ ھەممە قارارگاھلاردىكى سەركەردىلەرگە:

«ئۈچ كۈن ئىچىدە كۈچ چىقىرىپ شەھەرنى ئېلىشىڭلار كېرەك، بولمىسا ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىسىلەر!» دەپ بۇيرۇق چىقاردى. ساۋ ساۋ شەخسەن ئۆزى سېپىل ئاستىغا كېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ توپا ۋە تاش توشۇپ خەندەكلەرنى تىندۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى. سېپىلدىكىلەر تاش ۋە ئوقلارنى يامغۇردەك ياغدۇردى. ئىككى مۇئاۋىن سەركەردە قورقۇپ قايتىۋىدى، ساۋ ساۋ سېپىل ئاستىدا شەمشەرلەپ تاشلىدى ۋە ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ توپا بىلەن خەندەك تولدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنى كۆرگەن چوڭ - كىچىك سەركەردىلەرنىڭ ھەممىسى ئالغا ئېتىلدى، لەشكەرلەر زور غەيرەتكە كەلدى، سېپىلدىكىلەر توسۇيالماي قېلىشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بەس - بەس بىلەن سېپىلغا چىقىشتى، سېپىلدىكىلەرنى چېپىپ تاشلاپ، قوۋۇقنىڭ قۇلۇپىنى سۇندۇردى، چوڭ قوشۇن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كەتتى. لى فېڭ، چېن جى، يۆ جيۇ، لياڭ گاڭلار تىرىك قولغا چۈشتى، ساۋ ساۋنىڭ ئەمرى بويىچە بۇلار جازا مەيدانىدا ئۆلتۈرۈلدى. ياۋنىڭ ساراي - قەسىرلىرىگە ھەم مەنئى قىلىش پەرمانىدا چەكلەنگەن نەرسىلەرگە ئوت قويۇلدى؛ شۇچۈن شەھىرى تالان - تاراج قىلىندى. خۇەيخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ يۈەن شۇنى قوغلاش ھەققىدە كېڭەش چاقىرىلدى.

— كېيىنكى يىللاردىن بېرى قۇرغاقچىلىق يۈزىسىدىن قەھەتچىلىك بولۇپ، ئاشلىق قىس بولۇۋاتىدۇ، ئەگەر لەشكىرىي يۈرۈش قىلىدىغان بولساق، لەشكەرلەرنى ھاردۇرۇپ ئاھالىگە زىيان كەلتۈرۈپ قويىمىز، بۇنىڭدىن پايدا چىقمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ھازىرچە پايتەخت شۈيچاڭغا قايتايلى، كېلەر يىلى باھاردا بۇغداي پىشىپ، لەشكىرىي تەمىنات يېتەرلىك بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھەرىكەت قىلساقمۇ بولىدۇ، — دېگەن مەسلىھەتنى بەردى شۈن يۈي.

ساۋ ساۋ بۇ ھەقتە بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغاندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چاپارمەنلەر:

— جاڭ شيۇ ليۇ بياۋنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا ھەەپ غالجىرلىق قىلىۋاتىدۇ؛ نەنياڭ، جياڭلىڭ قاتارلىق ناھىيىلەر قولدىن كەتتى؛ ساۋ خوڭ تەڭ كېلەلمەي ئارقىمۇئارقا بىرنەچچە مەيدان ئېلىشىشتا ئۇتتۇرۇپ قويدى، بۇ جىددىيلىكنى ئالايتەن خەۋەر قىلغىلى كەلدۇق، — دەپ كىرىشتى.

ساۋ ساۋ سۇن سىغا دەريادىن ئۆتۈپ سەپ تۈزۈش، ليۇ بياۋنىڭ كۆزىنى بوياپ لەشكەرلىرىنى مىدىرلىتالماسلىق ھالىتىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا بۇيرۇق بېرىپ خەت يازدى؛ ئۆزىمۇ شۇ كۈنى لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ جاڭ شيۇغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا ئالاھىدە كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولدى. ماڭار ۋاقتىدا ليۇ بېيغا لەشكەرلىرى بىلەن يەنە شياۋپېيغا ئورۇنلىشىشنى، لۈي بۇ بىلەن ئاغا - ئىنى بولۇپ ئۆتۈشنى، ئۆزئارا ھەمدەملىشىپ، بىر - بىرىگە تاجاۋۇز قىلىشماسلىقنى بۇيرۇدى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ شۈيجۇغا قايتتى. ساۋ ساۋ مەخپىي يوسۇندا ليۇ بېيغا:

— بۈگۈن مېنىڭ سىلىنى لەشكەر بىلەن شياۋپېيدا تۇرۇشقا بۇيرۇشۇم «ئورا كولاپ يولۋاس كۈتۈش» تەدبىرىدىن ئىبارەت. جانابلىرى چېن گۇي، چېن دېڭ — ئاتا - بالا ئىككىسى بىلەن با مەسلىھەت ئىش قىلىۋرلەر، ھەرگىز سىر پاش بولۇپ قالمىسۇن، مەن، جانابلىرىغا تاشقى تەرەپتىن ھەمدەملىشىمەن، — دەپ تەكىتلىدى. سۆزنى تۈگىتىپ خەيرلىشىپ يولغا راۋان بولدى.

شۇنداق قىلىپ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتىپ كەلدى، بۇ چاغدا خادىملار: دۇەن ۋېي لى جۆنى، ۋۇشى گوسىنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى تەقدىم قىلىپ كەلدى، دەپ خەۋەر ئېلىپ كىرىشتى. دۇەن ۋېي يەنە لى جۆنىڭ ئۇرۇق - جەمەتلىرىدىن ياش - قېرى بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشىنى پايتەختكە تىرىك ھەيدەپ كەلدى. ساۋ ساۋ بۇلارنى ھەرقايسى

قوۋۇقلاردا ئۆلتۈرۈپ، باشلىرىنى سازايى قىلىشقا بۇيرۇق بەردى، خەلقلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنى ئالقىشلىدى. خان بارلىق قەلەمدار ـ ئەلەمدار بەگلەرنى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، تىنچلىق شەرىپىگە چوڭ مەرىكە ـ سورۇن بەردى. دۇەن ۋېينى قاراقچىلارنى تازىلاش سەركەردىسى، ۋۇشىنى ياۋنى يوقىتىش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلىدى، بۇلارنى لەشكەرلىرى بىلەن چاڭئەننى ساقلاشقا بۇيرۇدى. ئىككىسى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى. خانغا ساۋ ساۋ جاڭ شيۇنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقانلىقى، لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ جازالاش لازىملىقىنى ئىلتىجا قىلدى. خان ساۋ ساۋنى لەشكەر تارتىپ مېڭىشقا ئۆزى ئۇزىتىپ قويدى. بۇ جەنئەننىڭ ئۈچىنچى يىلىنىڭ تۆتىنچى ئېيى ئىدى. ساۋ ساۋ شۈن يۈينى پايتەخت شۈيچاڭغا سەركەردە لەشكەرلەرنى يۆتكەش ئىشلىرىغا قالدۇردى، ئۆزى قوشۇن تارتىپ چىقتى. سەپەردە ئۆتكەنلىكى جايلاردا بۇغداي پىشقانىكەن. لەشكەرلەرنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن خەلق چەتكە قېچىشىپ بۇغداينى ئورۇشقا پېتىنالمىدى. ساۋ ساۋ يىراق ـ يېقىن جايلاردىكى قىشلاقلاردا ياشايدىغان قېرى ـ ياش ۋە مەمۇرلەرگە ئادەم ئەۋەتىپ: «مەن خاننىڭ ئوچۇق يارلىقى بويىچە پۇقرا ئۇستىدىكى زىيانكەشلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىسيانچىلارغا قارشى يۈرۈش باشلىدىم. ھازىر ئوما ۋاقتى بولسىمۇ، ئامالسىزلىقتىن لەشكەر باشلاشقا توغرا كەلدى. مەيلى چوڭ ـ كىچىك، سەركەردە ـ سەرۋازلار بولسۇن، بۇغدايلىقتىن ئۆتكەن ۋاقتىدا، كىمكى بۇغداينى دەسسەپ بېزەپ قىلىدىكەن، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنىدۇ، لەشكىرىي قانۇن چىڭدۇر، پۇقرالار قورقمىسۇن، گۇمانلانمىسۇن!» دەپ جار سالدۇردى. پۇقرالار بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بەكمۇ خۇشال بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە يولغا چىقىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇشتى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

خان لەشكەرلىرى بوغدايلىقتىن ئۆتكەنلىرىدە ھەممىسى ئاتتىن چۈشۈپ، قوللىرى بىلەن بوغداينى يۆلەپ، ئاۋايلاپ ئۆتۈشتى، بوغداينى دەسسىمىدى. ساۋ ساۋ ئاتلىق كېتىۋاتقىنىدا، تاساددىپىي بوغدايلىقنىڭ ئىچىدىن ئۈركۈپ كەتكەن بىر تورۇلغا ئۇچۇپ چىقتى، ساۋ ساۋنىڭ ئېتى ئۈركۈپ بوغدايلىققا كىرىپ قالدى ـ دە، يوغان بىر پارچە بوغدايلىقنى چەيلىۋەتتى. ساۋ ساۋ سەپەردىكى بىر دىۋان مىرزىسىنى چاقىرتىپ، ئۆزىنىڭ بوغدايلىقنى دەسسىۋەتكەن گۇناھىنى بېكىتىشنى ئېيتتى.

— باش ۋەزىر جانابلىرى! سىلىگە قانداق جازا بېكىتكىلى بولىدۇ؟ — دېدى دىۋان مىرزىسى.

— قانۇننى ئۆزۈم تۈزۈپ، ئۆزۈم خىلاپلىق قىلسام، كۆپچىلىكنى قانداق قايىل قىلدۇرالايمەن، — دېدى ساۋ ساۋ ۋە يېنىدىن خەنجىرىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى، كۆپچىلىك دەرھال تۇتۇۋالدى.

— قەدىمكى «چۈنچيۇ» دا: قانۇن ئۆزرەلىكلەرنى جازالىمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. باش ۋەزىر جانابلىرى ھازىر ئەمىر قوشۇن بولۇۋاتسىلا، ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋالسىلا بولامدۇ؟ — دېدى گو جيا.

— ئەگەر «چۈنچيۇ» دا، — دېدى ساۋ ساۋ خېلىغىچە غىڭشىپ تۇرۇپ، — قانۇن ئۆزرەلىكلەرنى جازالىمايدۇ، دېگەن سۆز بولسا، مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەنجىرى بىلەن چېچىنى كېسىپ يەرگە تاشلىدى ۋە:

— كېسىلگەن چېچىم بېشىمغا ھېساب بولسۇن، — دېدى ھەم ئادەملىرىگە بۇيرۇپ كېسىلگەن چېچىنى ئۈچ قوشۇن ئىچىدە سازايى قىلدۇرۇپ: «باش ۋەزىر بوغداينى دەسسىگەنلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئېلىپ جار سېلىش لازىم ئىدى، بۈگۈن بېشى ئۈچۈن

چېچىنى كەستى! » دەپ جار سالدۇردى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇندىكىلەر قورقۇپ، ھەممە لەشكەر قانۇنغا قاتتىق رىئايە قىلىدىغان بولدى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى چىقىرىشقان:

*يۈز مىڭ مەردتە بولۇرلەر يۈزمىڭچە خىيال،*
*بىرنىڭ ئەمرى بىلەن كۆپنى توسماق نەھال.*
*باش ئورنىغا ھېسابلىدى كېسىپ چېچىنى،*
*شۇنىڭدىن بىلىڭ ساختىپەزدۇر بۇ ساۋ ساۋ ئابدال.*

جاڭ شيۇ ساۋ ساۋنىڭ لەشكەر باشلاپ كەلگىنىنى بىلىپ، ئارقا تەرەپتىن كېلىپ بولۇشۇش ئۈچۈن، ليۇ بياۋغا جىددىي خەت ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن لېي شۇي، جاڭ شيەن ئىككى سەركەردە بىلەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياۋغا قارشى شەھەردىن چىقتى. ئىككى قوشۇن روبىرو بولغان ۋاقتىدا، جاڭ شيۇ ئاتلىنىپ چىقتى ـ دە، ساۋ ساۋغا قول شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن يالغاندىن رەھىمدىل بولۇۋالغان نومۇسسىز ئادەمسەن، ھايۋاندىن ھېچ پەرقىڭ يوق! — دەپ تىللىدى.

ساۋ ساۋ دەرغەزەپ بولۇپ شۇي چۇنى چىقىپ ئېلىشىشقا بۇيرۇدى؛ جاڭ شيۇ جاڭ شيەننى چىقىپ ئېلىشىشقا بۇيرۇدى. شۇي چۇ ئۈچ قەپەس ئېلىشىپلا جاڭ شيەننى ئۆلتۈرۈپ ئاتتىن يىقىتتى. جاڭ شيۇ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى باشلاپ نەنياڭ سېپىلى تۈۋىگىچە قوغلاپ كەلدى. جاڭ شيۇ قوۋۇقنى ئېتىۋېلىپ چىقمىدى. ساۋ ساۋ شەھەرنى قامال قىلىپ تېگىش قىلدى. سېپىل ئەتراپىدىكى خەندەك بەك كەڭ، سۈيى بەك چوڭقۇر بولۇپ، سېپىلغا يېقىنلىشىش تولىمۇ قىيىن ئىدى. خەندەكنى توپا بىلەن تىندۇرۇشقا، خالتىلارغا توپا ـ ياغاچ، چۆپ ئارىلاشمىلىرىنى تىقىپ، سېپىل يېنىغا ئېگىز شوتا قىلىپ ئورنىتىشقا بۇيرۇق بەردى؛ ئېگىز شوتىلار تىكلىنىپ

www.uyghurkitap.com

شەھەرنىڭ ئىچى كۆزىتىلدى؛ ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى ئاتلىنىپ، ئۈچ كۈنگىچە شەھەرنى ئايلىنىپ كۆردى. كۈنپېتىش تەرەپتىكى قوۋۇقنىڭ بۇرجىكىگە ياغاچ، چۆپ دۆۋىلەشكە لەشكەرلەرگە بۇيرۇق بەردى ۋە سەركەردىلىرىنى يىغىپ، ئاشۇ يەردىن سېپىلغا چىقىدىغان بولدى. شەھەر ئىچىدە تۇرغان جيا شۇي بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ جاڭ شيۇغا:

— مەن ساۋ ساۋنىڭ غەرىزىنى چۈشەندىم. ئەمدى ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىش لازىم، — دېدى.

دەر ھەقىقەت:

*غوجامنىڭ غوجىسى بار چامغۇرنىڭمۇ ئورىسى،*
*بابلايدىغىنى شۇ — ھىيلىگەرنىڭ ھىيلىگىرى.*

ئۇنىڭ تەدبىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

# ئون سەككىزىنچى باب

## جيا شۈينىڭ ياۋنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ نۇسرەت قازانغانلىقى
## شيا خۇدۇننىڭ ئوق سۇغۇرۇپ كۆز قارىچۇقىنى يۇتقانلىقى

ئەلقىسسە، جيا شۈي ساۋ ساۋنىڭ غەرىزىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلماقچى بولدى ـ دە، جاڭ شيۇغا:

— مەن سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ ساۋ ساۋنىڭ ئۈچ كۈن ئۇدا سېپىل ئەتراپىنى ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ سېپىلنىڭ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرىپىدىكى خىشلارنىڭ يېڭى ۋە كونا بولۇپ ھەر خىل رەڭدە ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئاچىماق توسۇقلارنىڭ تولىسىنىڭ سۇنۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەنە شۇ يەردىن تېگىش قىلماقچى بولدى، لېكىن ئۇ بىزنىڭ دىققىتىمىزنى باشقا ياققا جەلپ قىلماق ئۈچۈن، سېپىلنىڭ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرىپىگە ئوت ـ چۆپ دۆۋىلەۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنىڭ كۈچلىرىمىزنى كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە يۆتكەتكۈزۈپ قويۇپ، كېچىسى كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن سېپىلغا چىقماقچى، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى جاڭ شيۇ.

— بۇ ئاسان. ئەتە خىل لەشكەرلەرنى تاللاپ، ئوبدان ئوزۇقلاندۇرۇپ، يەڭگىل قوراللار بىلەن كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىكى ئۆيلەرگە مۆكتۈرۈپ قويىمىز؛ پۇقرالارنى لەشكەرچە كىيىندۈرۈپ، كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپنى ساقلاشقا قويىمىز. كېچىسى ئۇلار كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىن سېپىلغا چىقىۋەرسۇن، شەھەرگە كىرىشكە تۇتۇشقاندا مۆكۈپ تۇرغانلار توپ ئاۋازى بىلەن تەڭلا ئېتىلىپ چىقسا، شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋنى تىرىك تۇتۇش مۇمكىن، — دېدى جيا شۈي.

جاڭ شيۇ خۇشال بولۇپ بۇ تەدبىرنى ماقۇل كۆردى. ئايغاقچىلار ساۋ ساۋغا: جاڭ شيۇ لەشكەرلىرىنى كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە يۆتكەپ، سۇرەن - چۇقانلار بىلەن سېپىلنى مۇداپىئە قىلىۋاتىدۇ، كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپ بوشاپ قالدى، دەپ مەلۇمات بېرىشتى. ساۋ ساۋ: «مېنىڭ ھىيلەمگە ئالداندى!» دېدى - دە، سېپىلغا چىقىشقا كېرەكلىك بەلكۈرەك، جوتۇ ۋە باشقا قوراللارنى مەخپىي يوسۇندا ھازىرلاپ قويۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بەردى. كۈندۈزى لەشكەر باشلاپ ھەدەپ كۈنپېتىش يۇقىرى تەرەپكە تېگىش قىلدى. ئەلياتقۇ ۋاقتى بولغاندا خىل لەشكەرلەرنى باشلاپ كۈنچىقىش تۆۋەن تەرەپتىكى خەندەكتىن ئۆتۈپ، ئاچىماق توسۇقلارنى كەستى. شەھەر ئىچى جىمجىت ئىدى، لەشكەرلەر بىراقلا دۈپۈرلىشىپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، بىر توپ ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، مۆكۈپ تۇرغان لەشكەرلەر تەرەپ - تەرەپتىن تەڭلا چىقىپ كېلىشتى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى جىددىي چېكىنمەكچى بولۇۋېدى، ئارقا تەرەپتىن جاڭ شيۇ ئۆزى جەسۇر پالۋانلارنى باشلاپ چاپ - چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ شەھەر تېشىغا چېكىندى ۋە بىرنەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىققا قاچتى. جاڭ شيۇ تاڭ ئاتقانغا قەدەر سۈرۈپ - توقاي قىلىپ، ئاندىن لەشكەرلىرىنى يىغىپ، شەھەرگە كىرىپ

كەتتى. ساۋ ساۋ يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى ئىدىتلاپ كۆرۈۋىدى، 5 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر، سانسىز قورال ـ سايمانلار چىقىم بوپتۇ. لۈي چيەن، يۈي جىنلار ياردار بوپتۇ.

ساۋ ساۋنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆرگەن جيا شۈي ئارقا تەرەپتىن ساۋ ساۋنىڭ چېكىنىش يولىنى توسۇش ئۈچۈن جاڭ شيۇنى ليۇ بياۋغا خەت يېزىشقا ئۈندىدى. ليۇ بياۋ خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ، لەشكەر باشلاپ يۈرۈش قىلماقچى بولۇشىغا، ئۇشتۇمتۇتلا ئايغاقچىلار سۈن سې لەشكەرلىرىنىڭ خۇكۇغا كېلىپ ئورناشقانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ كەلدى.

— سۈن سېنىڭ خۇكۇغا لەشكەر قويۇشى، — دېدى كۇەي لياڭ، — ساۋ ساۋنىڭ ھىيلىسى. بۈگۈن ساۋ ساۋ تېخى يېڭىلا يېڭىلدى، ئەگەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ تېگىش قىلمىساق، كېيىن چوقۇم بىزگە بالا بولىدۇ.

ليۇ بياۋ مۇھىم ئېغىزنى ساقلاشقا خۇاڭ زۇنى بۇيرۇپ، ئۆزى لەشكەرلىرى بىلەن ساۋ ساۋنىڭ ئارقا يولىنى كېسىش ئۈچۈن ئەنجۇڭ ناھىيىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. يەنە بىر تەرەپتىن جاڭ شيۇ بىلەن ئالاقە باغلىدى. جاڭ شيۇ ليۇ بياۋنىڭ لەشكىرىي يۈرۈش قىلغانلىقىنى بىلىپ، جيا شۈي بىلەن بىرلىكتە ساۋ ساۋغا زەربە بېرىش ئۈچۈن لەشكەر تارتتى.

ساۋ ساۋ قوشۇنلىرى ئالدىرىماي مېڭىپ شياڭچېڭغا كېلىپ، يۈيشۈيگە يەتكەندە، ساۋ ساۋ ئات ئۈستىدە بىردىنلا قاتتىق يىغلىۋەتتى. كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىدى، ساۋ ساۋ:

— ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە ئالىي سەركەردەم ديەن ۋېينىڭ قازا تاپقانلىقى ئېسىمگە كېلىپ قېلىپ، ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم! — دېدى ـ دە، شۇئان لەشكەرلىرىنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى ۋە چوڭ ماتەم مۇراسىمى ئېچىپ، ديەن ۋېينىڭ روھىناتىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتى. ساۋ ساۋ شەخسەن

www.uyghurkitap.com

ئۆزى خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ يىغا ـ زار قىلدى، ئۈچ قوشۇننىڭ ھەممىسى تەسىرلىنىپ كۆڭلى بۇزۇلدى. دىيەن ۋېيگە ماتەم تۇتۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، جىيەنى ساۋ ئەنمىن، چوڭ ئوغلى ساۋ ئاڭ ۋە ئۇرۇشتا ئۆلگەن لەشكەرلەرگە ماتەم تۇتۇلدى؛ ھەتتا ئوق تېگىپ ئۆلگەن پەرغانە ئېتىمۇ خاتىرىلەندى. ئەتىسى شۇن يۈيدىن «لىيۇ بياۋ جاڭ شيۇغا ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن ئەنجۈڭغا لەشكەر چۈشۈرۈپ، بىزنىڭ ئارقا يولىمىزنى كەستى» دېگەن مەلۇمات كەلدى. ساۋ ساۋ: «مەن كۈنگە بىرنەچچە چاقىرىم يول يۈردۈم، مۇناپىقلارنىڭ قوغلاپ كېلىشىنى بىلەتتىم. بىراق مېنىڭ بەلگىلىك پىلانىم بار، ئەنجۈڭغا يېتىپ بارسام جاڭ شيۇنى يوقاتقانلىقىم شۇ. جانابلىرى گۇمانلانمىسا!» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب يازدى ۋە لەشكەرلەرنى ئالدىرىتىپ مېڭىپ ئەنجۈڭ ناھىيىسىنىڭ تەۋەسىگە يېتىپ كەلدى، لىيۇ بياۋ لەشكەرلىرى مۇھىم، خەتەرلىك ئورۇنلارنى ئىگىلەپ بولغانىدى. جاڭ شيۇ ئارقىدىن لەشكەر باشلاپ يېتىپ كەلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلەرنى كېچىلەپ خەتەرلىك ئورۇنلاردىن يول ئېچىشقا بۇيرۇدى ۋە لەشكەر مۆكتۈردى. تاڭ يورۇي دەپ قالغاندا، لىيۇ بياۋ بىلەن جاڭ شيۇ لەشكەرلىرى قوشۇلۇپ جەم بولدى. ئۇلار ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئازلىقىنى كۆرۈپ، ساۋ ساۋ قېچىپ كەتمىسۇن، دەپ لەشكەرلىرىنى مۇھىم، خەتەرلىك ئورۇنلارغا باشلاپ تېگىش قىلدى. ساۋ ساۋ مۆكتۈرۈپ قويغان لەشكەرلىرى بىلەن بۇ ئىككى قوشۇننى تارمار قىلدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئەنجۈڭنىڭ تار ئېغىزىدىن چىقىپ، ئېغىز سىرتىغا قارارگاھ قۇردى. لىيۇ بياۋ، جاڭ شيۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ كۆرۈشتى، لىيۇ بياۋ:

— ساۋ ساۋنىڭ تۇزىقىغا چۈشۈپ كەتتۇق! — دېدى.

— قېنى كېيىنچە يەنە بىر تۇتىشىپ كۆرەيلى، — دېدى جاڭ شيۇ.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىككى قوشۇن ئەنجۇڭ ناھىيىسىگە توپلىنىپ ئورۇنلاشتى.

شۇن يۈي ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق يۈەن شاۋنىڭ پايتەخت شۈيچاڭغا لەشكىرىي تەئەررۇز قىلماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەلۇمات يېزىپ كېچىلەپ ساۋ ساۋغا ئەۋەتتى. ساۋ ساۋ مەلۇماتنى ئالغاندىن كېيىن ئالاقزادە بولۇپ، شۇ كۈنىلا لەشكەرلىرىنى قايتۇردى. ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى جاڭ شيۇغا يەتكۈزدى، جاڭ شيۇ قوغلىماقچى بولدى.

— قوغلاشقا بولمايدۇ، — دېدى جيا شۈي، — قوغلايدىكەنمىز، چوقۇم يېڭىلىمىز.

— بۈگۈن قوغلىمىساق، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز، — دېدى ليۇ بياۋ ۋە جاڭ شيۇنى 1 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن قوغلاشقا ئۈندىدى. بۇلار تەخمىنەن بىرنەچچە ئون چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن، ساۋ ساۋنىڭ ھىماتچى قوشۇنىغا يېتىشىۋالدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى جاسارەت كۆرسىتىپ جەڭ قىلغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ شيۇ، ليۇ بياۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلىپ قايتىشتى.

— جانابلىرىنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن يېڭىلىپ قايتتۇق، — دېدى جاڭ شيۇ جيا شۈيگە.

— ئەمدى لەشكەرلەرنى رۇسلاپ يەنە قوغلايلى! — دەپ يول كۆرسەتتى جيا شۈي.

— يېڭىلىپ قايتقان تۇرساق، يەنە قانداق قىلىپ قوغلايمىز؟ — دېدى جاڭ شيۇ بىلەن ليۇ بياۋ.

— بۇ قېتىم قوغلايدىكەنمىز، چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز. ئەگەر شۇنداق بولمايدىكەن، بېشىم بىلەن جاۋاب قىلىمەن، — دېدى جيا شۈي.

جاڭ شيۇ ئىشەندى، ئەمما ليۇ بياۋ گۇمانلىنىپ، بىللە بېرىشقا ئۇنىمىدى. جاڭ شيۇ بىر قوشۇن بىلەن يەنە قوغلاپ

كەلدى. دېڭەندىكىدەك جەڭدە ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قاتتىق يېڭىلدى، ئۇلار يول بويلاپ دېڭۋدەك سانسىز ئات ـ ئۇلاغ، قورال ـ جابدۇقلارنى تاشلاپ قېچىشتى، جاڭ شيۇ راسا ئالغا قوغلاپ كېلىۋاتقان ۋاقتىدا بىردىنلا تاغنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى. جاڭ شيۇ ئالغا بېسىشقا پېتىنالماي، لەشكەرلىرىنى يىغىۋېلىپ، ئەنجۇڭغا قايتىپ كەلدى.

— دەسلەپ خىل لەشكەرلەر بىلەن چېكىنگەن لەشكەرلەرنى قوغلايمىز، دېسەك جانابلىرى چوقۇم يېڭىلىمىز دېدىلە؛ كېيىن يېڭىلگەن لەشكەرلەر بىلەن نۇسرەت قازانغان قوشۇننى قوغلاشقا ئۈندەپ، چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز دېدىلە. دەرۋەقە ئىش سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ جانابلىرى بىزگە ئېيتىپ بەرسىلە! — دەپ سوئال قويدى ليۇ بياۋ.

— بۇنى بىلىش ئاسان، — دېدى جيا شۈي، — سەركەردە جانابلىرى گەرچە لەشكەر تارتىشقا ماھىر بولسىلىمۇ، ساۋ ساۋنىڭ تاقابىلى ئەمەس. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېڭىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوغلاپ كېلىۋاتقانلاردىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن چوقۇم كۈچلۈك سەركەردىلىرىنى ئارقىغا قويىدۇ؛ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز ياخشى تاللانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ؛ شۇڭلاشقا يېڭىلىشىمىزنى بىلگەنىدىم. شۇنىڭدەك شۈيچاڭدا ۋەقە چىققانلىقتىن، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى ئالدىراپ چېكىندۈردى، لەشكەرلىرىمىز ئۈستىدىن زەپەر قۇچقاندىن كېيىن، ئېغىر نەرسىلىرىنى تاشلاپ تېز قايتىشقا ئىنتىلدى ۋە بىزدىن قايتا ئېھتىيات قىلمىدى؛ بىز ئۇنىڭ ئەنە شۇ ھازىرلىقسىز بولغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلدۇق ـ دە، زەپەر قۇچتۇق.

ليۇ بياۋ ۋە جاڭ شيۇلار جيا شۈينىڭ يۇكسەك دانالىقىغا قايىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن جيا شۈي ليۇ بياۋنى جىڭجۇغا قايتىشقا، جاڭ شيۇنى شياڭچېڭنى ساقلاشقا ۋە چىش بىلەن

كالپۇكتەك يېقىن ئالاقىدا بولۇشقا مەسلىھەت بەردى.
ھەر ئىككى قوشۇن ئۆز يولىغا راۋان بولۇشتى.

ئەمدى ساۋ ساۋغا كەلسەك، ئۇ دەل سەپەر ئۈستىدە ئىدى، جاڭ شيۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، شۇئان سەركەردىلىرىنى باشلاپ، ئارقىدىكىلەرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ياندى، ئەمما بۇ ۋاقىتتا قايتىۋاتقان جاڭ شيۇ لەشكەرلىرى كۆرۈندى. يېڭىلگەن لەشكەرلەر قايتىپ كېلىپ ساۋ ساۋغا:

— ئەگەر تاغ ئارقىسىدىن چىققان بۇ بىر توپ لەشكەر ئوتتۇرا يولنى توسۇۋالمىغان بولسا، ھەممىمىز ئەسىرگە چۈشۈپ كېتەتتۇق، — دەپ مەلۇمات بېرىشتى.

— كىم بۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

ھېلىقى كەلگەن ئادەم نەيزىسىگە تايىنىپ ئاتتىن چۈشۈپ ساۋ ساۋغا تەزىم قىلدى، بۇ ئادەم سۇرلۇك كەپتاۋۇل جياڭشيانىڭ پىڭچۈن دېگەن يېرىدىن بولۇپ، ئىسمى ـ زاتى لى تۇڭ، يەنە بىر ئىسمى ۋېن دا ئىدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭ قانداق قىلىپ كېلىپ قالغانلىقىنى سورىدى. لى تۇڭ:

— بۇ يېقىندىن بېرى رۇنەننى ساقلاۋاتقانىدىم، باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ جاڭ شيۇ، ليۇ بياۋلار بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ، مەخسۇس ھەمدەمگە كېلىۋىدىم، — دېدى.

ساۋ ساۋ خۇرسەن بولۇپ، ئۇنىڭغا جيەنگۇڭ بېگى دېگەن مەرتىۋە بەردى ۋە جاڭ شيۇ، ليۇ بياۋلاردىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن رۇنەننىڭ كۈنپېتىش تەۋەسىنى ساقلاشنى بۇيرۇدى. لى تۇڭ تەشەككۈر بىلدۈرۈپ قايتتى.

ساۋ ساۋ پايتەخت شۈيچاڭغا قايتقاندىن كېيىن، سۈن سېنىڭ ئەجىر ـ تۆھپىسىنى خانغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنى ئاسيلارنى جازالاش سەركەردىسى قىلىپ تەيىنلەتتى ھەم ئۇنىڭغا ۋۇ بېگى

www.uyghurkitap.com

دىگەن مەرتىۋىنى ئىلتىپات قىلغۇزدى. جياڭدۇڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ ليۇ بياۋدىن ساقلىنىشنى ۋە ئۇنى يوقىتىشنى بۇيرۇدى.

ساۋ ساۋ ئۆز مەھكىمىسىگە قايتقاندىن كېيىن، ھەممە مەنسەپدارلار زىيارەت قىلغىلى كەلدى. زىيارەت تامام بولغاندىن كېيىن:

— باش ۋەزىر جانابلىرى، — دېدى شۈي يۈي، — ئەنجۈڭغا ئالدىرىماي كېلىش يولى بىلەن قاراقچىلار قوشۇنى ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇشنى قانداق بىلدىلە؟

— قارشى تەرەپنىڭ قايتىدىغان يولى بولمىغاچقا، جان تىكىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر، شۇڭلاشقا مەن ئالدىرىماي مېڭىش يولى بىلەن ياۋنى ئالداپ ئەكېلىپ، يوشۇرۇنچە سوقسام، نۇسرەت قازىنىشىم چوقۇم ئىدى، — دېدى ساۋ ساۋ.

شۈي يۈي بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ قايىل بولدى.

گو جيا كىرىۋىدى، ساۋ ساۋ:

— جانابلىرى نېمە ئۈچۈن شۇنچە كېچىكىپ كەلدىلە؟ — دەپ سورىدى، گو جيا يېڭىدىن بىر خەت چىقىرىپ ساۋ ساۋغا سۇندى ۋە:

— يۈەن شاۋ باش ۋەزىر جانابلىرىغا بىر ئادىمىدىن بۇ خەتنى ئەۋەتىپتۇ، سۆزلىرىگە قارىغاندا، گۇڭسۈن زەنگە قارشى يۈرۈش قىلماقچى بولۇپ، ئالايىتەن ئاشلىق ۋە لەشكىرىي ياردەم سوراپ كەپتۇ، — دېدى.

— مېنىڭ ئاڭلىشىمچە يۈەن شاۋ پايتەخت شۈيچاڭغا تەئەررۇز قىلماقچى ئىكەن، ئەلھال مېنىڭ قايتقىنىمنى كۆرۈپ، باشقا خىيالغا كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى ـ دە، لىپاپىنى يىرتىپ خەتنى ئوقۇدى، خەتنىڭ مەزمۇنىدا تەمەننا سۆزلىرى كۆپ ئىدى، بۇ ساۋ ساۋنىڭ ئىززىتى نەپسىگە تەگدى.

— يۈەن شاۋ شۇقەدەر ئەدەپسىزلىك، ئۆكتەملىك قىلامدۇ، بۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلماقچىدىم، بىراق كۈچۈم

يېتەرلىك ئەمەس، قانداق قىلىش لازىم؟ — دېدى ساۋ ساۋ گو جىيادىن كېڭەش سوراپ.

— لىيۇ باڭنىڭ كۈچى شىياڭ يۈيگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى مەلۇم، — دېدى گو جىيا، — گاۋزۇ (لىيۇ باڭ) ئەقىل جەھەتتە ئۇنى يېڭىدىغانلىقىنى بىلەتتى، شىياڭ يۈي كۈچلۈك بولسىمۇ، ئاخىردا قولغا چۈشتى. ئەلھال يۈەن شاۋنىڭ لەشكىرى كۆپ، لېكىن ئۇنىڭدىن قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، يۈەن شاۋنىڭ ئون ئاجىزلىقى بار، جانابلىرىنىڭ ئون ئۈستۈنلۈكلىرى بار: يۈەن شاۋ تولا تەكەللۇپچان، جانابلىرى ئەدەب ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنى ئاددىي تۇتىدىلا، دېمەك ئەدەب بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۈەن شاۋ ۋاپاسىز ئادەم، جانابلىرى ۋاپا ئەھلى، دېمەك ۋاپا بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ خۇەن دى خان ۋە لىڭ دى خاندىن بۇيان بوشاڭلىق سەۋەبىدىن خاندانلىق زەئىپلىشىپ كېتىۋاتىدۇ؛ يۈەن شاۋ بوشاڭ، ئىرادىسى بوش ئادەم، جانابلىرى قەتئىي نىيەتلىك كىشى، دېمەك ئىدارە قىلىش بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۈەن شاۋ تېشى كەڭ، ئىچى تار، يەنى ھەسەتخور، بەگ - سىپاھلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، جانابلىرى تەقى - تۇرقىلىرى ساددا، ئادىل نىيەتلىك كىشى، ئادەملەرنى تالانت - قابىلىيىتىگە قاراپ ئىشلىتىدىلا، دېمەك ئاق كۆڭۈللۈك، پاكلىق بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلدىلا؛ يۈەن شاۋ كۆپ ئەقىل - پاراسەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى كېسىپ قىلالمايدۇ، جانابلىرى پەم - تەدبىر تاپقان ھامان، دەرھال ئىجرا قىلىدىلا، دېمەك پەم - پاراسەت بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۈەن شاۋ خاس شۆھرەت بىلەن ئاۋارە، جانابلىرى كىشىلەرگە سەمىمىيەت - ئىخلاس بىلەن مۇئامىلە قىلىدىلا، دېمەك ئەخلاق بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۈەن شاۋ يېقىنلىرىغىلا مېھىر - شەپقەت قىلىپ، ياتلارغا ئېتىبار بەرمەيدۇ، جانابلىرى ھەممىگە ئەتراپلىق ئېتىبار بېرىدىلا، دېمەك رەھىمدىللىك بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۇەن شاۋ غەيۋەت ـ شىكايەتكە قۇلاق سالىدۇ، جانابلىرى مۇنداق غەيۋەت ـ شىكايەتلەرگە قۇلاق سالمايدىلا، دېمەك پەزىلەت بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۇەن شاۋ راست ـ يالغاننى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قويىدۇ، جانابلىرى قانۇننى قاتتىق ـ ئوچۇق ئىجرا قىلىدىلا، دېمەك مۇلكىيە بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا؛ يۇەن شاۋ قۇرۇق پوپوزا قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ، لەشكىرىي ئىشلار ماھارىتىنى بىلمەيدۇ، جانابلىرى ئاز قوشۇن بىلەن كۆپ قوشۇننى ئالالايدىلا، پەۋقۇلئاددە ئۈستىلىق بىلەن لەشكەرلەرنى ئىشقا سالىدىلا، دېمەك ئەلەم بىلەن ئۈستۈنلۈك قىلىدىلا. جانابلىرىدا بۇ ئون ئۈستۈنلۈك بولغاچقا، يۇەن شاۋنى يېڭىشلىرى قىيىن ئەمەس.

— جانابلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى پېقىردا ئاز تېپىلارمىكىن! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

— گو جيانىڭ ئون ئۈستۈنلۈك ۋە ئون ئاجىزلىق ھەققىدىكى قاراشلىرى مېنىڭ قارىشىم بىلەن ئوخشاش. يۇەن شاۋنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولسىمۇ، قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ — دېدى شۈن يۈي.

— شۈيجۈدىكى لۈي بۇ، — دېدى گو جيا، — ھەقىقەتەن بىز ئۈچۈن بالايىئاپەت. بۇگۈن يۇەن شاۋنىڭ ئۈستۈن تەرەپكە، يەنى گۇڭسۇن زەنگە قارشى يىراققا يۈرۈش قىلغان پەيتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدى بىلەن لۈي بۇنى جايلاپ، كۈنچىقىش تۈۋەن تەرەپنى تازىلىلى ـ دە، ئاندىن كېيىن يۇەن شاۋنى جايلايلى. مانا بۇ ئەلا تەدبىر؛ ئەكس ھالدا بىز يۇەن شاۋغا تېگىش قىلساق، لۈي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پايتەخت شۈيچاڭغا تەئەررۇز قىلسا، بۇنىڭ بىزگە زور زىيىنى يېتىدۇ.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، كۈنچىقىش تەرەپتىكى لۈي بۇغا قارشى يۈرۈش قىلىش كېڭىشىنى ئۆتكۈزدى.

— كېلىشىۋېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ليۇ بېيغا كىشى

ئەۋەتىپ، جاۋابىنى ئېلىپ، ئاندىن لەشكەر تارتساق بولىدۇ، — دېدى شۇن يۈي.

ساۋ ساۋ بۇنى ماقۇل كۆردى ـ دە، بىر تەرەپتىن لىۇ بېيغا خەت ئەۋەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن يۈەن شاۋنىڭ ئەلچىسىنى ياخشى كۈتكەندىن كېيىن، خانغا مەلۇم قىلىپ، يۈەن شاۋنى ئالىي سەركەردە، ئەمىر ۋە قوشۇمچە جىجۇ، چىڭجۇ، يۇجۇ، بىڭجۇ ئايماقلىرىنىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىن ئەتكۈزمەك بولدى، ئاندىن يۈەن شاۋغا «جانابلىرى گۇڭسۇن زەنگە قارشى يۈرۈش قىلىدىغان بولسىلا، مەن ھەمدەمدە بولىمەن» دەپ مەخپىي مەكتۇپ يوللىدى. يۈەن شاۋ مەكتۇپنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدى ۋە گۇڭسۇن زەنگە تېگىش قىلىش ئۈچۈن لەشكىرىي يۈرۈش باشلىدى.

ئەمدى گەپنى لۈي بۇدىن ئاڭلاڭ. لۈي بۇ شۈيجۇدا ھەر قېتىم مېھمانلارغا مەرىكە ـ سورۇن بەرگەن ۋاقتىدا، چېن گۈي ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن لۈي بۇنىڭ پەزىلەت ـ ئەخلاقىنى ماختاپ خۇشامەتگۈيلۈق قىلىدى. چېن گۇڭغا بۇ قىلىقلار ياقمىدى ۋە لۈي بۇغا:

— چېن گۈي ئاتا ـ بالا ئىككىسى سەركەردە جانابلىرىغا خۇشامەتگۈيلۈق قىلىدۇ، بۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئېھتىيات قىلغان ياخشىراق! — دەپ مەسلىھەت بەردى.

— سىلى تولىمۇ غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىدىغان بولۇپ كەتتىلە، ياخشى ئادەملەرگە زىيانكەشلىك قىلماقچىمىدىلە؟ — دەپ دوق قىلدى لۈي بۇ بۇنىڭغا خاپا بولۇپ.

چېن گۇڭ ھەسرەت چېكىپ «سەممىمىي سۆزلەر قۇلىقىغا كىرمەيدۇ، ماڭا ئوخشىغانلار چوقۇم بىر ھادىسىگە يولۇقىدۇ!» دېدى ۋە لۈي بۇنى تاشلاپ باشقا بىرەرتە جايغا كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ۋاپاسىزلىق قىلغان بولماي، باشقىلار مەسخىرە قىلمىسۇن، دەپ يەنە قېلىۋەردى. ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىلىك ئامبىرى
www.uyghurkitap.com

پەرىشانلىق ئىچىدە يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى بىرنەچچە ئون ئاتلىق ئادىمى بىلەن كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىدە، شياۋپېي تەۋەسىدە ئوۋ ئوۋلاپ يۈرگىنىدە، تاسادىپىي خانلىق يولىدا بىر ئاتلىق خان چاپارمىنىنىڭ ئۇچقاندەك كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. چېن گۈڭ گۇمانلىنىپ ئوۋنى قويۇپ، چىغىر يول بىلەن قوغلاپ چاپارمەنگە يېتىشىۋالدى ۋە:

— سىز قەيەردىن ۋە سىزنى كىم ئەۋەتتى؟ — دەپ سورىدى.

چاپارمەن بۇلارنىڭ لۈي بۇنىڭ كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تەمتىرەپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. چېن گۈڭ ئاختۇرۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئاختۇرۇش نەتىجىسىدە يېنىدىن ليۇ بېيىنىڭ ساۋ ساۋغا يازغان مەخپىي خېتى چىقتى. چېن گۈڭ بۇ ئادەمنى خەت بىلەن بىرگە لۈي بۇ ئالدىغا ئەكىردى. لۈي بۇ ئۇنى سۈرۈشتۈردى. چاپارمەن:

— باش ۋەزىر ساۋ ساۋ مېنى ليۇ بېيىغا خەت ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇغانىدى، بۇگۈن جاۋاب خېتىنى ئېلىپ كېلىۋاتىمەن، خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقى ماڭا نامەلۇم، — دەپ جاۋاب بەردى. لۈي بۇ خەتنى ئېچىپ ئوقۇپ كۆردى. خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىكەن:

لۈي بۇنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدىكى يارلىقنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئەمما شۇنى ئېسىڭىزدە چىقارماڭكى، بۇ ئىش كويىدا بولماقتىمەن، ئەمما كەمىنىلىرىدە لەشكەر، سەركەردە ئاز بولغاچقا، ئويۇل - تويۇل ھەرىكەت قىلالمىدىم. ئەگەر باش ۋەزىر جانابلىرى يۈرۈش باشلىسىلا، كەمىنە ليۇ بېيىلىرى ئالدىنقى قىسىم بولۇپ خىزمەت قىلىمەن. ھازىر جىددىي تەييارلىق قىلىپ، ئەمرى كۈتۈپ تۇرۇپتىمەن.

لۈي بۇ خەتنى كۆرۈپ بولۇپ:

— ھەي ئوغرى ساۋ ساۋ، مۇنداق قىلىشقا نېمە ھەددىڭ ئىدى! — دەپ تىللىدى ۋە چاپارمەننىڭ كاللىسىنى ئالدى.

ئالدى بىلەن تەيشەن تېغىدىكى قاراقچىلاردىن سۇن گۇەن، ۋۇدۇن، يى لى، چاڭ شىلار بىلەن بىرلىشىپ خۋاشەن تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى ئايماقلارنى ۋە يەنجۇنى ئېلىشقا چىن گۇڭ، زاڭ بالارنى؛ شياۋپېينى ئېلىپ ليۇ بېيغا تېگىش قىلىشقا گاۋ شۇن بىلەن جاڭ لياۋلارنى؛ كۈنپېتىش تەرەپتىكى رۇنەن، يىڭجۇلارنى ئېلىشقا سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۇينى بۇيرۇدى. لۈي بۇ ئۆزى بارگاھ قوشۇنىنى باشلاپ ئۈچ يول لەشكەرلىرىگە بولۇشىدىغان بولدى.

گاۋ شۇن لەشكەر تارتىپ شۇيجۇدىن چىقىپ، شياۋپېيغا يېقىنلىشىپ قالغان ۋاقتىدا، پايلاقچىلار بۇ خەۋەرنى ليۇ بېيغا يەتكۈزدى. ليۇ بېي دەرھال كۆپچىلىكنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— ساۋ ساۋغا ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى دەرھال مەلۇم قىلىش كېرەك، — دېدى سۇن چيەن.

— ئەھۋالنىڭ جىددىيلىكىنى كىم پايتەخت شۇيچاڭغا يەتكۈزىدۇ! — دېدى ليۇ بېي.

— مەن بارىمەن، — دېدى تاپسا ئاستىدا تۇرغانلاردىن بىرى.

بۇ كىشى ليۇ بېينىڭ يۇرتدىشى، ئىسىم - زاتى جيەن يۇڭ، يەنە بىر ئىسمى شيەن خې دېگەن كىشى ئىدى، ئەلھال ئۇ ليۇ بېينىڭ مەھكىمە مىرزىسى ئىدى. ليۇ بېي خەت يېزىپ جيەن يۇڭنى ياردەم تىلەش ئۈچۈن كېچىلەپ پايتەخت — شۇيچاڭغا ئەۋەتتى؛ يەنە بىر تەرەپتىن شەھەرنى قوغداش ئۈچۈن، قورال - جابدۇقلارنى تەقلىدى. ليۇ بېي ئۆزى ئاستىن قوۋۇقنى ساقلايدىغان بولۇپ، ئۈستۈن قوۋۇقنى ساقلاشقا سۇن چيەننى، كۈنپېتىش قوۋۇقنى ساقلاشقا گۈەن يۈينى، كۈنچىقىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىلگىسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

قوۋۇقنى ساقلاشقا جاك قېپىنى قويدى. مى جو بىلەن ئىنىسى مى فاڭنى بارگاھنى ئىدارە قىلىشقا تەيىنلىدى. مى جو ئۆز سىڭلىسىنى لىۋ بېيغا توقاللىققا بېرىپ، ئۇرۇق ــ تۇغقان بولۇشقانىدى. شۇڭلاشقا ئۇنى بارگاھ بىلەن بالا ــ چاقىلارنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويدى.

شۇنداق قىلىپ گاۋ شۇننىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلدى.

— مېنىڭ لۈي بۇ بىلەن ئاداۋىتىم يوق ئىدى، نېمە ئۈچۈن لەشكەر باشلاپ كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى لىۋ بېي كۆزەت راۋىقىدا تۇرۇپ.

— سىز ساۋ ساۋ بىلەن بىرلىشىپ، خوجايىنىمىنى يوقاتماقچى بولغان ئىكەنسىز، بۇگۈن سىر پاش بولۇپ قالدى، نېمە ئۈچۈن ئۆز ــ ئۆزىڭىزنى باغلاپ گۇناھىڭىزنى تىلىمەيسىز؟ — دېدى گاۋ شۇن ۋە سۆزىنى تۈگىتىپلا لەشكەرلىرى بىلەن شەھەرگە تېگىش قىلدى. لىۋ بېي قوۋۇقنى بېكىتىۋېلىپ چىقمىدى.

ئەتىسى جاڭ لياۋ لەشكەرلىرى بىلەن كۈنپېتىش قوۋۇققا تېگىش قىلدى. گۇەن يۈي سېپىلدا تۇرۇپ:

— جانابىڭىز تۈپتۈزۈك كىشىلەردىنسىز، نېمە ئۈچۈن ئوغرىلارغا بېرىلىپ كېتىسىز؟ — دەپ خىتاب قىلىۋىدى، جاڭ لياۋ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۈندىمىدى. گۇەن يۈي بۇ كىشىدە ساداقەت، مەردلىك بارلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن، يامان سۆز قىلمىدى ۋە چىقىپ جەڭمۇ قىلمىدى. جاڭ لياۋ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كۈنچىقىش قوۋۇققا چېكىندى. جاڭ فېي جەڭگە چىقتى. بۇ خەۋەرنى ئادەملەر ئاللىقاچان گۇەن يۈيگە يەتكۈزگەنلىكتىن، گۇەن يۈي ئالدىراپ كۈنچىقىش قوۋۇققا كەلگەندە، جاڭ فېي تۇتۇشۇش ئۈچۈن شەھەردىن ئەمدىلا چىقىپ كەتكەن، جاڭ لياۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرگەنىكەن. جاڭ فېي قوغلىماقچى بولۇۋاتقاندا، گۇەن يۈي ئۇنى شەھەرگە چاقىرىۋالدى.

— ئۇ قورقۇپ چىكىنسە، نېمىشقا قوغلىمايمىز؟ — دېدى جاڭ فېي.

— ئۇ جەڭ ماھارىتىدە، — دەپ چۈشەندۈردى گۇەن يۈي، — سىز بىلەن مېنىڭدىن قېلىشمايدۇ. مەن ھەق سۆزلەر بىلەن ۋىجدانىغا تەسىر ئەتكەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇ تۆۋە قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، بىز بىلەن جەڭ قىلمىدى.

جاڭ فېي چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر قوۋۇقىنى قاتتىق ساقلاش ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، تۇتۇشۇشقا زادى چىقمىدى.

جيەن يۇڭغا كەلسەك، ئۇ پايتەخت — شۈيچاڭغا يېتىپ بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشۈپ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ساۋ ساۋ شۇئان مۇشاۋىرلارنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى.

— مەن لۇي بۇغا تېگىش قىلىشتا، يۇەن شاۋ خەۋپىدىن قورقمايمەن، پەقەت ليۇ بياۋ بىلەن جاڭ شيۇنىڭ ئارقا تەرەپتىن تېگىشىدىن ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئىككىسى ئەمدىلا يېڭىلگەن، ئۇلار يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمايدۇ، لۇي بۇ شىرمەت باتۇر، ئەگەر يۇەن شۇ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالسا، خۇەينەن، سىشاڭلاردا دەۋران سۈرىدۇ - دە، ئۇ چاغدا يوقاتماق قىيىن بولىدۇ، — دېدى شۈن يۈي.

— بۇگۇن، — دېدى گو جيا، — ئۇنىڭ يېڭىدىن يۈز ئۆرۈگەن ۋاقتى، ئەل تېخى ئۇنىڭغا قاراشمىدى، تېز بېرىپ يوقىتىش لازىم.

ساۋ ساۋ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، شۇئان شيا خۇدۇن، شيا خۇيۇەن، لۇي چيەن، لى ديەنلەرنى 5 تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا سېلىپ، ئۆزى چوڭ قوشۇننى باشلاپ ئارقىمۇئارقا سەپەرگە ئاتلاندى، جيەن يۇڭمۇ بىللە ماڭدى. ئايغاقچىلار بۇ خەۋەرنى ئالدىقاچان گاۋ شۇنگە يەتكۈزۈشكەندى،

www.uyghurkitap.com

گاۋ شۇنمۇ خەۋەرنى تېزلىكتە لۈي بۇغا مەلۇم قىلدى، لۈي بۇ ئالدى بىلەن خۇ چېك، خاۋ مېك، ساۋ شىڭلارنى 200 ئاتلىق بىلەن گاۋ شۇنگە ھەمدەم بولۇشقا ئەۋەتتى ۋە شياۋپېي شەھىرىدىن 30 چاقىرىم يىراق مۇساپىگە چىقىپ ساۋ ساۋ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىششقا بۇيرۇدى. ئۆزى چوڭ قىسىملىرى بىلەن ئارقىدىن ھەمدەمدە بولماقچـــى بولدى. ليۇ بېي شەھەردە تۇرۇپ گاۋ شۇننىڭ چېكىنگىنىدىن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگىنىنى پەملىدى ـ دە، شەھەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا سۇن چيەننى، ئائىلىدىكىلەرنى قوغداشقا مى جۇ بىلەن مى فاڭنى قالدۇرۇپ، ئۆزى گۇەن يۈي، جاڭ فېي ئىككىسىنى بىر توپ قوشۇن بىلەن ئېلىپ شەھەردىن چىقىپ، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىگە ھەمدەمدە بولۇش ئۈچۈن بۆلۈنۈپ قارارگاھ قۇردى.

شيا خۇدۇن لەشكەرلىرى ئالغا قاراپ كېلىۋاتقىنىدا، گاۋ شۇن قوشۇنلىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى ـ دە، نەيزىسىنى ئېلىپ ئات سېلىپ چىقتى، گاۋ شۇنمۇ تىغ كۆتۈرۈپ ئېتىلىپ چىقتى. ئىككى ئات روبىرو بولدى، ئارىدا 40 — 50 رەددى بەدەل ئۆتۈلۈۋىدى، گاۋ شۇن ئاجىزلىق قىلىـــپ مەيداندىن چېكىندى. شيا خۇدۇن ئات قويۇپ قوغلاپ كەلدى، گاۋ شۇن سەپ ئايلىنىپ قاچتى. شيا خۇدۇن ئۇنى قولدىن بېرىۋېتىشكە قيماي، ئۇمۇ سەپ ئايلىنىپ قوغلاۋەردى. سەپتە تۇرغان ساۋ شىڭ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كامانىنى يوشۇرۇنچە قولىغا ئالدى ـ دە، نىشانىنى ئوبدان توغرىلىۋېلىپ يېقىن كەلگەندە بىر ئوق ئېتىۋىدى، ئوق دەل شيا خۇدۇننىڭ سول كۆزىگە تەگدى. شيا خۇدۇن بىر چىرقىرىۋەتتى ـ دە، دەرھال كۆزىگە قادالغان ئوقنى تارتىۋىدى، كۆز قارىچۇقى بىللىلا سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. شيا خۇدۇن توۋلاپ تۇرۇپ: «ئاتامنىڭ ئۇرۇقى، ئانامنىڭ قېنى، تاشلاش مۇمكىـــن ئەمەس!» دېدى ـ دە، ئاغزىغا سېلىـــپ يۇتۇۋېتىپ، نەيزىسىنى ئويناتقىنىچە ئات چاپتۇرۇپ، توپتوغرا

ساۋ شىڭغا ئىتىلدى. ساۋ شىڭ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدى ۋە يۈزىگە ئۇرۇلغان نەيزە زەربىسى بىلەن ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. ھەر ئىككى قوشۇندىكىلەر بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ قېلىشتى. شيا خۇدۇن ساۋ شىڭنى ئۆلتۈرۈپ، ئېتىنى قايتۇرۇپ مېڭىشىغا، گاۋ شۇن ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى، لەشكەرلىرىمۇ بىراق چاپ - چاپقا ئۆتتى، ساۋ ساۋ قوشۇنى قاتتىق يېڭىلدى. شيا خۇيۈەن ئاكىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قاچتى. لۈي جيەن، لى ديەنلەر يېڭىلگەن لەشكەرلىرىنى جىبېيگە قايتۇرۇپ قارارگاھ قۇردى.

نۇسرەت قازانغان گاۋ شۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ليۇ بېيغا ھۇجۇم قىلدى. دەل بۇ ۋاقىتتا لۈي بۇمۇ چوڭ قوشۇن بىلەن يېتىپ كەلدى، لۈي بۇ جاڭ لياۋ، گاۋ شۇن بىلەن لەشكەرلىرىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، ليۇ بېي، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارنىڭ ئۈچ قارارگاھىغا تېگىش قىلدى. ھەيھات:

*كۆز قارىچۇقا يۇتقان باتۇر ماھىر بولسىمۇ جەڭگە،*
*ئوق يېگەن ئۇ تۇرشاۋۇل نىچۇك چىدىسۇن دەردكە.*

ليۇ بېينىڭ يەڭگەن ياكى يېڭىلگەنلىكىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ئون توققۇزىنچى باب

## شياۋپېي شەھىرىدە ساۋ ساۋنىڭ قاتتىق ئېلىنىشقانلىقى
## ئاق قوۋۇق راۋىقىدا لۈي بۇنىڭ ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى

ئەلقىسسە، گاۋشۇن جاڭ لياۋنى باشلاپ گۇەي يۈي قوشۇنىغا، لۈي بۇنىڭ ئۆزى جاڭ فېينىڭ قارارگاھىغا تەگدى. گۇەن يۈي، جاڭ فېيلارمۇ چىقىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى ئىككى يولغا بۆلۈپ بولۇشقىلى چىقتى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى بۆلۈپ، ئارقىدىن چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى. گۇەن يۈي، جاڭ فېي لەشكەرلىرى يېڭىلىپ قالدى، ليۇ بېي بىرنەچچە ئون ئاتلىق لەشكىرى بىلەن شياۋپېي شەھىرىگە قاراپ قاچتى. لۈي بۇ قوغلاپ ماڭدى. ليۇ بېي: ئاسما كۆۋرۈكنى تېز چۈشۈرۈڭلار! دەپ سېپىلدىكىلەرگە توۋلىدى، لۈي بۇمۇ ئارقىدىن قوغلاپ يېتىپ كېلىپ قالدى، سېپىلدىكىلەر ئوق ئاتسا ليۇ بېيغا تېگىپ كېتەرمىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن ئوق ئاتالماي قالدى. لۈي بۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، چاپ - چاپ بىلەن سېپىل قوۋۇقىدىن كىرىپ كەلدى، قوۋۇقنى ساقلاپ تۇرغانلار تەڭ كېلەلمەي، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشتى. لۈي بۇ لەشكەرلىرىنى چاقىرىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى، ليۇ بېي ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى كۆرۈپ، ئۆيىگە بېرىشقا ھەم

ئۆلگۆرەلمەي بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ، شەھەرنى كېسىپ ئۆتتى - دە، كۆنپېتىش قوۋۇقتىن چىقىپ بەدەر تىكىۋەتتى. لۇي بۇ ليۇ بېيىنىڭ ئۆيىگە قوغلاپ كەلگىنىدە مى جۇ ئالدىغا چىقىپ:

— مەرد يىگىتلەر باشقىلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان، بۈگۈن سەركەردە جانابلىرى بىلەن ئەلنى تالىشىۋاتقان كىشى ساۋ ساۋ. ليۇ بېي ھەر دائىم جانابلىرىنىڭ قارارگاھلىرى قوۋۇقىدا يالمانغا ئوق ئېتىپ قىلغان ھەمدەملىك - ئىلتىپاتلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى ۋە سەركەردە جانابلىرىغا يۈز ئۆرۈش نىيىتى يوق ئىدى، ئەلھال ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن ساۋ ساۋدىن پاناھ تىلەشكە مەجبۇر بولدى، سەركەردە جانابلىرى رەھىم قىلسىلا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— مېنىڭ ليۇ بېي بىلەن ئۇزاقتىن بېرى ئاغىنىدارچىلىقىم بار، بالا - چاقىلىرىغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، — دېدى لۇي بۇ ۋە مى جۇنى ليۇ بېيىنىڭ بالا - چاقىلىرىنى شۈيجۇغا ئاپىرىپ ئورۇنلاشتۇرۇشقا بۇيرۇدى.

شۇنداق قىلىپ لۇي بۇ لەشكەرلىرى بىلەن خۇاشەن تېغىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى يەنجۇ تەۋەسىگە ماڭدى، شياۋپېي شەھىرىنى ساقلاشقا گاۋشۈن بىلەن جاڭ لياۋنى قالدۇردى. بۇ ۋاقىتتا سۈن -يەنمۇ شەھەردىن قېچىپ چىقىپ كەتكەنىدى، گۈەن يۈي بىلەن جاڭ فېيمۇ بىرئاز ئادەملىرىنى يىغىۋېلىپ، تاغقا چىقىپ ئورۇنلاشتى.

ليۇ بېي بىر ئات - بىر قامچا بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقىنىدا ئارقىدىن بىرەيلەن يېتىشىپ كەلدى، قارىسا ئۇ سۈن چيەن ئىكەن.

— ھازىر ئىككى ئىنىمنىڭ تىرىك ياكى ئۆلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس، بالا - چاقىلاردىن ئايرىلدىم، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دېدى ليۇ بېي.

— ھازىرچە، — دېدى سۇن چيەن، — ساۋ ساۋدىن پاناھ تىلەيلى، كېيىن بىرەر تەدبىر كۆرەرمىز.

بۇ مەسلىھەت ليۇ بېيغا ماقۇل كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاناھ ئىزدەپ چىقىر يول بىلەن پايتەخت شۈيچاڭغا قاراپ مېڭىشتى. ئوزۇق - تۈلۈكلىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن يېزىلارغا كىرىپ ئوزۇق - يېمەك سورايتتى. بارغانلىكى يەرلىرىدە ئۇنىڭ يۈيجۇ پاسىبانى ليۇ بېي ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان خەلق بەس - بەس بىلەن ئوزۇق تەقدىم قىلىشاتتى. بىر كۈنى بىرىنىڭكىدە قونۇشقا توغرا كېلىپ قالدى، بۇ ئۆيدىن بىر ياش يىگىت چىقىپ ليۇ بېيغا سالام قىلدى. ليۇ بېي ئۇنىڭ ئىسىم - زاتىنى سۈرۈشتۈردى، ئۇ ئوۋچى ليۇئەن دېگەن يىگىت ئىكەن. ليۇئەن ليۇ بېينىڭ يۈيجۇ پاسىبانى ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدىن كېيىن، دەرھال ئۇنى مېھمان قىلماق بولدى، لېكىن دەماللىققا گۆش تاپالمىغانلىقتىن، خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ سېلىپ بەردى. ليۇ بېي:

— بۇ نېمە گۆشى؟ — دەپ سورىدى.

— بۆرە گۆشى، — دەپ جاۋاب بەردى ليۇ ئەن.

ليۇ بېي گۇمان قىلماستىن تويغۇچە يەپ يېتىپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا ئاتلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئارقا قورۇغا ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، تاسادىپىي ئاشخانا تۈۋىدە بىلىكىنىڭ گۆشى تامام شىلىپ ئېلىنغان بىر ئايالنىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ چۆچۈپ سورىدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئاخشام يېگەن گۆشلىرىنىڭ يىگىتنىڭ ئايالىنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ليۇ بېي ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا ئاتلاندى. ليۇ ئەن:

— مەن جانابلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ بىرگە بېرىشنى خالايتتىم، بىراق قېرى ئانام بولغاچقا يىراققا بارالمايمەن، — دېدى.

ليۇ بېي مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى.



www.uyghurkitap.com

سەپەردە لياڭچېڭ شەھىرىدىن چىققاندا، پۈتۈن يەر ـ جاھاننى قاپلىغان چاڭ ـ توزان ئىچىدە كېلىۋاتقان بىر توپ چوڭ قوشۇن كۆرۈندى. ليۇ بېي بۇنىڭ ساۋ ساۋ قوشۇنى ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ دەرھال سۈن چيەن بىلەن بارگاھ قوشۇنى تۇغى ئاستىغا بېرىپ، ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتى ۋە شياۋپېي شەھىرىنىڭ قولدىن كەتكەنلىكىنى، ئىككى ئىنىسىنىڭ تاراپ كەتكەنلىكىنى، بالا ـ چاقىلىرىنىڭ شۇ يەردە قالغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى. ساۋ ساۋمۇ كۆز يېشى قىلدى. يەنە ليۇ ئەنىنىڭ خوتۇنىنى ئۆلتۈرۈپ مېھمان قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىدى، ساۋ ساۋ سۈن چيەننى 100 سەر ئالتۇن ئاپىرىپ ئۇنىڭغا ئىنئام قىلىشقا بۇيرۇدى.

قوشۇن جىبېيگە يېتىپ كەلگەندە، شيا خۇيۇەن ئىستىقبال قىلىپ قارارگاھقا باشلاپ كىردى ۋە ئاغىسى شيا خۇدۇننىڭ بىر كۆزىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە كېسەل ياتقانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. ساۋ ساۋ ئۆزى كېسەل ئالدىغا بېرىپ ھال ـ ئەھۋال سورىدى ۋە ئاۋۋال شۈيچاڭغا قايتىپ داۋالىنىشنى بۇيرۇدى. يەنە بىر تەرەپتىن لۈي بۇنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئايغاقچىلار ئەۋەتتى. ئايغاقچىلار:

— لۈي بۇ چېن گۇڭ، زاڭ باالار بىلەن بىرلىكتە تەيشەن تېغىدىكى قاراقچىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، يەنجۇ قاتارلىق دىيار ـ ئايماقلارغا تېگىش قىلىۋېتىپتۇ! — دەپ مەلۇمات ئېلىپ كېلىشتى.

ساۋ ساۋ شياۋپېينى ئېلىشقا 3000 لەشكەر بىلەن ساۋ رېننى بۇيرۇدى. ئۆزى ليۇ بېي بىلەن بۈيۈك لەشكىرىنى باشلاپ لۈي بۇ بىلەن ئېلىشىشقا ماڭدى. خۋاشەننىڭ كۈنچىقىش تەرىپىگە يېتىپ كېلىپ شياۋگۇەنگە يېقىنلاشقاندا، تەيشەن تېغى قاراقچىلىرى سۈن گۇەن، ۋۇ دۈن، يى لى، چاڭ شىلار 3 تۈمەندىن ئارتۇق لەشكەر بىلەن يول توسۇدى.

ساۋ ساۋ شۈي چۈنى ئېلىشىشقا چىقاردى. تۆت پالۋان تەڭلا ئاتلىنىپ چىقتى. شۈي چۇ غەيرەت كۆرسىتىپ جان تىكىپ ئېلىشتى. تۆت پالۋان تەك كېلەلمەي، ھەممىسى چېكىنىپ قاچتى. ساۋ ساۋ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چاپ - چاپ قىلىپ تاكى شياۋگۇەنگىچە قوغلاپ باردى. ئايغاقچىلار ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ ئەھۋالنى لۈي بۇغا مەلۇم قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا لۈي بۇ شۈيجۇغا قايتىپ، چېن دېڭ بىلەن شياۋپېينى قوغدۇشقا كەلمەك بولۇپ تۇرغان ۋە شۈيجۇنى ساقلاشقا چېن گۈيگە بۇيرۇق بەرگەنىدى. چېن دېڭ ماڭار ۋاقتىدا چېن گۈي ئۇنىڭغا:

— ئۆتمۈشتە جانابىي ساۋ ساۋ كۇنچىقىش تەرەپنىڭ ئىشلىرىنى ئوغلۇم ساڭا ھاۋالە قىلغانىدى، ئەمدى لۈي بۇنىڭ يېڭىلگەن ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى جايلاش كېرەك، — دەپ تەۋسىيە قىلدى.

— سىرتنىڭ ئىشلىرىنى، — دېدى چېن دېڭ، — پەرزەنتىڭىز بىرنەرسە قىلارمەن؛ لۈي بۇ يېڭىلىپ كەلگەندە، ئاتا سىز مى جۇ بىلەن بىرلىكتە شەھەرنى ساقلاپ، لۈي بۇنى شەھەرگە كىرگۈزمەيسىز، مەن ئۆزۈمنى قۇتۇلدۇرۇش ئىلاجىنى كۆرىمەن.

— لۈي بۇنىڭ بالا - چاقىلىرى بۇ يەردە، سىرداش، ئىخلاسمەنلىرى كۆپ، قانداق قىلماق كېرەك؟

— پەرزەنتىڭىز بۇنىڭمۇ ئىلاجىنى قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى چېن دېڭ ۋە لۈي بۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— شۈيجۇ تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرە ئاستىدا قالدى، ساۋ ساۋ چوقۇم بۇ يەرگە قاتتىق تېگىش قىلىدۇ، مېنىڭچە ئالدى بىلەن پۇل - مال، ئاشلىق تۇلۇكلەرنى شياۋپېيغا يۆتكىسەك، شۈيجۇ مۇھاسىرە قىلىنغاندا، شياۋپېيدا ئاشلىق بولغاچقا قۇتقۇزۇش ئىمكانىيىتى بولىدۇ، جانابىي تەقسىر، نېمىشقا

بۇنىڭغا ئالدىن چارە كۆرمەيدىلا؟ — دېدى.

— چېن دېڭ، سۆزىڭىز ناھايىتى توغرا، بالا - چاقىلارنىمۇ قوشۇپ يۆتكىشىم كېرەك، — دېدى لۇي بۇ.

لۇي بۇ بالا - چاقا ۋە پۇل - مال، ئاشلىق - تۈلۈكلەرنى شياۋپېيغا يۆتكەش ۋە قوغداش ئىشلىرىنى سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۇيگە بۇيرۇدى. ئۆزى چېن دېڭنى ئېلىپ قوشۇنلىرى بىلەن شياۋ گۇەننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ماڭدى. ئارا يولغا كەلگەندە چېن دېڭ:

— مەن ئالدى بىلەن ئۇ يەرگە بېرىپ ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلەي، ئاندىن جانابلىرى ھەرىكەت قىلسىلا، — دېدى.

لۇي بۇ رۇخسەت قىلدى. چېن دېڭ ئاۋۋال ئۆتكەلگە كېلىپ چېن گۇڭلار بىلەن كۆرۈشتى.

— لۇي بۇ بەگ جانابلىرىنىڭ ئالغا بېسىشمىغانلىقلىرىنى ئەيىبلەپ، جاۋابكارلىقنى تارتقىلى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى چېن دېڭ.

— ھازىر ساۋ ساۋنىڭ لەشكەرلىرى بەك نۇرغۇن، — دېدى چېن گۇڭ، — ياۋغا سەل قارىغىلى بولمايدۇ. بىز قورۇلنى قاتتىق ساقلايلى، تەقسىرنى پېيچېڭ شەھىرىنى ساقلاشقا ئۇندىسىلە، بۇنىسى ئەلا تەدبىر!

— خوپ! — دېدى چېن دېڭ.

چېن دېڭ كەچ بولغاندا، قورۇل ئۈستىگە قارىۋىدى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى تاكى قورۇلنىڭ تۈۋىگە قەدەر توشۇپ كېتىپتۇ. كېچىلەپ ئۈچ پارچە خەت يازدى - دە، يا ئوقىغا بېكىتىپ، قورۇل تۈۋىگە ئاتتى. ئەتىسى چېن گۇڭ بىلەن خەيرلىشىپ، ئۇچقاندەك ئات چېپىپ كېلىپ لۇي بۇ بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— قورۇلدا سۈن گۇەنلەر قورۇلنى ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلماقچىكەن، قورۇلنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن، چېن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

گۇڭنى قالدۇردۇم. سەركەردە جانابلىرى زاۋال ۋاقتىدا ھەمدەملىشىشكە لەشكەر باشلاپ ماڭسىلا! — دېدى چېن دېڭ.

— جانابىڭىز بولمىغان بولسىڭىز، بۇ قورۇل قولدىن كېتەر ئىكەن! — دېدى لۈي بۇ ۋە چېن دېڭنى تېزلىكتە قورۇلغا بېرىپ، چېن گۇڭ بىلەن ئېچكى جەھەتتىن بولۇشۇشقا كېلىشىۋېلىشقا، ئوتنى بەلگە قىلىپ بېكىتىشكە بۇيرۇدى.

چېن دېڭ قورۇلغا كېلىپ چېن گۇڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە:

— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى كىچىك يول بىلەن قورۇلنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋاپتۇ. شۈيجۇنىڭ قولدىن كېتىش خەۋپى بار، جانابلىرى باشقىلارنى ئېلىپ تېز قايتىشلىرى لازىم، — دېدى.

چېن گۇڭ قورۇلنى تاشلاپ ئادەملىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. چېن دېڭ قورۇل ئۈستىدە ئوت قويدى. لۈي بۇ قاراڭغۇدىن پايدىلىنىپ چاپ - چاپ قىلىپ كەلدى، چېن گۇڭ لەشكەرلىرى بىلەن لۈي بۇ لەشكەرلىرى قاراڭغۇ كېچىدە بىر - بىرىنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى.

ساۋ ساۋ ئوت بەلگىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ باستۇرۇپ كەلدى. سۈن گۇەنلەر تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ كەتتى. لۈي بۇ تاڭ ئاتقۇچە ئېلىشىپ، ئاندىن قىلتاقتا چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، تېزلىكتە چېن گۇڭ بىلەن شۈيجۇغا قايتتى. سېپىل تۈۋىگە كېلىپ، قوۋۇقنى ئېچىڭلار! دەپ توۋلىۋىدى، سېپىلدىن يامغۇردەك ئوق ئېتىلدى.

— سەن خوجايىنىمنىڭ شەھىرىنى تارتىۋالغانىدىڭ، — دېدى كۆزەت راۋىقىدا تۇرغان مى جۇ، — بۈگۈن شەھەرنى خوجايىنىمغا قايتۇرۇشۇڭ كېرەك، ئەمدى بۇ شەھەرگە ئىككىنچىلەپ كىرەلمەيسەن!

— چېن گۇي قېنى؟ — دېدى دەرغەزەپ بولغان لۈي بۇ.

— ئۆلتۈرۈۋەتتىم، — دەپ جاۋاب بەردى مى جۇ.

— چېن دېڭ قېنى؟ — دېدى لۈي بۇ ئارقىغا بۇرۇلۇپ

چېن گوڭغا قاراپ.

— سەركەردە جانابلىرى! — دېدى چېن گوڭ، — ئەمدى ھوشلىرىغا كېلىپ بۇ مەككار ئوغرىنى سوراۋاتامدىلا؟

لۈي بۇ پۈتۈن قوشۇن ئىچىدە ئىزدىتىپ، ئۇنى تاپالمىدى. چېن گوڭ لۈي بۇنى تېز شياۋپېيغا بېرىشقا ئۈندىدى، لۈي بۇ ماقۇل بولدى. ئوتتۇرا يولغا كەلگەندە، بىر توپ قوشۇن يېتىپ كەلدى، بۇلار گاۋ شۇن بىلەن جاڭ لياۋ ئىكەن. لۈي بۇ ئەھۋالنى سورىدى.

— چېن دېڭ كېلىپ، جانابلىرىنى قامالغا چۈشۈپ قالدى، تېز بېرىپ قۇتقۇزۇڭلار، دېگەنىدى، — دېدى ئۇلار.

— بۇمۇ مەككار ئوغرىنىڭ ھىيلىسى، — دېدى چېن گوڭ.

— مەن چوقۇم بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرىمەن! — دېدى لۈي بۇ دەرغەزەپ بولۇپ ۋە ئات سېلىپ شياۋ پېيغا كەلدى، قارىسا سېپىل ئۈستىگە ساپلا ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئەلەملىرى قادىلىپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە ساۋ ساۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ساۋ رېن شەھەرنى بېسىۋېلىپ لەشكەرلىرى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىۋاتقانىكەن.

لۈي بۇ سېپىل تۈۋىدە تۇرۇپ چېن دېڭنى قاتتىق سۆكتى. چېن دېڭ سېپىل ئۈستىدە لۈي بۇغا قاراپ:

— مەن خەن خاندانلىقىنىڭ خادىمى بولىمەن، قانداق قىلىپ ساڭا ئوخشىغان ئىسيانچى مۇناپىققا خىزمەت قىلاي! — دەپ ئاغزىنى بۇزدى.

لۈي بۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ، شەھەرگە تېگىش قىلماقچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئارقا تەرەپتىن سۈرەن - چۇقان ئاۋازى ئاڭلاندى - دە، بىر توپ قوشۇن يېتىپ كەلدى، قوشۇن ئالدىدىكى سەركەردە جاڭ فېي ئىدى. گاۋ شۇن ياۋغا قارشى ئاتلىنىپ چىققان بولسىمۇ، تەڭ كېلەلمەي قالدى. لۈي بۇ ئۆزى ئېلىشىشقا چۈشتى، تازا ئېلىشىۋاتقاندا، مەيدان تېشىدا يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈرەن ـ چۇقان ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن ساۋ ساۋنىڭ ئۆزى چوڭ قوشۇن باشلاپ چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى. لۇي بۇ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كۆنچىقىش تەرەپكە قاچتى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قوغلىدى. لۇي بۇنىڭ ئادەم ۋە ئاتلىرى هاردى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا يەنە بىر توپ لەشكەر چىقىپ كەلدى ـ دە، يولنى توستى، هەممىنىڭ ئالدىدىكى سەركەردە ئېگىرنىڭ ئالدىغا قىلىچىنى توغرىسىغا قويغان هالدا:

— توختا، لۇي بۇ! مانا گۇەن يۈي مەن بۇ يەردە! — دەپ توۋلىدى.

لۇي بۇ ئالدىراپ ـ تەمتىرەپ تۇتۇشقىلى تۇردى. ئارقىدىن جاڭ فېي قوغلاپ كەلدى. لۇي بۇنىڭ جەڭ قىلغۇسى كەلمەي، چېن گۇڭتەي بىلەن چاپا ـ چاپا بىر قانلىق يول ئېچىپ شياۋ پېيغا قاچتى. خۇ چېڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ ئۇنى قوتقۇزۇپ ئېلىپ كەتتى.

گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي كۆرۈشكەندىن كېيىن، يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئايرىلغانلىرىدىن بېرىكى ئەھۋاللارنى بايان قىلىشتى.

— مەن خەيجۇ يولىغا قارارگاھ قۇرغانىدىم، خەۋەر ئالغىنىمدىن كېيىن، ئاندىن بۇ يەرگە كەلدىم، — دېدى گۇەن يۈي.

— بۇ بىر زاماندىن بېرى مەن ماڭداڭ تېغىدا بولدۇم، بەختكە يارىشا بۈگۈن كۆرۈشتۇق، — دېدى جاڭ فېي.

ئىككىسى هاللىشىپ بولغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرى بىلەن لىيۇ بېينىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. تىزلىنىپ تۇرۇپ يىغلاشتى. لىيۇ بېينىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلاندى. ئىككىيلەننى باشلاپ كېلىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشتۈردى ۋە ساۋ ساۋ بىلەن بىرلىكتە شۈيجۇغا كىرىشتى. مى جۇ كېلىپ كۆرۈشۈپ بالا ـ چاقىلارنىڭ سالامەتلىكىنى ئېيتتى. لىيۇ بېي بەك

خۇرسەن بولدى. چىن گۈي ئاتا ـ بالا ئىككىيلەنمۇ ساۋ ساۋ
ھۇزۇرىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ساۋ ساۋ خىزمەت
يەتكۈزگەن سەركەردىلەر شەرىپىگە كاتتا مەرىكە ـ سورۇن
ئۆتكۈزۈپ بەردى. مەرىكە ـ سورۇندا ساۋ ساۋ ئۆزى ئوتتۇرىدا
ئولتۇرۇپ، چىن گۈينى ئوڭ يېنىغا، ليۇ بېينى سول يېنىغا
ئولتۇرغۇزدى. باشقا سەركەردىلەر ئۆز رېتى بىلەن ئولتۇرۇشتى.
مەرىكە ـ سورۇن ئاياغلاشقاندىن كېيىن ساۋ ساۋ چىن گۈي ئاتا ـ
بالا ئىككىيلەننى ئەجىر ـ خىزمەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن
تەقدىرلەپ، ئون ناھىيىنىڭ مەبلىغىنى ئۇلارنىڭ مائاشى قىلىپ
بېكىتتى، چىن دېڭغا ماجىرانى تىنچلاندۇرغۇچى سەركەردە دەپ
نام بەردى.

ساۋ ساۋ شۈيجۇنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئىنتايىن
خۇرسەن بولدى ۋە شياۋپېيغا تېگىش توغرىسىدا كېڭەش
ئۆتكۈزدى.

— لۈي بۇنىڭ بىرلا شياۋپېي شەھىرى قالدى، — دېدى
چېڭ يۈي.

— ئەگەر تولىمۇ بەك قىستىۋەتسەك جان تىكىپ ئېلىشىدۇ ـ
دە، يۈەن شۇغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ، لۈي بۇ بىلەن يۈەن شۇ
بىرلىشىۋالسا، ئۇلارنى يەڭمەك قىيىن بولۇپ قالىدۇ. ھازىرچە
خۇەينەن يولىنى ساقلاشقا قابىل كىشىلەرنى قويۇپ، ئىچكى
تەرەپتىن لۈي بۇدىن ساقلىنىپ، تاشقى تەرەپتە يۈەن شۇنى
توسۇش لازىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر خۇاشەننىڭ كۇنچېقىش
تەرىپىدە زاڭ با، سۇن گۇەنلەر تېخى بويسۇنغىنى يوق، بۇلاردىن
ساقلانماق كېرەك، بۇلارغىمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ،
خۇاشەننىڭ كۇنچېقىش تەرىپىدىكى يوللارنى مەن ئۆزۈم توسۇي،
خۇەينەن يولىنى ليۇ بېي توسسۇن! — دېدى ساۋ ساۋ.

— باش ۋەزىر جانابلىرىنىڭ پەرمانىنى ئورۇندىماسقا نېمە
ھەددىم؟ — دېدى ليۇ بېي.

ئەتىسى لىيۇ بېي مــى جۇ، جىيەن يۇڭلارنـــى شۇيجۇدا قالدۇرۇپ، سۇن چيەن، گۇەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن لەشكەر تارتىپ، خۇەينەن يولىنى توسۇشقا كەتتـــى. ساۋ ساۋ ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ شياۋپېيغا تەگمەك بولدى.

ئەمدى لۈي بۇغا كەلسەك، ئۇ شياۋپېيدا ئۇزۇق - تۈلۈك يېتەرلىك، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىشۈي دەرياسى توسۇپ تۇرىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلماستىن خاتىرجەم تۇرۇۋەردى. چېن گۇڭ:

— ئەلھال ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئەمدىگىنە يېتىپ كەلدى، تېخى قارارگاھ قۇرۇپ بولالمىدى، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگىنىدە، ئۇبدان ئارام ئالغان لەشكەرلىرىمىز بىلەن تېگىش قىلىدىغان بولساق، چوقۇم نۇسرەت قازىنىمىز، — دېدى.

— ئۇدا بىرنەچچە مەرتەم يېڭىلدۇق، يەڭگىللىك قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلار تېگىش قىلغاندىن كېيىــن قايتۇرۇپ زەربە بەرسەك سىشۈي دەرياسىغا غەرق بولىدۇ، — دېدى لۈي بۇ ۋە چېن گۇڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى قارارگاھنى قۇرۇپ ئورۇنلىشىپ بولدى. ساۋ ساۋ سەركەردىلىرىنى باشلاپ سېپىل تۈۋىگە كېلىپ:

— لۈي بۇ چىقسۇن، سۆزۈم بار! — دەپ توۋلىدى.

لۈي بۇ سېپىلغا چىقىپ تۇردى. ساۋ ساۋ لۈي بۇغا:

— سىزنــىڭ يەنە يۈەن شۇ بــىلەن قۇدىلاشماقچــى بولغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە لەشكەر باشلاپ كەلدىم. يۈەن شۇنىڭ مۇناپىقلىق قىلغان زور گۇناھى بار، جانابىڭىزنىڭ دۇڭ جۇنى يوقىتىشتا يەتكۈزگەن خىزمىتىڭىــز بار، نېمە ئۈچۈن بۈگۈن بۇرۇنقى كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىڭىزدىن كۆز يۇمۇپ، مۇناپىقلارغا ئەگىشىسىز؟ شەھەرنى ئالغاندىن كېيىن، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالىسىز! ئەگەر بۇرۇنراق ئەل بولۇپ، بىرلىكتە خەن خاندانلىقىغا ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتسىڭىز، بەگلىك مەرتىۋىگە لايىق خىزمەت قىلغان بولىسىز، — دېدى.

— باش ۋەزىر! سىلى ھازىرچە قايتىپ، كېڭىشىۋېلىشقا ئىمكان بەرسىلە، — دېدى لۈي بۇ.

لۈي بۇنىڭ يېنىدا تۇرغان چېن گۇڭ ساۋ ساۋنى «مۇتىھەم، ئوغرى!» دەپ تىللىدى ۋە ئوق ئېتىپ پەركانە ئالەمنىڭ كۆنلۈكىنى چېنىۋەتتى. ساۋ ساۋ چېن گۇڭغا قاراپ غەزەپ بىلەن:

— خوپ، سېنى ئۆلتۈرمىگىنىمنى كۆر! — دېدى ۋە لەشكەرلىرىنى باشلاپ شەھەرگە تېگىش قىلدى.

— ساۋ ساۋ يىراقتىن كەلدى، — دېدى چېن گۇڭ لۈي بۇغا، — ئۇزۇن بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. سەركەردە جانابلىرى پىيادە ۋە ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن شەھەر تېشىغا ئورۇنلاشسىلا، مەن قالدى لەشكەرلەر بىلەن قوۋۇقنى بېكىتىپ، ئىچكى تەرەپنى ساقلاي؛ ساۋ ساۋ جانابلىرىغا تېگىدىغان بولسا، مەن لەشكەرلەر بىلەن چىقىپ ئارقىدىن سالاي، ئەگەر ئۇ شەھەرگە تەگسە، جانابلىرى ئارقىسىدىن كېلىپ تەگسىلە؛ شۇنداق قىلىپ ئون كۈن ئۆتمەيلا ساۋ ساۋنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگەيدۇ. ئۇ ۋاقىتدا بىراقلا سۈرۈپ - توقاي قىلىۋېتىمىز. مانا بۇ ئىككى تەرەپتىن قورشاپ تېگىش بولىدۇ.

— جانابلىرىنىڭ سۆزى ئىنتايىن توغرا! — دېدى لۈي بۇ ۋە دەرھال سارايغا قايتىپ قورال - ئەسلىھەلەر ۋە باشقا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھازىرلاشقا كىرىشتى. ئەمدىلا قىش باشلانغان چاغ بولغانلىقتىن، خىزمەتكارلىرىغا كۆپرەك پاختىلىق كىيىم ئېلىۋېلىشنى بۇيرۇدى.

— جانابلىرى نەگە بارىدىلا؟ — دېدى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ چىققان لۈي بۇنىڭ رەپىقىسى يەن شى.

لۈي بۇ چېن گۇڭنىڭ مەسلىھەتىنى سۆزلەپ بەردى.

— جانابلىرى پۈتۈن شەھەر ۋە بالا - چاقىلارنى تاشلاپ، — دېدى يەن شى، — ئازغىنا لەشكەر بىلەن يىراققا چىقىپ كەتسىلە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ناۋادا بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە، مەن يەنە سەركەردە جانابلىرىنىڭ رەپىقىسى بولالايمەنمۇ؟

لۇي بۇ ئارىسالدا بولۇپ قەتئىي بىر قارارغا كېلەلمەي، ئۈچ كۈنگىچىلىك چىقماي تۇردى. چىن گۈلۈڭ كىرىپ كۆرۈشتى ۋە:

— ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شەھەرنى تۆت تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئالدى، ئەگەر بۇرۇنراق چىقمىساق، قامالدا قېپقالىمىز، — دېدى.

— يىراققا چىقىشتىن كۆرە، — دېدى لۇي بۇ، — قاتتىق مۇداپىئە قىلغىنىمىز تۈزۈكمىكىن.

— يېقىنقى خەۋەرلەرگە كۆرە، — دېدى چىن گۈلۈڭ، — ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئاز بولغاچقا، شۈيچاڭدىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتىپتۇ، قاچان بولمىسۇن يېتىپ كېلىدۇ، سەركەردە جانابلىرى خىل قوشۇن تارتىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئوزۇق ئېلىپ كېلىدىغان يولىنى توسۇسىلا، ئاجايىپ تەدبىر دېگەن مانا شۇ.

لۇي بۇ ماقۇل كۆردى، ئۇ ئىچكىرىگە كىرىپ ئەھۋالنى يەن شىگە سۆزلەپ بەردى.

— ئەگەر سەركەردە جانابلىرى سەپەرگە چىقسىلا، — دېدى رەپىقىسى يەن شى يىغلاپ تۇرۇپ، — چىن گۈلۈڭ بىلەن گاۋ شۈن بۇ شەھەرنى چىڭ ساقلىيالامدۇ؟ بىرەر پالاكەت يۈز بەرگەندە، پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق بولۇپ قالارمىكىن! مەزلۇملىرى ئۆتمۇشتە چاڭئەندە تاشلىنىپ قالغاندا، بەختكە يارىشا پاڭ شۇ مېنى يوشۇرۇپ قويۇپ قۇتقۇزدى، كېيىن سەركەردە جانابلىرى بىلەن قوشۇلۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم؛ بۈگۈن يەنە مېنى تاشلاپ كېتىدىغانلىقلىرىنى نەدىن بىلەي! سەركەردە جانابلىرىنىڭ ئىستىقبالى چەكسىز، مېنى خاتىرىلىرىگە كەلتۈرمىسىلە! — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپلا قاتتىق يىغا - زار قىلدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان لۇي بۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ بىر قارارغا

كېلەلمىدى، ئۇ دياۋ چەن ئالدىغا كىرىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. دياۋ چەن:

— سەركەردە جانابلىرى بىزگە ئىگىدارچىلىق قىلىسىلا، يەڭگىلىلىك قىلىپ سىرتقا چىقمىسىلا! — دېدى.

— قايغۇرماڭ، مېنىڭ يالمىنىم، قىزىل تورۇق تۇلپارىم بار، كىم يېقىن كېلەلەيدىكەن! — دېدى لۈي بۇ ۋە ئىچكىرىدىن چىقىپ چېن گوڭغا، — ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئاشلىق ئېلىپ كېلىمىز دېگىنى ھىيلە، ساۋ ساۋنىڭ ھىيلە - نەيرىڭى تولا، قىمىرلىماسلىقىم كېرەك! — دېدى.

چېن گوڭ چىقىپ ئاھ چېكىپ: «بىز ئۆلسەك كۆمۈشكە يەرلىكمۇ قالمايدىغان بولدى!» دەۋەتتى.

شۇنىڭ بىلەن لۈي بۇ كۈن بويى دېگۇدەك تالاغا چىقماستىن يەن شى، دياۋ چەنلەر بىلەن مەي - شاراب ئىچىپ، كۆڭلىنى ئېچىش بىلەن بولۇپ كەتتى.

مەسلىھەتچىلەردىن شۈي سى، ۋاڭ كەيلەر لۈي بۇ ھوزۇرىغا كىرىپ:

— ھازىر خۇەينەندە يۈەن شۇنىڭ نوپۇز - كۈچى زورايدى، سەركەردە جانابلىرى بۇرۇن يۈەن شۇ بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغان ئىدىلە، بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ھەمدەملىـــــك تەلەپ قىلمايمىز؟ ئەگەر يۈەن شۇدىن لەشكەر كەلسە، ئىچكى - تاشقى تەرەپتىن ئارىغا ئېلىپ تېگىش قىلىدىغان بولساق، ساۋ ساۋنى تارمار قىلىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

لۈي بۇ ئۇلارنىڭ تەدبىرىگە ماقۇل بولۇپ، شۇ كۈنىلا مەكتۇپ يېزىپ ئىككىيلەننى ئەۋەتمەكچى بولدى.

— بىر توپ لەشكەر بىزگە يول ئېچىــپ بەرسە ئوبدان بولاتتى، — دېدى شۈي سى.

لۈي بۇ جاڭ لياۋ بىلەن خاۋ مېڭ ئىككىيلەننى 1000 لەشكەر ئېلىپ ئۇلارنى قورۇل ئېغىزىدىن ئاچىقىــپ قويۇشقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇيرۇدى. شۇ كېچىسى ئەلياتقۇ ۋاقىتلىرىدا جاك لياۋ ئالدىدا، خاۋ مىڭ ئارقىدا بولۇپ 1000 لەشكەر بىلەن شۇي سى، ۋاڭ كەيلەرنى ئارىغا ئالغىنىچە چاپ ـ چاپ بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ليۇ بېينىڭ قارارگاھىدىن ئۆتكەندە، قوغلاپ كەلگەن سەركەردىلەر يېتىشەلمىدى. ئۇلار قورۇل ئېغىزىدىن چىقىپ كەتتى. خاۋ مىڭ 500 لەشكەر بىلەن شۇي سى، ۋاڭ كەيگە ھەمراھ بولۇپ كەتتى. جاك لياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قالغان يېرىمىنى ئېلىپ قايتتى. قورۇلغا كەلگەندە، گۇەن يۈي توسۇۋالدى. ئېلىشماي تۇرۇپلا، گاۋ شۈن شەھەردىن لەشكەر باشلاپ چىقىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇپ شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى.

شۇي سى، ۋاڭ كەيلەر شۇچۇنگە يېتىپ بېرىپ يۈەن شۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، مەكتۇپنى سۇندى.

— ئۆتكەن قېتىمدا، — دېدى يۈەن شۇ، — ئەلچىمنى ئۆلتۈرۈپ قۇدىلىشىشتىن يېنىۋالغانىدى، بۈگۈن بولسا ھەمدەملىك سوراپتۇ، بۇ نېمە قىلغىنى؟

— ساۋ ساۋنىڭ مىكىر ـ ھىيلىسى بىلەن ئىش ئارقىغا سۈرۈلگەنىدى، ئالىيلىرى بۇنىڭدىن ۋاقىپ بولغايلا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى شۇي سى.

— سىزنىڭ خوجايىنىڭىز، — دېدى يۈەن شۇ، — ئەگەر ساۋ ساۋ قوشۇنىنىڭ جىددىي قامىلىغا ئۇچرىمىغان بولسا، قىزىنى بېرىشكە ۋەدە قىلارمىدى؟

— ئالىيلىرى! خالاسكارلىق قىلمىسىلا، كالپۇك يېرىلسا چىشقا سوغۇق تېگىپتۇ دېگەندەك، بىزگە كەلگەن ھادىسە ئۆزلىرىگىمۇ كېلىپ قالارمىكىن، ئۇنداقتا ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ ياخشى بولماس، — دېدى ۋاڭ كەي.

— لۈي بۇ ئوك ـ تەتۈرىنىڭ تايىنى يوق، لەۋزىگە تۇرمايدىغان ئادەم، — دېدى يۈەن شۇ، — شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن

قىزنى ئەۋەتىپ بەرسۇن، ئاندىن ھەمدەمگە لەشكەر ئەۋەتىمەن.
شۈي سى بىلەن ۋاڭ كەي نائىلاج خەيرلىشىپ چىقىپ، خاۋ مېڭ بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇلار ليۇ بېيىنىڭ قارارگاھى يېنىغا كەلگەندە، شۈي سى:
— بۇ يەردىن كۈندۈزى ئۆتۈپ بولماس، كېچىسى ئىككىمىز ئالدىدا ماڭايلى، سەركەردە خاۋ مېڭ سىلى ئارقىمىزدىن قوغداپ ماڭسىلا! — دېدى ـ دە، مۇشۇ مەسلىھەتكە كېلىشتى. ليۇ بېي قارارگاھىدىن كېچىسى ئۆتۈشتى، شۈي سى بىلەن ۋاڭ كەي ئاۋۋال ئۆتۈپ كېتىشتى، خاۋ مېڭ كەينىدىن ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندا، جاڭ فېي قارارگاھىدىن چىقىپ يول توستى، خاۋ مېڭ جەڭگە چىقىپ، بىر ئېلىشىشتىلا جاڭ فېي تەرىپىدىن تىرىك تۇتۇۋېلىندى. 500 لەشكەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قاچقىنى قېچىپ پىتىراپ كەتتى. جاڭ فېي ئەسىرنى ليۇ بېينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ليۇ بېي چوڭ قارارگاھقا، يەنى ساۋ ساۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خاۋ مېڭ توي ۋەدىسى بىلەن ھەمدەم سوراپ بارغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىۋىدى، ساۋ ساۋ غەزەپكە كېلىپ، خاۋ مېڭنى قارارگاھ قوۋۇقى ئالدىدا ئۆلتۈرگۈزدى ۋە ھەممە قارارگاھلارغا ئېھتىيات بىلەن مۇداپىئە قىلىش كېرەكلىكى، ئەگەر لۈي بۇ ياكى ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈچىلەر بولسا، لەشكىرىي قانۇن بويىچە جازالىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى، ھەممە قارارگاھلارنى قورقۇنچ باستى.
ليۇ بېي ئۆز قارارگاھىغا قايتقاندىن كېيىن، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېيغا:
— بىز دەل خۇەينەن يولىنىڭ ئۇستىدىكى ئەڭ مۇھىم ئورۇندىمىز، ئىنىلىرىم، ناھايىتى ئېھتىيات قىلىڭلار، جانابىي ساۋ ساۋنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ قويمايلى! — دېدى.
— قاراقچىنىڭ سەركەردىسىنى تۇتۇپ بەرسەك، — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاڭ فېي، — بىزنى تەقدىرلىمەستىن، ئەكسىچە قورقۇتقىنى نېمىسى؟

— ئۇنداق ئەمەس، ساۋ ساۋ نۇرغۇن لەشكەرگە باشچىلىق قىلىۋاتىدۇ، لەشكىرىي قانۇن بولمىسا، كىشىلەرنى قانداق قىلىپ بويسۇندۇرالايدۇ؟ ئىنىلىرىم، خىلاپلىق قىلماڭلار! — دېدى ليۇ بېي.

گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي ماقۇل دەپ قايتىشتى.

شۈي سى بىلەن ۋاڭ كەي قايتىپ كېلىپ لۈي بۇ بىلەن كۆرۈشۈپ، يۈەن شۇنىڭ ئالدى بىلەن كېلىنىنى ئەكېلىپ بەرسە، ئاندىن لەشكىرىنى ھەمدەمگە ئەۋەتمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى.

— قانداق ئەۋەتىپ بېرىمىز؟ — دېدى لۈي بۇ.

— ھالا خاۋ مېڭ ياۋ قولغا تىرىك چۈشۈپ كەتتى، ساۋ ساۋ ئەھۋالىمىزنى چوقۇم ئۇقتى ۋە تېگىشلىك ھازىرلىقلارنى كۆرۈپ قويدى، ئەگەر سەركەردە جانابلىرى ئۆزلىرى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىپ قويمىسىلا، كىم بۇ قامالنى بۆسۈپ چىقالايدۇ؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى شۈي سى.

— ئاپىرىپ بېرىشكە بۈگۈنلا يولغا چىقساق قانداق؟ — دېدى لۈي بۇ.

— بۈگۈن نەس كۈن، — دېدى شۈي سى، — يولغا چىقىشقا بولمايدۇ، ئەتە خەيرلىك كۈن، تۈن يېرىمىدا يولغا چىقماق كېرەك.

لۈي بۇ گاۋ شۈن بىلەن جاڭ لياۋغا:

— سىلەر 3000 لەشكەر، بىر كىچىك مەپە ھازىرلاڭلار؛ مەن 200 چاقىرىم يەرگىچە ئاپىرىپ قويىمەن، ئۇنىڭ نېرىسىغا ئىككىڭلار بارىسىلەر! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئەلياتقۇ ۋاقتىدا لۈي بۇ زەرباپلار بىلەن قىزىنى ئورىدى، ئۈستىگە ساۋۇت كىيگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ دۈمبىسىگە تاڭغىنىچە يالمىنىنى قولغا ئېلىپ، ئېتىغا مىندى.

لۇي بۇ شەھەر قوۋۇقىنى ئاچتۇرۇپ، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزى چىقتى، ئارقىدىن جاڭ لياۋ بىلەن گاۋ شۇن ئەگەشتــــى. ئەمدىگىنە ليۇ بېيىنىڭ قارارگاھىغا كېلىشىگە، ئاغرا ـ دۇمباق ساداسى چىقتى ـ دە، گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېي يول توسۇدى ۋە: «توختا!» دەپ توۋلاشتى. لۇي بۇنىڭ جەڭ قىلغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا يول تېپىپ مېڭىش كويىغا چۈشتى، ليۇ بېيىنىڭ ئۆزى ھەم بىر توپ قوشۇن بىلەن چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى، ئىككى قوشۇن قۇچاقلاشما جەڭ قىلدى، لۇي بۇ ھەرقانچە كۈچلۈك ـ غەيۇر بولسىمۇ، ئۇستىدە قىزى باغلاقلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ زىيان ـ زەخمەت يەپ قېلىشىدىن قورقۇپ، قامالنــى بۆسۈپ چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئارقىدىن شۈي خۇاڭ بىلەن شۈي چۇ چاپ ـ چاپ قىلىپ كېلىپ قالدى، ھەممەيلەن: «لۇي بۇنى قاچۇرۇپ قويماڭلار!» دەپ توۋلاشماقتا ئىدى.

لۇي بۇ لەشكەرلەرنىڭ جىددىي بېسىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چېكىنىپ شەھەرگە كىرىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ليۇ بېي لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى. شۈي خۇاڭمۇ ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كەتتى. بۇلارنىڭ بىرەرىمۇ چىقىپ كېتەلمىدى، لۇي بۇ شەھەرگە قايتىپ كىرىپ غەمگە چۆكۈپ، مەي ـ شارابقا بېرىلىپ كەتتى.

ساۋ ساۋ شەھەرگە ئىككى ئايدىن ئارتۇق تېگىش قىلغان بولسىمۇ ئالالمىدى. بۇ ۋاقىتتا توساتتىن «خېنېي ھاكىمى جاڭ ياڭ لۇي بۇنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن لەشكىرىي يۈرۈش قىلىپ دۇڭشىغا كەلگەندە، سەركەردىسى ياڭ چۇ ئۇنــى ئۆلتۈرۈپ، بېشىنى باش ۋەزىر جانابلىرىغا تەقدىم قىلماق بولغىنىدا، جاڭ ياڭنىڭ ســـــرداشلىـــــرىدىن سۈي گۇ ئۇنـــى ئۆلتۈرۈپ، چۈەنچېڭدىكىلەرگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپ قاپتۇ» دېگەن خەۋەر ئاڭلاندى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ شۈي گۇنى قوغلاپ بېرىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۆلتۈرۈشكە شى خۇەننى ئەۋەتتى ۋە ھەممە سەركەردىلىرىنى يىغىپ:

— جاڭ ياڭ ئۆز ـ ئۆزىدىن يوقالغان بولسىمۇ، يۇقىرى تەرەپتە يۈەن شاۋ قايغۇسى، كۆنچىقىش تەرەپتە ليۇ بياۋ، جاڭ شيۇ ئاپتى بار، شياۋپېينى ئۇزۇن قامال قىلىپ ئالالمىدۇق. مەن لۈي بۇدىن ۋاز كېچىپ پايتەختكە قايتىپ ئۇرۇشنى ۋاقتىنچە توختاتماقچىمەن، بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ — دېدى.

— بولمايدۇ! — دېدى شۈن يۈي ئۇنى ئىنتايىن جىددىي توسۇپ، — لۈي بۇ قايتا ـ قايتا يېڭىلىپ، كۈچ ـ غەيرىتىدىن قالدى، لەشكەر سەركەردىگە قارايدۇ. سەركەردە ئاجىزلىشىدىكەن، لەشكەردە جەڭگىۋارلىق قالمايدۇ. چېن گۇڭ گەرچە پەم ـ پاراسەتلىك بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرىدۇ، بۈگۈن لۈي بۇنىڭ روھىي ھالىتى ئورنىغا كەلگىنى يوق، چېن گۇڭنىڭ تەدبىرى بەلگىلەنگىنى يوق، مانا شۇنداق پەيتتە بىز شىددەت بىلەن تېگىش قىلساق، لۈي بۇنى تۇتقىلى بولىدۇ.

— مېنىڭ شياۋپېي شەھىرىنى ئېلىشقا بىر پەنتىم بار، — دېدى گو جيا، — ئۇ 20 تۈمەن لەشكەردىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

— يىشۇي، سىشۇي دەريالىرىنىڭ سۈيىنى قويۇپ بېرىش بولمىسۇن يەنە؟ — دېدى شۈن يۈي.

— نېيىتىم دەل شۇ، — دېدى گو جيا كۈلۈپ.

ساۋ ساۋ تولىمۇ خۇرسەن بولۇپ، لەشكەرلەرنى ئىككى دەريانىڭ سۈيىنى ئېچىشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئېگىز تۆپىلىككە ئورۇنلىشىپ، سۇ بېسىۋاتقان شياۋپېيغا قاراپ ئولتۇرۇشتى. شياۋپېي شەھىرىنىڭ يالغۇز كۈنچىقىش قوۋۇقىدىن باشقا ھەممە قوۋۇقلىرى سۇ ئاستىدا قالدى. لەشكەرلەر ئۈچقاندەك كېلىپ لۈي بۇغا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. لۈي بۇ:

— مېنىڭ قىزىل تۇلپارىم بار، سۇنى قۇرۇقلۇقتا

ماڭغاندەك كېچىدۇ، نېمىدىن قورقاتتىم! — دېدى ـ دە، كۈن بويى خوتۇن، توقاللىرى بىلەن مەي ـ شارابقا بېرىلىپ كەتتى. شۆھرەتپەرەسلىككە ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىش يۈزىسىدىن، رەڭگىرويى بۇزۇلغانىدى. ئۇ بىر كۈنى ئەينەككە قاراپ ئۆز ـ ئۆزىدىن چۆچۈپ:

— شەھۋەتپەرەسلىك مېنىڭ ئەپت ـ بەشرەمنى ئەپقويۇپتۇ! بۈگۈندىن باشلاپ بۇنى توختىتىشىم لازىم! — دېدى ـ دە، شۇئان مەي ئىچكۈچىلەر بولسا ئۆلتۈرۈلىدۇ، دەپ شەھەرگە بۇيرۇق چىقاردى.

خۇ چېڭنىڭ بېقىۋاتقان 15 ئېتىنى خۇساۋلىقلار ليۇ بېيغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئوغرىلاشقانىدى. خۇ چېڭ سېزىپ قېلىپ، خۇساۋلىقلارنى قوغلاپ ئۆلتۈرۈپ، ئاتلارنى قايتۇرۇپ ئەكېلىۋالدى؛ سەركەردىلەر خۇ چېڭنى تەبرىكلەپ كېلىشتى. خۇ چېڭنىڭ ئىچىتقان بەش ـ ئالتە خۇمرا شارابى بار ئىدى. ئۇنى سەركەردىلەر بىلەن ئىچىشمەكچى بولۇشتى، ئەمما، لۇي بۇنىڭ جازالىشىدىن قورقۇپ، بەش شىشە مەينى لۇي بۇ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىردى ۋە:

— سەركەردە جانابلىرىنىڭ نوپۇز ـ ھەيۋەتلىرى سايىسىدە يوقاتقان ئاتلىرىمنى قايتا تېپىۋالدىم، سەركەردىلەر تەبرىكلىشىپ كېلىشكەنىكەن. بىرئاز ئېچىتقان شارابىم بار ئىدى، ئىچىشكە پېتىنالماي، ئالدى بىلەن جانابلىرىغا ئازغىنا بولسىمۇ تەقدىم قىلدىم، — دېدى.

— مەن مەينى ئەمدىگىنە مەنئى قىلسام، مەي ـ شاراب ئېچىتىپ ئىچىشمەكچىمۇ ۋە ياكى ماڭا سۇيىقەست قىلماقچىمىدىڭ؟ — دېدى غەزەپلەنگەن لۇي بۇ ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى.

سوڭ شيەن، ۋېي شۈي باشلىق سەركەردىلەر كىرىپ، ئۇنىڭ گۇناھىدىن كېچىشنى ئۆتۈندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەمرىمگە خىلاپلىق قىلغىنىڭ ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈلۈشۈڭ كېرەك ئىدى، بۈگۈن ھەرقايسى سەركەردىلەرنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى ئۈچۈن قېنىڭدىن كېچىپ، 100 كالتەك بۇيرۇيمەن، — دېدى لۈي بۇ.

يەنە سەركەردىلەرنىڭ تىلەشلىرى بىلەن ئۇنىڭ دۈمبىسىگە 50 كالتەك ئۇرغۇزۇپ ئاندىن قايتۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەممە سەركەردىلەرنىڭ كەيپى ئۇچتى. سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۇي خۇ چېڭنىڭكىگە ھال سوراپ كېلىشىدى، خۇ چېڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— ھەرقايسىڭىزلار بولمىغاندا، مەن ئۆلگەن بولاتتىم، — دېدى.

— لۈي بۇ ئۆز خوتۇنىنىلا ياخشى كۆرۈپ، — دېدى سۇڭ شيەن، — بىزنى ئوت ـ خەس ئورنىدا كۆرۈۋاتىدۇ.

— شەھەر لەشكىرى قامال ئىچىدە، خەندەك ئەتراپى سۇ ئىچىدە، بىزنىڭ ئۆلۈممىزگە ئاز قالدى! — دېدى ۋېي شۇي.

— لۈي بۇ رەھىمسىز ۋە نامەرد ئادەم ئىكەن، بۇنى تاشلاپ كەتسەك نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى سۇڭ شيەن.

— بۇ يىگىتلىك ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە لۈي بۇنى جانابىي ساۋ ساۋغا تەقدىم قىلايلى! — دېدى ۋېي شۇي.

— مەن، — دېدى خۇچېڭ، — ئات قوغلاش تۆپەيلىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلدىم، لۈي بۇنىڭ يۆلەنگەن نەرسىسى تۇلپار، ئەگەر ئىككىڭلار قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىپ، لۈي بۇنى تۇتىدىغان بولساڭلار، مەن ئالدى بىلەن تۇلپارنى ئوغرىلاپ، بېرىپ ساۋ ساۋ بىلەن كۆرۈشەي!

ئۈچەيلەن مەسلىھەتلىشىپ بىر قارارغا كەلدى. شۇ كېچىسى خۇچېڭ يوشۇرۇنچە ئاتخانىغا كىرىپ، چىلان تورۇق تۇلپارنى ئوغرىلىدى ـ دە، ناھايىتى تېز كۈنچىقىش قوۋۇققا يېتىپ كەلدى، ۋېي شۇي قوۋۇقنى ئېچىپ بېرىپ، ئاندىن قوغلىغان

بولدى. خۇچېڭ ساۋ ساۋ قارارگاھىغا كېلىپ ئاتنى تەقدىم قىلدى ۋە سۇڭ شيەن بىلەن ۋېي شۈينىڭ ئاق تۇغ بىلەن بەلگە بېرىپ، قوۋۇقنى تەقدىم قىلىپ بېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈۋاتقانلىقىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ بەردى. ساۋ ساۋ بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىرنەچچە ئون ئېلان يازدۇردى، ئۇنىڭغا ئىمزا قويۇپ ئوق بىلەن شەھەرگە ئاتتى، ئېلاننىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

مەنكى ئالىي سەركەردە ساۋ ساۋ، خاننىڭ ئالاھىدە چىقارغان ئوچۇق پەرمانى بىلەن لۈي بۇنى جازالاش ئۈچۈن يۇرۇش قىلىپ كەلدىم. بۈيۈك قوشۇنغا قارشىلىق قىلغۇچىلار بولسا، شەھەر ئېلىنغان كۈنى پۈتۈن ئۇرۇق-ئەۋلادى بىلەن يوقىتىلىدۇ، سەركەردە-لەشكەر بېشىدىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە كىمدە-كىم لۈي بۇنى تۇتۇپ تەقدىم قىلسا ياكى بېشىنى تەقدىم قىلسا، مەنسەپ ئىنئام قىلىنىدۇ. ھەممىنىڭ بىلىپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇشبۇ ئېلان چىقىرىلدى.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن شەھەر تېشىدىن چىققان سۈرەن-چوقان ئاۋازى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. لۈي بۇ خېلىلا چۆچۈپ، يالمىنىنى كۆتۈرگىنىچە سېپىلغا چىقتى، ئۇ ھەممە قوۋۇقلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، ۋېي شۈينىڭ خۇچېڭنى قاچۇرۇپ تۇلپارنى ئوغرىلىتىپ قويغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭغا كايىپ جازالىماق بولۇپ تۇرغاندا، سېپىل سىرتىدىكى ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى سېپىلدىكى ئاق تۇغنى كۆرۈپ، ھەدەپ سېپىلغا تېگىش قىلدى، لۈي بۇ شەخسەن ئۆزى چىقىپ ئېلىشىشقا مەجبۇر بولدى. تاڭ يورۇغاندىن تارتىپ چۈشكىچە ئېلىشتى، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى سەل چېكىندى. لۈي بۇ قوۋۇق راۋىقىدا سەل ئارام ئېلىۋالاي دەپ، كۇرسىدا ئولتۇرۇپلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالدى. سۇڭ شيەن ئەتراپىدىكىلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئالدى بىلەن يالمىنىنى ئوغرىلىدى، ئاندىن ۋېي شۈي بىلەن بىرلىكتە لۈي بۇنى ئارغامچا

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەھكەم باغلىنىۋالدى. لۈي بۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئەتراپىدىكىلەرنى چاقىرىۋىدى، كەلگەنلەرنى ئىككىيلەن چاپ ـ چاپ قىلىپ چېكمىندۇردى، ئۇلار يەنە ئاق تۇغنى پۇلاڭلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى بىردىنلا سىپىل تۈۋىگە بېسىپ كەلدى.

— لۈي بۇنى تىرىك تۇتتۇق! — دەپ توۋلىدى ۋېي شۈي، شيا خۇيۈەن ئىشەنمىۋىدى، سۇڭ شيەن لۈي بۇنىڭ يالمىنىنى سىپىلدىن تاشلاپ قوۋۇقنى ئېچىپ بەردى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى شەھەرگە بىردىنلا يوپۇرۇلۇپ كىردى. گاۋشۈن بىلەن جاڭ لياۋ كۈنپېتىش قوۋۇقتا سۇدىن ئۆتەلمەي قىينىلىپ تۇرغىنىدا، ساۋ ساۋ لەشكەرلىرى ئۇنى تىرىك تۇتتۇۋالدى. چېن گۇڭ تۆۋەن قوۋۇقتا يېتىپ بارغىنىدا، شۈي خۇاڭ ئۇنى تىرىك تۇتتۇۋالدى.

ساۋ ساۋ شەھەرگە كىرىپلا قويۇلغان سۇنى چىقىرىپ تاشلاشقا بۇيرۇق بەردى، ئېلان چىقىرىپ خەلقنى ئەمىن قىلدى؛ يەنە بىرتەرەپتىن گۇەن يۈي بىلەن جاڭ فېينى ئىككى تەرەپتە تۇرغۇزۇپ، ليۇ بېي بىلەن ئاق قوۋۇق راۋىقىدا ئولتۇرۇپ ئەسىرلەرنى ئەپكەلدۇردى. لۈي بۇ گەرچە قامەتلىك بولسىمۇ، قاتتىق ماتاپ باغلانغانلىقى ئۈچۈن پۈكۈلۈپ قالغانىدى. لۈي بۇ:

— بوغۇلۇپ قالدىم، بىرئاز بوشىتىۋېتىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

— يولۋاسنى چىڭ باغلىماي بولمايدۇ! — دېدى ساۋ ساۋ.

لۈي بۇ يېنىدا تۇرغان خۇ چېڭ، ۋېي شۈي، سۇڭ شيەنلەرنى كۆرۈپ:

— مەن سىلەرنى يامان كۆرمىگەن ئىدىمغۇ؟ سىلەر نېمىشقا ۋىجدانسىزلىق قىلىپ مەندىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار؟ — دېدى.

— خوتۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، سەركەردىلەرنىڭ دېگىنىگە كىرمىگەننى قانداقمۇ يامان كۆرمىدىم دېگىلى بولىدۇ؟! — دېدى سۇڭ شيەن.

لۈي بۈنىڭ تىلى تۇتۇلدى. بىردەمدىن كېيىن، گاۋشۈننى ئىلىپ كېلىشتى.

— دەيدىغىنىڭ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

گاۋشۈن جاۋاب قايتۇرمىدى، ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. شۇي خۇاڭ چېن گۇڭنى ئىلىپ كىردى.

— ئايرىلغىنىمىزدىن بېرى يەنە شۇنداق تۇرۇپسىز، چېن گۇڭ! — دېدى ساۋ ساۋ.

— سەن توغرا نىيەتلىك بولمىغىنىڭ ئۈچۈن، تاشلاپ كەتكەنىدىم! — دېدى چېن گۇڭ.

— نىيىتىمگۇ توغرا ئەمەسكەن، ئۇنداق بولسا، جانابىڭىز نېمە ئۈچۈن مەخسۇس لۈي بۇغا خىزمەت قىلدىڭىز؟

— لۈي بۇ گەرچە پەم ـ پاراسەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ساڭا ئوخشاش مەككار، قارا نىيەت ئەمەس!

— جانابىڭىز ئۆزىڭىزنى ئەقىل ـ پاراسەتلىك ھېسابلايتتىڭىز، ئاقىۋەت نېمە بولدى؟

— ئەپسۇسكى، مانا بۇ ئادەم مېنىڭ سۆزۈمگە كىرمىدى! ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرگەن بولسا، بىز قولغا چۈشۈپ قالمايتتۇق، — دېدى چېن گۇڭ لۈي بۇغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— بۈگۈن ئۆلۈم، خالاس! — دېدى چېن گۇڭ توۋلاپ تۇرۇپ.

— جانابىڭىز مۇنداق دېسىڭىز، قېرى ئانىڭىز، بالا ـ چاقىلىرىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟ — دېدى ساۋ ساۋ.

— ئەلنى ئىنساپ بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلار كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ؛ ئەلنى رەھىم بىلەن ئىدارە قىلغۇچىلار ئادەملەرنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى قۇرۇتۇۋەتمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغانمەن. قېرى ئانام، بالا ـ چاقامنىڭ ھايات ـ ماماتى جانابىڭىزنىڭ ئىلكىدە بولۇپ قالدى،

مەن هازىر قولغا چۈشتۈم، دەرھال ئۆلتۈرۈشكىزنى ئىلتىجا قىلىمەن، تارتىشىدىغان يېرىم يوق، — دېدى چېن گۈڭ.

ساۋ ساۋنىڭ ئۇنى ئۆلۈمدىن ئېلىپ قېلىش نىيىتى بار ئىدى، چېن گۈڭ راۋاقتىن چۈشۈپ ماڭدى، خىزمەتكارلار ئېلىپ قالالمىدى. ساۋ ساۋ كۆزىگە ياش ئالغان هالدا ئۇزىتىپ ماڭدى. چېن گۈڭ زادى ئارقىسىغا قارىمىدى.

ساۋ ساۋ خىزمەتكارلىرىغا:

— چېن گۈڭنىڭ ئانىسى، بالا - چاقىلىرى شۈيچاڭغا ئەۋەتىلىپ ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسۇن، بۇيرۇقنى كېچىكتۈرگەنلەر ئۆلۈمگە مەهكۇم قىلىنىدۇ! — دەپ بۇيرۇق بەردى.

چېن گۈڭ بۇ سۆزنى ئاڭلاپمۇ هېچ نەرسە دېمەي، بويىنىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەردى. ھەممە كۆز يېشى قىلدى. ساۋ ساۋ چېن گۈڭنىڭ جەسىتىنى گۆھنسەيگە ئالغۇزۇپ شۈيچاڭغا ئاپارغۇزۇپ دەپنە قىلغۇزدى. بۇ ھەقتە كېيىنكىلەر مۇنۇ نەزمىنى پۈتۈشكەن:

*ئىرادىسى ئىنچىل بولغان ھاياتىدا،*
*ئەزىمەتتۇ باتۇر يىگىت پالۋان قېنى؟*
*گۆھەر كەبى ياخشى سۆزنى قوبۇل قىلماي،*
*بىكار نابۇت قىلدى ئەلنىڭ ئەربابىنى.*
*ياردەم قىلدى باشلىقىغا ھۆرمەت ئۈچۈن،*
*جۇدا بولدى جەمەتىدىن قايغۇ يۇتۇپ.*
*ئاق قوۋۇقتا نابۇت بولۇپ ئۆلدى شۇ كۈن،*
*كىم چېن گۈڭدەك ئۆلدى ئەردەك كۈچ كۆرسىتىپ.*

ساۋ ساۋ چېن گۈڭنى ئۇزىتىپ راۋاقتىن چۈشۈپ كەتكەندە، لۈي بۇ ليۇ بېيغا:

— جانابلىرى تۆردە ھۆرمەتلىك مېھمان بولۇپ ئولتۇرۇپتىلا، مەن لۈي بۇ ئاستانىدە مەھبۇس بولۇپ

تۇرۇپتىمەن، نېمە ئۈچۈن كەڭچىلىك ھەققىدە بىر ئېغىز سۆز قىلىپ قويمايدىلا؟ — دېيدى، ليۇ بېي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ساۋ ساۋ راۋاقتا قايتا چىقىپ كەلگەندە، لۈي بۇ:

— جانابلىرىغا ئەڭ چوڭ بالايىئاپەت بولۇپ تۇرغىنى پېقىر لۈي بۇ ئىدىم؛ بۈگۈن مەن باش ئەگدىم، جانابلىرى ئالىي سەركەردە بولسىلا، مەن ياردەمچىلىرى بولاي، شۇنىڭدا ئەلنى ئەمىن قىلىش قىيىن بولمايدۇ، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

— قانداق؟ — دېدى ساۋ ساۋ ليۇ بېيغا قاراپ.

— جانابلىرى، دىڭ يۈەن، دۇڭ جو ۋەقەلىرىنى كۆرمىگەنمىدىلە؟— دەپ جاۋاب بەردى ليۇ بېي.

— ھەي ئىناۋەتسىز بەدرەك! — دېدى لۈي بۇ ليۇ بېيغا تىكىلىپ.

ساۋ ساۋ لۈي بۇنى پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى. لۈي بۇ ليۇ بېيغا:

— ھەي يوغان قۇلاق! قارارگاھ قوۋۇقىدا يالمانغا ئوق ئاتقان ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ — دەپ تۇرۇۋېدى، ئۇشتۇمتۇت بىر كىشى:

— ھەي لۈي بۇ! ئۆلسەڭ ئۆلمەمسەن، نېمە قورقۇش! — دەپ توۋلاپ كىرىپ كەلدى. كۆپچىلىك قارىسا، بۇ قىلىچۋاز، پالتىۋازلار ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتقان جاڭ لياۋ ئىكەن. ساۋ ساۋ لۈي بۇنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، بېشىنى كېسىپ سازايى قىلىشقا بۇيرۇدى. بۇ ھادىسە مۇناسىۋىتى بىلەن كېيىن مۇنۇ نەزمە چىققان.

*مەۋج ئۇرۇپ كەلكۈن سۈيى كەلگەندە شىياۋپېينى بېسىپ،*
*ئاخىرى لۈي بۇ ئۆزى ياۋ قولىغا قالدى چۈشۈپ.*
*قۇيچۇرۇق قالدى ئۇنىڭ مىڭ يول باسار تۇلپار ئېتى،*
*شۇنچە ئىتتىك يالمىنىمۇ قولىدىن قالدى كېتىپ.*
*قىلدى ئاجىزلىق تىلەپ ئەپۇ ئۇ — باغلاق ئارسلان،*

www.uyghurkitap.com

*ئۇۋچى بۇركۇتنى ئەزەلدىن ئاچ تۇتۇپ توق باقمىغان،*
*مەئىشەتكە بېرىلىپ، چېن گۇڭ سۆزىنى ئاڭلىماي،*
*ئىلتىپات بەرمەي ئاڭا: «يوغان قولاق!» دەپ تىللىغان.*

يەنە بىر نەزمىدە لىۇ بېي مۇنداق مەدھىيىلىنىدۇ:

*قۇرۇماي تۇرغاندا دۇڭ جو بىلەن دېڭ يۈەننىڭ قېنى،*
*ۋەھشىيگە بولمايتتى زادى كەڭچىلىكنى قىلغىلى.*
*ئاتىسىن يۇتماقمۇ كەلگەي قولىدىن لىۇ بېي بىلەر،*
*قالدۇرۇپ قويسا يېتەر ساۋ ساۋغا زىيان ـ زەخمىتى.*

ياساۋۇللار جاڭ لياۋنى ئېلىپ كېلىشتى.

— بۇ ئادەم بىلەن تونۇشتەك قىلىمەنا؟! — دېدى ساۋ ساۋ جاڭ لياۋغا قاراپ.

— پۇياڭ شەھىرىدە ئۇچراشقانىدۇق، قانداق ئۇنتۇيتتۇڭ؟ — دېدى جاڭ لياۋ.

— سېنىڭ ھەم خاتىرەڭدە ئىكەن ـ دە! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ.

— ھەي، ئەپسۇس! — دېدى جاڭ لياۋ.

— نېمىگە ئەپسۇس؟

— شۇ ۋاقىتتا ئوت ئۇلۇغ بولماي سەندەك ئەل قاراقچىسىنى كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىپ تاشلىمىغىنىمغا ئەپسۇسلىنىمەن! — دېدى جاڭ لياۋ.

— يېڭىلگەن سەركەردە، مېنى ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددىڭ؟ — دەرغەزەپ بولغان ساۋ ساۋ شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ جاڭ لياۋنى ئۆلتۈرمەك بولدى.

جاڭ لياۋ چىرايىنىمۇ بۇزماستىن، بوينىنى تىغقا تۇتۇپ بەردى. دەل شۇ پەيتتە، ساۋ ساۋنىڭ ئارقىسىدىن بىر ئادەم بىلىكىنى تۇتۇۋالدى، ئالدىدا بىر ئادەم

تىزلاندى ۋە:

— باش ۋەزىر جانابلىرى! قول تەگكۈزمىگەيلا! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى.

دەرھەقىقەت:

*يالۋۇرۇپ زارلاندى لۈي بۇ چىقمىدى قۇتقۇزغۇچى.*
*قۇتۇلۇپ قالدى ھايات جاڭ لياۋ دېگەن تىل سالغۇچى.*

جاڭ لياۋنى زادى كىم قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# يىگىرمىنچى باب

## ساۋ ساۋنىڭ شۈيتىيەندە ئوۋ ئۇيۇشتۇرغانلىقى
## خان قېيناغىسى دۇك چېڭنىڭ ئىچكى ھەرەمدە پەرمان تاپشۇرۇۋالغانلىقى

ئەلقىسسە، ساۋ ساۋ شەمشىرىنى كۆتۈرۈپ، جاڭ لياۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولغىنىدا، ليۇ بېي قولىنى تۇتۇۋالدى، گۇەن يۈي ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

— مۇنداق ساپ يۈرەكلىك ئادەملەرنى قالدۇرۇپ ئىشلىتىش لازىم، — دېدى ليۇ بېي.

— كەمىنە گۇەن يۈي ئەزەلدىن جاڭ لياۋنىڭ سادىق ۋاپا ئەھلى ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، ھاياتىم بىلەن كېپىل بولۇشنى خالايمەن، — دەپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋالدى گۇەن يۈي.

— مەنمۇ جاڭ لياۋنىڭ سادىق ۋاپادار ئىكەنلىكىنى بىلگىنىم ئۈچۈن، ئەتەي چاقچاق قىلدىم، — دېدى ساۋ ساۋ شەمشىرىنى تاشلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ساۋ ساۋ ئۆز قولى بىلەن جاڭ لياۋنى بەنتتىن بوشاتتى ۋە كىيىمىنى سېلىپ ئۇستىگە يېپىپ قويۇپ، تۆرگە ئولتۇرغۇزدى. بۇ مۇئامىلىدىن تەسىرلەنگەن جاڭ لياۋ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ جاڭ لياۋنى كەپتاۋۇل قىلىپ تەيىنلىدى، ئۇنىڭغا گۇەننېي بېگى مەنسىپىنى بەردى ھەمدە زاڭ بانى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈشنى

بۇيرۇدى. زاڭ با لۇي بۇنىڭ ئۆلگەنلىكىنى، جاڭ لياۋنىڭ ئەل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قول ئاستىدىكى قوشۇنى بىلەن كېلىپ ئەل بولدى. ساۋ ساۋ ئۇنىڭغا چوڭ ئىلتىپات كۆرسەتتى. زاڭ با سۇن گۇەن، ۋۇ دۇن، يى لىلارنى ئەل بولۇشقا كۆندۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. يالغۇز چاڭ شىلا ئەل بولۇشقا ئۇنىمىدى. ساۋ ساۋ زاڭ بانى لاڭيا بېگى قىلدى، سۇن گۇەنلەرنىمۇ مەنسەپكە تەيىنلىدى. ئۇلارنى چىڭجۇ، شۈيجۇ ئايماقلىرىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى يەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بۇيرۇدى. لۇي بۇنىڭ بالا - چاقىلىرىنى شۈيچاڭغا ماڭغۇزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ قوشۇننى ياخشى تارتۇقلاپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قايتتى. بۇلار شۈيجۇ ئايمىقىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، پۇقرالار خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ، پۈتۈنلەي يولغا چىقىپ كەتتى، ليۇ بېينى پاسىبان قىلىپ قالدۇرۇشنى ئۆتۈندى.

— پاسىبان ليۇ بېينىڭ يەتكۈزگەن خىزمىتى كاتتا، خان بىلەن كۆرۈشۈپ، خان مەنسەپ - مەرتىۋە ئاتا قىلغاندىن كېيىن قايتىپ كەلسىمۇ كېچىكمەيدۇ! — دەپ جاۋاب بەردى ساۋ ساۋ.

پۇقرالار باش ئۇرۇپ تۇرۇپ رەھمەت ئېيتىشتى. ساۋ ساۋ ھارۋا - ئاتلىقلار سەركەردىسى چې جۇنى چاقىرتىپ، شۈيجۇنى ۋاقىتىنچە ئىدارە قىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ساۋ ساۋ لەشكەرلىرىنى شۈيچاڭغا قايتۇرۇپ كېلىپ، سەپەرگە قاتناشقانلارغا ئىنئام ۋە مەنسەپ بەردى، ليۇ بېي باش ۋەزىر سارىيىنىڭ سول يېنىدىكى بىر قورۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئەتىسى شيەندى خان دىۋانغا چىقتى. ساۋ ساۋ ليۇ بېينىڭ كۆرسەتكەن ئەجىر - تۆھپىسىنى خانغا مەلۇم قىلدى ۋە ليۇ بېينى باشلاپ كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشتۈردى. سارايچە كىيىنگەن ليۇ بېي پايىدە تىز چۆكۈپ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى، خان دىۋانغا چاقىرتىپ:

— سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىز كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

www.uyghurkitap.com

— كەمىنە خادىملىرى جۇڭ شەن چىڭۋاڭنىڭ ئەۋلادى، شىيا جىڭ خان ھەزرەتلىرىنىڭ چەۋرىسى، لىيۇ شۇگنىڭ نەۋرىسى، لىيۇ خۇگنىڭ ئوغلى بولىمەن، — دەپ جاۋاب قىلدى ئېھتىرام بىلەن لىيۇ بېي.

خان تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن خان جەمەتلىرى بېگىنى شەجەرىنى ئاچىــــقىـــــپ ئوقۇشقا بۇيرۇدى. شەجەرىدە مۇنداق پۈتۈلگەنىدى:

شىيا جىڭ خاننىڭ 14 ئوغلى بولغان، يەتتىنچى ئوغلى جۇڭ شەن جىڭ ۋاڭ لىيۇ شېڭ ئىدى. لىيۇ شېگنىڭ ئوغلى لۇ چېڭ بېگى لۇ جېن، ئۇنىڭ ئوغلى پېي بېگى لىيۇ ئاڭ، لىيۇ ئاگنىڭ ئوغلى جاڭ بېگى لىيۇ لۇ، لىيۇ لۇنىڭ ئوغلى يىشۇي بېگى لىيۇ لۇەن، لىيۇ لۇەننىڭ ئوغلى چىنياڭ بېگى لىيۇ يىڭ، لىيۇ يىگنىڭ ئوغلى ئەنگو بېگى لىيۇ جيەن، لىيۇ جيەننىڭ ئوغلى گۇاگلىڭ بېگى لىيۇ ئەي، لىيۇ ئەينىڭ ئوغلى جياشۇي بېگــــى لىيۇ شيەن، لىيۇ شيەننىڭ ئوغلى زويى بېگى لىيۇ شۇ، لىيۇ شۇنىڭ ئوغلى چياڭ بېگى لىيۇ يى، لىيۇ يىنىڭ ئوغلى يۇەنزې بېگى لىيۇ بى، لىيۇ بىنىڭ ئوغلى يىگچۇەن بېگى لىيۇ دا، لىيۇ دانىڭ ئوغلى يىگلىڭ بېگى لىيۇ بۇيى، لىيۇ بۇيىنىڭ ئوغلى جىچۈن بېگى لىيۇ خۇي، لىيۇ خۇينىڭ ئوغلى دۇڭجۇڭ دىيارى فەن ناھىيىسىنىڭ ئامبىلــــى لىيۇ شياڭ، لىيۇ شياگنىڭ ئوغلى لىيۇ خۇڭ مەنسەپ تۇتمىــــغان، لىيۇ خۇگنىڭ ئوغلى لىيۇ بېي بولغان.

شەجەرە بويىچە سۈرۈشتە قىلغاندا، لىيۇ بېي خاننىڭ تاغىسى بولىدىكەن. خان ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، دىۋاننىڭ يېنىدىكى بىر خانىدە تاغا ۋە جيەنلىك رەسمىيىتى بويىچە سالاملاشتى. خان كۆڭلىدە: «ساۋ ساۋ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالدى، ئەل ئىشلىرى مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس، بۇگۈن مۇنداق بىــر قەھرىمان

تاغامغا ئىگە بولدۇم، ياردەمچىم بار بولدى» دەپ ئويلىدى.
شۇنىڭ بىلەن ليۇ بېينى سول قول سەركەردە، يىچېڭ بېگى قىلىپ تەيىنلىدى. خان مەربكە ـ سورۇن راسلاپ ياخشىنى كۈتكەندىن كېيىن، ليۇ بېي خاننىڭ ئىلتىپاتىغا تەشەككۇر بايان قىلىپ سارايدىن چىقتى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئەل ئارىسىدا خان تاغىسى ليۇ بېي دەپ نام ئالدى.

ساۋ ساۋ سارىيىغا قايتقاندىن كېيىن، شۇن يۈي باشلىق مەسلىھەتچىلەر كېلىپ كۆرۈشتى ۋە:

— خاننىڭ ليۇ بېينى تاغام دەپ ئېتىراپ قىلغانلىقى جانابلىرىغا پايدىلىق ئەمەسمىكىن، — دېيىشتى.

— ئۇ خان تەرەپتىن تاغا دەپ تونۇلغان بولسىمۇ، مەن خان نامىدىن پەرمانلار چىقىرىمەن. دېمەك، ئۇنىڭ بويسۇنماي ھەددى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇنى شۈيچاڭدا قالدۇردۇم، ئۇ خانغا يېقىن تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مېنىڭ ئىلكىمدە، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن نېمىدىن قورقىمەن؟ مېنىڭ تەشۋىشىم ئەمىر ياڭ بياۋنىڭ يۈەن شۇنىڭ تۇغقىنى ئىكەنلىكىدە. ئەگەر ئۇ يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغان ئىككى ئاكا ـ ئۇكا بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئىچكى جەھەتتىن بولۇشۇپ بەرسە، چوڭ زىيانكەشلىك قىلالايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇنى ئارىدىن يوقىتىش لازىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ ئادەملىرىگە مەخپىي بۇيرۇق بېرىپ، ياڭ بياۋغا يۈەن شۇ بىلەن تىل بىرىكتۈردى دېگەن بوھتاننى چاپلىتىپ ئەرز قىلدۇردى ـ دە، ياڭ بياۋنى زىندانغا تاشلىدى ۋە مەن چۇڭغا ئۇنى جايلىۋېتىشنى بۇيرۇدى.

بۇ كۈنلەردە بېيخەي ھاكىمى كۇڭ رۇڭ پايتەخت شۈيچاڭدا ئىدى. ئۇ بۇ ۋەقە يۈزىسىدىن ساۋ ساۋغا كىرىپ:

— جانابىي ياڭ بياۋ تۆت نەسلىدىن بېرى پاك كېلىۋاتقان كىشى. قانداق قىلىپ يۈەن ئۇرۇقىدىن بولغانلارنى دەپ ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com

جىنايەت ئارتقىلى بولسۇن؟ — دېدى.

— بۇ خاننىڭ پىكرى، — دېدى ساۋ ساۋ.

— چىڭ ۋاڭغا جاۋگۇڭنى ئۆلتۈرۈڭ دېگەن ۋاقتىدا، جۇگۇڭ* بۇنى بىلەتتىمۇ؟ — دېدى كۇڭ رۇڭ.

ساۋ ساۋ ئىلاجسىز قىلىپ، ياڭ بياۋنى مەنسىپىدىن ئېلىپ يۇرتىغا قايتۇردى. مۇشاۋىر جاۋيەن ساۋ ساۋنىڭ زوراۋانلىقىدىن غەزەپلەندى، ساۋ ساۋنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ۋەزىرلەرنى ئۆزى بىلگەنچە جازالاۋاتقانلىقى، خاننىڭ پەرمانى بويىچە ئىش كۆرمەيۋاتقانلىقى توغرىسىدا خانغا شىكايەت يازدى. بۇنى ئاڭلىغان ساۋ ساۋ غەزەپلىنىپ، جاۋ يەننى ئۆلتۈرگۈزدى. بۇ ھادىسە بىلەن ئەركان دۆلەتنىڭ بارى قورقۇشۇپ كەتتى.

— ھازىر جانابلىرىنىڭ ئۇلۇغ نام ـ شۆھرىتى كۈنسايىن ئېشىۋاتىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ، خانلىقنى قولغا كىرگۈزۈشكە تەرەددۇت قىلمايدىلا؟ — دەپ مەسلىھەت بەردى مۇشاۋىر.

— خاننىڭ ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرى كۆپ، يەڭگىللىك بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا بولمايدۇ، خاننى ئوۋغا تەكلىپ قىلىپ، ئەھۋالغا قاراپ باقىمەن، — دېدى ساۋ ساۋ.

ساۋ ساۋ شۇنىڭ بىلەن ياخشى ئات، ئېسىل بۈركۈت، تايغان، ئوقيالار ھازىرلىدى، ئالدى بىلەن شەھەر تېشىغا لەشكەر توپلاپ قويغاندىن كېيىن، ئوۋغا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن خان ھۇزۇرىغا كىردى.

— ئوۋ قىلىش توغرا يول ئەمەس! — دېدى خان.

— قەدىمكى خانلار باھار، ياز پەسلىدە زىرائەتلەرنى كۆرۈش، قىش، كۈز پەسلىدە ئوۋ قىلىش ئۈچۈن تۆت پەسلىدە شەھەر ئەتراپلىرىغا چىقىپ سەيلە قىلاتتى ۋە شۇ يول بىلەن

* جۇگۇڭ — جۇ بەگلىكىنىڭ بېگى ۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى بولۇپ، ۋۇۋاڭ ھۇزۇرىدا يۇقىرى مەرتىۋىدە ئىدى.

ئۆزىنىڭ نوپۇز ۋە ھەيۋىتىنى ئەلگە نامايىش قىلاتتى، بۇگۈن ئەلدە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، ئوۋ قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇشىمىز لازىم، — دېدى ساۋ ساۋ.

خان نائىلاج چاپقۇر ئېتىغا مىنىپ، ئېسىل گۆھەرلەر نەقىشلەنگەن كامانىنى، قىرلىق ئوقلىرىنى ئېلىپ، قاتار تىزىلغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرى بىلەن شەھەردىن چىقتى.

ليۇ بېي گۈەن يۈي، جاڭ فېيلار بىلەن ئوقيالىرىنى ئېسىپ، ئىچىگە نىمچە، قۇياق كىيگەن، قوللىرىغا قورال ـ ياراغ ئالغان ۋە بىرنەچچە يۈز ئاتلىق لەشكەرنى ھەمدەم قىلغان ھالدا خانغا ئەگىشىپ شۈيچاڭدىن چىقتى. ساۋ ساۋ ئۆزىنىڭ چاقماقتەك يۈگۈرۈك جەدە ئېتىغا مىنىپ، 10 تۈمەن لەشكەر ئېلىپ خان بىلەن شۈيتەنگە شىكارغا چىقتى. لەشكەرلەر ئورىۋالغان ئوۋ مەيدانىنىڭ دائىرىسى 200 چاقىرىمدىن ئارتۇق كېلەتتى. ساۋ ساۋنىڭ ئېتى خاننىڭ ئېتى بىلەن بىرگە پەقەت بىر ئات بېشى قويۇپ كېتىۋاتاتتى، ئارقىدا غىچلا ساۋ ساۋنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سەركەردە ـ سەرۋازلىرى بار ئىدى، قەلەمدار ـ ئەلەمدار، بەگلەر يىراقتا ماڭاتتى، ھېچكىم يېقىن كېلىشكە پېتىنالمايتتى. شۇ كۈنىلا شيەندى خان ئاتلىق يۈرۈپ شۈيتيەنگە يېتىپ كەلدى، ليۇ بېي يول ياقىسىدا تۇرۇپ خانغا تەزىم قىلىپ ھارمىدى.

— تاغا! بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئوۋ ئوۋلاپ ئوقيا ئېتىشلىرىنى كۆرمەكچىمەن، — دېدى خان.

ليۇ بېي بۇيرۇقنى ئېلىپ ئاتلاندى. توساتتىن ئوتلۇق ئىچىدىن بىر توشقان قېچىپ چىقتى، ليۇ بېي كىرىچىنى بوشاتتى، ئوق دەل بېرىپ توشقانغا تەگدى. خان باريكاللا، ئاپىرىن! دەپ تەبرىكلىدى. بىر توپا دۆڭلۈكتىن ئۆتكەندە ئازغانلىقتىن بىر چوڭ بۇغا چىقىپ قالدى، خان ئۇدا ئۈچ پاي

www.uyghurkitap.com

ئوق ئېتىشۇندى، بىرىمۇ تەگمىدى. ئاندىن ئۇ ساۋ ساۋغا قاراپ:

— سىز ئېتىپ بېقىڭ! — دېدى.

ساۋ ساۋ خاننىڭ لەھەل ـ ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن كامانىنى، قىزىلىق ئوقىنى سوراپ ئالدى ـ دە، كامانىنى راسا تارتىپ بىر ئېتىشۇدى، ئوق بىرىپ دەل بۇغىنىڭ دۈمبىسىگە تەگدى، بۇغا شۇ ھامان يەرگە يىقىلدى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار، سەركەردە ـ سەرۋازلار قىزىلىق ئوقنى كۆرۈپ، خان ئېتىپ تەگكۈزگەن چېغى دەپ ئويلاشتى ۋە خانغا قاراپ بىردىنلا، «خانىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!» دەپ توۋلاشتى. ساۋ ساۋ ئېتىنى دېۋىتكىنىچە خان ئالدىغا ئۆتۈپ ئالقىشلارنى قوبۇل قىلدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەممىنىڭ كەيپى ئۇچتى، لىيۇ بېينىڭ ئارقىسىدا تۇرغان گۇەن يۈي دەرغەزەپ بولۇپ، قىيغاچ قېشى تىك تۇردى، ئۇ يۇمۇق كۆزىنى ئېچىپ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرۈشكە ئات چاپتۇرماق بولۇپ تۇرۇشىغا، لىيۇ بېي كۆرۈپ قېلىپ، ئالمان ـ تالمان توختا دەپ قول ۋە كۆز ئىشارىتى قىلدى. گۇەن يۈي ئاغىسىنىڭ مۇنداق قىلغىنىنى كۆرۈپ ھەرىكەت قىلىشقا پېتىنالمىدى. لىيۇ بېي ساۋ ساۋغا قەددىنى ئېگىپ تۇرۇپ:

— باش ۋەزىر جانابلىرىدەك مەرگەن كاماندازلار دۇنيادا بەك ئاز ئۇچرايدۇ! — دەپ تەبرىكلىدى.

— بۇ خانىمىزنىڭ بەخت ـ تەلىيىدۇر! — دېدى ساۋ ساۋ كۈلۈپ تۇرۇپ ۋە ئېتىنى قايتۇرۇپ خاننى تەبرىكلىدى ـ دە، لەھەل ـ ياقۇتلار بىلەن نەقىشلەنگەن كامانىنى خانغا قايتۇرۇپ بەرمەستىن ئۆزى ئېسىۋالدى.

شىكار تۈگىگەندىن كېيىن، شۈيتيەندە مەرىكە ـ سورۇن ئۆتكۈزۈلدى. مەرىكە ـ سورۇن تارقىغاندىن كېيىن خان پايتەخت شۈيچاڭغا قايتتى. ئاندىن ھەركىم ئۆز ئۆيىگە قايتتى. گۇەن يۈي لىيۇ بېيدىن:

— مۇناپىق ساۋ ساۋ خاننى مۇنچىۋالا خورلامدۇ؟ مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئەل ئۈچۈن بۇ زىيانكەشنى يوقاتماقچىدىم. ئاغا، سىلى مېنى نېمىشقا توسۇدىلا؟ — دەپ سورىدى.

— «چاشقاننى ئۆلتۈرەي دېسەڭ قاچا سۇنىدۇ» دېگەن گەپ بار. خان بىلەن ساۋ ساۋ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى بىرلا ئات بېشىچىلىك ئارىلىق بار، پۈتۈن ئەتراپنى ساۋ ساۋنىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى قورشىۋالغان. ئىنىم! ئەگەر سىز بىردەملىك ئاچچىقىڭىزغا پايلىماي، يەڭگىللىك قىلسىڭىز، ئىش ئەپلەشمەي خانغا زىيان - زەخمەت يېتىپ قالسا، ئەكسىچە بىز گۇناھكار بولۇپ قالىمىز، — دېدى ليۇ بېي.

— بۈگۈن بۇ ئوغرى ئۆلتۈرۈلمەيدىكەن، — دېدى گۈەن يۈي، — كېيىن چوقۇم بالاسى تېگىدۇ.

— ھازىرچە سىر ساقلاش لازىم، كەلسە - كەلمەس سۆزلەش يارىمايدۇ، — دېدى ليۇ بېي.

ئەمدى گەپنى خاندىن ئاڭلاڭ.

شىيەندى خان ئوردىغا قايتىپ، كۆز يېشى قىلغان ھالدا خانىش فۇ خېنىمغا:

— مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدىن بېرى، مەككار مۇناپىقلار ھەر تەرەپتىن باش كۆتۈردى، دەسلەپ دۇڭ جۇنىڭ بالاسىغا يولۇقتۇم، كېيىن لى جۆ، گۇسىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىدىم. باشقىلار تارتمىغان ئەلەم - كۈلپەتلەرنى سەن بىلەن بىز تارتتۇق، كېيىن ساۋ ساۋغا ئىگە بولۇپ، بۇنى ئەل ۋەزىرى بولارمىكىن دېسەم، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ، خالىغانچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرسەم، گويا ئازغان - تىكەن ئارىسىدا قالغاندەك بولىمەن. بۈگۈن ئوۋ مەيدانىدا، مېنىڭ نامىمغا توۋلىنىۋاتقان ئالقىش سادالىرىنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىۋالدى، ئەدەپسىزلىكتە چېكىدىن ئاشتى!

قاچانلا بولمىسۇن ئۇنىڭدا بىر يامان نىيەت تۇغۇلماي قالمايدۇ، بىز ئەر ـ خوتۇن ياتىدىغان گۆرىمىزنىمۇ بىلمەي قالىمىز، — دېدى.

— پۈتۈن خاندانلىقىمىزدا شۇنچىۋالا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار بار، — دېدى خانىش فۇ خېنىم، — ھەممىسى خەن خاندانلىقىنىڭ ئاش ـ تۇزىنى يەپ تۇرۇپتۇ، بۇلاردىن ئەل خالاسكارلىقى ئۈچۈن بىرەرتىسىمۇ چىقماسمۇ؟

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ئۇشتۇمتۇت تالادىن بىر كىشى كىرىپ كەلدى ـ دە:

— ئەي خانىم، خانىشىم! غەم قىلىشمىسىلا، شۇنداق بىر كىشىنى كۆرستەيكى، ئۇ ئەلنى زىيانكەشلەردىن تازىلايدۇ، — دېدى.

خان قارىسا، بۇ كىشى خانىش فۇ خېنىمنىڭ ئاتىسى فۇ ۋەن ئىكەن.

— ئاتا، — دېدى خان يېشىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مۇناپىق ساۋ ساۋنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشلىرىنى سىلىمۇ بىلىدىكەنلا ـ دە؟

— شۇيتىيەندە بۇغا ئاتقان ئىشنى كىم كۆرمىدى؟ خاندانلىقتىكىلەر يا ساۋ ساۋنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، يا بولمىسا ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى. بۇ مۇناپىق ئوغرىلارنى جازالاشتا ئالىيلىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن باشقا كىم ساداقەتلىك كۆرستەلەيدۇ؟ كەمىنە قېرى خادىملىرى ھوقۇقسىز بىر شەخس بولغىنىم ئۈچۈن، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشىم قىيىن. مېنىڭچە، قېيناغىلىرى هارۋا ئاتلىقلار سەركەردىسى دۇڭ چېڭغا ھاۋالە قىلساق، — دېدى فۇ ۋەن.

— قېيناغام دۇڭ چېڭ ئەل قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقىتلاردا كۆپ ئەجىر كۆرسەتكەن، بۇنى ئوبدان بىلىمەن؛ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدە كېڭىشىش ئۈچۈن، ئىچكى ھەرەمگە چاقىرتايلى، — دېدى خان.

— ئالىيلىرىنىڭ ئەتراپىدىكىلەر، — دېدى فۇ ۋەن، — ساپلا ساۋ ساۋنىڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى. ئەگەر ئىش پاش بولۇپ قالسا زور پالاكەت يۈز بېرىدۇ.

— ئەمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟

— مېنىڭ بىر تەدبىرىم بار: ھەزرەتلىرى بىر قۇر كىيىم ۋە زەركەمەر ھازىرلاپ مەخپىي يوسۇندا دۇڭ چېڭغا ئىنئام قىلسىلا، كەمەر قەۋىتىنىڭ ئىچىگە مەخپىي پەرمانلىرىنى قويدۇرۇپ تىكتۈرۈۋېتىپ، ئاندىن بەرسىلە ھەمدە ئۆيگە بېرىپ پەرماننى ئوقۇشقا ۋە كېچە - كۈندۈزلەپ تەدبىر كۆرۈشكە بۇيرۇق قىلسىلا، ئۇنى ئىنس - جىنمۇ بىلمەيدۇ، — دېدى فۇ ۋەن.

خان ماقۇل كۆردى، فۇ ۋەن خەيرلىشىپ چىقىپ كەتتى.

خان بارمىقىنى چىشلەپ قان چىقىرىپ، قېنى بىلەن شايى ياغلىققا بىر مەخپىي پەرمان يازدى ۋە خانىش فۇ خېنىمغا زەر كەمەرنىڭ قەۋىتى ئىچىگە بىلىنمىگۈدەك قىلىپ تىكىپ قويۇشنى بۇيرۇدى. ئاندىن كىيىمنى كىيىپ كەمەرنى باغلىدى - دە، ئىچكى ھەرەم خادىملىرى ئارقىلىق دۇڭ چېڭنى چاقىرتتى. دۇڭ چېڭ كىرىپ خانغا رەسمىي سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خان:

— مەن خانىش بىلەن باخېدىكى ئەلەم - كۈلپەتلەرنى سۆزلىشىپ، ئاغا، سىزنىڭ كۆرسەتكەن زور ئەجىرىڭىزنى ئەسلىدۇق، شۇڭلاشقا ئۆزىڭىزدىن ھال سوراش ئۈچۈن چاقىرتقانىدىم، — دېدى.

دۇڭ چېڭ بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ تەشەككۈر بايان قىلدى. خان دۇڭ چېڭنى ئورنىدىن باشلاپ چىقىپ، ئەجدادلار ئىبادەتخانىسىغا ئېلىپ كىردى، ئۇ يەردىن ئەجىر - خىزمەت كۆرسەتكەن ۋەزىرلەر راۋىقىغا باشلاپ كىردى. خان خۇشبۇي ئىسرىق سېلىپ ئىبادەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇڭ چېڭنى رەسىملەرنى كۆرۈشكە باشلاپ ماڭدى. رەسىملەر ئارىسىدا گاۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

زۇ خان ليۇ باڭنىڭ رەسمىي بار ئىدى.

— مېنىڭ ئۇلۇغ بوۋام گاۋ زۇ خان ھەزرەتلىرى قەيەردىن يۈرۈش قىلغان ۋە قانداقسىگە خانلىق تىكلىگەنىدى؟ — دەپ سورىدى خان.

— ھەزرەتلىرى ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامدىلا؟ — دېدى دۇڭ چېڭ ئەجەبلىنىپ، — مۇقەددەس بوۋىمىزنىڭ ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ بىلمەيدىلا؟ خان ليۇ باڭ ھەزرەتلىرى سىشاڭدا مەھەللە ئاقساقىلى بولۇپ تۇرغاندا، ئۈچ چىلىق شەمشىرىدە يىلان ئۆلتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرۈش بىلەن ھەر تەرەپكە يۈرۈش قىلدى، ئۈچ يىلدا چىن بەگلىكىنى، بەش يىلدا چۇ بەگلىكىنى مۇنقەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلگە ئىگە بولۇپ، بۇ ئۇلۇغ، مەڭگۈلۈك ئىشنىڭ ئاساسىنى قۇرغانىدى.

— ئەجدادلىرىمىز شۇ قەدەر قەھرىمان ئىكەن، ئەۋلادلىرى بونچىۋالا زەئىپ. نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! — دېدى خان ئۇلۇغ ۋە سولدىكى ئىككى مۇشاۋىرنىڭ رەسمىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىككى ئادەم ليۇ بېگى جاڭ لياڭ، زەن بېگى شيا خې ئەمەسمۇ؟

— شۇ گاۋ زۇ بۇ ئىككى ئادەمنىڭ كۈچىگە يۆلىنىپ، ئۆز خاندانلىقىنىڭ ئاساسىنى قۇرغانىدى، — دېدى دۇڭ چېڭ.

خان ئەتراپىدىكىلەرنىڭ يىراقتىراق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، مەخپىي ھالدا دۇڭ چېڭغا:

— سىزمۇ بۇ ئىككى ئادەمگە ئوخشاش يېنىمدا تۇرۇشىڭىز لازىم، — دېدى.

— مېنىڭ ھېچبىر يەتكۈزگەن خىزمىتىم بولمىسا، — دېدى دۇڭ چېڭ، — قانداق قىلىپ بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايمەن؟

— سىزنىڭ كۆنپېتنىش ئاستانىدە مېنى قۇتقۇزۇشتا يەتكۈزگەن ئەجىر - تۆھپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، بىرەر

ئىنئام بېرەلمىدىم، — دېدى خان ئۆچىسىدىكى كىيىم ۋە كەمەرنى كۆرسىتىپ، — سىز بۇ كىيىمنى كىيىپ ۋە بۇ كەمەرنى باغلاپ يۈرسىڭىز، ھەر دائىم مېنىڭ بىلەن بىللە بولغاندەك بولۇرسىز.

دۇڭ چېڭ باش ئۇرۇپ، رەھمەت ۋە تەشەككۇر بايان قىلدى. خان كىيىمنى ۋە كەمەرنى يېشىپ دۇڭ چېڭغا ئىنئام قىلدى ۋە مەخپىي ھالدا:

— قايتقىنىڭىزدىن كېيىن ئىنچىكىلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىڭ. كۆڭلەكتىكى ئۈمىدىمنى يەردە قويماسسىز؟ — دەپ خىتاب قىلدى.

خاننىڭ غەرىزىنى چۈشەنگەن دۇڭ چېڭ كىيىمنى كىيىپ، كەمەرنى باغلىدى ۋە خان بىلەن خەيرلىشىپ راۋاقتىن چۈشتى - دە، چىقىپ كەتتى.

ئادەملەر خان بىلەن دۇڭ چېڭنىڭ ئەجىر - خىزمەت يەتكۈزگەنلەر راۋىقىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاللىقاچان ساۋ ساۋغا مەلۇم قىلىشقانىدى، ساۋ ساۋ كۆرۈش ئۈچۈن ئوردىغا يول ئالدى. دۇڭ چېڭ راۋاقتىن چۈشۈپ ئوردا قوۋۇقىغا كەلگەندە، ساۋ ساۋ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى؛ يوشۇرۇنىدىغان دالدا جاي بولمىغاچقا، يول بويىدا تەزىم قىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— خان قېيناغىسى، قەيەردىن كېلىۋاتىدىلا؟ — دەپ سورىدى ساۋ ساۋ.

— خان ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ، تاۋار تون، زەر كەمەر ئىلتىپات قىلدى.

— نېمە سەۋەبتىن ئىلتىپات قىلدى؟

— كەمىنىلىرىنىڭ ئۆتمۈشتە كۈنپېتىش ئاستانىدە خاننى قۇتقۇزۇپ يەتكۈزگەن ئەجىر - خىزمىتىمنى ئەسلەپ ئىنئام قىلدى.

— كەمەرنى يەشسىلە، كۆرۈپ باقاي!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇڭ چېڭ كېيىم بىلەن كەمەردە مەخپىي پەرمان بارلىقىنى بىلگىنى ئۈچۈن ساۋ ساۋنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، سالغىلى ئۇنىماي ئارقىغا سۈردى.

ساۋ ساۋ ئەتراپىدىكىلەرگە توۋلىغان هالدا:

— تېز يېشىڭلار! — دېدى ۋە خېلى ۋاقىتقىچە كۆرگەندىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ياخشى كەمەر ئىكەن! كىيىمنى هەم سالسىلا، كۆرۈپ باقاي! — دېدى.

دۇڭ چېڭ ئىچىدە قورقۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئىتائەت قىلماسقا پېتىنالماي، كىيىمنى سېلىپ تەقدىم قىلدى. ساۋ ساۋ كىيىمنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كۈنگە تۇتۇپ ناهايىتى سىنچىلاپ قاراپ چىققىي ۋە كىيىمنى ئۆزى كىيىپ، كەمەرنى باغلىدى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

ئەتراپىدىكىلەر، ياراشتى، دېيىشتى. ساۋ ساۋ دۇڭ چېڭغا قاراپ:

— خان قېيناغىسى! كىيىم ۋە كەمەرنى ماڭا ئىلتىپات قىلسىلا قانداق؟ — دېدى.

— خاننىڭ ئىنئامى، هەدىيە قىلىشقا پېتىنالمايمەن. باشقا بىرنى تىكتۈرۈپ هەدىيە قىلاي!

— خان قېيناغىسى! بۇ كىيىم ۋە زەر كەمەردە باشقا بىرەر سىر بولمىسۇن يەنە؟

— مېنىڭ نە هەددىم! — دېدى دۇڭ چېڭ چۆچۈپ، — ئەگەر باش ۋەزىر جانابلىرىغا لازىم بولسا قالسۇن!

— جانابلىرىغا خاننىڭ ئىلتىپاتى ئىكەن، مەن قانداق قىلىپ تارتىۋالاي؟ چاقچاق قىلدىم، — دېدى ـ دە، كىيىمنى سېلىپ كەمەرنى يېشىپ، دۇڭ چېڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

دۇڭ چېڭ ساۋ ساۋ بىلەن خەيرلىشىپ ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، قىرائەتخانىسىدا كېچىچە تەنها ئولتۇرۇپ، چاپاننى قايتا ـ

قايتا سىنچىلاپ كۆزدىن كەچۈردى، ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە تاپالمىدى ـ دە، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ «خان ماڭا كىيىم ـ كېچەك ئىنئام قىلغان ۋاقتىدا، سىنچىلاپ قاراڭ دېگەنىدى، بۇ سۆزى ئەلۋەتتە غەرەزسىز بولمىسا كېرەك؛ ئەجەبا ھېچ نەرسىنىڭ ئىزى كۆرۈنمەيدۇ؟» دېگەن ئويغا كېلىپ، كەمەرنى كۆزدىن كەچۈردى. كەمەرگە ئاق قاشتاشلاردىن كىچىك ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چېكىلگەن، ئىچىگە بىنەپشە رەڭ كىمخابتىن ئەستەر تۇتۇلغان، ئۇ راۋۇرۇس تىكىلگەن بولۇپ، باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. دۇڭ چېڭ گۇمانلاندى، ئۇنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تەكرار ئىزدەشكە كىرىشتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھېرىپ كېتىپ شىرەنىڭ ئۈستىگە بېشىنى قويغىنىچە ئۇخلىماق بولدى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا چىراغنىڭ پوتلىسى تۇيۇقسىزلا كەمەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئەستەرلىكىنىڭ كىچىككىنە يېرىنى كۆيدۈرۈپ قويدى. دۇڭ چېڭ ئالدىراپ قولىغا ئېلىۋىدى، ھېلىقى كۆيگەن يەردىن بىر ئاق ئىپەك ياغلىق، ياغلىقتا قان ئىزى كۆرۈنۈپ قالدى. تېزلىكتە پىچاق بىلەن ئېچىپ قارىۋىدى، خاننىڭ قان بىلەن يېزىلغان قولىيازمىسى — مەخپىي پەرمان ئىكەن. پەرماندا مۇنداق دېيىلگەن:

مەن ئىنسانلىق مۇناسىۋەتتە، ئاتا ـ بالىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ؛ ئۇلۇغلۇق بىلەن تۆۋەنلىكنىڭ پەرقى خان بىلەن ۋەزىرلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ يېقىندىن بېرى، مۇناپىق ساۋ ساۋ ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، ماڭا جەبىر ـ زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ؛ ئۆز مۇخلىسلىرى بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، خانلىق ئەركانلىرىنى بۇزۇۋاتىدۇ؛ مېنىڭ ئىختىيارىمسىز ئۆزى بىلگەنچە مەنسەپلەرگە تەيىنلەش، تارتۇقلاش ـ جازالاش ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ. مەن ئەلگە خەۋپ ـ خەتەر

كېلىشۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، كېچە ـ كۈندۈز غەمدە قالدىم. سىز ئەلنىڭ ۋەزىرى، ماڭا تۇغقان بولسىز، ئۇلۇغ بوۋام گاۋ زۇ خان ھەزرەتلىرىنىڭ خانلىق تىكلەش يولىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، سادىق، ۋاپادارلىقىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئەزىمەتلەرنى توپلاپ، بۇ مۇناپىقلار توپىنى ئۈزۈل ـ كېسىل يوقىتىش بىلەن خاندانلىقنى ئەمىن ئەتسىڭىز، ئەجدادلىرىمىز رازى بولاتتى! بارمىقىمدىن قان چىقىرىپ، پەرمان يېزىپ سىزگە تاپشۇردۇم. زىنھار ئېھتىيات بىلەن ھەرىكەت قىلغايسىز، ئۈمىدىمنى يەردە قويماسسىز!

جەنئەننىڭ 4 ـ يىلى، 3 ـ ئاي.

دۇڭ چېڭ پەرماننى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى، كېچىچە كۆزى ئۇيقۇغا بارمىدى. سەھەر تۇرۇپ يەنە قىرائەتخانىسىغا كىرىپ، مەزكۇر پەرماننى قايتا ـ قايتا كۆزدىن كەچۈرۈپ، ھېچبىر چارە ـ تەدبىر ئويلاپ تاپالمىدى. پەرماننى شىرە ئۈستىگە قويۇپ ساۋ ساۋنى يوقىتىش پىلانى ئۈستىدە خىيالغا چۆكتى، ئاخىر بىر قارارغا كېلەلمەي، شىرەگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. ئۇشتۇمتۇت ياندا ئامبال ۋاڭ زىفۇ كېلىپ قالدى. ئىشىك ئاغىسى ۋاڭ زىفۇنىڭ دۇڭ چېڭ بىلەن يېقىن دوست ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ توپتوغرا قىرائەتخانىغا كىرىپ كەلدى ـ دە، دۇڭ چېڭنىڭ شىرەگە يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆردى، ئۇنىڭ يېڭىنىڭ ئاستىدا بىر ئاق ياغلىق باستۇرۇقلۇق ئىكەن، خاننىڭ ئۆزىنى مەن دەپ خىتاب قىلىدىغان «جېن» ھەرپى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ۋاڭ زىفۇ گۇمانلاندى ـ دە، ئاستا سۇغۇرۇۋېلىپ ئوقۇدى ۋە يېڭىغا يوشۇرۇپ قويدى، ئاندىن:

— خان قېيىناغىسى مۇنداقمۇ بەخىرامان بولامدىكەن؟ قانداق ئويقۇلىرى كەلدى؟ — دېدى.

دۆلـ چېلـ چۆچۈپ ئويغاندى، ئۇ پەرمانىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچۇپ ساراسىمىگە چۈشتى.

— سىلى جانابىي ساۋ ساۋنى ئۆلتۈرىدىغان بولسىلا، مەن سىرنى پاش قىلىمەن، — دېدى ۋالـ زىفۇ.

— ئەگەر ئۆزلىرى مۇنداق قىلىمەن دېسىلە، خەن خاندانلىقى تۈگىدى دېگەن سۆز! — دېدى دۆلـ چېلـ يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئوينىشىپ قويدۇم، مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم خەن خاندانلىقىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئىگە بولۇپ كەلگەن، مەن ساداقەتسىزلىك قىلامدىمەن؟ ئەلدىكى مۇناپىقلارنى بىرلىكتە يوقىتىش ئۈچۈن كەمىنىلىرى بىر كىشىلىك كۈچۈمنى ئايىمايمەن، — دېدى ۋالـ زىفۇ.

— ئەگەر سىلىدە مۇنداق نىيەت بولىدىغان بولسا، بۇ ئەلنىڭ چوڭ بەختى!

— بىر پىنھان ئۆيگە كىرىپ ئەھدىنامە يازايلى، خەن خاندانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۈچ ئەۋلادىمىزنى ئاتاپ قويايلى!

دۆلـ چېلـ ناھايىتى خۇشال بولدى، ئۇ بىر ئاق ياغلىقنى ئېلىپ ئاۋۋال نامىنى يېزىپ ئىمزا قويدى. ۋالـ زىفۇمۇ ئىمزا قويدى. ئىمزادىن كېيىن ۋالـ زىفۇ:

— سەركەردە ۋۇ زىلەن مېنىڭ يېقىن دوستۇم، ئۇنىمۇ ئۆزىمىزگە قوشۇۋېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى.

— ئوردىدىكى ۋەزىرلەر ئىچىدە چاڭشۇيلۇق لەشكەر بېشى جوڭ جى، مۇشاۋىر ۋۇ شۇ مېنىڭ سىردىشىم ، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن ئىش بىرلىكى قىلىشلىرى چوقۇم، — دېدى دۆلـ چېلـ.

كېچەشىنىڭ ئۈستىگە مۇلازىم بالا كىرىپ جوڭ جى بىلەن ۋۇ شۇنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، دۆلـ چېلـ:

— بۇ تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمى! — دېدى - دە، ۋالـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىفۇنى ۋاقىتلىق دەرپەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇشقا ئۈندىدى. دۇڭ چېڭ ئىككىسىنى قىرائەتخانىسىغا باشلىدى، ئولتۇرۇشتى، چاي ئىچىلدى، ئاندىن جۇڭ جى:

— شۈيتىيەندىكى ئۇۋ ئىشلىرىدىن جانابلىرىمۇ غەزەپلەنگەندىلا؟ — دەپ سورىدى.

— غەزەپلەنسەم نىمە ئامال؟ — دېدى دۇڭ چېڭ.

— ئەزىبىرايى، بۇ ئوغرىنى ئۆلتۈرىمەن، ئىستىكى، ماڭا ھەمدەم بىرىدىغان كىشى يوق! — دېدى ۋۇ شۇ.

— ئەل ئۈچۈن زىيانكەشلەرنى يوقىتىشتا ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق، — دېدى جۇڭ جى.

— سىلەر ئىككىيلەن باش ۋەزىر ساۋنى ئۆلتۈرمەكچى بولساڭلار، مەن سىلەرنى تۇتۇپ بېرىمەن! خان قېيناغىسى بۇنىڭغا گۇۋاھ! — دېدى ۋاڭ زىفۇ پەردە ئارقىسىدىن چىقىپ.

— سادىق ۋەزىرلەر ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. بىز ئۆلسەكمۇ خەن خاندانلىقىنىڭ جىنى بولىمىز، بۇ سىزنىڭ قاراقچىغا بېقىنىپ جان ساقلىغىنىڭىزدىن ياخشىراق! — دېدى غەزەپلەنگەن جۇڭ جى.

— ئىككىمىز دەل مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىككىلىرى بىلەن سۆزلىشىش تەرەددۇتىدا بولۇۋاتاتتۇق. جانابىي ۋاڭ زىفۇ ئىككىلىرى بىلەن ئويىنىشىۋاتىدۇ، — دېدى دۇڭ چېڭ كۇلۇپ ۋە يېڭىدىن پەرماننى چىقىرىپ ئىككىيلەنگە كۆرسەتتى. ئىككىيلەن پەرماننى ئوقۇپ، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش ئاققۇزدى. دۇڭ چېڭ بۇلارغىمۇ ئىمزا قويدۇردى. ۋاڭ زىفۇ:

— ئىككىلىرى بىرئاز تۇرۇپ تۇرۇشسىلا، مەن ۋۇ زىلەننى باشلاپ كېلەي، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ زىفۇ بىر پەستىلا ۋۇ زىلەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى، ۋۇ زىلەن ھەممە بىلەن كۆرۈشۈپ سىردىن ۋاقىپ بولدى، خەتكە ئىمزا قويدى. ئاندىن دۇڭ چېڭ ئارقا زالدا مېھمانلار

شەرىپىگە مەرىكە - سورۇن راسلاتتى.

توساتتىن شىلىياڭ ھاكىمى ماتېڭنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. دۇڭ چېڭ ئادەملىرىگە:

— مېنى ئاغرىق، كۆرۈشەلمەيدۇ، دەپ جاۋاب بېرىڭلار، — دېدى.

ئىشىك ئاغىسى چىقىپ كۆرۈشەلمەسلىكىنى ئېيتىۋىدى، ما تېڭ:

— مەن ئۇنى تۈنۈگۈن كۈنچىقىش سەلتەنەت قوۋۇقىنىڭ سىرتىدا كىمخاب تون كىيىپ زەركەمەر باغلاپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋىدىم، نېمە سەۋەبتىن كېسەل مەن دەپ ئۆزرە كۆرسىتىدۇ؟ مەن بىكارغا كەلگىنىم يوق، نېمىشقا قوبۇل قىلمايدىكەن؟ — دېدى غەزەپ بىلەن.

ئىشىك ئاغىسى ما تېڭنىڭ غەزەپلەنگەنلىكىنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بەردى. دۇڭ چېڭ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھەر بىرلىرى ئازغىنا كۈتۈپ تۇرۇشسىلا، مەن غاچچىدە چىقىپ كىرەي، — دېدى ۋە دىۋاندىن چىقىپ ئۇنى كۈتۈۋالدى. رەسمىي سالام - سەھەتتىن كېيىن ئولتۇرۇشتى.

— مەن ئوردىغا كىرىپ ياندىم، شۇڭلاشقا خوشلاشقىلى كېلىۋىدىم، نېمە ئۇچۇن قوبۇل قىلمايدىلا؟ — دېدى ما تېڭ.

— پېقىر تۇيۇقسىز كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئىستىقبال قىلالمىدىم، ئەيىبلىكمەن، — دېدى دۇڭ چېڭ.

— چىرايلىرى باھاردەك ئېچىلىپ تۇرۇپتۇ، ھېچبىر ئاغرىقتەك كۆرۈنمەيدىلا، — دېدى ما تېڭ.

دۇڭ چېڭ جاۋاب بېرەلمەي قالدى. ما تېڭ ئاغرىنىپ يېڭنى سىلكىپ ئورنىدىن تۇردى - دە، پەلەمپەيدىن چۈشۈۋېتىپ ئاھ چەككەن ھالدا:

— بۇلار ئەلنىڭ خالاسكارلىرى ئەمەس! — دەپ تاشلىدى.

دۇڭ چېڭ بۇ سۆزدىن تەسىرلىنىپ، ما تېڭنى تەستە ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر

قالدى ۋە:
— جانابلىرى كىملەرنى ئەلنىڭ خالاسكارى ئەمەس دەيدىلا؟ — دەپ سورىدى.
— شۈيتىيەندىكى ئۇۋ ۋەقەسى، — دېدى ما تېلىڭ، — مېنىڭ مەيدەمنى زەرداپ بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. جانابلىرى خانىمىزنىڭ يېقىن تۇغقىنى بولىدىلا. سىلى ھازىر ئىچكىۋازلىق بىلەن بەند بولۇپ، مۇناپىقلارنى جازالاش ھەققىدە خىيالمۇ قىلمىسىلا، قانداق قىلىپ خاندانلىقنى قىيىنچىلىق ۋە ئاپەتتىن خالاس قىلىدىغان ئادەم بولىدىلا؟
دۇڭ چېڭ بۇ گەپتىن قەستەن چۆچۈگەن قىياپەتتە بولۇپ:
— باش ۋەزىر ساۋ جانابلىرى ئەلنىڭ ۋەزىرى، خانلىقنىڭ تايانچىدۇر، جانابلىرى نېمىشقا ئۇنداق دەيدىلا؟ — دېدى.
— سىلى ساۋنى ياخشى ئادەم دەمدىلا؟ — دېدى ما تېڭ تېخىمۇ غەزەپلىنىپ.
— ئەتراپىمىزدا كۆز - قۇلاق بولىدىغانلار بار، جانابلىرى، ئاستىراق سۆز قىلسىلا، — دېدى دۇڭ چېڭ.
— ئۆلۈمدىن قورقىدىغان ئادەملەر ھېچقانداق ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ! — دېدى ما تېڭ ۋە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى.
دۇڭ چېڭ ما تېڭنىڭ سادىق ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن:
— جانابلىرى ئۆپكىلىرىنى باسسىلا، مەن سىلىگە بىر نەرسە كۆرسىتەي، — دېدى - دە، قىرائەتخانىغا باشلاپ كىرىپ، پەرماننى كۆرسەتتى. ما تېڭ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇيقا چېچى تىك تۇردى، چىشىنى غۇچۇرلىتىپ، كالپۇكلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋەتتى ۋە دۇڭ چېڭغا:
— ئەگەر جانابلىرى بىرەرتە ھەرىكەت قىلماق بولسىلا، مەن قول ئاستىمدىكى شىلياڭ لەشكەرلىرىنى باشلاپ، تاشقى تەرەپتىن

بولۇشمەن، — دېدى.

دۆڭ چېڭ ما تېڭنى باشقىلار بىلەن كۆرۈشتۈردى، ئەھدىنامىنى ئېلىپ چىقىپ ما تېڭغا ئىمزا قويغۇزدى. ما تېڭ شارابقا قېنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچتى ۋە:

— بىز ئۆلسەكمۇ ئەھدىمىزگە خىلاپلىق قىلمايمىز! — دەپ ئانت ئىچتى ھەمدە بىللە ئولتۇرغان بەشىيلەنگە قاراپ، — ئەگەر ئۇ ئون كىشى بولساق، ئىشىمىز ئەمەلگە ئاشاتتى، — دېدى.

— سادىق، مەردلەرنى كۆپ تاپقىلى بولمايدۇ، ئەگەر مۇناپىقلار كىرىپ قالسا، ئەكسىچە زىيانكەشلىككە ئۇچرايمىز، — دېدى دۆڭ چېڭ.

ما تېڭ مەنسەپدارلار رويخېتىنى ئالدۇرۇپ كۆزدىن كەچۈردى ۋە ليۇ جەمەتىدىن بولغانلارغا كەلگەندە، چاۋاك چېلىپ تۇرۇپ:

— نېمە ئۈچۈن مۇنۇ كىشىنى كېڭەشكە چاقىرمايمىز؟ — دېدى.

باشقىلار «كىم؟» دەپ سورىغاندى، ما تېڭ ئالدىرىماي ـ تەمتىرىمەي، سالماقلىق بىلەن بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى. ھەيھات:

*خان قېيناغىسى ئالدى پەرمان يوقىتىشقا ئوغرىنى،*
*خان جەمەت باتۇر بۇ ئىشقا سۇندى ياردەم قولىنى.*

ما تېڭنىڭ كىمنى تىلغا ئالغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب خەلق ئەدەبىياتى نەشرىياتىنىڭ 1973 ـ يىل 12 ـ ئاي بېيجىڭ 3 ـ نەشرى، خۇبېي 17 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىندى.

本书根据人民文学出版社一九七三年十二月北京第三版湖北第十七次印刷本翻译出版。

ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە (1)

ئاپتورى: لو گۇەنجۇڭ

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ھاجى ياقۇپ
غۇلام غۇپۇر

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا تىزىلدى
ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.375 قىستۇرما ۋارىقى: 2
1981 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
1999 ـ يىل 5 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 16.001—19.000
ISBN7—228—05083—5/I • 1896
باھاسى: 15.50 يۈەن

三国演义 (1) (维吾尔文)
罗贯中 著
阿吉·牙乎甫
乌拉木·吾甫尔 合译

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码 830001)
新疆新华书店发行 新疆新华印刷二厂排版
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 14.375 印张 2 插页
1981 年 12 月第 1 版 1999 年 5 月第 2 次印刷
印数:16.001—19.000

ISBN7-228-05083-5/I·1896 定价:15.50 元